

AltunOq

# بولاق

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى)

(ئومۇمى 17 - سان)

AltunOq

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1985 - يىل ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


چاھار دەرۋىش.................. ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرايىل يۈسۈپ.................................. 1

داستان پادىشا ئىسكەندەر .................................. ئەلىشىر نەۋائىي

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قۇربان بارات.................................. 86

ئىشتىياقنامە ..................................مۇھەممەد غېرىب شەھيارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياسىن ئىمىن .................................. 217

دەھرۇننەجات .................................. ئابدۇرېھىم نىزارى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇقادىر مۇھەممىدى، مەتكىرەم ئىسمايىل، مەتتۇردى

مىرزا ئەخمەت.................................. 313


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ..................................

رەتلىگۈچى: غاپپار ئەخمەت .................................. 68

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ..................................

رەتلىگۈچى: ماخمۇتجان ئىسلام .................................. 70

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ..................................

تەلەيلىك پوچى ..................................

رەتلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئەرسىزى .................................. 79

ئۈچ كەلىمە سۆز ..................................

رەتلىگۈچى: مەتنۇرى توختى.................................. 82

www.uyghurkitap.com

# چاھار دەرۋىش

ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۈسۈپ

ئۇل تۆت كىشىنىڭ ئىككىنچى دەرۋىش باشىدىن ئۆتكەن ۋاقىئاتنى بىر - بىر تەقرىر قىلىپ ئىتمامىغا يەتكەندە، پادىشاھ ئازادە بەخت ئۆز قەسرىگە يانىپ كېلىپ، دەرۋىشلەر-نىڭكى ئۇل تاق ئىچىدە كۆرۈپ ئېدى، ئۇلارنى دەئۋەت قىلغالى كىشى ئىبەرگەنى ۋە بۇ بىنەۋالار پادىشاھ بارگاھىغە بارىپ ئىتائەت تەرىقىن بەجا كەلتۈرگەنى ۋە ئۇل دەرۋىشلەر خاتىرى مەلالەتىنى دەفئى قىلماق ئۈچۈن پادىشاھ بۇلبۇلۋار ئەنجۇمەنىدە نەۋاسازلىق ئەيلەگەنى

بۇ دەرۋىش سۆزىنى ئەدا ئەيلەدى،
مۇئەززىن ئۇشۇل ۋەقت نىدا ئەيلەدى.
چۇتاڭنىڭ خورۇسى ئۇرۇپ باڭى سەخت،
كى پىنھان يانىپ كەلدى ئازادە بەخت.
يانىپ ئوردا ئىچرە كېلىپ تۈشتى شاھ،
سەرىر ئۈزرە چىقتى ۋەلى چەكتى ئاھ.
دېدىكىم كۆزۈم تۈشتى دەرۋىشغە،
نە دەرۋىشلەر بەلكى دىلرىشغە.
قاشىمغە يەتۈرسۈن يەساۋۇل ئانى،
دېسۈن شاھ دەئۋەت قىلادۇر سىنى.
بارىپ تاپتى ھاجىپ بۇ دىلخەستەنى،
نەدىلخەستە بەلكى گۇلدەستەنى.
دېدى: سىزنى چىرلار ئەمىرى زەمان،
تەۋەققۇفنى تاشلاپ بولۇڭلار رەۋان.
كى فەرمان ئىشىتتى يېتىپ كەلدى چۇست،
ئەمىرنىڭ قاشىغە ھەمە كۆڭلى رۇست.
قىلىپ زىرى تەختىن زەمىن بوسلۇق،
دېدى بىزگە قىلساڭكى مەئنۇسلۇق.
خۇداۋەندە قىلسۇن كەمالىڭنى ئەۋج،
تالۇن ئاي كەبى ھەم ھىلالىڭنى ئەۋج.
تەكلىف قىلىپ شاھ ئالى نىشان،
غەرىبلەرغە مۇنداغ قىلىپ دۇرفىشان.
دېدى: كەي فەنا دەشتىنىڭ ئەرلەرى،
بەقا گۇلشەنىنىڭ سەنەۋبەرلەرى.
نەيەردىن كېلىپ سەن بارۇرسەن قايان؟
دېگىل ئەرزۇ ھالىڭ ماڭا ناتەۋان.
بۇ يەڭلىغ جەۋاب بەردى دەرۋىشلەر،
دەلىرى زەمان نىك ئەندىشلەر.
فەلەكدىن يېتىپ بىزگە ئەۋۋارەلىق،
لىباسى دەردە پۈتى يارەلىق.
يىراق ئەيلەدى ياخشى نېئمەتلەرىن،
سالىپ نەۋئى نەۋئى مۇشەققەتلەرىن.
كى فەرسۇدەلىكنىڭ ئىچىپ زەھرىنى،
يۈرۈپمىزكېزىپ بەررئىلە بەھرىنى.
بۇ مەئنىنى ئاڭلاپ شەھ نىكبەخت،
ئەدالەت پەناھ شاھ ئازادە بەخت.
قىلىڭ سەرگۈزەشتى رەۋاياتىنى،
كى دەۋراندا كەچكەن ھىكاياتىنى.

غەرىبلەر دېدى: شاھ گەردۇن مىسال،
خۇدا بەرمەسۇن دەۋلەتىڭگە زەۋال.
ۋەفاسىز جەھاندىن يېتىپ ئافەتى،
تەكەللۇمغە يوقدۇر دەمى تاقەتى.
داغى قۇدرەتى يوق ئىشتمەككە ھەم،
زەبان گۇنگىلالۇ قولاقدۇر ئۇمەم.
شەھىنشاھ خەندە قىلىپ گۇل كەبى،
نەۋاساز بولدىكى بۇلبۇل كەبى.
دېدى: ئەي غەرىبلەر بولۇڭ مەسمەئ،
ئانىڭ بىرلە بولغاي غەمىڭ مۇرتەفەئ.
نەكىم ئۆتكەن ئاخشامدا ئىككى كىشى،
ھىكايەت گۇزارلىق ئىدى ۋەرزىشى.
ئۇلارنىڭ سۆزىنى تەمام ئاڭلادىم،
كى جانىم قۇلاقى بىلە تىڭلادىم.
چۇ مەن ھەم جەۋاھىرلارىم پاش ئېتەي،
دىلىڭلار سىپىھرىدا ئەفراش ئېتەي.
قولاق دۇرجى ئىچرە سالىڭلار تېرىپ،
دېمەيكىم قۇلاقغە يۇرەكنى يارىپ.
كى نۇكتە سۇرەرگە تۇرۇپ پادىشاھ،
غەرىبلەر بۇ سۆزگە بولۇپ ئىنتىباھ.
قۇلاق سالدى ئانداغ دىلۇجان بىلە،
بولۇپ فەيز ئاسار گىريان بىلە.
بۇ يەڭلىغ ئېرۇركىم سۆزى مەزمۇنى،
سەقەت ئۇززە تەھرىر قىلايىن مۇنى.
چۇ دەۋلەت كۇنىگە يېتىشتى زەۋال،
بەقا سارى قىلدى پەدەر ئىنتىقال.
بۇھەنگامە ئېردىم ھەنۇز نەۋجەۋان،
كى بولدۇم ئاتا ئورنىدا ھۆكمىران.
بولۇپ ئەمرىم ئىچرە ھەمە ئەھلى رۇم،
سىپەھلەر قاشىمدا تۇزۇپ چۇن نۇجۇم
جەھان ئىچرە زەبتىم سالىپ تۇمتەراق،
كېلۇر بولدى رۇمغە ياقىنۇ يىراق.
بەدەخشان ئېلىدىن بولۇپ كارۋان،
مەتائۇ جەۋاھىر ئالىپ نەچچە سان.
كېلىپ رۇم ئىچىگە نۇزۇل ئەيلەدى،
ئەۋانلار بۇلاردىن نۇقۇل ئەيلەدى.
ئۇلارنىڭ سۆزىنى قىلىپ ئىستىمائ،
يامان ـ ياخشى ئىشدىن تاپىپ ئىتتىلائ
كى ئەترافلاردىن دەر ئېردى خەبەر،
ھىكايەتلەرىنى قىلىپ سەربەسەر.
بىرەۋنىڭ بىساتى ئۇزە لەئلى بار،
ئانىڭ مىسلى يوقتۇر كۆرۈڭ شەھرىيار.
ھەمولدەم قاشىمغە بولۇپ ھازىر ئول،
دېدى: پادىشاھا مۇرادىڭ ۋۇسۇل.
كەرەم بىرلە باقسۇن مۇرادىڭ سىنىڭ،
كى بولسۇن بۇ لەئلىم فىدايىڭ سىنىڭ.
ئالىپ قوللارىمغە نەزەر ئەيلەدىم،
كى ۋەزنىن سە مىسقال مۇقىر ئەيلەدىم.
ۋەقايىئدا ئانداغ خەتەرى ئانىڭ،
يوق ئېردى ئويۇمدا نەزەرى ئانىڭ.
بولۇپ ئول كىشىدىن كۆڭۈل ئانچە شاد،
كى ئىنئام قىلدىم ئەدەددىن زىياد.
ئەسالەت ئېلىدەڭ تۇتۇپ ئېھتىرام،
بېرىپ نەچچە كۇنلەر قاشىمدا مەقام.
بىلۇر ئېردىم ئانداغ ئانى مۆئتەبەر،
مەجالىس ئەئزەم ئاراشىرى نەر.
قولۇمغە لەئلىنى ئالىپ ھەركۇنى،
دەر ئېردىم خەلايىق كۆرۈڭلەر مۇنى.
بولۇرمۇ جەھاندا بۇ يەڭلىغ لەئل،
كى قىلماسمەن ھەرگىز جەھانغە بەدل.
كېلىپ ئېردى رۇمغە فەرەڭ ئەلچىسى،
بۇ تەئرىفنى ئىشتىپ كۆڭلەر ئۇل بەسى.
بۇ مەجلىسدە ھازىر بار ئېردى ۋەزىر،
كى قىلماي بۇ ئايغان سۆزۈمنى پەزىر.
دېدى: ئەي شەھىنشاھ گەردۇن نەما،
سىنى تەڭرى قىلمىش مىسالى ھۇما.
نەچە بېھتەر ئۆلسە ئەگەر پارە سەڭ،
جەھان خەلقى بىرلە ئانى قىلما تەڭ.
ئېرۇر تاجىرى كىم خۇراسان ئارا،
يۇرۇر يول ھەمىشە ھىراسان ئارا.

www.uyghurkitap.com

ئانىڭ بىرلە ھەمراھ ئېرۇر بىر ئىتى،
ئاڭا ئانچە باردۇر ئانىڭ رەغبەتى.
ئاسىپدۇر بۇ ئىتقە ئون ئىككى لەئل،
ئانىڭ جۇزۋىچە يوق بۇ لەئلىڭ بەدەل.
كى يەتمىش مىساقىل ئېرۇر دانەسى،
ئېرۇر ئول چىراغى بۇ پەرۋانەسى.
ئىشتتىم بۇ سۆزنى كېلىپ ئاچچىغىم،
چۇشەمشىر بولدى ئاغىزدا تىلىم.
دېدىم چەھكە تاشلاڭ بۇ كەززابنى،
داغى بەرمەگىز نان بىلە ئابنى.
ھەمە پۇل مالىنى تاراج ئېتىڭ،
ھەمە ئەھل ئەيالىنى ئىخراج ئېتىڭ.
دېدى ئەلچى: ئەي شاھى ئالەم پەناھ،
ۋەزىردىن ئۆتتۈپدۇر نە يەڭلىغ گۇناھ.
كى ئەلچى دېدىم بىلىڭ ئەي خىرەد،
ھەمە جۇرەلاردىن ئېرۇر كىزب بەد.
كىشكىم يۈرۈسە تىجارەت ئۈچۈن،
نەمېھنەتنى تارتىپ ئىفادەت ئۈچۈن.
گەھى دەشتلەردە گەھى كېمەدە،
گەھى قەريەلەردە گەھى خەيمەدە.
يۈرۈپ كوچەلەردە قىلىپ گۇفتىگۇ،
ھەيانىنىكى تاپسا ئەگەر تارمۇ.
زەرۇ سىيم تاپقان كەبى شاد ئولۇر،
نېدىن ئىتقە ئانداغ لەئلنى ئاسۇر.
يەسەۋۇل ئەيدى ئولدەم تەزەررۇئ بىلە،
قىلىپ كۆپ تەمەللۇق تەخەششۇئ بىلە.
ئەيا شەھرىيارا بولۇپ خوش مىزاج،
ۋەزىرغە ئىنايەت زۇلالىنى ساچ.
نەكىم دەۋلەتىڭدە باشى مەست ئېرۇر،
زەمانىڭ ئىشى ھەم ئىگىز-پەست ئېرۇر.
ئەگەرچە ۋەزىرنىڭ سۆزىدۇر دۇرۇغ،
سېنىڭ ئەرىڭ ئانداغ تېنۇر ئىچرە چوغ.
يوق ئەتمە ئانى كۆيدۈرۈپ بىر يولى،
ھەۋادىس كۆلىدەك سارۇلسە كۆلى.
ئىشىتسەڭ ۋە كۆرسەڭ ئىچىڭ ئاغرىغاي،
كېيىن فايدە بەرمەس نەدامەتكە ۋاي.

قىلىڭ ھەرنە بولسە گۇناھىنى مەھۋ،
ئەگەرچە بۇ ئىشدا قىلىپدۇركى سەھۋ.
بۇيۇرساڭ ۋەزىرنى كى زىندان ئارا،
تۇشۇپ بەند ئىچرە ئول ئەفغان ئارا.
نەكىم بولسە زىندان ئارا نەچچە كۈن،
رىيازەتدە بولسە ئاڭا كۈنۈتۈن.
نەسىھەتلەر ئەيلەپ ئۆزىگە ئۆزى،
نىتاڭ شىشە يەڭلىغ سۇزۇلسە سۆزى.
بۇ مۇددەتدە سەندىن غەزەب ھەم يىراق،
بولۇر ئانى ئۆلتۈرمەگەن ياخشىراق.
بۇ سۆزلەرنى ئەلچى بەيان ئەيلەگەچ،
جەھانسازلىقنى ئەيان ئەيلەگەچ.
كۆرۈندىكى مەئقۇل ئانىڭ نۇكتەسى،
يىراق بولدى ئانداغ غەزەبنىڭ ئىسى.
دېدىم كى ۋەزىرنى قىلىڭ چەھكە بەند،
نېتاڭ كىم بۇ مېھنەت ئاڭا بولسە پەند.
ۋەزىر تاپقاندا بۇ سۆزدىن خەتەر،
ئۇشۇلدەم يېتىپدۇر ئۆيىگە خەبەر.
ھەممە ئەھلى بەيتى قىلىپدۇر جەزەئ،
كى خادىملارى ھەم چېكىپدۇر فەزەئ.
بار ئېردى ۋەزىرنىڭ خىرەدمەند قىزى،
بولۇپ كاھ يەڭلىغ يۈزى قىرمىزى.
ياشى ئىككى توققۇز بەسى خوبرو،
پەرى چېھرەلەرغە ئىدى ئابرو.
ئاتاسى قىزىغە ئىدى مېھرىبان،
قويۇپ ئېردى خىزمەتدە ئول نەچچە جان.
ياساتىپ ئاڭا ئول مۇئەللا مەقام
بارۇر ئېردى ئىشرەت ئۈچۈن سۇبھ-شام.
چىقىپ ئول مەكانغە بۇ ئادەت بىلە،
قىلىپ لەھۋ بازى زەرافەت بىلە.
ئۇشۇلدەم ئاناسى ساچىنى يۇلۇپ،
قىزىلگۈل ئۇزارى خەزاندەك سولۇپ.
كېلىپ دېدى: سەندەك بالا تۇغماغاي،
سېنىڭ بىرلە كەتسۇن يانا تۇغماغاي.
ئەگەر تۇغسام ئېردى يەنە بىر پۇسەر،
كۆزى كور، قۇلاق گاس بەلدە كەمەر

بۇ غەملك كۈندە بولۇپ ياۋەرىم،
دىمەي ياۋەرىم كىم بولۇپ داۋەرىم.
يىراق قىلغاي ئىردى، بۇ ئەندۇھدىن،
باشىمغە يىقىلغان ئاغىر كۈھدىن.
دىدى قىز: نە بولدۇك بۇگۈن ئەي ئانا،
نەهاجەت يامان سۆز نەقىلدىم مەنا.
دىدىكىم ئاناسى ئەيا دىلپەسەند،
ئاتاڭنى مەلىك چەھ ئارا قىلدى بەند.
يىتىپ بىر تەكەللۇم بىلە هادىسى،
كى زىندانغە سالماق بولۇپ بائىسى.
قىلىپدۇر بىرەۋنىڭ ھىكاياتىنى،
خاجە سەگ پەرەستنىڭ رىۋاياتىنى.
ئوغۇل بولساڭ ئىردى ئەگەر كاشكى،
ئىلاج ئىزۇر ئىردىڭ مەگەر كاشكى

دىدى قىز: نە بولسە مۇقەددەر ئىرۇر،
مۇقەددەرغە تەدبىر مۇغەييىر ئىرۇر.
قاچان يەتسە ھەقدىن ساڭا بىر بەلا،
بەلا ئىچرە بولساڭ ئەگەر مۇبتەلا.
نەچۈك قىلسە ئانىڭ قەزاسى ئىرۇر،
ئاڭا سەبر قىلماق رىزاسى ئىرۇر.
يىغى زار قىلماق ئاڭا خوب ئەمەس،
كى ئەهلى رىزاغە بۇ مەرغوب ئەمەس.
نەسىهەتلەرىنى ئىشىتتى ئانا،
بولۇپ پەست قىلماي تەكەللۇم يانا،
ئەيا ساقىيا جامى مەردانە تۇت،
كى نۇش ئەتسەم ئانى قۇيۇپ يانە تۇت.
ئانىڭ كەيفى بىرلە ئۇراي قاتتىغ ئاھ،
نىتاڭ لۇتف قىلسە بۇ مەهرەمغە شاه.

**ۋەزىر پۇر تەبىرنىڭ قىزى ئاتاسىغە بۇ هادىسە يۈز كەلتۈرگەنىنى ئاڭلاپ، فەرەڭ ئەلچىسى بىرلە تاپىشىپ، لىباسى مەردانە كىيىپ خاجە سەگ پەرەست ئۇچۇن ئۆزشەھرىدىن خۇراسانغە ئەزم ئەتكەنى ۋە بۇ مەه پەيكەرنى ئەلچى مەقسەد يىرىگە يەتكۈزگەنى ۋە قىز خاجە بىلە مۇلاقات بولۇپ ۋە خاجە ئاڭا تەئەششۇق پەيدا قىلغانى ۋە ئانىڭ ھۆسنى شۇئائى خۇراسان شەهرىگە پەرتەۋ سالىپ، ئۇلۇس خەيلى ئاشفتە ۋە سەراسىمە بولغانىنى ئىزھار ئەيلەمەك ۋە پەرىۋەش خاجە بىرلە ئۆز شەهرىگە ئەزم ئەتكەنىنى ئەيان ئەيلەمەك**

ۋەزىرنىڭ قىزى كۆپ تەفەككۇر قىلىپ،
قويى سالدى باشىن تەھەييۇر قىلىپ.
فىراسەت بىلە ئەيلەدى بۇ خىيال،
رەسۇلغە بارىپ ئەيتايىن ئەرزۇهال.
فەرەڭ ئەلچىسىنىڭ قاشىغە بارىپ،
تەۋازۇئلار ئەيلەپ ئاڭا يالبارىپ.
كىرىپ خىلۋەت ئىچرە دىدى سۆزنى خاس،
ئاتامنى نەئىشدا قىلۇرمەن خەلاس.
سالىپ ئەلچى لەهزە باشنى تۈبەن،
دىدىكىم نەتەدبىر دەيىن سىزگە مەن.
دىدى قىز بۇ يەردە مىنىڭ خاهىشىم،
سىنىڭ بىرلە بارسام تۈگەنگەي ئىشىم.

ھەمول سەگ پەرەست كىم خۇراساندادۇر،
نىتاڭ كىم كەتۈرسەم ئەگەر ئاندادۇر.
قاچان كەلمەسە ئول قىلۇرمەن ئىلاج،
ئۆزى شاهىغە كەلتۈرۈپ ئىهتىياج.
ئەكابىرلارىدىن ئالىپ رۇقئەئى،
ئىرۇركىم خۇراسان ئۇلۇغ بۇقئەئى.
شەهادەتكە يازسام شەرەفلەر ئاتىن،
ئالىپ كەلسەم ئاندىن مۆهۇرلۇق خەتىن.
بۇ مەكتۇبنى كۆرسە شەهنشەه ئۆزى،
مەگەر راست بولغاي ئاتامنىڭ سۆزى.
خەلاس ئەتسە تەڭرىم ئانى چاهدىن،
قۇتۇلسە ئەمەس تاڭ ئانام ئاهدىن.

www.uyghurkitap.com

دېدى ئەلچى: قىلدىم سۆزۈڭنى قەبۇل،
كى يـول جابدۇقنى ئـالىپ تېز بول.
ۋە لېكىن ئىشىڭنى تۇتۇپ ئىختىفا،
ماڭا ۋە ئۆزۈڭگە يەتۇرمەي خەفا.
قىلىپ رەنگىڭىزنى يەنە ئۆزگەچە،
كىشى تۇيماغۇدەككىنە ئۆزگەچە.
قىلىپ مەشۋەرەت ئەلچى بىرلە بۇ قىز،
سەفەر جابدۇغىن ئەيلەدى رۇستەخىز.
چۈقىز كەيدى ئەگنىن ئەرەنلەر كەبى،
ئۆزىنى قىلىپ نەۋجەۋانلار كەبى.
مەتائۇ جەۋاھىر ئالىپ ئاقىلە،
كى تۇججارلاردەك قىلىپ ئامىلە.
خەلايىق كۆزىدىن نىهان بولدى ئول،
بارىپ ئەلچى بىرلە رەۋان بولدى ئول.
يۈرۈپ ئەلچى بىرلە ھىراسان ئارا،
يېتىشتى بىناگاھ خۇراسان ئارا.
چۈكارۋان سەرايغە كىرىپ تۇتتى جاي،
دەر ئېردى خەلايىق مۇنى بەچچەباي.
ئاتا فۇرقەتىدە بولۇپ بىقەرار،
قىلىپ كۆڭلى بازارىنى ئىختىيار.
بار ئېردىكى ئاندا ئۇلۇغ چارسۇ،
چىقىپ بولدى شەخىس بىلە روبەرو.
دوكاندا مەتائى ئېرۇر بىشۇمار،
گۇمان بىرلە سالى ئېرۇر قىرق ياشار.
كېيىپدۇر بويىغە لىباسى بەلەند،
كۆرۈنگەي زەرف ئەل كۆزىگە پىسەند.
قاشىدا تۇرۇپدۇر نەچە چاكەرى،
كىيىپ رەڭ بەرەڭ تون ئانىڭ ھەربىرى.
قۇلىن لام ئەلىف قەددىنى خەم قىلىپ،
ئوقۇپ ھىرزلارنى ئاڭا دەم قىلىپ.
ئۆزى ئولتۇرۇپ شاھى شاھانەدەك،
تۇرۇپ خەلقى ئانداغكى پەرۋانەدەك.
تۇرۇپ ئاندا ئىككى تۆمۈردىن قەفەس،
ئىچىگە سولانغان ئېرۇر ئىككى كەس.
ئىشىكى ئېتىگلىك چىقالماس بۇيان،
قاراپ تۇرغاي ئاندا بۇلار ھەر قايان.
كى نۇندەك ئىگىلـمىش بۇلار بويلارى،
تۇشۇپدۇر بەلىگە سەرى مويلارى.
يەنە تىرناقىدۇر پەلەڭ ناخۇنى،
سارىغلىقدا يوقتۇر يۈزىدە خۇنى.
بۇ يەڭلىغ جەفانى كىشى كۆرمەمىش،
جەفا تاشىن ئانداغ فەلەك ئۆرمەمىش.
بولۇپ ئىككى زەنگى ئاڭا پاسبان،
بىرىسى يىلاندەك بىرىسى چەيان.
يۇمۇپ ئاغزىنى قىز دىمەي قەۋلىنى،
مەگەر ئايتۇر ئېردىكى لاھەۋلەنى.
يۈرۈپ ۋەھشەت ئىلە بەش ـ ئالتە قەدەم،
يەنە بىر دوكان فەرشىغە بولدى زەم.
سالىپدۇركى ئاندا بەرىشەم بىسات،
كىشى باسماس ئاندا قىلىپ ئېھتىيات.
تۇرار فەرش ئۈزرە ئەجەب سەندەلى،
ياپىغلىغ ئانىڭغە ياشىل بەخمەلى
بۇ بەخمەل تۇشەكدە ياتىپدۇر بىرئىت،
تۇرار خىزمەتىدە بەش ـ ئالتە يىگىت.
كىزەربەفت جۇلنى ياپىپدۇر ئاڭا،
ئون ئىككى لەئلنى ئاسىپدۇر ئاڭا.
يىمەككە قويۇپدۇر لەگەندە تەئام،
سۈزۈك سۇ مۇھەييا قىلىپ ياخشى جام،
كى خىزمەتدە قويغان ئىكى پاسبان،
تۇتۇپ بىرىسى مۇرەۋۋىج بىرىسى كەتان.
كەتاننى كى زەردىن قىلىپ بافتە،
ئۇچاسىن سىلاپدۇر تۇتۇپ تەھبەتە.
كى تاۋۇس پەردىن قىلىپ يەلپۈگۈچ،
نەپەردىن كى زەردىن قىلىپ يەلپۈگۈچ.
ئانى يەلپۈر ئېردى قاشىدا تۇرۇپ،
يىراق بارماس ئېردى مەجالىس قۇرۇپ.
بۇ مەزكۇر لەئل كىم تىزىغلىق ئىدى،
كى قىلادەسىدە ئاسىغلىق ئىدى.
كۆرۈپ قىز بۇ يەڭلىغ ئەلاماتنى،
خاجە بىرلە ئىتدا مەقاماتنى.

دېدى بولدى بىشەك رەۋا ھاجەتىم،
بەھەمدۇللاھ دەفئ بولۇپ ئافەتىم.
بولۇپ قىزغە مەۋجۇد چۇ دۇررى مۇراد،
كۈلۈپ غۇنچە يەڭلىغ چىنان بولدى شاد.
دېدىكى ئاتامنى خەلاس ئەيلەگۈم،
كى شەھغە ۋەزىرلىقنى خاس ئەيلەگۈم.
يۈرۈر ئېردى ئانداغ تەھەييۇر قىلىپ،
ئالىپ كەلمەكىگە تەھەۋۋۇر قىلىپ.
يۈرۈر ئېردى يىلدام قىلىپ سەير ئول،
قاراپ ھەر تەرەفكە يۈرۈر ئېردى يول.
نەزەر قىلدى خاجە مۇڭا تېز - تېز،
تىگىپ ئىشق ئوتى بولۇپ رۇستە خىز.
دەر ئېردىكى بۇياش نە ئىنسان ئېرۇر،
نە ئىنسان بىھىشت ئىچرە غىلمان ئېرۇر.
كۆزى تۈشسە كىمنىڭ كى بازارىدا،
بولۇر ئېردى بىشەك يىغى زارىدا.
ئانىڭ ھۆسنىگە ئەل تەماشا قىلىپ،
كى بىر كۆرگەن ئەل يۈز تەمەننا قىلىپ.
ئۇلۇس ئىچرە ئانداغكى غەۋغا ئىدى،
غەرەز غۇلغۇلەدىن بۇ رەئنا ئىدى.
خاجە بىتەۋەققۇف بۇيۇردى كىشى،
دېدىكىم كەتۈرگىل ئانىڭ بارئىشى.
يۈرۈپ ئول سەبادەك قىلىپ ئىزتىراب،
دېدى سەرۋى قەدغە كى ئەي ماھتاب.
سېنى خاجە ئۆيگە قىلادۇر تەلەب.
ئانىڭ كۆڭلى ئىچرە سالىپ سەن شەغەب.
كېتىبدۇر قولىدىن زىمامى خىيال،
بولۇپدۇر ئاڭا ئارزۇيى ۋىسال.
چۇبەرنا دوكانغە خىرام ئەيلەدى،
بارۇرغە بەسى ئىزدىھام ئەيلەدى.
قوپۇپ خاجە چىقتى ئانىڭ ئالىغە،
پەدەرۋار سۆيدى خەتۇ خالىغە.
دېدى: ئايىكى بولدۇم سېنىڭ بۇلبۇلۇڭ،
قايۇ گۈلشەن ئىچرە ئاچىلغان گۈلۈڭ.
ئېرۇرسەنكى قايىسى سەدەفنىڭ دۇرى،
قايۇ ئاسماننىڭ مەھى خاۋەرى.
جەھاننى مۇنەۋۋەر قىلىپ مەشئەلىڭ،
نەيەرگە بارۇرسەن نەدۇر مەنزىلىڭ.
دېمىش بەخت - تالىئلارىم بولدى گۇم،
كى قۇستەنتەنىيە مەنىڭ مەۋلۇدۇم.
ئاتام ياشلىقىدا تىجارەت قىلىپ،
يۈرۈر ئېردى ئانداغ زەرافەت قىلىپ.
جەۋانلىق كېتىپ يۈزلەنىپ پىرلىق،
بولۇپ مىسلى روباھ كېتىپ شىرلىق.
زەئىف ئولدى گۇشە قىلىپ ئىختىيار،
ماڭا قالدى ئاندىن ھەمە كارۇ بار.
تاپاي مەنفەئەت دەپ سەفەر ئەيلەدىم،
دىيارى ئەجەمگە گۇزەر ئەيلەدىم.
ئىشتىلدى ئانداغ ئۇلۇغ تىينەتىڭ،
داغى مەئلۇم ئولدى يەنە سىيرەتىڭ.
مۇلاقاتىڭ ئەتتىم بەسى ئارزۇ،
مىنىڭ كەلمەگۈمگە ھەۋەس ئېردى بۇ.
بەھەمدۇللاھ بولدى كۇشادى ئىشىك،
سېنى تاپتىم ئاخىر جەھاندا تىرىك.
دېدى: قايدا تۈشتۈڭ ئەيتىغىل ماڭا،
كى بىر جاي راسلاپ بىرەيىن ساڭا.
كېلىپ تۈشكەي ئاندا ھەمە چاكەرىڭ،
نەمالۇ نە مەركەب خەرۇ ئەستەرىڭ.
دېدىمكى تەلەتتۇف بىلە باقسەڭىز،
مېنىڭدەك غەرىبغە نەزەر قىلسەڭىز.
خەلايىق ئىچىدە ئېرۇر ئابرۇ،
تۇمۇز فەسلى كىرگەن كەبى باغقە سۇ.
دېدى بىر قۇلىغە ئالىپ كەل بۇيان،
بۇ مېھمانغە راستلاپ بېرىڭلار مەكان.
كى ئارام ئالسۇن تۈشۈپ خانەگە،
باراي دىسە بارسۇن ئەگەر يانەگە.
بۇيۇردى قۇلىنى رەۋان بولدى ئول،
يېتىپ باردۇق ئاندا ماڭىپ نەچچە يول.
ئىتىغە مۇئەككەل ئىدى نەچچە كەس،
قۇچاغلاپ بىرىسى قۇچاقىدا بەس.

www.uyghurkitap.com



بىرىسى كۆتەردى يەنە سەندەلىن،
ئالىپ يۈردى مۇرەۋۋەھ بىلە مەندەلىن.
كۆتەردى قەفەسنى ئىككى زەنگىسى،
باشى ئۇزرە ئالىپ قەبىھ رەنگىسى.
قىلىپ يولدا ئانچە تەمەللۇقلارىن،
ئالىپ كەلدى بارچە تەئەللۇقلارىن.
مېنى قىلدى تەكلىف ئىگىز فەرش ئارا،
مۇغەننى ۋە مۇترىب تۈزۈپ ماجەرا.
قۇيۇپ خاجە مەينى تۇتار دەمبەدەم،
كى سىپقارسام ئانى تۇتۇپ يانە هەم.
سۇرۇد بىرلە ئانداغ بولۇپ بەزمى گەرم،
ئەگەر بولسە خارا بولۇر ئېردى نەرم.
فۇرۇ تۇشتى خاۋەر بولۇپ ۋەقتى شام،
كى ئەنۋائ-ئەنۋائ كەتۈردى تەئام.
كى ئالتۇن-كۆمۈشتىن ياساغان ئاياغ،
كىشى كۆرسە جانغە قويار نەقشى داغ.
بۇ يەڭلىغ تەبەقدە غىزالار يىدۇك،
ياراتقان خۇداغە سەنالار دىدۇك.
ئالىپ كەلدى ئىتغە لەگەنلەردە ئاش،
يەر ئېردىكى ئانچە سالىپ ئاشغە باش.
ئاشىپ قالغان ئاشنى بۇرادەرلەرى،
يەر ئېردى قەفەس ئىچرە مۇز تەرلەرى.
ئۇرۇپ قامچى بىرلە تولا زۇلم ئېتىپ،
ئالۇر ئېردى يانە ئىشىكنى ئېتىپ.
ئالىپ خاجە ئاندىن ئۆزى ئاچقۇنى،
مۇبادا قاچار دەپ ئىتنى قاچقۇنى.
كى ئاندىن كەتۈردى ئۆزگە غىزا،
قىلۇر ئېرمىش هەركۈن بۇيەڭلىغ سەزا.
بۇ ۋاقىئەنى كۆرگەچ دىدىم ئەلهەزەر،
مۇرۇۋۋەتدىن ئولمىش خاجە بىخەبەر.
بۇ ئەتۋار كەلگەچ دىلىمغە ئاغىر،
چىنان ساف كۆڭلۈم بولۇپ مىسلى قىر.
دىدىم خاجە بۇ ئىش مۇناسىب ئەمەس،
كى مۇنداغ غىزانى كىشى هىچ يىمەس.
بېرىپ ئىتغە ئەۋۋەل غىزا ۋە شەراب،
يىگۈنچە تۇراسىز ئاشغە قاراپ.
كېلۇر ئالدىڭىزغە كى ئاندىن تەئام،
تەناۋۇل قىلۇرسەن ئىشىك تۇرفە خام.
مەزاهىبدا ئىتنى بىلمىش نەجىس،
فەرەڭ مەزهەبى هەم بۇيەڭلىغ ئەمەس.
بۇ ئىككى كىشىنى تۇتۇپ كۆپ هەقىر،
غىزايى قىلۇر سەن ئەزابى سەئىر.
تويۇپ ئىت نەزەر ئەيلەمەس ئاشغە،
بۇ ئاشنى بېرۇرسەن قارىنداشغە.
قايان كەتتى ئىنساف قايان كەتتى بەزل،
ئىشىڭ كۆپ خەتەردۇر مەگەر بولما ئەزل.
دېدى: خاجە دەرسەن بۇ سۆزلەرنى راست،
ئېرۇر نامۇبارەك دېبان قىلما خاست.
كىچىك-چوڭغە مۇنداغ رەۋىش خوب ئەمەس،
ئىشىتمەي سۆزۈمنى ساڭا ئەرزىمەس.
مۇناسىب ئەمەسدۇر ماڭا بۇ خىسال،
ۋەلى لازىم ئەتتى فەلەك پىر زال.
نە ئىشلارنى كۆنلەر ماڭا بەردى دەست،
كۆتەردىم بۇ ئاتنى دېدى سەگ پەرەست.
بەيان ئەيلەسەم مەن ئەگەر قىسسەنى،
ماڭا ۋە ساڭا كەلتۈرۈر غۇسسەنى.
تۇتالمايسە تاقەت ئېشىتكەن زامان،
سىرىشكىڭ كۆزۈڭدىن ئاقار مىسلى قان.
چۇبەرنا ئىشىتتى بۇ ئەفسانەنى،
تۆكەر بولدى كۆزدىن كى دۇردانەنى.
قىلىپ هەمنىشىنلىق ئاڭا ئىككى ئاي،
يانىدا بېرىپ تۇرغالى ياخشى جاي.
تۇغۇلغان بالادىن ئانى خوب بىلىپ،
لىباسۇ غىزادا فەرىشتە قىلىپ.
ئەگەر بولسە لەهزە قاشىدىن بەئىد،
هەيات چىراغى بولۇپ ناپەدىد.
خاجە كۆڭلى ئانىڭ بىلە پايى بەست،
بولۇپ ئېردى بىركۈن ئىچىپ مەينى مەست.
جۇ بەرنا قاتىغ ئۈن بىلە يىغلادى،
خاجە بولدى غەمكىن نە بولدى دېدى.

قاۋۇشتۇردى قولنى دېدى :ئەي پەدەر،
كى قىلماغاي ئېردىم بۇ يەرگە سەفەر.
دۇچار ئولماس ئېردىم ساقا① كاشكى،
سەن هەم باقماس ئېردىڭ (ماقا)②كاشكى.
تاپالمام كېتەرنىڭ ئىلاجىنى هەم،
بىلەلمەم تۇرارنىڭ رەۋاجىنى هەم.
كى شەهرىمغە يانسام ساقا يەتسە رەنج،
ئەگەر مۇندا بولسام ئاتامغە شىكەنج.
بىلەلمەسمەن ئۆمرۈم ئېرۇرمۇ دەراز،
كى بىرىسل ئۆتەرمۇ ۋەيا ئاندىن ئاز.
ئۇزۇن بولسە بارسام يانىپ كەلسەم ئوق،
ئېتەكىڭنى قولغە يەنە ئالسام ئوق.
ۋەلى يوقكى كارى جەهانغە ئىشەنج،
قىلا ئالمان هەرگىز ساقا سۆزنى سەنج.
بۇ مەئنىغە خاجە بولۇپ مۇستەمىئ،
هۇشى كەللەسىدىن بولۇپ مۇرتەفىئ.
دېدى سەندىن ئەيرۇ جەهاننى نېتەي،
جەهاننى نېتەيكىم بۇ جاننى نېتەي.
خەزان بولسە هەرگەھ جەهاننىڭ گۆلى،
تۇرارمۇ ئۇيەردە غەرىب بۇلبۇلى.
سېنىڭ بىرلە ئىشرەت ئىشى ياخشىراق،
ۋەگەر بولماساڭ سەن زەهەردۇر مەزاق.
كۆنى كىم بولۇپمەن ساقا ئاشنا،
ماقا دەۋزەخ ئولدى بۇ دارۇلفەنا.
نەيەرگە بارۇرسەن باراي بىرلە مەن،
بارۇر سايە بىرلە قايان بارسە تەن.
ۋەگەر تۇرماقىڭنى خىيال ئەيلەسەڭ،
ئەجەم شەهرى ئىچرە هەيال ئەيلەسەڭ.
نە دېسەڭ ئانى مەن بەجا كەلتۈرەي،
ئۆزۈم قۇل كەبى خىزمەتىڭدە ئۆلەي.
سەلاتىن كەبى كۆپ خەزايىنلارىم،
خەۋاقىندىن ئارتۇق دەفايىنلارىم.
نە ئەتسەم نەقىلسام مۇهەييا ئېرۇر،
زەرۇ سىيم هەدسىز مۇتەررا ئېرۇر.
كۆرۈپ مىهنەت ئانچە كۆكۆل بۇلبۇلى،
ساچىلماقغە تۇردى مۇرادىم گۆلى.
بۇ دەۋلەت بىلە يوق ماقا بىر ۋەلەد،
قارىلىقدا قىلغاي ئىشىمغە مەدەد.
رىزا بولساڭ ئېر سېنى فەرزەند ئېتەي،
كى جان رىشتەسى بىرلە پەيۋەند ئېتەي.
جەۋابىغە مۇنداغ دېدىم: ئەي ئاتا،
ماقا هەم بۇ يەكلىغ ئېرۇر مۇددەئا.
جۇدالىقغە يوقتۇر ماقا ئىختىيار،
قىلاي خىزمەتىڭنى بۇجان تەندە بار.
نە خوشنۇد كى بولسام ئەگەر سىزگە پۇر،
ۋەلېكىن بولۇپدۇر ماقا بۇ زەرۇر.
كى يەئنى ئاتا ۋە ئانام باردۇر،
مەنى كۆرگەلى هەم ئۇلار زاردۇر.
ۋەلەددىن رىزا بولماسا ۋالىدەين،
تاپالماس قىيامەت فەزاسىدا زىن.
مۇباداكى مەندىن رىزا بولماغاي،
مېنىڭ ئىشلارىمدا نەۋا بولماغاي.
داغى هەم خۇداۋەند خوشنۇد ئەمەس،
نەچە تائەت ئەتسەم ماقا سۇد ئەمەس.
ئەگەر كەتكەلى يوق ئىجازەت ماقا،
ئىكەۋ بىرلە بارساق شەرافەت ماقا.
كى رەنجىدە قىلساڭ قەدەم ئول تەرەف،
ئوقۇقغە قىلايىن بۇ جاننى هەدەف.
چۇ دەهرى فەنادا نەفەس تەندە بار،
ئېتەي سەرف ئۆمرۈمنى دىۋانەۋار.
قولاق سالدى خاجە بۇ گۇفتارغە،
ئۆزىن ئۇرسە پەرۋانەدەك نارغە.
تەئەننىلەر ئەتتى يەنە لاجەرەم،
كى رۇمغە ئەزىمەت قىلىپ بىشەكەم.
قىلىپ ۋەلۋەلە ئۆز ئەلايىقلارى،
ئىشىتتى خۇراسان خەلايىقلارى.
كىچىك - چوڭ شەهەردە فەسانە ئوقۇپ،
يۈرۈپ كوچەلەردە چەغانە ئوقۇپ.

(1) ئەسلى تېكىستتا «ماقا» يېزىلغان. مەنا ئېتىۋارى بىلەن «ساقا» قىلىپ ئېلىندى.

(2) ئەسلى تېكىستتا «ماقا» سۆزى يوق. قاپىيە ۋە مەنا ئېتىۋارى بىلەن قوشۇپ قويۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

چۇ دىۋانە بولمىش خاجەسەگ پەرەست،
بولۇپ بىر يىگىت ئىشقىدا پايى بەست.
مەتائ ۋە جەۋاھىر ئالىپ بىشۇمار،
كى رۇمغە بارۇرنى قىلىپ ئىختىيار.
سەفەرنىڭ ئىشىنى تەرەددۇد قىلىپ،
ئىتى ھەم بۇرادەرلەرىنى ئالىپ.
شەھەردىن ئۇزۇلدى، كىرىپ يولغە جەزم،
ھەمە كارۋانلار قىلىپ بىرلە ئەزم.
قوپۇپ تېۋەلەرگە چۇ بارى گەران،
خاجە بىرلە بولدى بۇلار ھەم رەۋان.
كى بەش يۈزگە يەتتى ھەمە قافىلە،
بۇ بەرنا بىلە بار بەسى شامىلە.
ئۆزىن خاجە ئانداغ مۇزەييەن قىلىپ،
ئىتى زىبىنى ھەم مۇئەييەن قىلىپ.
جەمائەتكە بەردى خۇدايىم زەفەر،
كېلىپ رۇمغە تۈشتى ھەمە بىخەتەر.
چۇ بەرنا خاجەدىن تىلەپ رۇخسەتى،
دىدىكىم ئىجازەت بېرىلىڭ فۇرسەتى.
ئالىپ رۇخسەت ئاندىن بولۇپ رەھ رەۋان،
بۇ مەجمۇئغە تاپماق ئۈچۈن بىر مەكان.
كى مەفھۇم ئەتتى ۋەزىر مەنزىلىن،
تۈشۈرگەي بۇ ئۆيگە خۇراسان ئېلىن.
مەھەللە ئىشىتتى مۇنىڭ سۆزلەرىن،
غەزەب بىرلە ئانداغ سالىپ كۆزلەرىن.
دېدى: تاجىر ئېرمەس بۇ ئەيياردۇر،
قەۋافىل ئىچىدە تەبەھكاردۇر.
كىرىپ كۆردى ئاندىن ئاناسىنى ئول،
ئانا ھەم تونۇدى بالاسىنى ئول،
كى ئەي نۇرى دىدەم قايان ئېردىڭىز،
سەفەردىن بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭىز.
دېدىم: پەست بولغىل كېيىن ھال سور،
يانىپ كەلگۈچە مەن سەن ئۆي ئىچرە تۇر.
سۆيۈنگىل دېگىل كىم خۇدايىمغە شۈكر،
خەبەر راست ئاڭلا دەمى بولما سۇكر.

بۇ ئىشلارنى تەگرى رىزاسى ئۈچۈن،
ئاتا ۋە ئانا مۇددەئاسى ئۈچۈن.
يەتۈردۈم ئۇشۇل سەگ پەرەست خاجەنى،
ئىتى بىرلە كەلدى كۆرەرسەن ئانى.
ئۇشۇل لەئللەركىم ئاسىغلىق ئېرۇر.
كى زەربەفت جۇل كىم ياپىغلىغ ئېرۇر.
بىھەمدۇلىللاھ كارىم سەرەنجام ئولۇپ،
خۇراسان ئىچىدە نىكو نام ئولۇپ.
قىلىپ ئېردىڭ ئولكۈن ماڭا سەن دۇئا،
ئىجابەتكە مەقرۇن قىلىپدۇر خۇدا.
بارى قولغە كەلدى كۆڭۈل خاھىشى،
نەجاتىغە يەتكەي ئاتامنىڭ ئىشى.
ئانا① فەھم ئەتتى قىزىنىڭ سۆزىن،
سۇرۇپ تۇتىيادەك يۈزىگە كۆزىن.
قۇچاقىغە ئالدى قىلىپ گىريەزار،
تۆكۈپ ياش كۆزىدىن بولۇپ سۇگۋار.
ئاناسى②قاشىدىن چىقىپ سىمبەر،
كى قىلدى خاجە مەنزىلىغە گۇزەر.
كېلۇر ئېردى يولدا بەسى كۆڭلى توق،
كىرىپ باقسە خاجە بۇ مەنزىلدە يوق.
دېدىكىم بىراۋگە: بۇلار قايدادۇر،
جەۋاب ئەيدى فىلھال: بۆلەك جايدادۇر.
دىلى ئانچە ئانىڭ فەرىشان ئېرۇر،
كى لالە سۇفەت تەھبەتەھ قان ئېرۇر.
كېتىپ سىز بۇيەردىن خاجە بولدى داغ،
يىقىلدى باشىغە فەلەستۇنچە تاغ.
چىقىپ قىز بۇ يەردىن ئانى ئىستەدى،
بىرەۋ كەلدى ئۇترۇ بۇ يەردە دېدى.
كىرىپ ئۆي ئىچىگە تاپىپ خاجەنى،
دىل ئاسالىق ئەتتى سۆيۈندى جانى.
شەھەرگە ياقىن بىر مەكان راستلادى،
تەۋەللا قىلىپ ئۆي سارى باشلادى.
مەكان ئېردى ئانداغ ئەجەب خۇش ھەۋا،
مۇزەييەن ئېرۇر مىسلى جەننەت نەما.

①② ئەسلى تېكىستتا «ئاتا» يېزىلغان، «ئانا» قىلىپ تۈزىتىلدى.

خاجە كىردى قىز بىرلە ئۇل خانەگە،
ئىكەۋ ئەيش ئېتىپ باقمايىن يانەگە.
كەل ئەي ساقى تۇتقىل مەيى لەئلگۇن،
مۇھىم ئىشلارىمدا بولۇپ رەھنەمۇن.
مەنى غەم ئۆيىدىن رەھا ئەيلەگىل،
بارى ھاجەتىمنى رەۋا ئەيلەگىل.

**ۋەزىرنىڭ قىزى خاجەنى خىيمە ۋە سەرا پەردەلەرى بىرلە مەكانى ئالىيغە تۈشۈرۈپ، ئەيش ۋە سۇرۇرغە مەشغۇللۇق قىلغانىدا، بىر سەييياد شىكاردىن يانىپ كېلىپ كۆزى بۇ مەكانغە تۈشۈپ، ئازادە بەختكە كۆرگەنىنى ھىكايە قىلغانى؛ شاھ بۇ خەبەرنى ئاڭلاپ قاشىغە كەلتۈرگەنىدە، فەرەڭ ئەلچىسى ۋەزىرنىڭ سۆزى راست چىقىپ ۋە ئانى ئىنفشا قىلىپ، شاھ ۋەزىرنى زىنداندىن خەلاس قىلىپ ۋە شاھ قەفەسدەكى ئىككى كىشىنىڭ ھالىنى تەجەسسۇس قىلغانىدا، خاجە نائىلاجلىقدىن باشىغە كەلگەن سەرگۈزەشتىن بەيان قىلغانى**

بىرەۋ كىم بار ئېردى سەياھەت شىئار،
چىقىپ ئېردى بىركۈن بەرايى شىكار.
يانىپ كەلدى ئۆيگە يەنە كەچقۇرۇن،
قاراسە گورۇھى تۇتۇپدۇر ئورۇن.
شەھى كامرانلار كەبى دەبدەبە،
تۈزۈپدۇر، دىدىكىم قىلاي تەجرىبە.
ياقىن كەلدى قىلدى بۇلارغە نەزەر،
خاجە ھەم مۇنىڭدىن ئېرۇر بىخەبەر.
كى تۇججار بىرلە تەماشا قىلۇر،
ئىچىپ مەينى ئانداغ تەلالا قىلۇر.
يىغاچ سەندەل ئۈزرە چىقىپدۇر ئۆزى،
شەھەنشاھلاردەك ئەدالىق سۆزى.
تۇرار چۆرەسىدە مۇلازىملارى،
ياۋۇق ھېچ كېلەلمەس مۇخادىملارى.
قاشىدا جەۋانى قەمەر تەلئەتى،
بەئەينى پەرىدۇر ئانىڭ خىلقەتى.
خىيالىدا ئانچە تەئەججۇب قىلىپ،
ياقىن باردى ئاخىر تەئەددۇب قىلىب
مەگەر ئەلچى كەلدى ياقا شەھردىن،
ئەمەس رۇم سىپاھى يانا شەھردىن.
مۇلاقات بولدى قاشىغە كېلىپ،
كى ئولتۇردى خاجە يانىغە ئالىپ.
دېدى بەزمگاھدا تۇرۇڭ سائەتى،
ئىچىپ جامى شەربەت ئالىڭ راھەتى

چۇ سەييياد كۆردى بۇ ئەتىۋارنى،
داغى ئىتىغە ئاسقانكى زۇننارنى.
ھەمە ئەقلۇ ھۇشى باشىدىن كېتىپ،
كى سەييياد ھەيرەت كۆلىغە پاتىپ.
قوپۇپ دېدى ئەمدى ئۆيۈمگە كېتەي،
مۇنەۋۋەر ئېرۇر ئاي يارۇقدا يېتەي.
بۇ سەييياد قاشىمغە كىرىپ قىلدى ئەرز،
دېدىكىم بۇ ئەرزىم ساڭا مىسلى فەرز.
ئېرۇرسەن شەھەنشاھى ئالى جەناب،
خۇداۋەندە قىلسۇن سەنى كامياب.
كېلىپدۇر شەھەرگە ئەجايىب كىشى،
ئېرور ئۇل كىشىنىڭ بۇ يەڭلىغ ئىشى.
تەمام كارى بارىن بەيان ئەيلەدى،
ھەمە كۆرگەنىنى ئەيان ئەيلەدى.
غەزەب ئوتى ئانداغ ئۇرۇپ شۇئلەۋار
دېدىكىم بۇيەڭلىغ كىشى قايدا بار.
مەگەر ئۇل گۇرۇھى مۇشارىك ئېرۇر،
خۇدا يولىدىن بى مۇدارىك ئېرۇر.
ئەگەر قىلماسام مەن سەياسەت ئاڭا،
قىيامەت كۈنىدە زەرەردۇر ماڭا.
مۇلازىمغە دېدىم چاپىپ ئاندا يەت،
ئۇشۇل يات كىشىنى ماڭا ھازىر ئەت.
ئاڭا ھۆكم ئەيلەدى فەلانۇ فەلان،
كى ئاندىن قىلىڭلار پۇلىنى تەلان.

www.uyghurkitap.com



قەزارا ئۇشۇل كۆندەكى ئەلچى ھەم،
قەدىمقى رۇسۇمدا كەتۈردى قەدەم.
بۇ سائەت قاشىغە بولۇپ ھازىر ئول،
قىلىپ خەندە بولدى ماڭا نازىر ئول.
غەزەب بەھرىم ئانداغ ئاڭا ئۇردى ئەۋج،
بار ئىردى سىپەھلەر يەنە فەۋج - فەۋج.
بۇلارنىڭ ئىچىدىن سۇخەنۋەرلەرى،
خىرەد ئەرسەسىدە دەلىر ئەرلەرى.
ئۇقۇب شېئىرلارنى قىلىب ئانچە ئەيب،
ئەمىرنىڭ ئىشىغە قىلۇر سىز مۇرەيب.
دېدى: شەھ قاشىدا ئىشىڭ تۇت نىھان،
كى بىھۇدە كۆلكى ئىرۇر كۆپ يامان.
قويۇپ ئەلچى دېدى ماڭا ئەرزىنى،
ئەدا ئەيلەمەككە سۇخەن قەرزىنى.
دېدى: ئەي ئۇلۇس خەيلىنىڭ مۇھتەرى،
كى قۇستەنتەنىيە ئېلى بەھتەرى.
مېنىڭ كۆلمەكىمگە سەبەب بۇ ئىمىش،
ۋەزىر سىزگە يالغان سۆزنى دېمىش.
بۈگۈن راست بولسا ئەگەر نە ئەجەب،
ۋە لېكىن دېگۈنچە قىلۇرسىز غەزەب.
ئۇشۇل لەئلنى سەن كۆزۈڭ بىرلەكۆر،
ۋەزىرنى چىقارغىل دېبان ھۆكم سۇر.
بەھەمدۇللاھ ئولكۈن ئاچىپ سىزگە لەب.
كى ناھەق ئۇلار دەپ گۇناھىن تىلەپ.
تۇرۇپ ئالدىڭىزدا فەقىر قول كەبى،
نەۋاساز بولدۇم كى بۇلبۇل كەبى.
نەدېسەم بۇ كۆندە تاپىپدۇر سەبات،
نېتاڭ تاپسە ئەمدى بەلادىن نەجات.
ئالىپ كەل دېدىمكى بارىپ خاجەنى،
كۆزۈم بىرلە ئانداغ كۆرەيدەپ ئانى
ئالىپ كەلدى ئانى ئىمبەرگەن كىشى،
كۆرۈندى غەرايىب ئانىڭ قىلمىشى.
كىيىپدۇركى خاجە لىباسى بەلەند،
ئانى ھەركىشى كۆرسە قىلغاي پەسەند.
چۇ بەرنا بويىدا بۇ يەڭلىغ لىباس،
ئىرۇر ئەقل خىيرە قىلۇرغە قىياس.
يۈزى گۈل كەبىدۇر سۆزىدۇر مەلھە،
دىمە سۆزنى كىم ئۆزىدۇر مەلھە.
ئالىپ قولىغە خاجە بىر ئالمانى،
زەھەب بىرلە مەزرۇب قىلىپدۇر ئانى.
قويىپدۇر يۈزىگە جەۋاھىردا كۆز،
نە ھاجەت ئانى تەۋسىف ئەتمەككە سۆز.
ئالىپ كەلدى قويدى مېنىڭ ئالمە،
فەلەك رەشك قىلغاي بۇ ئىقبالىمە.
قارىنداشى بىرلە ئىنىنى كۆرۈپ،
غەزەب بىرلە ئانداغ ۋۇجۇدۇم جورۇپ.
ئاڭا ئەيلەدىم مەن بۇ يەڭلىغ خىتاب،
كى شەيتان بولۇپدۇر يولۇڭغە ھىجاب.
ماڭا زاھىر ئولدى فىئالىڭ سېنىڭ،
دېگىل راست ئەمدى نەچۈكدۇر دىنىڭ.
يەنە كىمدۇرۇر ھەم پەيەمبەر ساڭا،
تەرىقىڭ نىمەدۇر بەيان قىل ماڭا.
دېدى خاجە ئىززۇ جەلالىمغە قۇل،
پەيەمبەر ماڭادۇر نەبى جۇزۋسگۇل.
كى يەئنى مۇھەممەد ھەبىبى خۇدا،
قىلۇرمەن ئانىڭ يارىغە ئىقتىدا.
ئوقۇرمەن نەمازۇ يەنە سەۋمنى،
تۇتارمەن سەھەر تەرك ئىتىپ نەۋمنى.
ھەمە فەرز ۋاجىب سۈنەن مۇستەھەب،
ئىرۇر راست بارچە مۇباھۇ ئەدەب
ماڭا بەردى خاجە بۇ يەڭلىغ جەۋاب،
يوق ئولدىكى ئەندەك كەزىمى ئىتاب.
دېدىم: چەھ ئىچىدىن ۋەزىرنى چىقار،
بۇرۇنقى سۆفەتدە تۇتاي ئىئتىبار.
خەلاس ئولدى زىندان ئىچىدىن ۋەزىر،
چوگۇربى تۆشۈكتىن چىقىپ بولدى شىر.
يەنە خاجە بىرلە قىلىپ گۇفتىگۇ،
دېدىم مەن سۆزۈكدۇر بارىسى نىكۇ.
نە دەپ ئىتتىخە قىلدىڭ ۋەفادارلىق،
قارىنداشلارىڭغە جەفاكارلىق.

دېدى؛ شەھرىيارا مۇرەببىي زەمان،
تۇتۇپ مەن ئۇلۇسدىن بۇ سىرنى نىھان.
دېدىم: بۇلھەۋەس سەن مۇسۇلمانمۇ سەن،
ۋەيا ئەھلى غولى بەيابانمۇ سەن.
ماڭا دېمە مۇنداق بەلا مەئنى سۆز.
بۇ قىلمىشلارىڭدىن فەقەت كۆڭۈل ئۈز.
ئەگەر تاپماساڭ سەن بۇ ئىشغە دەلىل،
قىلىچ بىرلە بىشەك قىلۇرمەن قەتىل.
خەلايىق سېنىڭدىن ئالىپ ئىبرەتى،
تەنىڭغە كىچىك ـ چوڭ ئۇقۇر زەجرەتى.
دېدى: شەھرىيارا قانىمدىن كېچىپ،
ئالىڭ بارچە مالنى ئىشىكنى ئاچىپ.
بېرىڭ بىزگە رۇخسەت بۇ ئوغلان بىلە،
كى جان قالسە بەسدۇر ئاڭا يوق گىلە.
دېدىم: مۇمكىن ئېرمەس خەلاس ئولماقىڭ،
ياقىندۇركى يەرگە غەۋۋاس ئولماقىڭ.
دېگىل راست سۆزنى، بەھانەڭنى قوي،
قۇتۇلغىل غەزەبدىن مۇرادىڭغە توي.
بىناگاھ تارتىپ ئۇزۇن ئاھى سەرد،
مۇناجات قىلدى بەدەر گاھى فەرد.
دېدى: ئەي كەرىما رەھىما غەفۇر،
سەبەب بولماسە ئېردى ماھى خۇتۇر.
بۇ سىرنى ئىشىتمەس ئىدى ھېچكىم،
ياپۇشماس ئىدى ھەم بەلا بىرلە بىيم.
غەزەب بىرلە باقتىم يەنە مەن ئاڭا،
جەۋابىڭنى بەرگىل دېدىم مەن ساڭا.
دېدى: مۇنچە بولماڭ ماڭا خەشمناك،
زەبان بىرلە قىلماڭ نىھادىمنى چاك.
قەفەس ئىچرە باردۇر ئول ئىككى كىشى،
ئەزا ۋە ئەلەمدۇر ئۇلارنىڭ ئىشى.
ئۇلارنى بۇ يەرگە ھەلى كەلتۈرۈڭ،
جەۋاب ئەيمەغاندا مېنى ئۆلتۈرۈڭ.
يەساۋۇلغە ئەيدىم كەتۈرگىل ئانى،
جەۋاب بەرسە خاجە تۆكۈلمەس قانى.
ئالىپ كەلدى فىلھال ئۇلارنى ئەۋان،
چىقاردىم قەفەسدىن ئانى شۇل زەمان.
كۆرۈپ خاجە دېدى: كېلىڭلەر ياقىن،
سۆزۈم بولسۇن ئەمدى ئۇلۇس ئىچرەچىن.
بۇ مەجلىسدە ھازىر بار ئېردى ۋەزىر
قىلىپ ئەمر ئانداغ ۋەزىرغە ئەمىر.
بىرىن ئوڭ تەرەفكە بىرىن سول تەرەف.
ئالىپ ئولتۇرۇپ بىل سۆزۈمنى شەرەف.
كى ئولتۇردى مۇندا ئىكى بىخىرەد،
خاجە كىردى سۆزگە قىلىپ جىددۇ جەھد.
دېدىكى بۇ تۇرغان بۇرادەرلەرىم،
جەفا بىشەسىدە غەزەنفەرلەرىم.
بىرى چوڭ ئاغامدۇر بىرسى كىچىك،
سىتەمكارلىقدا قېلىچدىن ئىتىك.
ئېرۇر شەھرى فارس مېنىڭ مەۋلۇدۇم،
بولۇپ تالىئىم ئەختەرى مىسلى يەۋم.
ئاتام تاجىر ئېردى بەغايەت غەنى،
مۇسافىرلىق ئېردى ئۇلارنىڭ فەنى.
شەھەردىن شەھەرگە قىلۇر ئېردى تەي،
تاپار ئېردى سۇدى بالەتافى ھەي.
ئىدى دەستمايە سەراسەر ئاڭا،
يىگىرمە سەككىز تۈمەن مىڭ زەر ئاڭا.
مەنىڭ سالىم ئېردىكى ئون تۆرت ياش،
ئاتام بولدى فانى سىرىشك ئولدى چاش
تۇتۇپ نەچچە كۈنلەر ئانىڭ ماتەمىن،
كى ئۆتكەزدۈك ئاخىر مۇسىبەت غەمىن.
بۇرادەرلەر ئانداغ قىلىپ مەشۋەرەت،
تۈگەشتى ئاتاغە تۇتۇپ تەئزىيەت.
بارىپ ئەقرابادىن كىشى كەلتۈرۈڭ،
قايۇ ياخشى بولسە ئانى يەتكۈرۈڭ.
تۇتۇپ مۇئتەبەر بىز ئانىڭ قالىنى،
ئۈلەشىپ ئالالى تەمام مالىنى.
دېدىم: ئەي بۇرادەر نەچۈك سۆز ئېرۇر،
مۇنى ئالماساڭمۇ خۇدايىم بېرۇر.
ئېرۇر چاكەرىڭلار بەغايەت تولا،
يۈرۈر خىزمەت ئىچرە خەلا ۋە مەلا.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئوخشە مەن ھەم قىلاي خىزمەتى،
ئەگەر بولسە سىزدىن ماڭا (ھەد) *شەفقەتى.
كىچىكلىكدە بولدۇم ئانادىن جۇدا.
بۇ كۈنلەردە ئەمدى ئاتادىن جۇدا.
ئەگەر سىزنى تۇتسە خۇدايىم تىرىك،
ئاتا بولسەڭىزلەر ئېرۇرمەن كىچىك.
ئەگەر ھاجەت ئولسە تەئامۇ لىباس،
خەزايىندا باردۇر دەرەم بىقىياس.
يىمەك لازىم ئولسە تىلەرمەن ئانى،
ئەگەر بەرسەڭىزلەر كىيەرمەن ئانى
بۇ يەڭلىغ دىدىلەر قارىنداشلارىم،
قارىنداش ئەمەسكىم زىياندا شلارىم.
قىلۇر سەن دىلىڭدا بۇ ئەندىشەنى،
ئەجەب ئۆرگەنىپسەن يامان پىشەنى.
ياقىن كۈندە بىزگە بولۇپ فىتنەساز،
ئاتا مالى ئەرمەس ئىدى مۇنداغ ئاز.
يوق ئەتتىڭ ئىكەۋلەن خىراجەت قىلىپ،
دېسەڭ بىزگە مۇنداغ ئەھانەت قىلىپ.
ئۇلۇغلار قاشىدا ئەمەس بىزگە خوب.
ئەمەس بىزگە مۇنداغ داغى سىزگە خوب.
نە قىلساڭلار ئانداغ قىلىڭلار، دېدىم،
بۇ ئىشنى ئۆزۈڭلەر بىلىڭلار، دېدىم.
چىقىپ كەتتى ئۆيدىن ئۇلار بىركۈنى،
قولاقىمغە كەلدى سىپەھلەر ئۈنى.
كىرىپ كەلدى ئۆيگە ئەۋانۇ ھەكەم①،
ماڭا ئەيلەمەككە جەفا ۋە ئەلەم ②.
ئالىپ باردى قازى قاشىغە رەۋان،
ماڭا دىدى قازى: قىلىپسەن يامان.
نەچۈككىم بۇزۇپسەن شەرىئەت ئىشىن،
نېگە باتىل ئەتتىڭ ئۇلۇغ قىلمىشىن.
دېگەن سۆزلەرىمنى بەيان ئەيلەدىم،
كى ئاخشامقى يەڭلىغ ئەيان ئەيلەدىم.
ئاغام دېدى: قەۋلىڭ ئەمەستۇر دۇرۇغ،
كېيىن بولماغاي ئول كەلامىڭ بۇزۇغ.
پۈتۈپ بىزگە بەرگىل تەمەسسۇك خەتى،
داغى ئاندا تۈشسۈن ئۇلۇغلار ئاتى.
ئاڭا مۆھرى ئۇرسۇن فەزائى زەمان،
ئانى بىزگە بەرسەڭ تاپارمىز ئەمان.
ئۆزۈمنى بۇ سۆزگە مەلۇل ئەيلەدىم،
ۋە لېكىن سۆزىنى قەبۇل ئەيلەدىم.
ئاتام ئىرسىدىن قولغە ئالماي دەرەم،
دەرەمنى دىمەيكىم نەبىشۇ نەكەم.
ئۇلار ئالدى مەندىن تەمەسسۇك خەتىن،
شەھادەتكە يازدى ئۇلۇغلار ئاتىن.
ئاياقچى ماڭا راھ قىلغىل ئەتا،
ئىچىپ ئانى ھەر سارى ئەيلەي ھەۋا.
ئانىڭ نەشئەسىدە تەكۈپۈي ئۇراي،
بۇ مەنزىلدىن ئۆزگە ۋەتەندە تۇراي.

**خاجە ئاغالارىدىن مۇھلەت تىلەپ نەقلىنىڭ ئەسبابىنى مۇھەييا قىلغانى ۋە خاجە ئول مەكانغە بارىپ، ئۇلاردىن زىيادە مال ھاسىل ئەيلەگەنى ۋە ئاغالارى جوھۇدغە قەرزدار بولۇپ ئەلەم تارتقانىنى ئاڭلاپ جوھۇددىن خەلاس ئەيلەپ، بۇلارنى سەفەرگە ئىبەرگەندە، بارغان يېرىدە مال-ئەمۋاللارىنى زايىئ قىلغانىدىن خەبەر تاپىپ، خاجە ئىستەپ بارىپ، ئۆزى ئالىپ بارغان مەتائلارىنى تاپشۇرۇپ، شەھەرگە ياقىن كەلگەنىدە ئۆزى ئىلگەرى ئۆيگە كېلىپ ئۇلار ئەمۋالىنى قاراقچىلار ئالىپ، ئىككىنچى دەفئە سەفەر ئىختىيار ئەتكەنى**

بۇ يەڭلىغ دىمىشدۇر سۆخەن ناقىلى،
قولاق سال بۇ سۆزگە ئەگەر ئاقىلى.
ئۇلار دېدى بىركۈن يۈزۈمگە باقىپ،
بۆلەك جاي تۇتغىل بۇ يەردىن چىقىپ.

* ئەسلى تېكىستتىكى «ھەد» سۆزى، ۋەزىن ۋە مەنائەتۋارىدىن ئالغاندا ئارتۇقچە يېزىلىپ قالغان. شۇڭا تىرناق ئىچىگە ئېلىندى.

①② ئەسلى تېكىستتا «ھەكىم»، «ئەلىم» دەپ يېزىلىپ قالغان.

دێدێمکی بێرنگلار ماڭا مۇهلەتی،
یامان بولسام ئەرچە قىلىپ شەفقەتی.
زەمانىکی ئێردی ئاتامىز هەیات،
یىراق ئێردی داغی سەمۇمی مەمات.
قاچان کەلسە ئۆیگە سەفەردىن یانىپ،
ماڭا تۆهفە بەرمەك ئۈچۈن تێزلەنىپ.
یەشىپ یۈکلەرىنی ئالىپ یاخشی مال،
دەر ئێردیکی ئوغلۇم مۇنی کەلگىل ئال.
ئالىپ قوللارىمغە بۇ مەبلەغنی مەن،
ساتىپ ئالغان ئێردىم ئۆزۈمگە ۋەتەن.
بۇ مەنزىل شەهەردىن ئىدی کۆپ یىراق،
کۆچۈپ کەتتىم ئاندا دىدىم ئەلفىراق.
تىرىك ئێردی ۋالىد بىلە ۋالدە،
یۈرۈر ئێردی بىر ئىت ئۆلار ئالدە،
بێرۈر ئێردىم ئول ئىت بالاسىغە نان،
مێنىڭ بىرلە چىقتی کۆچۈنگەن زەمان.
تۇزۇم هۆرمەتىنی کۈچۈك ساقلادی،
بۇرادەرلەرىم هێچ ماڭا باقمادی.
کىشىکىم مۇرۇۋۋەت ئىشىدىن یىراق،
نىجىس ئىت ئانىڭدىن ئێرۇر یاخشراق.
بولۇپ ئارەمىدە ئۆي ئىچرە یاتىپ،
کۆچۈردۈم کۈنۈمنی مەتائلار ساتىپ.
ئاتام تۆهفە بەرگەن ئىدی قۇل - دىدەك،
دێدىمکی بۇ قۇللارنی ساتماق کێرەك.
قىلىپ دەستمایە بولۇپ سەۋداگەر،
چىقىپ بىر دوکانغە قىلىپ کەررۇ فەر.
نێتاڭ تەکری بەرسە ئەگەر یاخشی کۈن،
کی بولسە یێرىم نان قولۇمدا پۈتۈن.
یێتىپ کۆڭلۈم ئىچرە بۇ ئەندىشەئی،
کی بەززازلىقنی قىلىپ پىشەئی.
دوکانی تۇتۇپ فارس شەهری ئارا،
قىلۇر ئێردىم هەرکۈن بەیئۇ شەرا.
بۇ مۇددەتدە ئۆتتی ماڭا ئىککی یىل،
یۈرۈپ کوچەلەردە قىلىپ قالۇ قىل.
زەری هاسىل ئولدیکی تۆرت مىڭ تۈمەن
یەتۈردیکی تەڭرىم ئانی بی مىهەن
تاپىپ هەر کۈنىدە فۇتۇهۇ زەفەر،
بولۇپ ئەهلی تۇججار ئارا مۇئتەبەر.
تەلەب قىلسە مەندىن کىشی نەرسەنی،
بێرىپ بی تەۋەققۇف ئاڭامەن .ئانی.
خەلایق ئىچىدە تاپىپ ئابرو،
قىلۇر ئێردی کەلمەك ئىشىن جۇستىجۇ.
ئەگەر قىلسە کىمنی خۇدا ئەرجۇمەند،
ئەدۇۋ کۆرسە ئانی قىلۇر کۆپ پىسەند.
ئەزىز ئەتسە کىمنی خۇدایی جەلىل،
کىشی زەخم ئەیلەپ قىلالماس زەلىل.
ئەگەر ئۆلتۈرۈرگە کىشی قەسد ئێتەر،
ۋەگەر ساقلاسە ئول ئەدۇۋلەر نێتەر.
بۇ مۇددەتدە ئۆتتی یەنە تۆرت یىل،
دێدىم بىر قۇلۇمغە فەلان ئىشنی قىل.
یانىپ کەلدی یىغلاپ قاشىمغە یەنە،
نە ئىش کەلدی دێدىم باشىڭغە یەنە.
دێدی قۇل: ئاغاڭنی تۇتۇپدۇر جۇهۇد،
یێتىپ بارکی یىلدام قىلۇر ئول نەبۇد.
ئىشىتتىم بۇ سۆزنی قىلىپ ئىزتىراب،
یێتىپ باردىم ئاندا ئىشىت کامیاب.
ئاسىپ ئىککىسىنی ئۇرار دەمبەدەم.
قىلىپ خەلق ئىچىدە ئەزا ۋە ئەلەم.
یەهۇدىغە دێدىم سوقارسەن نەدەپ،
ماڭا دە ئىشىتەي ئەگەر بولسا گەپ.
جوهۇد دێدی: باردۇر بۇلاردا پۇلۇم،
بێرەلمەس پۇلۇمنی قىلۇرمەن زۇلۇم.
کۆرۈپمەن بۇلارنی بەسی یىغلادىم،
تۇرالماي مەنۇ بىکەسۇ یىغلادىم.
دێدىم قوي بۇلارنی، پۇلۇڭ مەندىن ئال،
ئەگەر بەرمەسەم مەن ئەزابلارنی سال.
دێدی: سەن قىلاي دەپ بۇلارغە ۋەفا،
بێرەلمەي باشىڭغە کێلۈرمىڭ جەفا.
کۈچۈك یەتمەگەیکىم هىمایەت قىلىپ،
دێگىل سۆز پۇلۇمنی کىفایەت قىلىپ.

www.uyghurkitap.com

دېدىم: ھەقىقىياتلىك ئېرۇر قانچە زەر،
بىرۇرمەن ئانى ئانچە بەرسەڭ خەبەر.
دېدىكى: ھىسابى ئېرۇر يۈز تۈمەن،
بېرۇر سەن بۇ زەرنى كۆچۈك يەتسە سەن.
بۇ سائەتدە زەرنى مۇھەييا قىلىپ،
يەھۇدىغە بەردىم ئاغامنى ئالىپ.
ئىككەۋلەن بەرەھنە جەرەھناك ئىدى،
قولى ۋە فۇتى ھەم باشى چاك ئىدى.
نەدىمەلەر بۇلارنى يۇدۇپ ئالدىلار،
كى ئىلتىپ يارائە دەۋا سالدىلار.
بېرىپ ئىككىسىگە ياڭى جامەلەر،
غىزايى لەتىف خۇرۇ ئاشامەلەر.
قىلىپ مېھرىبانلىق ئاتالار كەبى،
ئاتا يوقكى بەلكى ئانالار كەبى
قىلىپ خىزمەتىنى تۇرۇپ ئالدىدا،
نە دىسەكى تەييار قىلىپ ئالدىدا.
نەچە كۈن بۇلارنى قىلىپ تەربىيەت،
ساقايدى ياراسى قىلىپ تەقۋىيەت.
ئۆتۈپ نەچچە كۈنلەر بۇ غەمىزلار،
كى ئەيلەپ تەفەككۇر بۆلەك رازلار.
مېنىڭ يۇرگەنىمگە ھەسەد ئەيلەدى،
شەياتىن ئىشىغە مەدەد ئەيلەدى.
دېدىم: ئەي بۇرادەر سۆزۈم بار ئېرۇر.
سەبەب قىلساڭىزلار خۇدا يول بېرۇر.
خىيانەت ئىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭىز،
بېرەي دەستمايە سەفەر ئەيلەڭىز.
تىجارەتنى ھەركىم قىلۇر ئىختىيار،
خەلايىق ئىچىدە بولۇر ئىئتىبار.
ئەگەر دەستمايە قولۇڭلاردا يوق،
مېنەرگە ئۇلاغ ھەم يېلۇڭلاردا يوق.
مۇھەييا قىلاي مەن زەرۇرەت ئىشىن،
كۆڭۈلدىن يىراق ئەيلەڭ كۇدۇرەت ئىشىن.
بارىن راست قىلدىم ئىتىپ مەشۋەرەت،
بارۇرغە ئەجەم شەھرىغە مەسلەھەت.
يەنە يول كىراسى بىلە خەرجىغە،
بېرىپ نوقرەلەرنى سالىپ دۇرجىغە.

ئۇزاتتىم سىفەرگە دۇئالار قىلىپ،
خۇدايىمغە شۇكرۇ سەنالار قىلىپ.
يانىپ كەلگۈچە كۆپ بولۇپ مۇنتەزىر،
دەرەملەرنى لىللاھ قىلىپ مۇنتەشىر.
سەلامەت كېلۇرگە سەبەب ئەيلەدىم،
سەبەبدىن زىيادە تەلەب ئەيلەدىم،
بۇ مۇددەتتە ئۆتتى يەنە ئون ئۈچ ئاي،
يانىپ كەلدى تىنچ ـ ئامان بارچە باي.
بۇلار بىرلە يوقتۇر بۇرادەرلەرىم،
خىيانەتدە ئانداغ بەرابەرلەرىم.
سوراپ قافىلەدىن تاپالماي خەبەر،
دىدىمكى ياۋۇشتى نەيەڭلىغ خەتەر.
بىناگاھ كەلدى سەفەردىن بىرەۋ،
قايان كەتتى دىدىم بۇرادەر ئىككەۋ.
دېدىكى قىمار ئوينادى بىر ئاغاڭ،
بۇخارادا بولدى يامانلىقدا داڭ.
قىماربازلارنىڭ بولۇپ چاكەرى،
قىلىپ خىزمەتىنى كېتەلمەي نارى.
بىرىسى بىرەۋگە بېرىپدۇر كۆڭۈل،
بېرىپ پۇللارىنى بولۇپدۇر دەغىل.
ئىشىتتىم بۇ سۆزنى پەرىشان بولۇپ،
پەرىشان ئەمەسكىم يۇرەك قان بولۇپ.
باشىمغە يىقىلدى مەگەر ئاسمان،
ۋەلى تۇتتۇم ئانچە ئۇلۇسدىن نىھان.
قىلىپ راست ئانچە دەفايىن شەرەف
سەفەر ئەزم قىلدىم بۇخارا تەرەف.
يەتىشتىم شەھەر ئىچرە جانلار قوراپ،
مەشەققەتدە تاپتىم بۇلارنى سوراپ.
بېرىپ ئىككىسىگە فوتە زە ئىگىن،
مىنەرگە بېرىپ ئات قولىغە نىگىن.
بۇخارادا ئانداغ بولۇپدۇر رەزىل،
يۇزىگە دىمەي سۆز بولۇر دەپ خىجىل.
ئالىپ بەردىم ئانچە مەتائى سەمەن،
ھىسابى زەر ئېردىكى ئەللىك تۈمەن.
رەۋان بولدۇق ئۆيگە تۇزۇپ مۇھتەشەم،
قىلىپ خىزمەتىنى تۇتۇپ مۇھتەرەم.

بار ئېردىكى شەھەردىن يىراق،
دېدىم بىلە بارغان ئەمەس ياخشىراق.
بارىپ ئالدىڭىزدا قىلايىن خەبەر.
بالا بارقەلەردىن ئالايىن خەبەر.
نەكىم دوست - دۇشمەن ئەگەر ئاڭلاسە،
كېلىپدۇر ئاغاڭ دەپ خەبەر تىڭلاسە.
كىرىپ شەھر ئىچىگە سالايىن غەرەۋ،
بۇلۇر ئابرۇ كەلسە ئىستەپ بىرەۋ.
كى بادى سەبادەك قىلىپ ئىزدىھام،
خەلايىقغە دېدىم كېلىپدۇر ئاغام.
كېلىپ سوردى باردۇق ھەمە يارلار،
نە ئەھباپ قالماي نە ئەغيارلار.
يانىپ كەلدى بارغان خەلايىق تەمام،
يەنە ئاندا قالمىش بۇ ئىككى ئاغام.
بۇلارنى كۆرەرگە قارادى كۆزۇم،
دېدىم ياخشى ئۆلكى بارايىن ئۆزۇم.
ماڭىپ ئېردىم ئۆيدىن چىقىپ نەچچە يول،
بىرەۋ ئۇچرادىكىم ئۆزى كۆپ مەلۇل.
دېدىم: يۈزلىنىپدۇر نە ھادىس ساڭا،
نە ئىش بولدى ۋاقىئ ئەيتىخىل ماڭا.

دېدىكى بۇرادەرلەرىڭ يۈكلەرىن،
كېلىپ كەنتىمىزغە تۈشۈردى بارىن.
بىناگاھ قاراقچى كېلىپ بۇ كېچە،
تەلان قىلدى يەتتى ھەۋادىس نەچە.
كېلىپ تەگدى رەھزەن بوران ياكى چاڭ،
پۇلىن بەردى ئەمما قۇتۇلدى ئاغاڭ.

ئۆزى ھەم شەھەرگە كېلىپدۇر ياۋۇق،
تۇرادۇركى يىغلاپ كېيەر ئىگنى يوق.
ئىشىتتىم بۇ سۆزنى قىلىپ ئىزتىراب،
كى ئالدىغە باردىم بەسى ئالدىراپ.
كىيەرگە لىباسۇ مىنەرگە ئۇلاغ،
ئالىپ چىقسام ئاندا تۇرار بىدەماغ.
ئالىپ كەلدىم ئۆيگە تۇتۇپ ھۆرمەتىن،
ھەممىشە ئۇلارنىڭ قىلىپ خىزمەتىن.
چىقالماي ئۆيىدىن بولۇپ مۇنفەئىل،
بۇ يەردىن كېتەلمەس ئېرۇر قىسقە تىل.
نىمە دېسە بەردىم مۇھەييا قىلىپ،
كى قويدۇم قاشىدا مۇتەررا قىلىپ.
تۆشۈك بولدى گويا بۇلارغە سەراي،
خىجالەتتە چىقماي ئۆتۈپدۇر ئۈچ ئاي.
بۇلار ھالىغە كۆپ ئىچىم ئاغرىبان،
ئاغام دەپ ئۇلار خاتىرىن ئىستەبان.
ئۇلار يۈرسە غەمكىن كېچە ۋە سەباھ،
ماڭا شاد يۈرمەك ئەمەستۇر سەلاھ.
كى بىر كۈن ئۇلارنىڭ قاشىغە كىرىپ،
خوش ئامەدلەر ئەتتىم دېدىم يالبارىپ.
قاچەنغە تۇرارمىز بولۇپ ئۆيگە بەند،
سەفەر ئەيلەمەككە ئالالى سەمەند.
بەسى جەمئى ئەيلەپ مۇناسىپ مەتائ،
كى ئۆز شەھرىمىزدىن قىلىپ ئەلۋىدائ.
يەنە بىر شەھەرگە سەفەر ئەيلەسەك،
كى ھىندۇ سارىغە گۈزەر ئەيلەسەك.
دېدى: ئەي شەفىقەم ئېرۇر ياخشى سۆز،
ئەمەس ھېچ كىشىنىڭ دىلى مۇنچە تۈز.
قىلىپ سىزكى بىزگە نىھايەت كەرەم،
ۋەلى بىزدە يوقتۇر زىيادە دەرەم.
دېدىمكى دەنانىر بېرەي بىشۇمار.
ئالىڭلار خەرىدنى مەئەلئىختىيار.
كى ئەلقىسسە پۈتتى سەفەر جابدۇغى،
زەرۇ نۇقرە بىرلە مەتائ ساندۇغى.
چىقىپ شەھرىمىزدىن تېگىمىزغە كېلىپ،
ھەمە نەرسەلەرنى كېمەگە سالىپ.
چۆكىشتىنى مەللاھ رەۋان ئەيلەدى،
كېلىپ ئىت قىراقدا فىغان ئەيلەدى.

ئۆزىنى تېگىمىزغە ئۇرۇپ ئاقىبەت،
ئۆزىن سۇ يۈزىدە سۈرۈپ ئاقىبەت.
زىمىستان ئىدىكىم بىغايەت ساۋۇق،
يېتىپ كەلدى ئاخىر كېمەگە ياۋۇق.
كېمەچىگە دېدىم: بۇ ئىتنى تۇتۇڭ.
گەران كەلسە سۆز ھەم بۇ سائەت يۇتۇڭ.

تۇتۇپ ئىتنى كىشتى ئارا تاشلادى،
يۈزىنى پۇتۇمغە سۈرە باشلادى.
تېگىز ئىچرە يۈردۈك ئۈن ئۈچ كۈنغەچە،
يوق ئارام ھەرگىز نە كۈن نە كېچە.

تەئەششۇق قىلىپ ساقىئى دىلفىگار،
كەرەم ئەيلە ساغەر قىلاي جان نىسار.
ئەگەرچە جەھانىنىڭ ئىشى بى سەبات،
ئانى نۇش ئېتىپ ئۆزنى ئەيلەي نەجات.

**خاجەنىڭ خاتۇنىغە چوڭ ئاغاسى تەئەششۇق قىلىپ، ئىنىسى بىرلە مەشۋەرەت قىلىپ، خاجەنى ئۆلتۈرۈرگە قەسد ئەتكەنى ۋە خاجە خاتۇنى بىلە ئۇيقۇدا ئىكەنىدە بىدار قىلىپ، كېمەدىن دەرياغە تاشلاغانى؛ خاجە ئىتىنىڭ ياۋەرلىگى بىلە سۇدىن خەلاس بولۇپ، تۈرلۈك مەشەققەتلەر بىلە ئۆزىنى بىر شەھەرگە ئىلتىكەنىدە، يەنە بۇرادەرلەرى تۇتۇپ، ئۇل شەھەرنىڭ پادىشاھىغە بىزنىڭ ئىنىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ئەمۋالىنى بۇ قۇل ئالىپ قاچىپدۇر دەپ داد-خاھلىق قىلغانى**

رىۋايەتنى ئانداغ بېرىپدۇر خەبەر،
بۇلاردەك جەھان ئىچرە يوق ھىيلەگەر.
يەنە كىمغە تۇردى بۇرادەرلەرىم،
ۋەفاسىز جەفاكار بەد ئەختەرلەرىم.
ستەمگەر ھەياسىز يەنە بىلمەجام،
ھەرىمىمغە شەيدا بولۇپ چىڭ ئاغام.
تارىپ تۇخمى كىنىنى بىرلۈپ يانە غەش،
مېنى ئۆلتۈرەرگە قىلىپدۇر كەڭەش.
كى ئۆرلەپ ئىچىدىن ئەداۋەت ئوتى،
يەنە بىر سىنىڭ ھەم شەرارەت ئوتى.
نەچۈك قىلغامىز دەپ تەفەككۇر قىلىپ،
تولا ھىيلەلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ.
سۇغە تاشلاماقنى قىلىپ ئىختىيار،
چاقەرغە تۇرۇپدۇر ھىيلە بىرلە مار.
قىلىپ بىر كۈنى ئۇل ستەمگەر گىلە،
ياتار ئېردىم ئۇلكۈن ھەرىمىم بىلە.
كى بىدار قىلدى مېنى چىڭ ئاغام،
سەياھەتتىن ئۇلماق ئېرۇر شادكام.
دېدى چىڭ ئاغام: كۆر خۇدا سۇنئىنى
ئالىپ باردى كىشتى لەبىگە مېنى.
يۈرۈر سۇ ئىچىدە سۇ خەلقى تولا،
كۆرۈڭ سىز بۇلارنى يۈرۈرلەر مەلا.
باشىغە قويۇپ شاخى مەرجاننى،
قىلۇر رەقس بىلمەس كىشى سانىنى.
گۇمانسىز دەر ئېردىم بۇدۇر راست قەۋل،
دېسەم قەۋل ئەرمەس ئىكەن جانغە ھەۋل.
ئۇشۇلدەم كېلىپ مەن قارادىم تۆبەن،
كېلىپ ئاتتى سۇغە مېنى ئىككى تەن.
كېمە ئىچرە ھازىر بار ئېردى بۇ ئىت،
دېدىم سەگكە قالدىڭ كىھدىنۇ ئىست.
ئېتىپ سۇغە قاچتى بۇلار ئالدىراپ،
شىناۋەرلىك ئەتتىم قىراقغە قاراپ.
كېمە يۈردى يېلدام بوراندىنمۇ تېز،
چۆمۈپ سۇ ئىچىدە قىلىپ ئەشك رىز.
بار ئېردىكى دەريا سۈيى ئانچە ئەۋج،
مېنى تەھكە تاشلاپ ئۇرار ئېردى مەۋج.
دېدىم: ئەي خۇدايى زەمىنۇ زەمان،
بۇ دەريا ئىچىدىن ماڭا بەر ئەمان.
قولۇمغە ئۇرۇندى مىسالى ياغاچ،
قاراسام يۈرۈيدۇر ئېتىپ ئىت غۇلاچ.
مېنى سۇغە ئاتتى بۇرادەرلەرىم،
كەرەم ئەيلەدى ئۇل غەفۇرۇ رەھىم.
كىلىپ ئىتغە تەڭرىم چىنان سىيلەئى،
ماڭا بولدى ئىتنىڭ قولى ھىيلەئى.
بۇ خۇنخار دەريا ئارا بىرۇ بار،
قىلىپ رەھم، ئەتمەي سۇدا خارۇ زار.

ئىتىم بىلە دەريا ئارا يەتتە كۈن،
قىز لاغىمغە كىرمەس ئىدى ئەسلە ئۈن.
ئالىپ يۈردى دەريا جەزىرە سارى،
بىناگاھ چىقىپ مەن قىراقدىن نارى.
قارادىمكى ئاندىن كۆزۈمنى ئاچىپ،
يۈرۈر ئىت قاشىمدا سۆلارنى كېچىپ.
يوق ئېردى بۇ يەردە قوپارغە مەجال،
نە كىم ئاچلىقدىن زەئىف ئېردى ھال.
قوپۇپ يولغە كىردىم بولۇپ نائىلاج،
كى بىر پارە نانغە بولۇپ ئېھتىياج.
بەدەن سۆسلىغىدىن ماڭىپ مەن سەكىن،
قاراسام كېلىپ مەن شەھەرگە ياقىن.
دىدىم تۇرماي ئەمدى شەھەرگە باراي،
بىراۋگە گەدالار كەبى يالباراي.
ئەگەر رەھىم قىلسە بېرۈر پارچە نان،
ۋە گەرنە يوق ئۆلسە كېتەر ئەمدى جان.
تاپالماي شەھەر ئىچرە ھەمرازنى،
قەزارا كۆرۈپمەن كى خەببازنى.
يېتىپ ئاچلىقدىن بەدەنگە قىيىن،
دۇكانىغە باردىم ئۇياتماي ياقىن.
ۋە لېكىن يوق ئېردى بېرۈرگە پۇلۇس،
يۆلەندىم تامىغە قىلىپ ھەم جۇلۇس.
تۇرۇپ نان تىلەرمەن يۈزۈم بولمادى،
يۈمەرغە ھىيالىق كۆزۈم بولمادى.
ماڭا بىرمەس ئېردى كىشى بىر توقاچ،
تىببىدە قىلۇر جان بولۇرغە خۇراج.
بۇ ھالەتدە كۆردۈم ئەجەم شەھرىدىن،
ئىكى نەفەر كەيگەن نەزاكەت ئىگىن.
ياقىن كەلدى كۆرسەم ئاغامدۇر بۇلەر،
بارىپمەن قاشىغە باشىمنى يۆلەر.
تەمەللۇقدا قىلدىم بۇلارغە سەلام،
كېلىپ ئۇردى بىر كاج مېنى چۈك ئاغام.
يىقىلدىم كى يەرگە خۇدۇم بىلمەيىن،
ياتىپ مۇردە يەڭلىغ سىدا قىلمايىن.
بىر مىدىراپ ئېردىم كېلىپ ھۇشىمە،
يەنە بىرسى تەپتى كېلىپ دۇشىمە.
ئىكەۋلەن سەراسەر سوقا باشلادى،
بۇ يەردىن ئۇيەرگە ئالىپ تاشلادى.
قىلىپ مەن خۇدا ۋە رەسۇلنى شەفىئ،
ئىشتىمەي سوقارلار ئول ئەھلى بەدىئ.
دەر ئېردىكى ئەي شۇم نە يەردە ئىدىڭ،
خىيالىڭدا بىزنى تاپالماس دىدىڭ.
بولۇپ ئىككىمىزنىڭ باشىغە بەلا،
ھەمىشە بەلاغە قىلىپ مۇبتەلا.
تۇرار ئېردى مۇنداغ يامان سۆز بىلە،
ئۇلۇس جەمئى بولدى قىلىپ ۋەلۋەلە.
دېدى: سىزگە قىلدى نە يەڭلىغ گۇناھ،
ياقاسىنى يىرتىپ ئاغام ئۇردى ئاھ.
جەۋاب ئەيدى: بۇدۇر ئاغامنىڭ قۇلى،
مۇنىڭ بىرلە يۇتتى مەتائ ۋە پۇلى.
چىقىپ ئېردۇك ئىستەپ مۇنى دەربەدەر،
كېيىن ئاڭلاساق بىر كىشىدىن خەبەر.
ئىنىمىزنى دەريا سارى باشلامىش،
قىلىپ ھىيلەلەرنى سۇغە تاشلامىش.
غىدنى ئېردى ئانداغ بۇلى بىشۇمار،
ئالىپ بارچەسىنى قىلىپدۇر فەرار.
بارىپ ھىندۇ سارى تىلا ئىستەدۇك،
قاچىپ ئالدىمىزدا مۇڭا يەتمەدۇك،
بەھەمدۇللاھ تاپتۇق فەرەڭ شەھرىدە،
بىز ھەم ئاقتارۇرمىز مۇنى بەھرىدە.
سۆرەن سالدى ئانداغ ئۇرۇپ باشىغە،
ئالىپ باردى ھەيدەپ ھەكەم قاشىغە.
تەۋازۇئلار ئەيلەپ ئىكەۋلەن تۇرۇپ،
بۇ شەھ تەختى بايىن كۆزىگە سۈرۈپ.
مۇخەننەس كەبى مىڭ قىلىپ ئىشۋەلەر،
بېرىپ ھەددىن ئارتۇق ئاڭا شىۋەلەر،
دېدى ئەرزۇ ھالىن بولۇپ دادخاھ،
خۇدا ھەققى دادىم ئىشىت پادىشاھ.
بۇ قاتىل غۇلامدىن تىلەرمىز قىساس،
چاپىڭ سىز، بولۇرمىز بەلادىن خەلاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەگەر بىزگە بەرسەڭ سالاي بەھرىغە،
بۇ قاچقۇ يوق ئولسۇن تۇشۇپ قەئرىگە.
دېمەي ئەسلە ھەرفنى قىلدىم سۈكۈت،
دېدى شاھ: جەللاد! بارىپ قۇلنى تۇت.
مۇنى ئۆلتۈرۈڭلار ئاسىپ دارغە،
بۇ ئىشت ئۆلسۇن ئىبرەت رەقىب يارغە.
ئىشىت شەھرىيارا بۇلارنىڭ ئىشىن،
يوق ئەتسە يوق ئولماس جەھان بىر كىشىن.
يەھۇدىغە بەردىم زەر يۈز تۈمەن،
بۇلارنىڭ نەجاتى ئۈچۈن ئاندا مەن.
ھەمۇل زەرنى بەردىم ئاچىلدى ئاياغ،
ۋەگەرنى ئۆلۈنچە يەر ئىردى تاياغ.
بېرىپ يۈز تۈمەن زەرنى شەھغە بۇلەر،
سالىپ بوينىمە ئىپ، ئىچىدە كۆلەر.

دېسەم يالبۇراي ھىچ داغى يار يوق،
دېمەي يار يوق بەلكى ئەغيار يوق.
مەنى ناتەۋاننى دەر ئىردى يىت،
مەگەركىم قاشىمدا يۈرۈر ئىردى ئىت.
قويار ئىردى ھەرگەھ ئاياغىمغە باش،
ئىتىمغە خەلايىق ئاتار ئىردى تاش.
بۇرادەرلەرىمدىن ئۈمىدىم ئۈزۈپ،
خۇدا دەرگەھىغە دىلىمنى تۈزۈپ.
مۇناجات قىلدىم دېدىم يائاللاھ،
بۇ زالىم قولىدىن ماڭا بەر پەناھ.
تۇت ئەي ساقىيا بىزگە گۈلگۈن شەراب.
بەسى تەشنەلىكدىن بولۇپمىز خەراب.
ئانى سىپقاراي ئەيلەي ئەندۇھ دەفئ،
داغى نەشئەسى ئەيلەسۇن غەمنى رەفئ.

خاجەنى رايى ئەئزەم پادىشاھ دارغا ئاسقالى بۇيرۇغان ھالەتدە پادىشاھغە كېسەل ئۇرىز بولۇپ، مەھبۇسلارنى قويا بەرگەلى بۇيرۇغانى؛ ئىككىنچى دەفئە پادىشاھغە ئەرز قىلىپ چاھغە تاشلاڭلار دەپ بۇيرۇغانىدا، زىندانىدا ئىتىنىڭ ۋەفادارلىقى بىرلە روزگار كەچۈرۈپ، يەنە بىر پەرۋەش سەئيى بىرلە چاھدىن خەلاس بولۇپ، خاجە باشىدىن ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى دەلىكەغە تەئرىف قىلغانى

چۇ سۆز كىشىۋەرىغە بېرىپدۇر نىزام،
تەكەللۇم كۆمەيتىغە ئەيلەپ خىرام.
بۇ شەھ ئەدر قىلدى تەبەھكارنى،
ئاسىڭ راست ئەيلەپ ئىگىز دارنى.
ماڭا لۇتف قىلدى خۇدايى ئەزەل،
بۇ ھالەتدە يۈزلەندى شەھغە كېسەل.
يىغىپدۇر قاشىغە تەبىبلەرنى كۆپ،
قىلۇرغە ئىلاجىن ھەبىبلەرنى كۆپ.
دەۋا قىلمادى ھىچ ئاڭا فائىدە،
كى تىترەپ تۇرالماي ھەكىم جائىدە.
ھەمە ئەھلى ئەركان يۈزى سارغارىپ،
قاراپ تۇردىلەر ھەم تەبىبلەر بارىپ.
بارئىردى ھەكىمغە خىرەدمەند ۋەزىر،
دېدى سىدقىدىن ئۆزگە يوقتۇر گۈزىر.

كى زىندان ئىچىدە گۇنەھكارلار،
كۆپ ئىردى ئىچىدە تەبەھكارلار.
قىلىڭ بەندلەردىن ئۇلارنى رەھا،
كى ئاندىن خۇداغە قىلىڭ① ئىلتىجا.
شىفا تاپساڭىز بۇ كېسەلدىن نېتاڭ،
قىيۇڭ خەلقلەرنى سۆزۈمگە ئۇناڭ.
ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئىشىتتى ئەمىر،
خەلاس ئەيلەڭىز دېدى بولسا ئەسىر.
كى زىندان تەرەفكە ئەۋاندىن بىرى،
چاپىپ كەلدى بىرسى چەھار سۇ سارى.
مېنى تۇرغان ئىردى ياغاچىغە ئىسىپ،
ئالىپ تاشلادى ئۇل تەنابنى كېسىپ.
شەھەنشاھغە بۇ ۋەزىر ئىردى خاس،
سۆزى بىرلە تاپتى فەقىرلەر خەلاس.

① ئەسلى تېكىستتا «كېلىڭ» يېزىلغان. مەنا ئېتىۋارى بىلەن «قىلىڭ» ئېلىندى.

تۇرۇپ ئېردىم ئاندا ئاقىپ تەرلەرىم،
بۇ ھالەتنى كۆردى بۇرادەرلەرىم.
تىرىك قالغانىمغە بولۇپ كۆپ خەفا،
قىلۇر ئېردى بىرسى بىرىگە تەفا.
ھەيال بىرلە كەلسە ئىدى كاشكى،
جانى چىققاي ئېردى دېدى كاشكى.
يەنە باردى شەھنىڭ قاشىغە رەۋان،
قۇتۇلدى قىسادىن يەنە بۇ يامان.
نېدىن قىلدىڭىز كىم گۇناھىنى مەھۇ،
ئۇلۇغدىن بولۇرمۇ بۇ ئەتۋارى سەھۇ.
بېرىپ ئېردى رىشۋە ئەمىرغە تولا،
كى رىشۋە ئەمىرغە بولۇبان بەلا.
دېدى چارە تاپماي تۇتۇڭلار مۇنى،
نە كىم بار مۇنىڭدا كىشىنىڭ خۇنى.
قىلىڭ نەچچە كۈنلەركى زىندانغە ھەبس،
كىشى بىلمەگەيلەر غىزا بىرلە لەبس.
ئۇلار ئاچلىقغە ساۋۇغغە توڭۇپ،
تۇرۇپ خارلىقدا يۈزى ھەم ئۆڭۈپ.
بار ئېردىكى زىندان ئىچى كۆپ ۋەسىئ،
تەھى ھەم ئەمىقۇ شىكافى رەفىئ.
قازىپ ئېردى دىۋەلەر قىلىپ ئىھتىمام،
پامەردى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام.
ئالىپ باردى چەھغە مېنى قىلدى قەيد،
بۇرادەرلەرىمغە بولۇپ مىسلى ئەيد.
يانىپ كەتتى خوشلۇق بىلە ئىككىسى،
دەماغىدىن ئۆرلەپ ئەداۋەت ئىسى.
دەر ئېردىمكى: پاكا رەھىما رەھىم،
مېنى چەھكە سالسا خىرەدسىز لەئىم.
سەن ئۇق سەن خۇدايى جەمىئى جەھان،
ماڭا رەھىم ئەتسەڭ قۇتۇلسە بۇ جان.
دۇئايىمنى قىلدى ئىجابەت خۇدا،
ئۇشۇل سائەتىدە ئىشىتتىم سەدا.
دېدىمكى: نە جان سەن ماڭا بىر قارا،
ماڭا ياۋەر ئولساڭ بۇ زىندان ئارا.
دېدى ئۇل بۇ زىنداں ئىشىغە كەفىل،
ئېرۇرمىز تۇرارمىز دەۋام ئايۇ يىل.
دېدىمكى: نە بولغاي تەئام بەرسەڭىز،
بۇ مىسكىن غەرىبغە ۋەفا قىلساڭىز.
مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە بولۇپ خەشماك،
دېدى: يوق ساڭا نانۇ بولۇرسەن ھەلاك.
ياتار ئېردىم ئانۇ مۇۋەججەھ بولۇپ،
تۇرار ئېردى ئىت ھەم تۆپەدە يۈرۈپ.
كۈن ئولتۇردى ۋەقتى ئىدى نىمشەب،
قىلۇر ئېردىم ھەقدىن ئۆيۇماي تەلەب.
ئىشىتتىمكى زىندان ئۆزە شەرفەئى،
كى بىر سۇفرە نان يەنە زەرفەئى.
قىلىپدۇركى ئانى تەناب بىرلە بەند،
سالىپ چەھكە ئانداغ دىدى دىلپەسەند.
قوپۇپ ئەي فەلانى يىشىپ ئال مۇنى،
تۆپەمىزدە مۇنداغ كېلۇر بىر ئۈنى.
يىشىپ ئالدى دەرھال بولارنى بىرەۋ،
تۇرار ئېردى زىندان ئۆزە ئول ئىكەۋ.
يەنە تارتىپ ئالدى بۇ ئاغرامچىنى،
كەچۈرەمىش دىلىدا كۆرۈپ سەگ ئانى.
بىلىپدۇركى چەھدە مۇنىڭ يارى بار،
ئاڭا نان سۇ بەرمەك قىلۇر ئىختىيار.
بارىپ بىر تەرەفكە تاپىپ پارە نان،
سالاي چەھغە دەپ ئۇل سەگ مېھرىبان.
تاڭ ئاتقان مەھەلدە شەھەرگە بارىپ،
تۇرار ئېردى ھەريان چاپىپۇ ھارىپ.
بىناگاھ نانۋاي تۇنۇردىن تۇقاچ،
قۇماردىكى قويدى قىلاي دەپ خىراج.
يەنە باردى نانۋاي تۇنۇر قاشىغە،
بۇ ئىت چىقتى سەكرەپ تۇنۇر باشىغە.
ئالىپ نانىنى قاچماق بولۇپدۇر ئىشى،
يىتەلمەيكى قوغلاپ ئاڭا ھېچ كىشى.
تالاشىسە كۆپ ئىتلار ئاڭا بەرمەيىن،
ئەگەر تۇسسە ئالدىنى قايتارمايىن.
كېلىپ چەھ باشىغە ئۇلۇر باشلادى،
ئاغىزدىن تۇقاچنى ماڭا تاشلادى.

www.uyghurkitap.com

قويۇپ ناننى ئالدىم تۈمەن شۈكرى دەپ،
بەسى تەشنە بولدۇم قۇرۇق ناننى يەپ.
يەنە كەتتى ئاندىن سەگ كۆڭلى رۇست،
سۇ تاپماقغە ھەيران چاپار ئېردى چۇست.
بار ئېردى شەھەرگە ياقىن بىرى زال،
قارىلىقدا ئېردى بويى مىسلى دال.
ساچىدا قارا يوق ئاغىزدا تىشى،
قاتىق پىشماق ئېردى بۇ كەمپىر ئىشى.
بۇ ھەيىندا قارىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ،
تۆكۈپ سۇنى ناگاھ كوزەسىن يارىپ.
يامان ئاچچىغىدىن كىرىپ ئۇل قارى،
قىلىدا تاياق بار، دېدى: چىق نارى.
چىقىپ كەتمەدى ئىت تۇرۇپ ئۆي ئارا،
ئۇرۇپ قىلدى ئانىڭ ئۇچاسىن يارا.
تەمەللۇقلار ئەيلەپ قارى ئالدىدا.
باشىنى قوياپ كەمپىرى ئالدىدا.
گەھى دەۋر ئەيلەپ كېتەكىن ئانىڭ،
گەھى تىشلەر ئېردى ئېتەكىن ئانىڭ.
بۇ ھالەتنى كۆردى بەسى يىغلادى،
مەگەر كىم بۇ ئىت سۇساغاندۇر دېدى.
تۆكۈپ بەردى كەمپىر يالاقغە سۇنى،
كى ئالدىدا قويدى ئىچۇر دەپ مۇنى.
يانىپ نارى تۇردى سۇنى ئىچمەدى،
ۋە ياكىم ئۆيىدىن بۇيان چىقمادى.
يەنە تىشلەدى ئۇل قارى ئېتەكىن،
بۇ ئىتنىڭ خىيالى دېدى نە ئىكەن.
گەھى يىغلار ئېردى گەھى ئارسىقىپ،
بۇ ئىت بىرلە يۈردى ئۆيىدىن چىقىپ.
ئېتەكىنى تىشلەپ يۈرۈپ چەھ سارى،
يېتىپ كەلدى زىندان باشىغە قارى.
چوكەمپىر بۇ يەڭلىغ قىلىپدۇرگۇمان،
مۇنىڭ ئىگەسىدۇر قۇدۇقدا (ھامان)①.
قىلۇر ئېھتىمالى ئاڭا سۇ تەلەب،
دېدىكى: قىلايىن بۇ ئىشغە سەبەب.

① بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتا ئۆچۈپ كەتكەن.

قويۇپ كۆزەغە سۇ يەنە بىر مىھار،
ئالىپ كەلدى يىلدام بۇ كەمپىر زار.
بارۇردا كېلۇردە بار ئېردى بۇ ئىت،
ئەيا شەھرىيارا ۋەفاسىن ئىشىت،
كى ئىتنىڭ خىيالىن قارى چاغلادى،
مىھارنى كوزەغە چىگىپ باغلادى.
سالۇر ئېردى چەھغە قارى سەرنىگۇن،
كى چەھ ئۈزرە بۇ ئىت قىلۇر ئېردى ئۈن.
بارىپ سۇنى تۇتتۇم مىھاردىن يېشىپ،
قارى ياندى ئاندىن بويۇننى قاشىپ
ماڭا تەشنە ئانچە بېرىپ ئېردى دەست.
سۇمۇردۇم ھەرارەت ئىشى بولدى پەست.
چۇرەززاقى ئالەم بېرىپ توشەنى
بەساشۇكر قىلدىم تۇتۇپ گۇشەنى.
چۇقۇرنىڭ ئىچىدە ئىدىم ناتەۋان،
سالىپ ئىت دىلىغە خۇدايى جەھان.
بارىپ ھەر قايانغە قىلىپ جۇستىجۇ،
كى تەييار قىلدى ماڭا نانۇ سۇ.
كۆرۈپ نانۋايلار دېمەس ئېردى چىغ،
توقاچ تاشلار ئېردى ئاڭا بىدەرىغ.
ئۆزى خاھىشىچە ئالىپ ناننى،
كېلۇر ئېردى ئىستەپ ھەزىن جاننى.
يوق ئولسە ئۆيىدە ئەگەر پىرەزەن.
قىلۇر ئېردى كوزە تەبەقنى شىكەن.
قارى ھەم ماڭا ئەزبەرايى خۇدا،
سۇ كەلتۈرەكىگە قىلىپ ئىبتىدا.
كېلۇر ئېردى زىندان باشىغە سەھەر،
تاپا ئالماغاي دەپ رەقىبلەر خەبەر.
توقاچ تاپسە بۇ سەگ تۆشۈكدىن سالىپ،
يۈرۈر ئېردى ھەر كۈن ئۆزى ئاچ قالىپ.
ئەگەر تاشلاسە ئەل بىرەر رىزە نان،
ۋەيا ئاش ئىلە سۇ ۋەيا ئۇستىخان.
ئانى يەپ-ئىچىپ ھەم قىلىپ ھەۋل مەزاق،
يەنە بولماس ئېردى تۆپەمدىن يىراق.

بۇ مۇددەتدە بولدى ماڭا ئالتە ئاي،
قىلىپ مەن ھەزىن دىل چۇقۇر ئۆيىنى جاي.①
تۈنىكىم كېچەدىن ئۆتۈپ نىسفى شەب،
قىلىپ مەن دۇئايى بە دەرگاھى رەب.
فىغانىم شەرارى فەلەككە يېتىپ،
كى تەئسىر بارچە مەلەككە يېتىپ.
ئىلاھاكى بى مىسلى مانەند سەن،
ھەمە بەندەدۇرمىز خۇداۋەند سەن.
ئىلاھا بىلۇرسەن قۇلۇڭ دەردىنى،
جەنابىڭغە قويدۇم يۈزۈم زەردىنى.
ئەگەرچە بۇ بەندەڭ گۇنەھكاردۇر،
يۈتۈرگەن يولىنى تەبەھكاردۇر.
ياتىپ مەن بۇ ئۆيدە تەۋەھھۇم بىلە،
ماڭا لۇتف قىلساڭ تەرەھھۇم بىلە.
سىفاتىڭ كەرىمۇ رەھىمۇ غەفۇر،
بۇ زىندان ئىچىدىن مېنى ئەيلە دۇر.
قىلىپ ئېردىم ئىنشا بۇ ئەبياتنى،
قەبول قىلدى تەڭرىم مۇناجاتنى.
قولاقىمغە يەتتىكى ئولدەم ئاۋۇش،
دېدى: ئەي مۇسافىر تەنابىغە ياۋۇش.
بەلىڭنىكى مەھكەم ئاڭا باغلاغىل،
يېشىلۇر يېشىلمەسلىكىن چاغلاغىل.
بۇ ئاۋاز ئانچە مۇلايىم ئىدى،
چىقىپ چەھ ئىچىدىن خىلاس ئول، دېدى.
خىيالىمدا كەچتى ئاغامدۇر بۇلار،
ئەگەر ئالماساق بىز دىگەندۇر ئۇلار.
قارىنداشىمىزدۇر يامان بولسە ھەم،
يېتۈرمەيلى مۇندىن زىيادە ئەلەم.
ئالالىكى زىندان ئىچىدىن مۇنى،
قاچالىكى ئاندىن تېزنى ۋە كۈنى.
كېلىپدۇر **قاشىمغە** يەنە ۋەھم ئېتىپ،
قىلۇر سەئيى مۇنداغ ماڭا رەھم ئېتىپ.
بۇ يەڭلىغ خىيالى مەھال ئەيلەدىم،
ئۆزۈمنى خىيال ئىلە لال ئەيلەدىم.

كېلىپ تۇتتۇم ئاندىن تەنابىڭ ئۇچىن،
كۆرەيدەپ بۇرادەرلەرىمنىڭ كۈچىن.
ئالىپ چىقتى تارتىپ مېنى تاشقارى②،
ئالىپ باردى فىلھال بۇ يەردىن نارى.
بولۇپ ئېردىم ئانداغ ئۆزۈم ھەم زەئىف،
قاراڭغۇ ئۆي ئىچرە كۆزۈم ھەم زەئىف.
ۋەلى ئېرمەس ئېردىم مۇئەررىف ئاڭا،
قايۇ جان قىلىپدۇر تەرەھھۇم ماڭا.
بەلىمدىن تەنابنى يېشىپ ئالدى ئول،
يۈرۈڭ دەپ مېنى ئارقاغە سالدى ئول.
يوق ئېردى ماڭارغە مېنىڭ مەقدۇرۇم،
ئۇچامدا ئىگىن يوق بەلىمدە قورۇم.
كى ئاھىستە ماڭدىم تاپالماي ئىلاج،
يولۇمنى كۆرەلمەي نېدىن ئېردى داج.
مەكانىغە كەلسەك تۇرار ئىككى ئات،
دېدى: مىنىگىل ئاتىغە داغى تاپ نەجات.
ئۆزى ھەم بىر ئاتىغە سەۋارە بولۇپ،
يۈرۈپ بىرلە، يېلدا لەبىمنى يۇمۇپ.
ئاڭا قىلمايىن مەن دەمى ھېچ سۆز،
بۇ ھەم ئەسلە قىلماي مېنىڭ سارى يۈز.
ئالىپ باردى يېلدام مېنى بىشەگە،
كى قالدىم بۇ يەردە كۆپ ئەندىشەگە.
بولۇپ سۇبھى زاھىر ياقا چاك ئېتىپ،
جەھانىڭ ئىچىن قىردىن پاك ئېتىپ.
ساچىپ يەر يۈزىگە چۇكافۇرنى،
نە كافۇر بەلكى ساچىپ نۇرنى.
قىلۇر ئېردىم ئانداغ ئاڭا ئىزتىراب،
تانۇي دەپ بۇ جانىڭ يۈزىگە قاراپ.
بىلە ئالمادىم مەن نىچۈك بەندەدۇر.
بويى سەرۋى، ئاغزى گۇلى خەندەدۇر.
كۆزى مۇشتەرىدۇر، يۈزى ھەم قەمەر،
دېدىم بۇ پەرىدۇر ئەمەستۇر بەشەر.
بەلىدە سىلاھى ئاسىغلىق ئىدى،
قولىن تىشلەدى، سەن نەجان سەن، دېدى.

(1) بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتا «چاك» دەپ يېزىلىپ قالىپان. «جاي» قىلىپ تۈزىتىلدى.
(2) بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتا «تاشلادي» يېزىلغان. «تاشقارى» دەپ ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

مېنى ئۆلتۈرۈرگە قىلىچىن ئالىپ،
تەئەسسۇفدا ئانداغ ماڭا تىغ سالىپ.
قىلىپ خەۋف ئۆلدەم يىغى باشلادىم،
ئاياغىغە ئۆزنى ئالىپ تاشلادىم.
دېدىم: ئەي جەۋانا تەرەھھۇم قىلىڭ،
دەمى شەفقەت ئەيلەپ تەكەللۇم قىلىڭ.
دېدى: شۇم تەلئەت نېچۈك جان ئىدىڭ،
كى زىندانغە تۈشكەن نە ئىنسان ئىدىڭ.
دېدىم مەن: بەلاكەش ئارا مۇنتەخەب،
ھەياتىم گۇلىغە سەن ئولدۇڭ سەبەب.
كى ئۆمرۈم ئەبەس كەتتى ئەيلەپ ھەۋەس،
ئېرۇر خۇن دىلدىن كۆزۈم ئۇزرە بەس.
ئېرۇرمەن غەرىب زار ئەۋۋارەئى،
كى ھىجران ئوتىدا يۈرەك پارەئى.
تۇرۇپمەن قاشىدا بۇ يەكلىغ جەزەئ،
كى يىغلاتتىم ئانى قىلىپ كۆپ فەزەئ.
تۇرۇپ سۆزلەرىمنى پەرى ئاڭلادى،
كى قاتىلنىڭ ئەندەك دىلى يۇمشادى.
مېنى ئۆلتۈرۈردىن قولىنى يىغىپ،
بۇ ھالەتدە تۇردۇم يۈرەكىم ئاغىپ.
دېدى: سۆز قىلۇرنىڭ مەھەلى ئەمەس،
بەلا مەئنى سۆزنى كىشى سۆز دېمەس.
قوپۇپ ئاتغە مىندى ماڭا سۆزلەمەي،
مېنى تاشلاماقنىڭ ئىشىن كۆزلەمەي.
بارىپ بىر مەكانغە ئاتىنى قويۇپ،
قىلىپ ئەكلۇشورب ۋە غىزاغە تويۇپ.
دېدى: سۆزلەرىڭنى دېگىل ئەي غەرىب،
نە بائىسدىن ئولدۇڭ بەلاغە قەرىب.
نە يەردىن كېلۇرسەن مەكانىڭ قايان،
سېنى نىك بەددىن قىلاي ئىمتىھان.
ھەمە سەرگۈزەشتىم بەيان ئەيلەدىم،
نە ئىش كەلدى باشغە ئەيان ئەيلەدىم.
ئىشىتتى سۆزۈمنى بولۇپ ئەقلى لال،
ئۆزى تۇردى ئاندىن قىلۇرغە مىسال.
تەكەللۇم قىلىپ ساقىئى دىلرەبا،
كى مەي دەردىنى لۇتف ئىلە قىل ئەتا.
ئىچىپ كەيفى بىرلە بولاي ئەقلى لال،
تاپاي يار ئىلە خىلۋەت ئىچرە ۋىسال.

**رەئىيى ئەئزەم پادىشاھنىڭ قىزى خاجەنىڭ فەسانەسىنى ئاڭلاغاندىن كېيىن ھەلىكەگە ئەسەر قىلىپ، خاجەغە ئۆز ۋاقىئاتىنى ئىفشا قىلۇرغە تەكەللۇم تۈزگەنى ۋە ئىككەۋلەن بىر-بىرىگە ئۇلفەت پەيدا قىلىپ، خاجە قىزنى نىكاھىغە ئالىپ، ۋەزىر ئابادىدا تىجارەت بىرلە روزگار كەچۈرگەنى؛ ئاغالارىنى قىساس قىلۇردا دىيەت بېرىپ خەلاس ئەيلەپ، قاشىدا تۇتقانى؛ بۇرادەرلەرى خاجەنىڭ خاتۇنىنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ، مەشۋەرەت بىلە ئەجەم شەھرىگە سەئيى قىلغانى**

بۇ سۆز ناقىلى تۇرفە تىراز ئىدى،
كى شەھ ئالىدىدا نۇكتە پەرداز ئىدى.
چۇ قىز باشلادىكىم بۇ يەكلىغ كەلام،
دىدىكى قۇلاق سال سۆزۈمگە تەمام.
تۇبەن سالدى ھەيرەت بىلە باشىنى،
قارا ئەبرۇ يەكلىغ تۆكۈپ ياشىنى.
دېدى: ئۆرتەمىشدۇر مېنى ئىشتىياق،
بۇ يەكلىغ بەلاغە سالىپدۇر فىراق.
ئېرۇرمەن زەمانىنىڭ ئەمىرىغە قىز،
بىلۇر ئېردى گوياكى جاندىن ئەزىز.
ئاتامىنىڭ ئاتى رەئىيى ئەئزەم ئېرۇر،
فەرەك خەيلى ئىچرە مۇئەززەم ئېرۇر.
بۇ سەرھەد ئېرۇر ھەم ئاڭا پايى تەخت،
فەلەك ياغدۇرۇپدۇر بەسى دۇررى بەخت.
كى بىر كۈن ئاتامنىڭ دىلى مىسلى شەمئ،
يارۇپ خوشلۇغ ئىلە قىلىپ ئەلنى جەمئ.

دىددىكىم چىقىڭلار تەماشا ئۇچۇن،
قىلىپ ئەيىشۇ ئىشرەت ئەلالا ئۇچۇن.
ئەكابىر رەئىسلەر چىقىپ سەيرىگە،
ئويۇن تۇزدى باقماي شەرۇ خەيرىگە.
ھەرەم خەلقىغە بەردى رۇخسەتنى ھەم،
دېدى بەزم قىلسۇن چىقىپ شاھى جەم.
چىقىپ ئۆگزە ئۇزرە قىلىپ جىلۋەئى،
كى تاۋۇسى مەستدەك تۇزۇپ جىلۋەئى.
بىناگاھ قاراپمەن سىپەھلەر سارى،
كى مەيخارەلىقدا يۇرۇرلەر بارى.
تۇرار بىر يىگىت ئول مەجالىس ئارا،
سىپەھلەر ئىچىدە ئېرور ماجەرا.
نە بەرنا ئىدىكىم بەلا ساقىسى،
لەبالەب تۇتۇپ مەي جەفا ساقىسى.
ئالىپ قۇيدى مەينى دىلىم كامىغە،
گىرىفتار بولدۇم ئانىڭ دامىغە.
ئانى ئول يىگىتنىڭ كى بەھرۇز ئىدى،
يىگىتلىكدە گوياكى دىلدۇز ئىدى.
ئانىڭ ئاتاسىدۇر ئاتامغە ۋەزىر،
يامان - ياخشى ئىشدا ئىدى دەستىگىر.
ئانىڭ دامىغە مەن بولۇپ مۇبتەلا،
كۆيەر ئېردى جىسمىم بەلا ئىنتىھا.
يوق ئېردىكى كۆرمەي ئانى تاقەتىم،
بولۇپ ئول بۇ جانغە ئۇلۇغ ئافەتىم.
ياتار ئېردىم ئاخشام خىيالى بىلە،
كۆڭۈل ئېردى مەھجۇر ۋىسالى بىلە.
فىراقىدا ئاخىر بولۇپ نائىلاج،
دېدىم دايەغە چۇن كېلىپ ئىھتىياج.
خۇش ئامەدكە ئەيلەپ كۆپ ئىنئامنى،
كى ئىنئام بىرلە قويۇپ دامنى.
دېدىمەن: بۇ ئىشتا مەدەدكار بول،
ئەھەم تۈنلەردە ماڭا يار بول.
ئالىپ باردى دايە تاپىپ خىلۋەت ئۆي،
تاپاي ئاشىقىڭنى تۇتۇپ مۇندا سۆي.
يىگىت ھەم بولۇپدۇر ماڭا ۋالەئى،
ئېرور ھەم ئانىڭ ۋەرزىشى نالەئى.

نەچە كۈن ۋىسالىم ئىشىگى ئاچۇق،
كېلۇر ئېردى ئاشىق بولۇپ ئول ياۋۇق.
گەھى يىغلاشىپتۇ گەھى مۇڭداشىپ،
گەھى مەي ئىچىپۇ گەھى سۆزلەشىپ.
سەرا پەردە ئىچرە مەجالىس قۇرۇپ،
كېتەر ئېردى يانە تاڭ ئاتماي تۇرۇپ.
بىناگاھ كېلىپ بىر تۈنى پاسبان،
ئاڭا پاش ئولۇپدۇر بۇ كارى نىھان.
چىقىپ كەتتى ئۆيدىن بولۇپ خەشمناك،
مۇنىڭ ۋەھمى بىرلە يۈرەك بولدى چاك.
قىلىپدۇر بۇ ئىشنى ئاتامغە خەبەر،
غەزەب ئوتى ئانداغ ئۇرۇپدۇر شەرەر.
يىگىتنى تۇتۇڭ دەپ ئاتاسى بىلەن،
داغى ئۆلتۈرۈڭ دەپ بالاسى بىلەن.
ئەۋان ۋە سىپەھلەر ئاراغە كىرىپ،
دېدى نېتكۈڭىزدۇر جانىنى قىرىپ.
ئاتام بولدى مانىئ چاپاردىن ئانى،
غەزەب ئوقى بىرلە ئاتاردىن ئانى.
دېدى: تاشلاڭىزلار مۇنى چاھغە،
يامان قىلماسۇن ھېچ كىشى شاھغە.
باشىمدا بار ئېردى تۈمەن سۆكرلەر،
تىرىك قالغانىغە دېدىم شۈكرلەر.
ئوشۇل كۈن كۆزۈمدىن يىگىت بولدى دۇر،
بىلىپمەن بۇ ئىشنى ئۆزۈمگە زەرۇر.
يېتىشتىكى ئاندىن خىيالىمغە بۇ،
ئىبەرسەم نىھانى غىزا بىرلە سۇ.
بىر ئاخشامدا پىنھان ئىبەرسەم ئوزۇق،
بەش - ئون كۈنغەچە ئول ياتار ئېردى توق.
قىلۇر ئېردىم ھەر كۈن ۋىسالىن خىيال،
قاچان چىققۇسىدۇر بۇ شىرىن مەقال.
بىلىندۇرمەس ئېردىم ۋەلى قەۋمىغە،
بىناگاھ باردى كۆزۈم نەۋمىغە.
قولاغىمغە كىردى سەدايى مەلىھ،
ئەجەب ياد ئىدى ئول نىدايى مەلىھ.
دېدى: ئەي ۋىسالىڭ نەيا بەندەئى،
فىراغ ئىچرە پىشتىكى دەرماندەئى.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر راست بولساڭ ئاڭا مۇئتەقىد،
كى زىنداندە بارغىل بولۇپ مۇستەئىد.
بۈگۈن كېچە ئۆزنى خاس ئەيلەگىل،
ھەمۇل ئاشىقىڭنى خەلاس ئەيلەگىل.
چۈ بىدار بولدۇم بەسى زەۋق ئىلە،
ئالىپ جابدۇقىنى بەسى شەۋق ئىلە.
بەلىمگە چۈھىممەت قورىن باغلادىم،
ئانىڭ سارى بارماق ئىشىن چاغلادىم.
قويۇپ يالغۇز ئانداغ قىلىپ جۈرئەتى،
بارۇرغە سەبادەك قىلىپ سۈرئەتى.
كى زىندان باشىغە بېرىپ شۇلزەمان،
سېنى رەنجۇ مېھنەتدىن ئەتدىم نىھان.
ئالىپ خۇرجۇنىدىن تۇقاچۇ، كەباب،
قۇيۇپ جامغە قەند ئامىز شەراب،
تەكەللۇفلار ئەيلەپ يىدۇردى ماڭا،
ھەمۇل شەربەتىدىن ئىچۇردى ماڭا.
يىدىم نازۇ نىئمەت شىكەم بولدى سىر،
كى بولدۇم ئانىڭ قۇۋۋەتىدە دەلىر.
نەچە پارە ناننى ئىتىمغە قويۇپ،
قاراپ تۇردى ئاندىن ئىتىم ھەم تويۇپ.
بار ئېردىكى بىشە ئىچىدە سۇلاق،
ئاقار ئېردى سۇلار چىقىپ ھەم بۇلاق.
ياساپ ساچلارىمنى ساچىمنى يۇدى،
ئالىپ تىرناقىمنى، تەنىمنى يۇدى.
بېرىپ فوتە بىرلە چىرايلىق لىباس،
لىباسىمنى بىر بىر قىلىپ ھەم مىساس.
يارۇتتى دىلىمنى چىنان سۇبھۆار،
كېتىپ ساف بولدى ئىچىمدىن غۇبار.
كى شۈكرانەسىگە ئوقۇي دەپ نەماز،
ماڭا رەھم قىلغاچ شەھى بىنىياز.
قويۇپ ئېردىم ئاندا باشىم قىبلەغە،
غەرايىب كۆرۈندى ئو شۇل سىغلەغە.
سېئال ئەتتى مەندىن كۆرۈپ نازەنىن،
نېچۈكدىن زەمىنغە قۇيارسەن ......ن*

دېدىم: ھەقدىن ئولدى ئىنايەت ئىشى،
ماڭا ۋاجىب ئولدى ئىبادەت ئىشى.
ئەھەدلىق سۈفەت كىم ئاڭا باردۇرۇر،
ئاڭا كىم پەرەستىش سەزاۋەردۇرۇر.
ياراتماقدا يوقتۇر ئانىڭ ئالەتى،
سەبەبدىن مۇئەززەھ ھەمە ھالەتى.
غەنىيۇ كەرىمۇ سەمىئۇ بەسىر،
كى مەئبۇد بەرھەق ئېرۇر بىنەزىر.
ئانىڭ ئەۋۋەلى يوق ۋەيا ئىنتىھا،
ئانىڭ ئاخىرى يوق ۋەيا ئىبتىدا.
جەمىئى جەھانىنىڭ ئېرۇر خالىقى،
ھەمە زى نەفەسنىڭ ئېرۇر رازىقى.
ئانىڭ لۇتفى بىرلە ھەمە ئىشلارىم،
سەرەنجام تاپىپ بارچە قىلمىشلارىم.
ئىشىتتى سۆزۈمنى ھەمۇل سەنگدىل،
جىلا تاپتى ئاندىن كېتىپ زەنگدىل.
دېدى: تەئلىم ئەتكىل مۇسۇلمان بولاي،
يامان ئىشلارىم ئۆزرىنى مەن قىلاي.
ئاڭا تەئلىم ئەتتىم ئىبادەت ئىشىن،
كى ئىمانى ئىسلام دىيانەت ئىشىن.
قەبۇل تۇتتى ئانداغ دىلۇ جان بىلە،
بىلىپ ئۆتكەن ئۆمرىن پۇشايمان بىلە.
كۇدۇرات غەمىدىن فەراغەت تاپىپ،
چەمەنزارلىقدەك تەراۋەت تاپىپ.
كى بىلدىم بۇ قىزنىڭ خىيالىنى جەزم،
ئىكەۋلەن قاچارغە قىلىپ يولنى ئەزم.
كېزىپ بەھرۇ بەرلەر بىلە تاغنى،
بەيابان ئەھقاف ئىلە راغنى.
سەراسىمەلىكدە ئۆتۈپ ئىككى ئاي،
تاپىلسا يىقۇق تام بىلىپ خۇش سەراي.
گەدالارغە ئوخشا يۈرۈپ دەربەدەر،
بىناگاھ كۆرۈندى سەۋارى شەھەر.
كۆرۈندى بىلادى كۆڭۈل شاد ئولۇپ،
مۇسەمما ئاڭا زىر ئاباد ئولۇپ.

* بۇ يەردىكى قاپىيەداش سۆز ئەسلى تېكىستتا ئۆچۈپ كەتكەن.

فەرەڭگە تەئەللۇق ھەۋاسى بەلەند،
بار ئېردىكى شاھى بەسى ئەر جۇمەند.
ئۆزى ئادىل ئېردى رەئىييەت نەۋاز،
ئەگەر بولسا مىسكىن بولۇپ سەرفراز.
بار ئېردى بۇ قىزدا جەۋاھىر تولا،
كۈمۈش ئالتۇن ئىلە دەنانىر تولا.
ئالىپ چىقتىم ئەندەك قىلايدەپ خەرىد،
نە كىم بولغان ئېردى ئىگىنلەر دەرىد.
چىقىپ كىچالارغە ئالۇرغە ئىگىن،
ئۆزۈمگە ئىمامە ئاڭا ھەم نىگىن.
ئالىپ نەچچە جامە ئۆي ئىچرە كىرىپ،
كېيىپ مەن ئىگىننى ئاڭا ھەم بېرىپ.
دېدىممەن تۇرارغە ئالاي بىر مەكان،
كى ساقلاي دەبان بۇ شەھر ئىچرە جان.
كىرىپ كەلدى كۆرمەك ئۈچۈن نەچچە باي،
ئالىپ بەردى ئاندا ماڭا ياخشى جاي.
بار ئېردىكى ئانچە خەلايىق ئۈكۈش،
ئۇلار بىرلە قىلدىم بىلىش ھەم تانۇش.
كېلۇر ئېردى ھەر كۈن تىجارەت ئېلى،
ياقا شەھرلەردىن سەياھەت ئېلى.
بۇلار مەجمەئىغە ئەكابىر بولۇپ،
سەبا ۋە مەسادا مۇھاۋىر بولۇپ.
مۇھىم ئىشلارىدا ۋەسىلە قىلىپ،
كى بەيئۇ شىرادا دەلىلە قىلىپ.
خەلايىق ئاتادەك بىلىپ مېھرىبان،
ئاتا ھەم دېمەيكى بىلىپ بەلكى جان.
يۈرۈر ئېردۈك ئانداغ تۇتۇپ ئۇلفەتى،
يىراق بولدى بىزدىن جەھان كۈلفەتى.
دەماغىم ئىسسىتتى ھەۋانىڭ يېلى،
كى ئىشرەت قىلۇرغە بولۇپ مايىلى.
دېدىمكى قىلايىن سەنەم بىرلە توي،
قەبۇل ئەتسە سۆزنى ئەگەر نىك خۇي.
ئىشىتتى سۆزۈمنى تۇتۇپ ئول پەزىر،
كى قىلدىم شەرىئەت بىلە دەستىگىر.
بار ئېردى بۇ قىزنىڭ جەۋاھىرلارى،
ئاتاسىدىن ئالغان كۈمۈش زەرلەرى.
بۇ مەخزەننى بەردى ماڭا تاپشۇرۇپ،
مەن ئولتۇردۇم ئاندا دۇكاننى قۇرۇپ.
تۇرۇپ ئۈچ يىل ئاندا كېچىپ روزگار،
تۇتار ئېردى مەردۇملارى ئىئتىبار.
ئىشىم بولدى كۈندىن قەۋى زابىتە.
تۇتار بولدى چوڭلار ماڭا رابىتە.
فۇزۇن بولدى دۇر ھەم كىدىك ئولدى مەئاش،
بۇشەھ قىلدى تۇججار گۇرۇھىغە باش.
بار ئېردىكى بىزگە بىراۋ ئاشنا،
قىلۇر ئېردىم ئانىڭ بىلە ئىقتىنا.
بارۇر بولدۇم ئانىڭ ئۆيى سارىغە،
ماڭىپ ئېردىم ئەندەككىنە نارىغە.
خەلايىققە تۇشمىش ئىدى ئىزدىھام،
كېتىپ بارۇر ئېردى خاسۇ ئەۋام.
دېدىم: ئەي خەلايىق بارۇرسىز قايان،
نەغەۋغا دۇرۇر ئەيلەگىزلەر ئەيان.
دېدى: ئىككى مەردۇم ئەجەم ئەھلىدىن،
ئوغۇرلۇق قىلىپدۇر دىژەم ئەھلىدىن.
قىلىپ ئەمر سۇلتان قىلادۇر قىساس،
يىغىلماققە ئولدۇر سەبەب ئامۇ خاس.
خىيالىمدا كەچتى نەچۈك جان ئىكىن،
نە يەرلىك مۇسافىر نە ئىنسان ئىكىن.
يېتىپ باردىم ئېرسە ئۇ يەرگە قاراپ،
جانىم سەكرەپ ئانچە قىلىپ ئىزتىراب.
بىناگاھ قاراپمەن قارىنداشلارىم،
چىداماي كۆزۈمدىن ئاقىپ ياشلارىم.
كى ئىلتىپ يۈرۈپدۇر قىساس گاھىغە،
تۇرۇپدۇر قارىنداشلارىم ئاھىغە.
تاپىپمەن ئەسەسنى تولا يالبارىپ،
تەمەللۇققە تۇردۇم يۈزۈم سارغارىپ.
ئاڭا بىر ئاۋۇچ زەر بېرىپ ئارەلىق،
دېدىم قىلماڭىزلار مېنى يارەلىق.
بۇلارنى ئاسماڭ تەخى ياش ئېرۇر،
دېمەي ياش، ماڭا ھەم قارىنداش ئېرۇر.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار تۇردى تېختاپ پۇل ئالغان زەمان،
بولۇپ ئاندىن ئول شەھ قاشىغە رەۋان.
كى بىردانە ياقۇت بېرىپ شاھغە،
بۇرادەرلەرىمنى سالىپ ئاھغە.
بۇلارنى يوق ئەتمەك ئىدى نىييەتى،
بۇيۇردىكى سۇلتان بېرىلك دىيەتى،
بارىپ مۇددەئىنى ئالىپ كەلدىلەر،
كى بەش يۈز تۈمەن زەرتەۋان ئالدىلەر.
ئالىپ سۇلھنامە تاپىپ ھەم نەجات،
ياڭى باشدىن ئولغى بۇلارغە ھەيات.
ئىكەۋگە بېرىپ فۇتە بىرلە ئىگىن،
قويۇپ ئالدىدا ئاش دېدىم مەن يېگىن.
ئالىپ كەلدىم ئۆيگە تەۋازۇئ بىلە،
قىلىپ خىزمەتىنى تەۋابىئ بىلە.
تۇتار ئېردىم ئانداغ ئاتادەك ئەزىز،
مىنەرگە بېرىپ ھەم سەمەندىنى تېز.
يەنە ئۆتتى بىر يىل بۇ ئەھۋال ئىلە،
يۈرۈپ ئىككىسى ياخشى ئەفئال ئىلە.
يەنە قەيد ئەيلەپ شەياتىن رەجىم،
خىيانەتكە تۇردى بۇ ئىككى لەئىم.
بەھار ئېردى ئول ۋەقت قىزىق ئافتاب،
ئالىپ باغدا يۈزدىن ھەرىمىم نىقاب.
ۋەلى كۆرمەپ ئېردى بۇلارنى ئۆزى،
بۇرادەرلەرىمنىڭ تۇشۇپدۇر كۆزى.
تىكىپ تىيرى ئىشقى قىلىپ يارەئى،
تاپالماي ھەسۇدلار ئاڭا چارەئى.
ماڭا قەتل ئىشنى قىلىپدۇركى جەزم،
تاپىپ خالى يەرنى ئىكەۋ تۇزسە رەزم.

يەنە ھەم بۇ ئىشقە تاپالماي ئىلاج،
سەفەرنى ساغىندى ئىككى بەدمىزاج.
قىلىپ مەسلەھەتلەر دېدى چىڭ ئاغام،
كۆڭۈل ئۈز دىيارىن بىلۇر ئىغتىنام.
كى ئوترانجىسى ھەم قىلىپ ئاھى سەرد،
چىقىپ ياش كۆزىدىن قىلىپ چېھرە زەرد.
دېدىم: ھەر بىرىڭلار كۆزۈم ئەنۋەرى،
ئىكەۋلەن ئاتا ۋە ئانا مەزھەرى.
كى ئۆز شەھرىمىزنى قىلۇرسىز خىيال،
ئالالى بۇرۇن ئانچە مالۇ مىنال.
ماڭا ھەم سەفەرنىڭ ھەۋاسى ئېرۇر،
سەياھەت كۆڭۈلنىڭ زىياسى ئېرۇر.
ئەگەر بەرسە بىزگە خۇدا نۇسرەتى،
بارۇرمىز ئەجەمگە چۇئاز فۇرسەتى.
ئۆتتۇپ كىردىم ئاندىن ھەرەم خانەگە،
دېدىم مەن قۇلاق سال بۇ ئەفسانەگە.
سەفەر بارماق ئولدۇق ئەجەم سارىغە،
نەكىم ئىستەمىد يوق جەھان كارىغە.
ئېرۇر مەدفۇن ئاندا ئاتا يۇ پەدەر،
يەتىشمەسدە بىزگە قەزايۇ قەدەر.
بارىپ بۇسە قىلساق ئۇلار مەرقەدىن،
جەۋابىغە مۇنداغ دېدى نازەنىن.
نەقىلساڭ قىلۇرسەن كەڭەش سەندەدۇر،
بۇ ئاجىز كەمىنە ساڭا بەندەدۇر.
پۈتتۈپ ئاز مەھەلدە سەفەرنىڭ ئىشى،
بارۇر بولدى ھەمراھ نەچە يۈز كىشى.
ئاياقچى قەدەھ تۇت ئىچىپ مەست ئولاي،
ھەۋا ئىشلارىمدىن كېچىپ پەست ئولاي.

**خاجە شەھرى ۋەزىر ئابادىن ئەجەم ۋىلايەتىغە سەفەر قىلغانى ۋە ئىككى ئاغاسى ھەيات گۈلىن گېينە ئوتى بىرلە كۆيدۈرمەك ئوچۇن بەيابان سارى باشلاغانى ۋە ئاڭا ۋەفا بەدەلىدە جەفالار ئەيلەپ، سىمۋار بەدەنىنى لالە ئاسا خۇن ئالۇدە قىلىپ، ئول بىشە ئىچرە تاشلاغانى؛ قەزارا خاجەنىڭ جۇفتى بۇ غەم ئەندۇز سۆزنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنى ۋە يەنە بىر مەلىكە شىكارغە چىقىپ ئول بىشەدە خاجەنى كۆرۈپ ئۆز جايىغە يەتكۈرۈپ دەۋا قىلغانى؛ خاجە سىھەت بولۇپ، بىر-بىرىگە شەفتە ۋە شەيدا بولۇپ، بۇ مەلىكەنى ھەم خاجە ئۆز نىكاھىغە ئالغانى**

ۋەفا ھېچ كىشىدىن تەمەئ قىلمايمەن،
كى يار ئىزدەممەن مۇنى قىلمايمەن.

ئىشىت بەھرى قۇدرەت تەلاتۇم قىلىپ،
بىرىن جارى ئەيلەپ بىرىن گۇم قىلىپ.

خىسۇ خارلارغە سالىپ تۇمتەراق،
تۇشۇپ ئۆز يېرىدىن ياقىنۇ يىراق.
ئالىپ ئانچە مىقدار مەتائۇ خەرىد،
يەنە دۇرجىلاردا جەۋاھىر فەرىد.
ئەجەم جانىبىغە ئەزىمەت قىلىپ،
سەفەر كارۇبارىن غەنىمەت بىلىپ.
قەۋافىل دېدىكىم بۇ يەڭلىغ مەقال،
كى سىز بارچەمىزگە بولۇڭ ئاقساقال.
بۇزۇغ كارىمىزنى سەرانجام ئېتىڭ،
تۇتۇپ بۇ ئەمەلنى ئەجەمگە يېتىڭ.
ھەمە قافىلەنىڭ بولۇپ سەرۋەرى،
دەمى بولماس ئېردىم ئۇلاردىن نارى.
بىناگاھ قىلسا ئاغام كارى بەد،
ۋەيا نىش ئۇرسا بولۇپ مارى بەد.
كەتۇرمەي كۆڭۈلگە ئاڭا يۈز كۆرۈپ،
بۇ مۇددەتدە بىر ئايغەچە يول يۈرۈپ.
كەڭەش بولدى بىر كۈن قەۋافىل ئارا،
كى ئارام ئالساق مەنازىل ئارا.
تۇشۇپ ئاندا ياتتۇق ھەمە قافىلە،
قۇياش تۇشتى كۆكدىن بولۇپ ئافىلە.
ئاق ئۆي ئىچرە كىردى بۇرادەرلەرىم،
تۇرار ئېردى بىرلە ھەمە ياۋەرىم.
جەھانسازلىقدىن تەكەللۇم تۇزۇپ،
ھەسۇد بىرلە يانە تەزەللۇم تۇزۇپ.
دېدى: كۆڭلۈڭىزدۇر مەلال ئەي شەفىق،
تەماشا قىلىڭكى بولالى رەفىق.
بۇ تۇشكەن يېرىمىز رىگىستان ئېرۇر،
كى ئوڭ قول تەرەفدە گۈلىستان ئېرۇر.
سۇيى جارى جەننەتنەما باغى بار،
ئانى كۆرمەگەننىڭ يۈرەك داغى بار.
ئاچىلمىشدۇر ئاندا گۈلۇ لالەلەر،
قىلۇر قۇمرى بۇلبۇل داغى نالەلەر.
كى بىرفەرسەڭ ئولغان بۇ يەردىن يىراق،
ئانى كۆرگەنىڭدۇر تولا ياخشىراق.
دېدىم: ئانداغ ئولسا باراي مەن سەھەر،
قوپۇپ راست قىلسۇن ماڭا ماھەزەر.

ۋەلى سۇبھى بولماي كېلىپ چوڭ ئاغام،
دېدىكىم قويالى گۈلىستانغا گام.
دېدىم: راست بولغاي بۇلارنىڭ سۆزى،
بۇرۇن كۆرگەن ئېرمىش بۇ يەرنى ئۆزى.
خىيالىمغە كەچمەي خىيانەت ئىشى،
زېرىككەندە خوبدۇر سەياھەت ئىشى.
كىيىپ تون ـ ئۆتۈكنى كەمەر باغلادىم،
سۇۋارە بولايدەپ ئۆزۈم چاغلادىم،
دېدى: ئات كەرەكمەس بۇ يولدا ساڭا،
يېرىدۇر شەجەرلىك باسالماس ئاڭا.
ئەگەر بارسە ئىككى كىشى سىز بىلە،
نەمەرسە كۆتەرىپ يۈرۈر بىز بىلە.
قولۇمغە ئالىپ مەن چۇتىرۇ كەمان،
بۇلار بىرلە بولدۇم پىيادە رەۋان.
فەسانە دەر ئېردى مۇنىڭ ھەر بىرى،
ئىتىم ھەم يۈرۈيدۇر كېيىن ـ ئىلگەرى.
يۈرۈپ ئەندەك يول دېدى بىر ئاغام،
ئاداشلارغە دېسۇن فەلانىسەلام.
ئىجازەتنى ئالدى يۈرۈپ كەتتى ئول،
ماڭىپ ئېردى ئاندىن يەنە نەچچە يول.
قالىپ ئېردى ھەمراھ يەنە بىر كىشى،
ئوزۇقنى كۆتەرمەكلىك ئېردى ئىشى.
دېدى: سەنمۇ بارغىل ئانىڭ كەينىدىن،
خەبەردار بولغىل ئانىڭ شەينىدىن.
ئىكەۋ بىرلە قالدى ھېكايەت قىلىپ،
گەھى دەھر ئىشدىن شكايەت قىلىپ.
يۈرۈر ئېردۈك ئىلدام قەدەمنى باسىپ،
دېگەن يەرنى تاپماي يىراغنى باسىپ.
نەباغ ئاندا بولغاي ۋەيا ئاندا سۇ،
نە گۈلزارلىق كۆزگە بولغاي نەمۇ.
يۈرەك ئاغدى قىلماي قارادىم ئاڭا،
قىسىپ فەشلەرنى يۈگۈردى ماڭا.
قېلىچ سالدى قاتتىغ كېلىپ چوڭ ئاغام،
باشىمدىن قۇلاقغە يېتىپدۇر يارا.
يەنە زەرب ئۇردى دۇيۇم بارەئى،
يىقىلادىم تاپالماي ئاڭا چارەئى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يېتىپ كەلدى ئاندىن يەنە بىرسى ھەم،
ھەيال قىلماي ئەسلە ئۇرار دەمبەدەم.
غەزەپ بىرلە ئۇردى ھەر ئىككى ئاغام،
نەۋۇت قالدى ياقول ۋە ياكىم ئۇچام.
كى فەرياد قىلدىم دىبدىم ۋادەرىغ،
ئاقار ئېردى قانلار تەنىمدە ئارىغ.
قىلىچ زەخمى ئانداغ ئۆتۈپ رەگبەرەگ،
بۇ ئەھۋالنى كۆردى بىچارە سەگ.
چۇ سايىلنى كۆرگەن كەبى ئىت ھۈرۈپ،
يۈرۈر ئېردى تىشلەپ بۇلارنى سۈرۈپ.
يۈگۈردىكى ئىتغە سىياسەت قىلىپ،
مۇنىڭ ھەم تەننى جەراھەت قىلىپ.
بۇ بىچارە ياتتى ئەفتادە بولۇپ،
بولۇپ قانغە ئامىز قاشىمدا ئۆلۈپ.
ئۇرۇپ تىغ ئۆزگە يەنە ئىككىسى،
يارا قىلدى ئۈزۈۋىن ئىككەۋ ناكەسى.
يانىپ كەتتى ئاندىن بەرەھنە بولۇپ،
كۆرۈپ كارۋاننى يۈزگە ئۇرۇپ.
دېمىش: ئەي يارانلار بۇ يەردىن كۆچۈڭ،
ئالىپ يۈكنى يىلدام سۆزۈمگە پۈتۈڭ.
ۋەگەرنە قۇتۇلماس ئۆلاردىن جانىڭ،
بۇ چۆللەردە قالغاي مالىڭ ھەم تەنىڭ.
كى مەغرىب سارىدىن قاراقچى كېلىپ،
ياراغۇ ئىگىس ھەم ئۈزۈۋنى ئالىپ.
بىرەۋ كەلدى ئۇردى قارىنداشغە سەيف،
دەرىغاكى نەيلەي ئىنىم بوادى ھەيف.
ئىككەۋلەن قۇتۇلدۇق ئاڭا يالبارىپ،
قاچىپ كەلدۇك ئاندىن بۆرەك سارغارىپ.
قوپۇپ تېز كېتىڭلار بۇ يەردىنكى پات،
قاراقچى قولىدىن تاپىڭلار نەجات.
خەلايىق كۆچۈندى سالىپ قوزغالان،
مۇبادا قاراقچى قىلۇر دەپ تەلان.
ھەرىسىم بۇلاردىن ئىشتمىش خەبەر،
قىغان ۋادەرىغا دىمىش ئەلھەزەر.
دەرىغ ھەمنىشىنىم، دەرىغ غەمگۇسار،
دەرىغ مېھرىبانىم، دەرىغ غەمگۇزار.

دېبان ۋاي ھەسرەت بىلە ۋاي فىراق،
سېنىڭسىز بۇ جاندىن ئۆلۈم ياخشىراق.
كى فەرياد ئەيلەپ ئالىپ قولغە تىغ،
ھەلاك ئەيلەمىشتۇر ئۆزىن بىدەرىغ.
قالىپ مەن يارالىغ، بەيابان ئارا،
بەيابان ئەمەسكىم قىزىل قان ئارا.
جەراھەتلەرىمدىن تولا قان كېتىپ،
قوپارغە بولالماي كى دەرمان كېتىپ.
سەھەت بولماقىمدىن ئۈمىدىم ئۈزۈپ،
جەھان ئىشلارىدىن نەۋىدىم ئۈزۈپ.
ياتىپ بىشە ئىچرە خەزاندەك سولۇپ،
يۈرۈر ئېردى ئىت ھەم قاشىمدا ئولۇپ.
بولۇپ غەرق گويا بەلا بەھرىغە،
ياقىن ئېردى بىشە فەرەڭ شەھرىغە.
ئۇلار شاھى مۇندا مۇقەررەر ئىدى،
دىلى كۇفر بىرلە مۇكەددەر ئىدى.
بار ئېردى بۇ شەھغە خىرەدمەند پۇر،
ئۆزى قىز سەباھەت ئارا مىسلى ھۆر.
كۆزى جادۇ ئېردى يۈزى ئافتاب،
تەنى سىيم يەڭلىغ ئىدى مۇشكناب.
لەبى لەئلى يەڭلىغ تىشى ئېردى دۇر،
ئانىڭ ھۆسنى بولغان جەھان ئىچرە پۇر.
ئۆزى شوخ ئەمما بەغايەت دەلىر،
جەمالىغە دەھر ئىچرە شەھلەر ئەسىر.
يۈرۈپ ئارقاسىدا نە دىلفىگار،
قىلۇر ئېردى ھەر كۆنلۈگى ئول شىكار.
بۇ ئادەتدە تۈزدى يەنە ماجەرا،
بىناگاھ كەلدى بەيابان ئارا.
ياسانىپ بۇ قىز جان جانانەدەك،
ئۆزى سەرۋى خوش ئېردى مەستانەدەك.
كېزىپ دەشتلەرنى شىكار ئەيلەدى،
شىكارىكى ئانداغ شىئار ئەيلەدى.
يۈرۈر ئېردى ئاۋدا ئاتىن چاپدۇرۇپ،
كى ئوق يا بىلە ئاھۇلارنى ئۇرۇپ.
ماڭا كەلدى ئۆترۇ ئوشۇل سىيمبەر،
قىزىل قان تەنىمغە قىلىپ ئول نەزەر.

دېدىكى: نه جان سەن ياتىپ قان ئارا،
نه بائىسدا تۇشتۇڭ بەيابان ئارا.
ئاڭا پاش قىلدىم جەھان شۇرىشىن،
دېدى: زەخمەلەرنىڭ قىلاي مەن ئىشىن.
قىلىپ مەرھەمەتلەر ئاتىدىن تۇشۇپ،
كى ئولتۇردى ئول قىز ماڭا ياپۇشۇپ.
ئانىڭ بىرلە ھەمراھ نەچە ئادەمى،
تەۋازۇئىدا تۇردى نەچە خادەمى.
دېدى: بۇ غەرىبغە قىلىڭلار ئىلاج،
ئالىڭ مۇزىنى سىھھەت ئولسۇن مىزاج.
سۆزىنى قەبۇل ئەتتى خادىملارى،
سالىپ رىلچەلەر ئۇزرە نادىملارى.
شەھەر جانىبىغە ئالىپ يۇردىلەر،
بۇ قىز گۇلشەنىغە بارىپ تۇردىلەر.
يۇرۇپ كەتتى دلبەر ئاتىغە مىنىپ،
شكارىنى تاشلاپ دىلى كۆپ سىنىپ.
يېتىپ كەلدى ئىت ھەم مېنى ئەرگەشىپ،
ماڭار ئېردى ئاقساپ بىرەر ياندىشىپ.
ماڭا ئېردى ئاندا ھەدىقە ۋە تەن،
كىرىپ دەرمەھەل باغقە ئول سيمتەن.
دېدىكىم: تاپىڭلار مۇڭا بىر تەبىب،
كى جەرراھ بولغاي بەغايەت لەبىب.
كېلىپ كۆردى جەرراھ قويۇپ مەرھەمى،
فەلاتۇن ئىشىدىن يوق ئېردى كەمى.
يىراق ئەتتى سۇنى ئىچۇردى گۇلاب،
زەرەر يەتكۈسى دەپ قىلىپ ئىجتىناب.
كۆرۇپ ھەركۈنى قىز تەرەھھۇم قىلىپ،
تەسەللىئى خاتىر تەكەللۇم قىلىپ.
دەر ئېردىكى: ئەي جان يېمە ئەسلە غەم،
يۇما غەم سۇيىدە ئۇزارىڭنى ھەم.
ساڭا زۇلم ئەتسە بۇرادەرلەرىڭ،
ئېرۇر مۇنداكى بارچە ياۋەرلەرىڭ.
خىيالىڭ نه بولسا ئانى مەن قىلاي،
پەرىشان دىل ئولساڭ باشىڭنى سىلاي.
كېچە بولسا باشىڭ ئۇزە ئۆرەلەي،
جەمالىڭغە پەرۋانەدەك چۆرەلەي.
مېنىڭ خاتىرىمدا كېچەر ئېردى بۇ،
دەرىغ بەھر تەۋفىق ئەگەر بەرسە سۇ.
نەكىم بولماسا ھەشردە تەشنەلەب،
يىراق بولسا گۆردە شكەنجۇ تەئەب.
مەئەلقىسسە باغدا ياتىپ نەچچە كۈن،
باقار ئېردى جەرراھ تۇرۇپ نەچچە كۈن.
يىگىرمە كۈن ئىچرە ساقايدى يارام،
كېلۇر ئېردى ئول قىز قاچان ئولسا شام.
كېلىپ خىزمەتىدە نه قىز بەلا،
ئۇلار بولسا ئۇيقۇ بىلە مۇبتەلا.
باقار ئېردى گۇلرۇخ ماڭا بەزل ئىلە،
ئۆتۇپ كېچە ئانداغ ئويۇن ھەزل ئىلە.
قىلىپ مەرھەمەتلەر تۇتۇپ يانە جام،
قويۇپ ئىشق دەشتى ئۇزە ئانچە گام.
نەكىم ئىشق خارى تاقالغان ئىدى،
ئانىڭ سەدرىگە ھەم قادالغان ئىدى.
تەنىم بولدى سالىم، كېتىپ بارچە دەرد،
تەبىب ھەم ھەزاقەت ئارا خوش نەۋەرد.
تۇرۇپ ۋەئدەسىگە ئاڭا بەردى زەر،
بەلا ھادىسىدىن كى تاپتىم زەفەر.
ماڭا ئول بېرىپ ھەم كەمەر بىرلە تون،
ئۇلۇغ جايلاردا بېرىپ ھەم ئورۇن.
قىلىپ راست ئەمدى غىزايى لەتىف،
تاپار ئانچە قۇۋۋەت يىسە ھەر نەھىف،
تەرۇ تازە بولدۇم بەغايەت سەمىن،
كى ئامادە ئەيلەپ قويارغە كەمىن.
قىلىپ كۆپ تەرەققى، كېسەللەر كېتىپ،
پەرى بىرلە ئويناپ گەھى ھەزل ئىتىپ.
گەھى ئىشق بازى قىلىپ قىز بىلە،
دەر ئېردىم كۆڭۈل خۇشلۇقى سىز بىلە.
ھەم ئول ئەيتۇر ئېردىكى ئەي سەرۋى قەد،
جەمالىڭ ھەياتىم گۇلىغە مەدەد.
تۇتار ئېردى سىررىن ئۇلۇسدىن نىھان،
ۋەلىكىن كۆزىدىن بولۇپ ياش رەۋان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەلەتتۇفدا سۆزلەپ ماڭا گۈلئۇزار،
بۇ يەڭلىغ بولۇرمۇ كىشى بولسا يار.
قىلىپ تىيرى ئىشقىڭ، قىلۇرمەن ۋەفا،
ۋەفادارلىقىغە قىلۇر سەن جەفا.
دېگەن سۆزلەرىمنى فەراموش قىلىپ،
بۇگۈندىن بارى يۇر ئۆزۈڭنى بىلىپ.
دېدىم: گەر قىلۇرسەن بۇ يەڭلىغ نىدا،
كى پەرۋانەدۇر مەن قىلاي جان فىدا.
بۇ مۇئتاد بىرلە كېلىپ ھەر كېچە،
سۆيۈپ ھەم كەنارە ئالىپ ئۆزگەچە.
سەھەر ۋەقتى بولسا كېتەر ئېردى ئول،
كىشىگە كۆرۈنمەي يىتەر ئېردى ئول.
قىلىپ كېچەلەردە ئاڭا مەن دۇئا،
دەر ئېردىمكى تەۋفىق بېرىپ ئەي خۇدا.
مۇڭا نۇرى ئىمان ئەتا ئەيلەگىل،
مۇكەددەر دىلىنى زىيا ئەيلەگىل.
مەئەلقىسسە ئۆتتى ئارادا ئۈچ ئاي،
دېدى: ئوردا ئىچرە تۇتۇلۇڭ ئەمدى جاي.
ئاتام ھەم بۇ يەڭلىغ بېرىپ رۇخسەتى،
قىلىلىڭ بۇ سىپەھلەر بىلە ئۇلفەتى.
ساڭا جايى ئالى مۇئەييەن قىلاي،
مۇلەۋۋەن تۆشەكلەر مۇزەييەن قىلاي.
كېچە بولسا مۇندا مۇقەررەر بولۇڭ،
سەبا ئوردا ئىچرە مۇدەۋۋەر بولۇڭ.
ھەمە كارىڭىزنى قىلاي جابەجا،
كۆڭۈلدە نە كەچسە ئانى ھەم ئەدا.
كېلىپ شەھ يانىدا مەقام ئەيلەدىم،
كى باغىنىڭ ئىچىدە خىرام ئەيلەدىم.
بېرىپ نەچچە ۋەقتى تەئامۇ شەراب،
كۆرەر ئېردى گۈلرۇخ بىرەر ھەم ماراپ.
خەلايىق ئۇيۇسا كېچەلەر كېلىپ،
كى زەررىن قەدەھنى قولىغە ئالىپ.
تۇتۇپ مەينى ھەردەم قىلىپ جىلۋەلەر،
كى نازۇ كەرەشمە بىلە ئىشۋەلەر.
سەھەردىن بۇرۇنراق قوپۇپ سەرمەكىنىپ،
ئىكەۋ دايە بىرلە ئۆيىگە يانىپ.
ئۇلار كەتسە قالماي قاشىمدا كىشى،
مېنىڭ بىرلە كىمنىڭ يوق ئېردى ئىشى.
كىرىپ خالى يەرگە تەھارەت قىلىپ،
ياتار ئېردىم ھەر تۈن ئىبادەت قىلىپ.
قىزاراكى بىر كۈن ئىدى نىمشەب،
قىلىپ بەندەلىك مەن بەدەرگاھى رەب.
كى قىزغە بولۇپ ئىشق ئوتى ئافەتى،
تۇرالماي ئۆيىدە تۇتۇپ تاقەتى.
دېمىش دايەسىگە بولۇپ مۇزتەر ئول،
بۇ مۇشكۇل ئىشىمدا ماڭا رەھبەر ئول.
ئالىپ بار مېنى ئول يىگىت قاشىغە،
كى جانىم تەسەددۇق ئانىڭ باشىغە.
يېتىپدۇر ئۆيىمگە كىرىپ كۆرگەچ ئوق،
نەزەر قىلسا ھەريان فەقىر ئاندا يوق.
خىيالىغە ئانداغ كېلىپدۇر گىلە،
ئويۇن تۈزمىش ئولتاي كەنىزەك بىلە.
باقىپ ھەرسە ھەريان تەفەھھۇس قىلىپ،
كېلىپ خەشمى ئانداغ تەرەققۇس قىلىپ.
كى ئول مەخفى ئۆيگە گۆزەر ئەيلەدى،
مېنى ئاندا تاپتى نەزەر ئەيلەدى.
ئوقۇر ئېردىم ئاندا نەۋافىل نەماز،
تەئەججۇبىغە قالدى كۆرۈپ سەرۋى ناز.
قىلىپ دايە بىرلە بىر ئوق خەندەئى،
نەئىشدۇر بۇ قىلغان غەرىب بەندەئى.
مەگەركىم بۇ تۈركى بولۇپدۇر سارالىڭ،
باشىم يەرگە قويغاچ تۇرۇپ قالدى داڭ.
دىلىمغە بۇ سۆزلەر بولۇپ زەنگ كەبى،
قاتىپ قالدى يۇمشاق كۆڭۈل سەنگ كەبى.
ياۋۇق كەلدى دېدى ماڭا: ئەي ئەزىز،
قىلۇرسىز بۇ ئۆيدە نەئىشلارنى سىز.
قالىپ ھەيرەت ئىچرە دىيەلمەي جەۋاب،
ۋۇجۇدۇمغە ئانچە تۈشۈپ ئىزتىراب.
تۈزۈپ دايە قىزغە بۇ ئەفسانەنى،
بۇ تۈركى ياراتمايكى بۇتخانەنى.

ئۆزىنىڭ خۇدايى سارى باش ئۇرار،
كۆچى يەتسە بۇتغە قاراتاش ئۇرار.
قولىن تىشلەدى قىز تەھەييۇر قىلىپ،
ئوقۇغان نەمازنى تەمەسخور قىلىپ.
دېدى قىز فەرەگى قىلىپمەن ھەۋەس،
مېنىڭ قىلغان ـ ئەتكەن ئىشىمدۇر ئەبەس.
غەزەب بىرلە ئانداغ ماڭا ئول باقىپ،
يانىپ كەتتى ئۆيگە ئېتەكىن قاقىپ.
ئىشىم قىلادى مۇشكۇل غەمى ئىشتىياق،
ماڭا غالىب ئولدى ھۇجۇمى فىراق.
كى ئارام ئالماي ۋەيا ياتمايىن،
تاڭ ئاتغۇنچە كىرفىكلەرىم چاتمايىن.
قىلىپ سۇبھى سادىق ياقاسىنى چاك،
ساچىپ نۇر زۇلمەت ئۆيىن ئەتتى پاك.
مەكانىمغە باردىم قىلىپ نالەلەر،
كۆزۇمدىن بولۇتدەك ساچىپ شالەلەر.

تۇتۇپ دۇدى ئاھىم فەلەكنىڭ يۈزىن،
تۇتۇپ پەردە يەگلىغ سەمەكنىڭ يۈزىن.
يەنە كەلدى گۈلرۇخ ئۇچۇنچى كۈنى،
يىرىم ھەسسە ئۆتكەن ئىدى ئول تۈنى.
ئىچىپ مەينى ئەفزۇن بولۇپ ئېردى مەست،
قىلا ئالمان ھىجران شەرارىنى پەست.

گەھى سەر بەرەھنە گەھى ياپىبان،
گەھى يىغماق ئېردى گەھى چاپىبان.
كېلىپ تۈشتى كۆلبەم ئىشىكگە تېز،
قارار ئېردى تەرسا بەچەكىم ستىز.
كى دايە شەرابىن لەبالەب قۇيۇپ،

تۆمەن مىڭ خوشامەددە ئۆزرىن قويۇپ.
ئىچەر ئېردى ئول قىز ئانى سىپقارىپ.
تۇتۇپ دايە مەينى يەنە توشقارىپ.
بىيىكبارە جانغە ياۋۇشتى ئوتى،
مەگەركىم قامىشغە ياپۇشتى ئوتى.
يىقىلدىمكى يەرگە بولۇپ بىۆز تۆبەن،
دېدى: دايەسىگە ھەمول دىل شىكەن.
كۆرۈڭ دايە ئانى غەزەب قىلدى لات،
ئۆچۈردى ھەياتىن، يەتۈردى مەمات.
دېدى دايە: تۈركى ئېرۈر نەزئى جان،
ئۆلۈغ بۇت ئوقىنى ئاتىپدۇر نىھان.
دېدى قىز: ئالىپ چىق مۇنى تاشقارى،
داغى ھەم بۇ يەردىن قىلىڭلار نارى.
ئالىپ چىقتى دايە قولۇمدىن تۇتۇپ،
زەمىن بوس قىلدىم ئاياغىن قۇچۇپ.
قويۇپ يەرگە يۈزنى نىگۇن جامدەك،
قىلىپ قوللارىمنى ئەلىف لامدەك.
ماڭا باقمادى ھېچ ئۆتۈپ سائەتى،
قاراسام ئەلىفدەك ئېرۈر قامەتى.
غەزەبدە جەمالىن ياپىپ موبەمو،
ئۆزارىنى كۆردۈم تەنىم بولدى سۇ.
دېدى: دايەسىگە ئاتارمەن مۇنى،
ئۆتەر بۇت گۇناھىم تۆكۈلسە خۇنى.
ئالىپ ئېردى قولغە چۇتىيرۇ كەمان،
دېدى ھاي، دايە بۇ ئىشدۇر يامان.
بۇ قىلغان ئىشىڭدىن تولا غەم يىمە،
مەناتلارغە قىلغان گۇناھىڭ نىمە.
مۇنىڭ ئىشلارىنى ۋەسەنگە قويۇڭ،
ۋەگەرنە يوق ئېرسە ئىزىنى ئويۇڭ.

ئىشىتتى بۇ سۆزنى يانىپ ئاچچىغى،
كېلىپ ئەندەك ئانىڭ ماڭا تاتلىغى.
دېدى: كەلگىل ئولتۇر قاشىمدا مېنىڭ،
ياۋۇق كەلمەپ ئېركەن قەزايىڭ سېنىڭ.
پىيالە ئىچىگە قۇيۇپ جىق شەراب،
ماڭا سۇندى ئاندىن يۈزۈمگە قاراپ.
ئاڭا تەئزىم ئەتتىم قوپۇپ نۇن كەبى،
قىلىپ سەيىھە ئانداغكى مەجنۇن كەبى.
بىرەر سۆز قاتىپ ئول يامان سۆز بىلە،
باقار ئېردى، ناگاھ قىيا كۆز بىلە.

دەماغىمكى بولدى شەراب ئىلە گەرم،
كى سىماب يەگلىغ بولۇپ كۆگلى نەرم.
قىزاردى ئۆزارى قىزىلگۈل كەبى،
كىرىپ سۆزگە ئول مەست بۇلبۇل كەبى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گەھى ھەزل ئەيلەر ئىدىكى ئىتاب،
تۇشۇب جىسمى ئىچرە بەسى ئىزتىراب.
سالىپ ئىشق مەيدانىغە خوش كۇمەيت،
ئوقۇدۇم ئانىڭ شەنىدە نەچچە بەيت.
ئەگەر لۇتىق قىلساڭ ئېرۇر ئانچە خوب،
كى مەيدىن ئۇزارىڭ قىزارغانچە خوب.
بەھەم بولسا لەھزە ۋىسالىڭ ماڭا،
ئەگەر قەتلى قىلساڭ رىزامەن ساڭا.
بۇ شىبئىرىمنى ئاڭلاپ تەبەسسۇم قىلىپ،
باقىپ دايەسىگە تەكەللۇم قىلىپ.
ئەگەر كەلسە ئۇيقۇڭ چىقىپ ئارام ئال،
قىلىپ دايەسى ھەم بۇ ئىشنى خىيال.
قوپۇپ ئورنىدىن ئول تاپىپ خابگاھ،
بۆلەك ئۆيگە چىقماق ئۇچۇن تۇتتى راھ.
ئاياقچى كەتۇرگىل شەرابى ھەيات،
نىتاڭكىم تىرىلسە بۇ جىسمى مەمات.
تاپاي مەيپەرەستىنىڭ قولىدىن ئەمان،
فەنا ۋادىسىغە بولايىن رەۋان.

**خاجە قىز بىلە سەۋمەئە ئىچىدە شەرابغە مەشغول بولۇپ تەۋسىق قىلغانى ۋە خاجە ئول سەنگدىلنى ئىشق ئوتى بىرلە گۇدازىش بېرىپ، مەلىكەغە تەۋقىق ھاسىل بولۇپ، بىجا- نىدىل مۇسۇلمان بولغانى؛ بۇ قىز خاجە بىرلەن مەشۋەرەت قىلىپ قافىلە بىلە تاپىشىپ، تەجەم تەرەفىگە سەفەر قىلغانى ۋە بۇ قىزنىڭ ئاتاسى ھەر شەھەرگە خەت چىقارىپ، بۇلار كېمە- دىن چىققاندا، شاھى بەندەر بۇ قىزنى ساندۇقدىن تاپىپ ئالغانى ۋە خاجە شەھرى بەندەرگە كىرىپ ئىستەگەنى.**

بۇ يەڭلىغ خىرەد سۆزنى ئەيلەپ سەۋاد،
ئەزەلدە بۇ قىز پاكى ئالى نەژاد.
مەلىكە ئۆي ئىچرە بەئىد ئىشۋەناز،
كى كەبكى دەرىدەك بولۇپ جىلۋەساز.
دېدىكىم: پىيالە كەتۇرگىل ماڭا،
لەبالەب قۇيۇپ مەي يەتۇرگىل ماڭا.
ئەگەر نەچچە تۇتساڭ تامىزماي ئىچەي،
نەئىش ئۆتسە سەندىن فەراموش ئېتەي.
تۇتۇپ ئەمرىنى مەن قۇيۇپ ئانچە چۇست،
كى زەررىن قەدەھنى ئالىپ قولغە رۇست.
قۇيۇپ مەينى تۇتتۇم ئاڭا توشقارىپ،
پىيالەنى سۇندى تەمام سىپقارىپ.
ئاياغىنى قۇچتۇم قىلىپ زارلىغ،
دېدى: سەرۋى نازىم ئىتىپ يارلىغ.
ساڭا نە يامانلىق قىلىپدۇر مەنات،
بۇ گۇمراھلىقتىن يانىپ قىل ئۇيات.
كۆرۈنمەس خۇداغە قىلىپ ئىئتىقاد،
قىلۇرسەن داغى لۇتفىغە ئىئتىماد.
دېدىم: ئەي پەرىۋەش بۇ سۆزنى دىمە،
مېنى يول يۇتتۇردى دېبان غەم يىمە.
داغى سەن ئۆزۈڭگە قىل ئەندىشەئى،
بارىپ بۇتغە سىندۇر ئۇرۇپ تىشەئى.
خۇدايىكى بىمىسلى مانەندىدۇر،
بارى بەندەلەرنىڭ خۇداۋەندىدۇر.
ھەمە ئەيبلەردىن مۇبەررا ئېرۇر،
ھەۋايىج ئىشىدىن مۇئەررا ئېرۇر.
ۋۇجۇدۇڭنى بىلسەڭ ئەگەر قەترە سۇ،
قىلىپدۇر سەنىڭدەك گۇلىستاننى ھۇ.
بۇ تاغۇتلارنى ياساپ زەر بىلە،
مۇزەييەن قىلىپ سەن كى جەۋھەر بىلە.
پەرەستىشغە لايىق ئەمەستۇركى ئول،
بىل ئەلبەتتە باتىل ئېرۇر ئۇشبۇ يول.
سەنەمغە باش ئۇرماق سەزاۋەر ئەمەس،
كىشى ئاقىل ئولسا ئانى ھەق دېمەس.
باقىن بىلكى شەيتان توزاقى ئېرۇر،
يەنە دىۋەلەرنىڭ يەساقى ئېرۇر.

كىشكىم ۋەسەنغە پەرەستىش قىلۇر،
ۋەيا كۇفر ھۆكمى بىلە ئىش قىلۇر.
تەھقىقى جەھەننەم بولۇر مەنزىلى،
ئەزابلارنى كۆرگەي بۇ يولنىڭ ئېلى.
بولۇر كۇفر ئەھلى بېھىشتىدىن يىراق،
تامۇغدا مۇئەببەد چېكەر ئىھتىراق.
ئەگەر بەندە بولساڭ سۆزۈمنى ئىشىت،
ۋەگەرنە بۇ نازۇك تەنىڭغە ئىسسىت.
جەۋابىغە ئانداغ دېدى سىيمبەر،
بۇ گۇفتارىڭ ئەتتى دىلىمغە ئەسەر.
تۆكۈلدى گۆھەردەك كۆزىدىن ياشى
بولۇپ تەۋفىق ئاخىر ئانىڭ يولداشى.
بولۇپ كۇفر زەنگى دىلىدىن ئەدەم،
قىلىپ ئۆتكەن ئىشدىن تەئەسسۇف نەدەم.
ھىدايەت چىراغى قىلىپ دىلفۇرۇز،
كى زۇلمەت سەراسى بولۇپ مىسلى روز.
كى ئىماننى ئەيتىپ دىلۇجان بىلە،
قىلىپ جەڭ ئاغاز شەيتان بىلە.
دى خاشاك يەكلىغ نىھادىم بولۇپ،
يىقىلدىم بۇ قىزنىڭ ئاياغىن سۆيۈپ.
كېتىپ ئەقلۇ ھوشۇم يەنە ھەم يېتىپ،
كى ئەھكامى ئىمان ئاڭا ئۆرگەتىپ.
ياقىن بولدى تاڭ ھەم دېدى ئۇلپەرى،
ئېشىتگىل سۆزۈمنى كېلىپ ئىلگەرى.
ئېرۇر بىدىيانەت ئاتا ۋە ئانام،
ئۇرار بۇتغە باشىن تۇتۇپ ئىھتىرام.
يەنە ئەمم زادەم ئېرۇر شەۋھەرىم،
داغى سىنتە بولغان ئەمەس گەۋھەرىم.
مەنى قىلسە تاڭلا ھەۋالە ئاڭا،
ئەسىر بولسە زەرردىن پىيالە ئاڭا.
سۇراھى ئىچىدىن قۇيۇلسا شەراب،
قىلا ئالمان ھەرگىز ئاڭا ئىجتىناب.
كى تەدبىر بىرلە قىلىپ بىر ئىلاج،
كىرەككىم شەھەردىن قىلالى خىراج.
دېدىمكى: نەبائىس بىلە كەتكەمىز،
كى مەقسەدغە قاي ئىش بىلە يەتكەمىز.
دېدى قىز: قاشىمدىن فەرار ئەيلەگىل،
كى تۇججارلىقدا قەرار ئەيلەگىل.
چۇ تاجىرلارىكىم مۇسۇلمان ئىمىش،
ئۇلار ئىچرە بولماقلىغىڭ ياخشى ئىش.
سېنى كۆرمەگەيلەر ئەلايىقلارىم،
ئۇنۇتغايكى مۇتلەق خەلايىقلارىم.
قاشىڭغە ئىبەرسەم ئەگەر دايەنى،
جەۋاھىر قاتارلىق ئۇلۇغ مايەنى.
ئانى ساقلاغايسەن قولۇڭغە ئالىپ،
تاپىپ ياخشى دۇرجىن ئىچىگە سالىپ.
ئەجەم تاجىرى قىلسا يانماقغە ئەزم،
ئىكەۋ قاچتۇمىز دۇر خەبەر ئەيلە جەزم.
چىقۇرمەنكى باقماي بىرەر نىمەگە،
كىرەرمىز قەۋافىل بىلە كېمەگە.
كى ئىمانى ئىسلام بولۇپ ئىختىساس،
تاپارمىز جەھەننەم ئېلىدىن خەلاس.
دېدىم: دايەڭىزنى نېچۈك ئەتكەسىز،
نېچۈك ھىيلە بىرلە ماڭا يەتكەسىز.
دېدى: پىرەزەننىڭ ئىشىدۇر سەھىل،
قىلۇرمەنكى ئانداغ ئانى مۇزمەھىل.
تۇتۇپ مەي قىلاي مەست قوپالماس يەنە،
قىيامەتغەچە جان تاپالماس يەنە.
يانىپ كەتتى ئىشنى مۇشەخخەس قىلىپ،
مېنى خىزمەتىدىن مۇرەخخەس قىلىپ.
چىقىپ مەن بۇ يەردىن تاڭ ئاتغان زەمان
يۈرۈپ ئەھلى تۇججار قاشىغە رەۋان.
بار ئېردىكى ئاندا ئەجەم خەيلىدىن،
غەنى ۋە تەۋانگەر كەرەم خەيلىدىن.
بۇلاردىن ئىشىمنى تۇتۇپ ئىختىفا،
نەكىم بولماسۇن دەپ ئىشىمنى تەبا.
چۇ كارۋان سەرايىغە خىرام ئەيلەدىم.
ئانىڭ ھوجرەسىدە مەقام ئەيلەدىم.
كۆنى بولدى كۆزدىن نىھان دىلرەبا،
كى ھىجرىدە بولدى يۈزۈم كەھرەبا.

ئۆتۈپ نەچچە مۇددەت تەھەييۇر بىلە،
تەھەييۇر دىمەنكىم تەھەۋۋۇر بىلە.
كۆڭنىكىم ئەجەمنىڭ خەلايىقلارى،
يىغىلدى ئەۋ ـ ئاخىر سەۋايىقلارى.
قىلىپ جابدۇقنى ھەمە سەربەسەر،
تولا ئىشلارىنى قىلىپ مۇختەسەر.
بۇلار دېدىلار كىم كېتىڭ بىز بىلە،
يۈرۈيلى خۇدا دەپ ماڭىپ سىز بىلە.
دېدىمكى: مېنىڭ ئىشلارىم ناتەمام،
ئانى راست ئېتەرگە قىلاي ئىزدىھام.
ئەگەر يۈرسەڭىزلەر ئىشىم پۈتكۈچە،
قىراقدا تۇرۇڭلار فەقىر يەتكۈچە.
مېنىڭ بىرلە ھەمراھ ئېرور جارىيە،
يەنە ساندۇقۇم بار، بىر ئىت سارىيە.
كېمە ئىچرە جايى قويۇڭلار ماڭا،
ئانىڭ ئەجرەسىنى بىرەيمەن ئاڭا.
بۇ ئەشيالارىمىز ئالىبان كېتەي،
كىرەي كېمە ئىچرە مۇۋاسا كېتەي.
بولۇپ بارچە تاجىر شەھەردىن رەۋان،
ماڭا كېمە ئىچرە قويۇپدۇر مەكان.
سەھەر ۋەقتى ئېردى شەھەرگە بارىپ،
ھەمول دايەنىڭ ئىشكلەرىنى قاقىپ.
دېدىم مەن: ئەيا دايەئى مېھرىبان،
ۋەتەنگە يانارمەن سەھەر بىگۇمان.
چۇگۇلرۇخدىن ئولماي ماڭا رۇخسەتى،
قىلالمام كى يولنىڭ ئىشىن جۇرئەتى.
رەفىقسىز كېتەرگە ئېرۇر يول يىراق،
ماڭا بۇ پەرىۋەش بولۇپدۇر تۇزاق.
نە بولغايكى يەتسە ئاياغىڭ سېنىڭ،
بىيىكبارە كۆرسەم جەمالىن ئانىڭ.
قىلىپ ئېردىم ئانچە تەمەللۇق ئاڭا،
كېلىپ رەھمى ئاخىر دىدى ئول ماڭا.
بارىپ سەن بۇ يەردىن فەلان جايغە،
كى پىنھان بولۇپ مۇنتەزىر ئايغە.
قىلىپ تۇرغىل ئاندا تەلەبكارلىق،
قىلايمەن بۇ ئىشغە سەبەبكارلىق.

ئەگەر يار بەرسە سېنىڭ تالىئىڭ،
كى بولماس كۆرۈشمەك ئىشى مانىئىڭ.
دېدى دايە: مۇنداغ سۆيۈنجى ماڭا،
يۈرۈپ كەتتى ئاندىن خەبەرگە ئاڭا.
ياتار ئېردىم ئاندا مەنى بىكەسى،
بارىپ دېدى قىزغە خەبەر دايەسى.
ئىشىتگەچ خەبەرنى ھەمول شەھسۇۋار،
كېتەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ ئىختىيار.
كى دايەسىنى ھەمنەۋا بىلمەدى،
بىللە يۈرمەكىنى رەۋا بىلمەدى.
كىشى بىلمەگۈدەك كىيىپ جامە يات،
جەۋاھىر ئالىپ كۆپ يېتىپ كەلدى پات.
كى ئامادە ئەيلەپ ھەمە جابدۇقىن،
جەۋاھىرنى قويغان تۆمۈر ساندۇقىن.
ئالىپ يولغا كىردۈك قىلىپ ئىزتىراب،
تىڭىزغە يېتىشتۈك ماڭىپ ئالدىراب.
بۇ ھالەتدە بولدى سەھەر ھەم قەرىب،
بېرىپ ئەجرەسىنى كېمەگە كىرىب.
يۈرۈر ۋەقتىمىزدە يېتىپ كەلدى سەگ،
قىراق ئۈزرە فەرياد ئېتىپ يەك بىيەك.
سالىپ كېمە ئىچرە ئانى ناخۇدا،
قىلىپ بارچە ئەلنىڭ ئىشىنى ئەدا.
قىلا باشلادىكىم كېمەنى رەۋان،
يۈرۈر ئېردى ئانداغ مىسالى بوران.
ئۆتۈپ نەچچە سائەت ياۋۇق ئېردى تۈش،
كى بەندەر تەرەفدىن خەلايىق ئۈكۈش.
يېتىپ كەلدى يىلدام ئەۋانۇ سىپاھ،
بۇ ئەنبۇھ ئىچىدە بار ئېردىكى شاھ.
كى يەئنى بۇشەھ شاھى بەندەر ئىدى،
ئانىڭ زۇلمىدىن خەلقى مۇزتەر ئىدى.
بار ئېردىكى ئەلنىڭ كەنىزەكلەرى،
لەتافەتدە گۇلدەك قىزىل رەڭلەرى.
بۇ زالىم قولىدىن تەۋەھھۇم قىلىپ،
ئالىپ كەتسە ناگاھ تەزەللۇم قىلىپ.
تاپالماسمىز ھەرگىز ئاڭا ھېچ ئىلاج،
ئەگەر رەھىم قىلماسا بېرۇر ئاز خىراج.

سالىپ ساندۇق ئىچرە نىهان ئەيلەدۈك،
چىقىپ ئۈستىگە بىز مەكان ئەيلەدۈك.

يىتىپ كەلدى بۇدەم مۇلازىملارى،
كىمە ئىچرە كىردى خادىملارى.

ئۇلار كەلمەكدىن سەبەب ئىردى بۇ،
نىهايەتدىن ئارتۇق قىلىپ جۇستىجۇ.

بۇرادەر ئىشىتكىل رىۋايەتلەرىن،
مەلىكە ئاتاسى ھىكايەتلەرىن.

قۇياش نۇرى ناگاھ ئەسەر ئەيلەدى،
كى ھاجىب بۇ يەكلىغ خەبەر ئەيلەدى.

بۇگۇن كىچە بولدى مەلىكە ئەدەم،
ياتارسىزمۇ تۇيماي شەھى مۇھتەرەم.

ئاتاسى بۇ قىزنىڭ ئىشىتكەن زەمان،
دىدى ھەر شەھەرگە قىلىڭ خەت رەۋان.

نەيەر ئىچرە شاھ مەكاندار ئىرۇر،
مەكاندار ئەمەسكىم زەماندار ئىرۇر.

ئانىڭ ھەر بىرىغە پۈتۈڭ نامەئى،
كى ئەئلام بولسۇن بۇ ھەنگامەئى.

شەھەر ئىچرە بولسا كەنىزەك ئەگەر،
كى چىقماس ئەمىر ئىزن بەرسە مەگەر.

بولۇپدۇركى شەھغە كەنىزەك زەرۇر،
ئۆزى سەرۋى قەد بولسا رۇخسارى ھۆر.

قەبۇل تۈشسە شەھغە بېرۇرمىز سەمەن،
بۇ فەرمانىنى بىلسۇن يەسارى يەمەن.

باراماس قۇلغە ئالۇر ساھىبى،
كېتەر ئۆز يېرىگە ئەمەس راھىبى.

يىتىپدۇر بۇ نامە چۇ بەندەرگە زۇد،
كېلىپ شاھى بەندەر ئالىپ كۆپ جۇنۇد.

نىگەھبان ئىدى نەچچە ئەييارلار،
ئىشىتتى بۇ فەرمانىنى تۇججارلار.

كەنىزەكنى ساندۇق ئارا ئەتتى بەند،
مېنىڭ بىرلە ھەمراھ ئىدى دىلپەسەند.

ئانى ھەم بۇ يەكلىغ نىهان ئەيلەدىم،
يوقۇ باردىن بىنىشان ئەيلەدىم.

پەرى ساندۇق ئىچرەكى مەستۇر ئىدى،
سىپەھ چەشمىدىن غەيرى مەنزۇر ئىدى.

كى سۇلتانى بەندەر دېدى: ئەي جەۋان،
كەنىزەكنى ئەتتىڭ نە يەردە نىهان.

بۇ زالىمغە دېدىم بۇ يەكلىغ جەۋاب،
نىهادىمغە ئانچە تۈشۈپ ئىزتىراب.

كەنىزەكنى قىلساڭ ئەگەر ئىختىيار،
باشىڭ سەدقەسىدۇر قىلايىن نىسار.

ۋەلىكىن كەنىزەكلەرىم مۇندا يوق،
ئەگەر بولسا ھازىر ساڭا بەرسەم ئوق.

شەھەنشاھى بەندەر بولۇپ خەشمناك،
يىتىشتى قىلۇرغە مېنى زەخمناك.

يانىپ ئاچچىغىدىن كىرىپ كېمەگە،
كى بار دۇرجلارنى سالىپ خىيمەگە.

بولۇپ خەلق بىرلە ئۆيىگە رەۋان،
ھەمول نازەنىندىن قىلىپ ئول گۇمان.

بارىپ ئورداسىغە كۇشاد ئەيلەمىش،
كەنىزەكنى كۆرمەكنى ياد ئەيلەمىش.

قالىپ بىز بۇ يەردە بولۇبان مەلۇل،
دېدۈك كىم قايىنى قىلۇر ئول قەبۇل.

خۇسۇسەنكى باستى مېنى كۇھى غەم،
دېدىكىم ياقىندۇر ماڭا كۆپ ئەلەم.

تۇرار ئىردىم ئەمما يولىغە قاراپ،
قىل ئوت ئۇزرە يەكلىغ بولۇپ پىچۇتاب.

تەۋەھھۇمدا باغرىم بولۇپ لالەدەك،
ئاقار ئىردى كۆزدىن ياشىم ژالەدەك.

ئەگەر بولسا كارىم ئۇلۇغلارغە پاش،
يوق ئەتكەي مېنى شەھ داغى ئاتار تاش.

بۇ قىلغان ئىشىمدىن پۇشايمان قىلىپ،
كى خاتىرنى يىغلاپ پەرىشان قىلىپ.

دەر ئىردىم ئۆزۈمگە ئەيا بولھەۋەس،
ئەجەب نەقد ئۆمرۈڭ بېرىلدى ئەبەس.

قىلىپ ھەقغە ھەردەم مۇناجاتلار،
ئوقۇپ ھىرزلار بەلكى ئاياتلار.

ھەمە سوداگەرلەر بولۇپ غەم بىلە،
ياتار ئىردۈك ئاندا بۇ ماتەم بىلە.

كى ئۆتمەي ئىزادىن داغى ھېچ نەمە،
كۆرۈندى ئەۋانلار بىلە ھەم كېمە.
نەزەر سالمايىن ئەل يۈكۈ مالىغە،
تەمەللۇقغە چىقتى ئەۋان ئالىغە.
قارار ئېردىم ئوليان بولۇپ ئىنتىزار،
كۆرەيدەپ جەمالىن ئەگەر كەلسە يار.
كېلىپدۇر بۇلارنىڭ كەنىزەكلەرى،
سۆيۈندى قولىغە ئالىپ ھەر بىرى.
ۋەلىكىن كۆرۈنمەس نىگارىم مېنىڭ،
نىگارىم دىمەن شەھسۇۋارىم مېنىڭ.
دېدىم: ئەي فەلانى كەنىزەك قايان،
دېدى: شاھى بەندەر قىلىپدۇر نىھان.
ئىشىتتى بۇ سۆزنىكى تۇججارلار،
ئاڭا رەھم ئەيلەپ ھەم ئەسرارلار.
دېدىلار مۇنىڭدىن تولا غەم يىمە،
باشاڭ سىھھەت ئولسا ئەمەس ھېچ نىمە
ھەمە سوداگەرلەر بېرۇر قىممەتىن،
دېدىم كۆرمەدىڭلەر ئانىڭ تىينەتىن.
رىزامەن يوق ئولسا ئەگەر بۇ جەھان،
جەھان يوقكى بەلكى بەدەن ئىچرە جان.
چۇ بەندەر بارۇرغە خىيال ئەيلەدىم،
رەفاقەتلەرىمگە سىگال ئەيلەدىم.
دېدىم: ئەي يارانلار ئىشىم كەم ئېرۇر،
ئىشىمنى قىلۇرغە كىشىم كەم ئېرۇر.
بارىپ ئول شەھەرگە كەنىزەك ئالاي،
بار ئېردى كەنىزەك فۇرۇش نەچچە باي.
قىلىپ ئەلۋىدائىلار كىرىپ بەھرغە،
يېتىپ باردىم ئاخىر ئوشۇل شەھرغە.
كى بىچارە سەگ ھەم قاشىمدا ئىدى،
كېچە خابگاھى باشىمدا ئىدى.
ئۆزۈمنى تۇتۇپ خەلقدىن ئىختىفا،
كىشى تۇيسە ناگاھ قىلۇر دەپ جەفا.
مۇبادا تۇيار دەپ ئەۋانى لەئىم،
تېگىمىز تەگرەسىدا بولۇپ مەنزىلىم.
ئانىڭ ھىجرى بىرلە بولۇپ سەرگىران،
بولۇپ تىيرە گويا مۇنەۋۋەر جەھان.
كى ئەۋۋارەلىكدە ئۆتۈپ كۈندۈزۈم،
فىغان نالە بىرلە ئۆتۈپ ھەم تۈنۈم.
جەفالارنى ئانچە يەتۈردى فەلەك،
كى ھالىمغە يىغلاپ تېگىمىزدە سەمەك.
قىلىپ گىريە زارى ۋۇھۇشى تۇيۇر،
قالىپ ماتەم ئىچرە يوق ئېردى سۇرۇر.
خىيالى ۋىسال ئىلە خۇرسەند ئولۇپ،
ئانىڭ زۇلف زەنجىرىغە بەند ئولۇپ.
گەھى دەشت ئارا بىنەۋالار كەبى،
گەھى كوچەلەردە گەدالار كەبى.
قىلىپ مىھرىبانىم تەرەفدىن سوراغ،
يۈرۈپ پا بەرەھنە قاپاردى ئاياغ.
ئالا ئالمايىن ھېچ ئانىڭدىن خەبەر،
كى دىۋانەلەردەك يۈرۈپ دەربەدەر.
چىداماي ياۋۇشقان زەمان ھىرقەتى،
كى ئەييارلاردەك قىلىپ سۈرئەتى.
قىلىپ سۈرەتىمنى قەلەندەر كەبى،
قاداغان باشىغە سىنۇق پەر كەبى.
كىرىپ سۆز ئىشىتتىم بۇ شەھ دارىغە،
خىيالىم ئىلىنسەم ئانىڭ تارىغە.
يانىپ چىقتىم ئاندىن خەبەر تاپمايىن،
كىرىپ باغقە گويا سەمەر تاپمايىن.
گەھى شەھەر ئىچرە گەھى تاشقارى،
گەھى باشىم ئالىپ كېتەرمەن نارى.
گەھى مەسكەن ئېردى يىقىلغان سەراي،
گەھى دەشت ـ ھامۇن ئىدى گاھى ساي.
سوراغلاپكى ئۇسرۇ قىلىپ جۇرئەتى،
مۇشەققەتدە ئۆتتى بىر ئاي مۇددەتى.
كى بىر كېچە ئانداغ تەفەككۇر قىلىپ،
خىيالىمغە كەچتى ئانى يادلانىپ.
دېدىم: تېز بارايمەن چۇ دىۋان سارى،
تولۇق ئەتسە تاڭ يوق ئەگەر خاۋەرى.
كى تۈندە كېلىپ ئول لەئىم دارىغە،
قاراپ فىكر قىلدىمكى ھەر سارىغە.

ئاڭا كىرگەلى ھېچ تۆشۈك تاپمادىم،
كۆرۈپ تاملارنى قاپاغ ياپمادىم.
بار ئېردى بۇ شەھەرغە ئەجەب بىر ئىرەم،
بۇ باغ تامى گويا ئېرۇر كۆھى غەم.
ئاڭا سۇ كىرەرغە قويۇپدۇر شىكاف،
ئانىڭ بىرلە كىرمەك قىلىپ ئىنھىراف.

بەسى ھىيلە بىرلە كىرىپ باغ ئارا،
بولۇپ باش غەم ئىلە جەرھدىن يارا.
ئاياقچى كەرەم قىل بۇ مەھزۇنغە جام،
قىلاي باغ ئىچىگە سەبادەك خىرام.
بولۇپ مەست مەئشۇق جەمالىن كۆرەي،
دىل ئايىنەسىنىڭ غۇبارىن سۈرەي.

**خاجە مەلىكەنى ئىستەپ شاھى بەندەرنىڭ باغى ئىچىگە كىرىپ قىز بىلە كۆرۈشكەنى ۋە قىز شاھى بەندەر بىلە ئارادا ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى بىر-بىر بەيان قىلغانى؛ ئىككەۋلەن بۇ باغ ئىچىدە ئەيشۇ-ئىشرەت بىرلە نىشات ئەيلەپ بەزمى شاھانە ئەيلەگەنى؛ بۇ پەرى پەيكەر خاجەنى بۆت قاشىغە بارغىل دەپ ئەمر قىلغانى**

سەمەندەر سۈفەت سۆزگە قىلدىم خىرام،
ئېرىر سۇ بولۇپ تاغ بۇ سۆزدىن غۇلام.
چۇ بەنگەلە ئەتكەن ئىكەن باغدا شاھ،
ئۇشۇل سەرۋى نازىم چېكەر ئاندا ئاھ.
دەر ئېردىكى يا ئەكرەمۇلكەرەمىن،
سىفاتىڭ ئېرۇر ئەرھەمەرراھىمىن.
بۇ ئاجىز قۇلۇڭغە ئىنايەت قىلىپ،
دۇئا بىرلە ئاھىم ئىجابەت قىلىپ.
مېنى بۇ بەلادىن رەھا ئەيلەگىل،
مۇكەددەر دىلىمنى زىبا ئەيلەگىل.
خۇداۋەند فەزلۇ كەرەم ئەيلەدى،
مېنى نازەنىنغە بەھەم ئەيلەدى.
ياقىن باردىم ئاندىن ئانىڭ قاشىغە،
كۆزۈم تۇشتى ناگاھ قارا قاشىغە.
بەسى يىغلادىمكى يۈرەكىم كۆيۈپ،
يىقىلدىم پۇتىغە قولىغە سۆيۈپ.
دېدىم: ۋادەرىغا نېچۈك ھالىڭىز؟
قايۇ كۈننى سالدى فەلەك زالىڭىز؟
دېدى: كۈنلەرىمدۇر يىغى زار ئىلە،
ياتىپمەن باغ ئىچرە نىگۇنسار ئىلە.
ئۇشۇل كۈنكى زالىم قىلىپ ماجەرا،
سالىپ بارچەمىزنى سەفىنە ئارا.
ئالىپ يۈردى بىزنى چۇ بەندەر سارى،

قىلىپ ئاتەشى غەم مېنى ئەخگەرى.
دېدىم: ئەي خۇداۋەند ئىززۇ جەلال،
ساڭا ئاشكارا ئېرۇر سىررۇ ھال.
ئەگەر يەتسە شەھدىن ماڭا بۇ سىتەم،
رەھىم سەن بۇ بەندەڭغە قىلغىل كەرەم.
نىھان ئىشلارىمنى سەن ئەي بىرۇبار،
ئەدۇۋلارغە قىلما ئاچۇق - ئاشكار.
ئىجابەتكە بولدى دۇئايىم قەرىن،
ماڭا رەھم قىلدى جەھان ئافەرىن.
يۈرۈپ بەھر ئىچرە شەھەرگە يېتىپ،
دىدەكلەر ئىچىدە ماڭا سۆز قاتىپ.
دېدى: باشلاڭىزلار مۇنى ئىچكەرى،
قىلىڭ جاي تەئيىن سەرايدىن نارى.
بۇ ئۆزگە دىدەكنىڭ ماڭا كارى يوق،
بۈگۈن ئىگەسىگە قىلىڭلار ياۋۇق.
كى زالىم قاشىدىن قۇتۇلدى ئۇلەر،
بولۇپ شاد - خۇررەم دىدەكلەر كۈلەر.
مەنى بىكەس ئۇلدەمكى مەھبۇس ئاڭا،
تىگىپ تىيرى ئىشقىم كۆيۈپدۇر ماڭا.
ۋىسالىم مەيىدىن قىلاي نۇشى لەب،
قىلۇر ئېردى ھەر كۈن ماڭا ھەزلى گەپ.
ھەمول غۇنچە ئاغزىن قىلاي دىسە چاك،
ئاڭا ئەيتۇر ئېردىم كەلامى ئەففاك،

www.uyghurkitap.com


قىلىپ باز گۇنە تەلەتتۇف بىلەن،
چىقار ئېردى يانە تەئەسسۇف بىلەن.
ۋە لېكىن يەتۈرمەيكى ئازارنى،
كىشىگە دىمەي ھەم بۇ ئەسرارنى.
دەر ئېردىكى ھەرگەھ بۇزالىم لەئىن،
خىيانەت بىلە كەلسە ناگاھ ياقىن.
قىلاي دەشنەئى بىرلە باغرىنى چاك،
ۋەگەرنە ئۆزۈمنى قىلايىن ھەلاك.
بىھەمدۇللاھ كۆردۈم سېنى مەن ھەيات،
ئۈمىد ئولكى ئەكنۇن تاپارمىز نەجات.
دېدىمكى چىقارغە مۇدەببىر كىرەك،
كى يول كۆرسەتۈرگە مۇسەۋۋىر كىرەك.
دېدى بار بۇ جەمئىگە بۇ تىخانەئى،
شەيايتىن گۇرۇھىغە كاشانەئى.
كى بۇتنىڭ قاشىدا ئىككى كەفش بار،
يەنە بىرگىلىمى ئېرۇر قىيرۋار.
قاچان يەتسە كۆكدىن بۇلارغە مۇھىم،
ۋەيا بىر ھەۋادىس بىلە خەۋفۇ بىيم.
چۇ بۇتخانەسىگە بارۇر شۇل زەمان،
قىلۇر ئول گىلىمدە باشىنى نىھان.
يەنە كەفشنى ھەم فۇتىغە كىيىپ،
بارۇر بۇت قاشىغە باشىنى ئىگىپ.
كىشى كىرسە قىلماس ئاڭا ئەسلە ئۈن،
بۇ مۇئتاد بىرلە تۇرار تۆرت كۈن.
كېلىپ بۇت پەرەستلەر تىزىنى پۈكۈپ،
ئالىپ ھەم بارۇرلار دەرەملەر تۆكۈپ.
قويار سەدقەلەر دەپ بۇ دىنارنى،
بىلىپ مۇئتەبەر ئول نىگۈنسارنى.
بەشىنچى كۈندە بەرەھمەن كېلىپ،
ئاڭا كەيگەلى تون بارۇرلار ئالىپ.
بەرەھمەن ئاڭا كۆپ فەسانە قىلۇر،
بېرىپ تون دەرەملەر رەۋانە قىلۇر.
چىقىپ سەن بۇ يەردىن بارىپ تىيز تۇند،
مەن ئەيغان كەبى قىل ۋەلى بىرلىما گۆك.
بارىپ كەفشلەرنى فۇتۇمغە كىيىپ،
يەنە ئول گىلىمنى باشىمغە ياپىپ.
تەۋازۇئدا تۇردۇم نىسارا كەبى،
ئەدەب بىرلە ئانداغكى تەرسا كەبى.
كېلىپ ئول بەرەھمەن چۇ قىلدى سوئال،
كى يىغلارسە مۇندا ساڭا نېدۇر ھال.
ئاڭا مەقسەدىمنى مەقال ئەيلەدىم،
ئەلفدەك قەددىمنى ھىلال ئەيلەدىم.
دېدى: قوپ بۇيەردىن يەڭى تونىنى كەي،
ئالىپ بۇ دەرەمنى ئىچىڭ كۈندە مەي.
دېدىمكى كىرەكمەس ماڭا پۇلۇ مال،
كى سىينەمدە ئۈنمىش ئىدى بىر نىھال.
يۇلۇپ تاشلامىش ئانى دەۋران ئېلى،
تېگىپدۇر قۇرۇتقالى خەزاننىڭ يېلى.
نىھالىم دېمەيكىم ئېرۇر دىلبەرى،
غەلەت ئەيدىم ئەمما كۆزۈم گەۋھەرى.
بۇ يەڭلىغ قىلۇرمەن ئۇلۇغ بۇتقە داد،
ئانىڭ فۇرقەتىدە كۆل ئولدى نىھاد.
ئەمەس بۇت بۇ ئىشدىن ئەگەر ئاگەھى،
يېتەر دادىمە ئەيسا رۇھۇللاھى.
ئەگەر بولماسا بۇت ماڭا رەھنەمۇن،
باشىمنى كۆتەرمەي ياتاي نەچچە كۈن.
كەل ئەي ساقى بولغىل ماڭا راھبەر،
ۋىسالىم كۈنىدىن دېگىل خۇشخەبەر.
مىنىپ رەخشى ھىممەت دەرەڭسىز چاپاي،
سېنىڭ لۇتفۇڭ ئىلە مۇرادىم تاپاي.

**خاجەنىڭ بۇتخانەدە ئولتۇرغانىنى بەرەھمەن ئاناسىغە يەتكۇرگەنى؛ بەرەھمەنىنىڭ ئاناسى چىرلاپ، خاجەنى ئوغلانلارى بىرلە فەرەڭ پادىشاھى قاشىغە ئىبەرگەنى؛ فەرەڭ شاھى شاھ بەندەرنى كەلتۈرۈپ روبەرو قىلماقچى بولغانىدا، بەرەھمەن تەئەررۇز قىلىپ پادىشاھ.نىڭ قاشىدىن چىققانى ۋە پادىشاھ بۇلارنى تۇتۇپ ئالىپ كىرىپ شەراب تۇتۇپ ئۆزرەلەر قىلغانى**

سۆخەن مەنبەئىنىڭ خىرەدمەندلەرى،
مەئانى گۆرۆھى شەكەرخەندلەري.
بۇ يەڭلىغ قىلىپدۇر جەۋاھىرنى پاش،
ساچار زەررەسىنى بەئەينى قۇياش.

بەرھەمەنغە بار ئېردی بىر ۋالىدە،
ئىسارا شەھی قۇل ئىدی ئالىدە.
سۆزی نافىز ئېری ئۆزی پىرەزال،
شەياتىن ئىدی ئالدىدا گۇنگۇ لال.
ياشی ئىككىيۈز يانە ئەللىك ئىدی،
بۇ كۇففار ئارا تۇرفە مەنلىك ئىدی.
يۈرۈپ مۇنچەيىللار ھەمول شۇم قاری،
كی بولماي مەناتنىڭ قاشىدىن ناری.
بېرىپ ھەقتەئالا ئاڭا تۇرفە گەنج،
يەنە ئوغلی ئېردی ئانىڭ بەسنە پەنج.
بارىسی ئەكابىر بەرھەمەن نىشان،
كىشی ئۆن چىقارماس ئىدی تۆكسە قان.
يۈرۈپ كۇفر ئەھلی ئارا كۆپ تەمىز،
فەرەڭ خانىدىن بەلكی بىلگەي ئەزىز.
ئەگەر شاھ بولسۇن ۋەگەر ئول گەدا،
ئەدەبدىن قىلالماي قاشىدا سەدا.
ياتار ئېردی باشىن قويۇپ خۇمرىغە،
ئۇلۇس ئېردی مەئمۇر ئانىڭ ئەمرىغە.
مېنی كۆردی باردی ھەمول سادەگول،
يەتۈردی ئاناغە بۇ سۆزنی ئوغول.
كی ئول شۇم بەدبەخت ئالىپ كىردېمىش،
بىلەي ھالىنی مەن نېچۈكدۇركی ئىش.
ئالىپ باردی يىلدام قولۇمدىن تۇتۇپ،
بەسی ياخشی سۆزلەپ كۆڭۈل ئاۋۇتۇپ.
بېرىپ ئېردی كىر دەپ ئىجازەت ماڭا،
تۆكۈپ ياش بۇلۇتدەك قارادىم ئاڭا.
قويۇپدۇر بۇ ئەيۋان ئارا تۇرفە تەخت،
سالىپ ئاستىغە ھەم نەچە نەۋئی رەخت.
بۇ تەۋرەڭ مۇشەككەل مۇرەببەئ ئېرۇر،
زەھەب بىرلە قىلغان مۇرەسسەئ ئېرۇر.
چىقىپ ئۈستۈنگە ياتار شۇم قاری،
مېنىڭ ساری باقتی لەئىن كەمپىری.
ئانىڭ تەخت پايىن يۈزۈمگە سۈرۈپ،
يۈزۈم يوقكی بەلكی كۆزۈمگە سۈرۈپ.
بار ئېردی قاشىدا ئىككی ئوغلی ھەم،
دىل ئاسالىق ئەيلەپ دېدی بىمە غەم.

دېدی: ئەرزىڭ ئولسا ماڭا قىل بەيان،
قىلاي ھاجەتىڭنی رەۋا شۇلزەمان.
ھەمە مەقسەدىمنی ئاڭا ئەتتىم ئەرز،
بۇ ئەرزىمنی ئايىماغ ئىدی مىسلی فەرز.
جەۋابىمنی ئاڭلاپ بۇ كەمپىر لەئىن.
ئىشارەتلەر ئەيلەپ دېدی كەل يەقىن.
قىلاي شاھی بەندەر ئۈچۈن ھۆكم زۇد،
يەتۈرگەي قاشىمغە ھەمىن دەم جۇنۇد.
يەنە ھازىر ئەتسۇن ھەرىمىڭنی ھەم،
بىلەيمەن نەيەڭلىغ قىلىپدۇر ستەم.
بۇ زالىمغە ئانداغ قىلاي ئېھتساب،
ھەمە ئىبرەت ئالغاي كۆرۈپ بۇ ئەزاب.
ماڭا قوشتی ئاندىن ئىكی ئوغلىنی،
دېدی: شەھ قاشىغە ئالىپ بار مۇنی.
مېنی بىرلە ئالدی كىرىپ راھغە،
يەتۈردی ئاناسی سۆزىن شاھغە.
دېدی: شاھ ئاڭلا ئانامنىڭ سۆزىن،
ئىبەردی قاشىڭغە بۇ ئىككی گۇزىن.
بۇ دىۋانە يىغلاپ ئۈرۈپ بۇتغە باش،
دېمىش «داد» كۆزدىن تۆكۈپ تۇرفە ياش.
ئېشتىمىش ئۇلۇغ بۇت مۇنىڭ دادىنی،
بىلىپدۇركی يانا ئىسكۇزادىنی.
دېمىشدۇركی مۇنداغ ئانامغە خىتاب،
كېلىپ خەشمی قاتتىغ قىلىپدۇر ئىتاب.
فەلانىكی زالىم ئېرۇر بىھەيا،
ئالۇر خەلق مالىن يەنە بىئەبا.
ئاچىپدۇركی زۇلم - ستەم بابىنی،
ياپىپدۇر ئۇياتماي سەنەم بابىنی.
سورايدۇركی ئەكسەر بەناھەق سوراغ،
بۇ يەڭلىغ ئەمىردىن ئېرۇرمىز يىراغ.
ئانىڭ ئىشكىگە نەچۈك جان كىرۇر،
ئانی شاھ قويغان كىشی كىم ئېرۇر.
خۇسۇسەن قىلىپدۇر بۇ تۈركغە جەبر،
ئالىپ خاتۇنىنی قايان كەتتی سەير.
سۆزۈن تىڭلاماي ھېچ ئانی ئۆلتۈرۈڭ،
داغی پۇللارىغە تەلان كەلتۈرۈڭ.

بۇ دىۋانە ئالسۇن يىغىپ پۇللارىن،
خەزايىن ـ دەفايىن بىلە قۇللارىن.
ئەگەر ئاڭلاماسەن سۆزۈمنى قارى،
مېنىڭ خىزمەتىمدىن چىقىپ كەت نارى.
ۋە گەرنە قىلۇرمەن سەنى سەنگسار،
كېتەرسەن جەھاندىن بەسى خارۇزار.
ئانامغە كېلىپدۇر بۇ نەۋئ ھۇكمىران،
ئانىڭ خەۋفى بىرلە بولۇپ ياشى قان.
بۇ فەرمانىنى ئاڭلاپ ھەمول روسىياھ،
سىيەھ رويى كىمدۇر فەرەڭ ئىچرە شاھ.
يۈزى بولدى زەئفەر كەبى سارغارىپ،
بۇ ئىككى ئوغۇلغە تۇلا يالبارىپ.
سۆيۈپ ماڭلايىغە خۇش ئامەد قىلىپ،
كى ئولتۇردى فىلھال يانىغە ئالىپ.
تۇرۇپ تەخت ئۈزرە ئۇچەۋ ئىتتىسال،
مېنى بىكەسدىن ئۇلار سوردى ھال.
مۇرادىمنى شەھغە بەيان ئەيلەدىم،
ھەمە ئۆتكەن ئىشنى ئەيان ئەيلەدىم.
بەرەھمەنغە سۇلتان قىلىپ گۇفتىگۇ،
ئالىپ كەلسۇن ئانى قىلاي روبەرو.
بۇ سۆزلەرنى ئايغاچ فەرەڭ مىھتەرى،
يەنە يەرگە تۈشتى باشىم ئاخىرى.
مۇناجات قىلدىم دېدىم: يائاللاھ،
سەن ئوق سەن جەمئى شەھەنشەھغە شاھ.
مۇھىم ئىشلارىمنى كۇشاد ئەيلەگىل،

بۇزۇغ خاتىرىمىزنى شاد ئەيلەگىل.
كۆڭۈلدە كەچۈردۈم مۇناجاتنى،
بۇلار بىلمەس ئېردى بۇ دەئۋاتنى.
ۋە لىكىن ئۇزارىم مۇغايىر بولۇپ،
بەرەھمەنغە سىررىم مۇھازىر بولۇپ.
مېنىڭ سارى قىلدى نىگاھىنى سەھم،
كۆڭۈل ۋەھشەتىنى قىلىپدۇركى فەھم.
دېدى: تۈركى دادىمنى سوردى دېمەس،
بۇ سۆز بۇت سۆزىگە مۇۋافىق ئەمەس.
ئانام بىرلە بۇتنىڭ سۆزىنى بۇزۇپ،
سورارسەن ئۆزۈڭچە بۆلەك ئىش تۈزۈپ.
كى ئەقلىڭغە نۇقسان يېتىپدۇر بەسى،
دىماغىڭنى بۇزمىش تەكەببۇر ئىسى.
بۇ تەخت ئۈزرە بولمان ساڭا ھەم نەشەست،
دەبان تۈشتى ئىككى ئوغۇل چۇستۇ دەست.
چىقارغە ئىرادە قىلىپ تاشقارى،
قويۇپ ئېردى ئىككى قەدەمنى نارى.
فەرەڭ شاھى ئانداغ بولۇپ مۇنفەئىل،
كى ئەيغان سۆزىدىن بولۇپ كۆپ خىجىل.
تەلەتتۇفلار ئەتتى قولىدىن تۇتۇپ،
ئالىپ ياندى ئاچچىغ شەرابىن يۇتۇپ.
ئاياقچى يەتۈرگىل مەيى مەرھەمەت،
ئانىڭ نەشئەسىدىن تاپاي سەلتەنەت.
مېنى بىكەسى ۋە غەرىب مۇستەمەند.
چۇ شەھ زۇمرەسىدە بۇلاي ئەرجۇمەند.

پادىشاھى فەرەڭ خاجەنىڭ دادىنى سورماغانىدا، ئۇمەرا نەدىملەرى شاھى فەرەڭنى مەلامەت قىلىپ، شاھى فەرەڭ شاھى بەندەرنى ئۆلتۈرگەلى خەت قىلىپ بەرەھمەندىن ئاناسىغە ئىبەرگەنى ۋە خاجە ئۆزى ئانى ئۆلتۈرۈپ ئورنىغە پادىشاھ بۇلسۇن دەپ ئەمر قىلغانى ۋە خاجە شاھى بەندەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغە پادىشاھ بولۇپ، ئەيش ـ نەشات بىرلە رۇزگار كەچۈرگەنى ۋە بىر كۈنى خاجە سەياھەتكە چىقىپ، بۇرادەرلەرىنى كۆرۈپ ئەمەلدار قىلغانىدا، بۇلار بىۋەفالىق قىلىپ، خاجە تۆمۈر قەفەسدە ھەبس قىلغانى.

دېدى شاھقە بارچە خادىملارى،
ئەۋانۇ سىتەمگەر مۇلازىملارى:

بولۇپدۇركى بەندەر ھەكىمى يامان،
خەلايىقى سىتەمدىن تاپالماس ئەمان.

جەفاكارلىقدۇر ئانىڭ ۋەرزىشى،
قاچار تەير يەڭلىغ كۆرەر ھەركىشى.
ئىنانساڭ بەرەھمەن سۆزى راستدۇر،
دېمەيكىم سۆزى ھەم ئۆزى راستدۇر.
كى فەرمان قىلىڭ شاھى بەندەرنى زۇد،
بۇ دىۋانە قىلسۇن ۋۇجۇدىن نەبۇد.
چۇ بىلدىڭكى بەدتەر ئانىڭ ھالىنى،
مۇڭا ھۆكمى قىلغىل ئانىڭ مالىنى.
فەرەڭ شاھى ئاندىن پۇشەيمان بولۇپ،
خىجالەتدە كۆڭلى فەرىشان بولۇپ.
دېدىكىم: دەبىرغە پۈتۈڭ نامەئى،
ئانى ئۆلتۈرۈرگە چېكىڭ خامەئى.
بالا - بارقاسىنى، پۇلىنى تەلان،
قىلىپ ئالسۇن ئاندىن قولىنى تەلان.
ئۆزى قەتلى قىلسۇن بۇ تۈركى ئانى،
قاچان ئۇچسا مۇفلىس تەنىدىن جانى.
تەنىن تاشلاغاندىن كىيىن بەھرىغە،
داغى ھاكىم ئولسۇن ئانىڭ شەھرىغە.
ۋە لېكىن جەۋاھىرلارىن سەربەسەر،
خىراجەت قىلسۇن بۇ ئىككى پىسەر.
قىلىپ ئىتتىفاقى كۆپ ئەھلى گۇماشت،
پۈتۈپ سۇندى كەمپىر سارى ئەرزەداشت.
فەرەڭ شاھى ئىھسان قىلىپ كۆپ مەتائ،
بۇ ئىككى ئوغۇلغە دېدى: ئەلۋىدائ.
كى ئوغلى كۆرۈپ ئول قارى شۇمنى،
تۇتۇپ بەردى فىلھال بۇ مەرقۇمنى.
پۈتۈكنىڭ سۆزىنى ئوقۇپ ئاڭلادى،
سۆيۈندى نەقارە ئۇرۇڭلار دېدى.
يېتىپ كەلدى فىلھال بەش - ئون زەنگىلەر،
ئۇرۇپ تەنتەنە چاڭ ھەمول زەنگىلەر.
بەرەھمەن بارىڭ دەپ قوشۇپ نەچچە كەس،
يەنە خىزمەتىمگە يېتىشكۈنچە بەس.
دېدىكىم: بۇ تۈركى بىلە بارىڭىز،
يەنە بىئەدەبلىك مۇڭا قىلماڭىز.
چۇ بەندەر شەھىنى بارىپ ئۆلتۈرۈك،
زەھەب نەقرەسىني ماڭا كەلتۈرۈك.

بۇيانقى ئۇلاغۇ ھەمە مالىنى،
يۈلۈك ئەسلە تويماي پەرۇ بالىنى.
ئانىڭ شەھلىغىنى چۇقىلدىڭ تەلەب،
چىقىپ ئورنىغە تېز سەن ئولغىل خەلەف.
تۈگەتتى بۇ مەلئۇن قارى دەمدەمە،
چىقىپ يولغە كىردۈك قىلىپ دەبدەبە.
مەنازىلنى كەزدۈك قويۇپ گام تېز،
بۇلار بىرلە يەتتۈككى بەندەرگە بىز.
تۈشۈپ ئورداسىغە بەرەھمەن لەئىن،
بولۇپ ئېردۈك ئۆيگە كىرەرگە ياقىن.
چىقىپ ئالدىمىزغە تەمامى سىپاھ،
كۆرۈپ شاھى بەندەر بەسى ئۇردى ئاھ.
بەرەھمەن دېدىكىم: قولىنى تۇتۇڭ،
كى ئەژدەر مەسەللىك بۇ شەھنى يۇتۇڭ.
چىقىپ كەلدىم ئۇترۇ ئانىڭ قاشىغە،
ئىتتىك تىغ ئۇردۇم كېلىپ باشىغە.
ئۈزۈلدى تەنىدىن باشى گۇيدەك،
قىزىل قانلارى ھەم ئاقىپ جۇيدەك.
كۆڭۈل مەيل قىلدى ھەرەمخانەنى،
چۇتاپتىم كىرىپ جان جانانەنى.
كى تاراج ئەيلەپ خەزايىنلارىن،
مەتائۇ، لىباسۇ، دەفايىنلارىن.
بۇ ئىشغال بىرلە ئۆتۈپ ئول تۈنى
تۈزۈپ بەزم شاھى ئىككىنچى كۈنى.
سەرىر ئۈزرە چىقتىم تۈزۈپ سەلتەنەت
خەلايىق كېلىپ ئەيلەدى تەھنىيەت.
قىلىپ جەمئى بارچە مۇلازىملارىن،
كى ئەۋلادۇ ئەھفاد خادىملارىن.
كۆرۈپ بارچەسىنىڭ گۇناھىن ئۆتۈپ،
ئەۋانلارغە بىر - بىر رەقەملەر پۈتۈپ.
شەكەرخەند ئەيلەپ تەكەللۇم قىلىپ،
ئۇلار ھالىغە كۆپ تەرەھھۇم قىلىپ.
ۋەلايەت ئىشىغە بېرىپ ئىنتىزام،
سىپەھلەرغە بەردىم ئەمەل ۋەسسەلام.
ئالىپ كەلگەن ئېردى ئوغۇللار مېنى،
بىلۇر ئېردى مېھتەر فەرەڭلەر ئانى.

چۇ بەندەر ئىچىدە تۇگەپ كارى رەزم،
ۋەتەن سارى ياناماق ئىشىن قىلدى ئەزم.
كۆڭۈلدە مۇھەببەت مەيى ئۇردى جۇش،
ئەدەددىن فۇزۇن بەردىم ئالتۇن ـ كۇمۇش.
كى ھەديە بەرەھمەن ئاناسىغە ھەم،
ئىبەردىم بىلىپ ۋەقتىنى مۇغتەنەم.
رەئىييەتكە قىلدىم ۋەفادارلىق،
فەقىر ناتەۋانلارغە دىلدارلىق.
چىقىپ لاۋۇ لەشكەر بىلە سەيرغە،
بۇ يەردىن بارىپ خانەئى دەيرغە.
كى ئەسرارىم ئېردى بۇلاردىن نىھان،
بەرەھمەن ئېلىنى قىلىپ ئىمتىھان.
خىيالىم سەمەندى كىرىپ راھغە،
مۇلاقات بولدۇم بارىپ شاھغە.
مەتائۇ مەراكەب قىلىپ پىشكەش،
كى بولسۇن دەبان شاھنىڭ كۆڭلى خەش*.
فەرەڭ شاھى ھەدسىز قىلىپ ئىلتىفات،
سەرۇپا ۋە ھەدسىز بېرىپ ياخشى ئات.
مەجالىس تۈزۈپ بىللە دىۋان ئارا،
ئىكەۋ ئولتۇرۇپ قەسر ـ ئەيۋان ئارا.
كى تەنبۇرۇ چەڭۇ دەفۇ ئەرغەنۇن،
چالىپ جەمئى ئاندا كۆپ ئەھلى فۇنۇن.
تۇتۇپ جامى زەردىن رەئىسى شەرىف،
قويۇپ ئالدىمىزدا غىزايى لەتىف.
ساچىپ ئەبرى دەۋلەت باشىم ئۈزرە دۇر
تولۇپ جەيب ـــ دامەن گۆھەر بىرلە پۇر.
بولۇپ مەست غەۋغا بىلە بەزمى جەم،
قىزياش نۇرى بولدى جەھاندىن ئەدەم.
پەرىۋەش خىيالى بولۇپ كەھرەبا،
چۇ شاھى فەرەڭگە دېدىم مەرھەبا.
مىنىپ رەخش ئۈزرە قىلىپ يولنى تەي،
تۈزۈپ دەبدەبە مىسلى كاۋۇس كەي.
كى ئارام ئالدىم تۇشۇپ قەسر ئارا،
بولۇپ ئەھلى بەيتىم ئۆزە ماجەرا.
بەسى مۇنتەزىر ئېردىم ئول يارغە،
كى تۇشتى كۆزۈم ماھ رۇخسارىغە.
ئاڭا چىرمانىپ ئىشقى پىچان كەبى،
كى سىمت ئەيلەگەن لەئلى مەرجان كەبى.
ئىچىپ ئول تۇنى ئانچە جامى ۋىسال،
سەرشار بولدى قۇرۇغان نىھال.
بولۇپ نەچچە كۇن ئىشرەت ئەنگىزلىق،
فىداسىغە ئەيلەپ دەرەمرىزلىق.
بولۇپ ھەركۇن ئەفزۇن مەقامىم مېنىڭ،
پەياپەي يېتىپ بارچە كامىم مېنىڭ.
كۆرۈپ ئانچە ياخشى سىپاھۇ جۇنۇد،
باشىغە بىلىپ تاج دۇررى شۇھۇد.
كى ئۇچ يىل يېتىپ شاھلىق ئىززەتى،
تاتىپ ھەم مەزاقىم جەھان لەززەتى.
ئۇلۇس كارىنى ئېئتىدال ئەيلەدىم،
كېچە ئۆتكەن ئىشنى خىيال ئەيلەدىم.
يېتىپ خاتىرىمغە بۇرادەرلەرىم،
ئۇرۇپ شۇئلە جىسمىمدا ئەخگەرلەرىم.
تاڭ ئاتغۇنچە ھەقغە ئىبادەت قىلىپ،
سەھەر بولدى چىقتىم سەياھەت قىلىپ.
چۇ دەريا سارىغە گۇزەر ئەيلەدىم،
تەۋاجىرنى كۆردۇم نەزەر ئەيلەدىم.
يېتىپ كەلدى نەچچە قارى ـ ياشلار،
پىيادە كېلىپدۇر قارىنداشلار.
كى تۇججارلارنىڭ ئەسرى بولۇپ،
كىراكەشلەرنىڭ ھەقىرى بولۇپ،
بىرەرنان، قاقنى سالىپ قوينىغە،
قويۇپ يۈكلەرىن بالتىدەك بوينىغە.
بۇلارنى كۆرۈپ جۇش ئۇرۇپ غەيرەتىم،
قىيامىغە ئانداغ يېتىپ جۇرئەتىم.
چېكىپ باتىنىمدا سەدايى فىراق،
بولۇپسەن مۇرۇۋۋەت ئىشىدىن يىراق.
كى سەن تەخت ئۈزرە بولۇپ مۇستەقىم،
قارىنداشلارىڭدۇر بۇ يەڭلىغ يېتىم.
ئۆتەر كۇنلەرىڭ نازۇ نېئمەت بىلە،

* «خوش» سۆزى قاپىيە، ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن «خەش» قىلىپ ئېلىنغان.

قارىنداشلارىڭدۇر بۇ مىھنەت بىلە.
بۇ بىچارەلەرغە ئىئانەت كېرەك،
بۇ ئەۋۋارەلەرگە زىيافەت كېرەك.
يۇرۇپ لەھزە خەلقى زەمانە بىلە،
كى باردىم قاشىغە بەھانە بىلە.
بىلىش ئەلگە ئوخشا تۇتۇپ ئۆلفەتى،
مۇبادا يېتەر دەپ ماڭا كۈلفەتى.
نەكىم مەخفى تۇتقان ئىدىم دىن ئىشىن،
فەرەڭ بىلمەگەي دەپ دىن ئايىن ئىشىن.
تانۇتتۇم ئۆزۈمنى ئاڭا ياشۇرۇن،
سۆيۈندى بۇلار ھەم ئەدەددىن فۇزۇن.
كۆرۈپ ئىلتىفاتىم تاپىپ تازە جان،
مېنىڭ بىرلە بولدى شەھەرگە رەۋان.
كى ئوردا ئىچىدە تۇرۇپ نەچچە كۈن،
خەلايىقغە تۇغقان دەبان قىلماي ئۈن.
بۇلارنى ئۆزۈمگە ھەبىب بىلىپ،
سىپاھى فەرەڭدىن مۇناسىب بىلىپ.
پۇتۇپ رۇقئە بەردىم قولىغە ئەمەل،
كىشى بەرمەيىن ھىچ سۆزۈمگە خەلەل.
تاپىپ خەلق ئىچرە بەسى ئابرۇ،
قىلىپ خىزمەتىن ئەل ئېتىپ جۇستىجۇ.
كى يانە ئاچىپ بىھەيالىق يۈزىن،
داغى ھەم يۇمۇپ بىسەفالىق كۆزىن.
ئۇزاتىپ بۇلار قەتلىمە دەستىنى،
كى بىلمەي بۇ يەرنىڭ ئىگىز - پەستىنى.
ئالىپ قوللارىغە ئەداۋەتدە تىغ،
مېنى ئۆلتۈرۈرگە بۇلار بىدەرىغ.
قىلىپ ھەملە دەرھال سەگ ھۇشمەند.
يەتاقچى بۇلارنى تۇتۇپ قىلدى بەند.
قاشىمغە ئالىپ كەلدى بەردار ئېتىپ،
دېدى: ئۆلتۈرۈڭ كىم ئىگىز دار ئېتىپ.
كۆرۈپ ۋەسفىنى قالمادى تاقەتىم،
يوق ئېردى ۋەلىكىن يامان ئادەتىم.
دېدىم: ئەفۋ قىلدىم بۇيۇرماي قىساس،
قىلىڭ بەند مەھكەم ۋەلى يوق خەلاس.
قىلىپ ھىرفەگەرلەر تۆمۈردىن قەفەس،
دېدىم: ئالدىمە قوي كۆرەي ھەر نەفەس.
يامان بىرلە ھەركىم تۇتار سۆھبەتى،
ئەمەس نەفئى ھەرگىز يېتەر زەھمەتى.
كىشى ھەمنىشىندۇر يامان يار ئىلە،
كى ھەمراھ ئېرمىش قارا مار ئىلە.
يامان بىرلە ھەركىم بولۇر ھەمنە شەست،
ئاتار قولدا بولسا كەمان تىرى شەست.
ياماندىن بەسا ئەيلەڭىز ئېھتىراز،
ئەگەر ئۇچراسا ئېيتماڭىز ئەسلە راز.
بەشەركىم ۋەفا رەمزەسىدىن يىراق،
كى ئىتنى ئانىڭدىن بىلىڭ ياخشىراق.
كەل ئەي ساقى تۇتغىل رەفاقەت مەيىن،
رەفاقەت دىمەيكىم شىجائەت مەيىن.
ئانىڭ فۇرقەتىدىن دەماغىم ئىسەي،
رەقىب كەلسە ئۇترۇ باشىنى كېسەي.

**خاجە بەندەرگە پادىشاھ بولغاندا، دەريانىڭ ياندا فىلال * بىنا قىلدۇرۇپ، بىر كۈنى تەماشا قىلماق ئۈچۈن فىلالغە چىقىپ، بىر تاجىر بەچچەنى كۆرگەنى، ئول تاجىر بەچچە خاجەغە ئۆز سەرگۈزەشتىن ئىلام قىلغانى.**

بۇ يەڭلىغ دىمىشكىم سۇخەن شەھلەرى،
خىردد مەندى دانايى ئاگاھلارى.
كۈندىكىم ماڭا ئۇتۇن ئەيلەپ ئىلاھ،
كى بەندەرگە بولدۇم ئۇلۇغ پادىشاھ.
تۇتار ئېردى مەردۇملارى ئەرجۇمەند،
چۇتەئىمىر قىلدىم فىلالى بەلەند.

* فىلال ــ ئەسلى تىكىستتە «فلال» يېزىلغان. كونتېكستتىقا ئاساسەن "راۋاق، قەسىر" دېگەن مەنىدە چۈشىنىش مۇمكىن. بۇ سۆز لۇغەتتە ئۇچرىمىدى.

.................................................

①.................................................

بۇ فەرسۇدەلىكدە بولۇپ بىقەرار،
سەراسىمە يۈرسەم كۆرۈندى ھىسار.
بۇ مۇزتەرلىك ئىچرە يۈرۈپ نەچچە گام،
كى دەرماندەلىكدە ياقىن بولدى تام.
ئانىڭ قەلئەسى كۆھ ئاسا ئېرۇر،
دېمەي كۆھكىم چەرخ فەرسا ئېرۇر.
كۆللىرو ۋە كىرفىچلارى بارچە سەڭ،
ئانىڭ تۆرت ھەددى بەسا ئېردى كەڭ.
ۋەلىكىن قوپۇپدۇركى دەرۋازە بىر،
كىشى كۆرسە ئانى بولۇر ئەقلى قىر،
بۇ دەرۋازە ئانداغ سۈزۈك تاش ئىدى،
كى ئۇستاد قىرغان تۈزۈك تاش ئىدى.
قابۇغىنىڭ قەناتى چىنان زەم ئىدى،
سالىپ قۇفلى ئانداغكى مەھكەم ئىدى.
قىلىپ ئېردى قۇفلىن خەتا مانۇسى،
يوغانلىقدا گويا تېۋە زانۇسى.
مۇڭا كىرمەكىمدىن بولۇپ نائۇمىد،
قوپۇپ ئەزم قىلدىم تەرىقى بەئىد.
كى ئالدىمغە ئۇترۇ كېلىپ بىشەئى،
ئانىڭ ئۆزرەچىقتىم قىلىپ جۇستەئى.
زەمىن تۇفراغى ھەم بەغايەت سىياھ،
ئانىڭدىن تۇشۇپ ئەيلەدىم ئەزم راھ.
خۇداۋەندە بەردى چۇ فەتھى زەفەر،
نىگاھىمغە تۇشتى يەنە بىر شەھەر.
ئەجەب ۋەزئى خۇشتۇر خوب ئاراستە،
ئانىڭ قەلئەسى ھەم كۆپ ئاراستە.
تۇشۇپ كىرمەكىمگە كۆڭۈل ئىچرە شەۋق،
تەماشا قىلۇرغە بەسى ئېردى زەۋق.
قابۇغغە يەتتىم غەم تولدى ئەدەم،
كى بىسمىللاھ دېدىم قوياردا قەدەم.
چۇ بەۋۋاب ئىشىتتى خۇدا ئىسمىنى،
قارادى ماڭا تەبرەتىپ جىسمىنى.

كى ئېگىنىدە ئېردى فەرەڭگى لىباس،
كى چىرلاپ قاشىغە مېنى تۇتتى پاس.
نەچۇكدۇر دىدى ئەي يىگىت ھالىڭىز،
ئەجەم خەيلىغە ئوخشادۇر قالىڭىز.
دېدىمكى: ھىكايەتكە يوق قۇدرەتىم،
كى ئاچلىقغە مەئىدۇم ئولۇپ قۇۋۋەتىم.
ئالىپ كەلدى دەرھال رەغىنۇ كەباب،
دېدىكىم: بۇلارنى يېگىل ئەي شەباب
تەئامىنى ئالدىم يېدىم ئەندەكى،
كېتىپ ئەقلۇ ھۇشۇم ھەمە تەندەكى.
قارادىم ئۇلۇسغەكى ھۇشيار ئولۇپ،
بىرى ئاش كۆتەردى ماڭا يار ئولۇپ.
قىلىپ ياخشى سۆزلەر يېدۇردى تەئام،
دېدىكى: بەيان قىل سۆزۈڭنى تەمام.
قەلەكدىن نەئىشلار يېتىپدۇر ماڭا،
كى باشدىن ئاياغقە ئەيتتىم ئاڭا.
دېدى: قوپ بۇ يەردىن خىيالىڭچە بول،
شەھەر ئىچرە كىرگىل ۋەلى يۈرمە يول.
نېدىن ئەي مۇسافىر ئەجەم خەيلى سەن،
قولاق سال نەسىھەت قىلاي ئانچە مەن.
كى تا تۇشمەگەيسەن بەلا دامىغە،
ئەگەر تۈيسا ئەژدەر ئالۇر كامىغە.
ئەگەر مال ئالۇرسەن بۈگۈن كىرمەگىل،
بۈگۈن مۇندا ياتىغلىكى ئايرىلماغىل.
كېچە ياتتىم ئاندا فەراغەت بىلە،
ئەزىز تۇتتى ئۇزسرۇ شەرافەت بىلە.
كى تۈن داجى كەتتى يەنە ئاتتى تاڭ،
خورۇس بىرلە تاۋۇس يەنە ئۇردى باڭ.
چۇ بەۋۋاب ئەيدى يەنە مۇنداكىر،
بېرىپ ئەكلۇ شورب شىكەم بولدى سىر
تەلەتتۇفلار ئەيلەپ دېدى نەچچە پەند؛
قوياي ئىشغە بولما بۇ ئۆي ئىچرە بەند.
ئالىپ قولغە غەلبار بىلە توبرە بىل،
قىلۇر ئىشنى قىلغىلكى تۇتما سەھىل.

① بۇ نورۇندا تەخمىنەن بىر ۋاراق يوق.

بۇ يەردىن كى كۆردۈك ئوشۇل پۈشتەنى،
بارىپ قاز ياۋۇتـماي يانا كىمسەنى.
يېتىشسە ھەفرە بىمىقدارى كەز،
چىقار ئانچە تۇفراق ئانى قولدا ئەز.
كى غەلبارغە ئالىپ ئانى تاسقاغىل،
نە قالسا ئانى توبرەغە تاشلا غىل.
قاچان بولسا توبرە مۇنىڭ بىرلە مول،
ئالىپ كەل قاشىمە ئانى سادە قۇل.
نەچە خاسىيەت بار قىلاي ئاشكار،
ئانىڭ بىرلە قەدرىڭ بولۇر ئېئتىبار.
مۇنىڭ سۆزلەرىگە قىلىپ مەن ئەمەل،
ئالىپ قولغە غەلبار بىلە توبرە بەل.
چىقىپ يۇلغا كىردىـم ئەجر ئەيلەدىم،
چاقىپ پۈشتەلەرنى ھەفر ئەيلەدىم.
جەۋاھىرلارىكىم مۇھازىر ئىدى،
بىرىسى بىرىدىن نەۋادىر ئىدى!
ھەمىن سائەت ئىچرە بولۇپ تـوبرە پۇر،
كى ياقۇت، زەبەرجەد بىلە ئۇنچە دۇر.
مەئادىننى ئالدىم سۇرۇر ئەيلەدىم،
شەھەرگە يېتەرگە مۇرۇر ئەيلەدىم.
مۇلاقات بولدۇمكى بەۋۋابغە،
قاراپ مەن كەتۇرگەن دۇرى نابغە.
دېدىكىم: شەھەردىن خۇرۇج ئەيلەگىل،
يەنە بىر شەھەرگە ئۇرۇج ئەيلەگىل.
مۇبادا ئەگەر كەتمەسەڭ بىر تەرەف،
بۇ تاپغانلارىڭنى قىلۇرمەن تەلەف.
مەكانى تاپىلماس ساڭـا قاچقالى،
كىشى يوقتۇرۇر ھەم ئىشىك ئاچقالى.
بۇ يەردىن يىراق قاچ پۇلۇڭنى ئالىپ،
بۇ ئەنگۈشتەرىمنى قولۇڭغە سالىپ.
بۇ سائەت بارۇرسەنكى بازارغە،
دېمە ھېچ نۇكتە رەقىب يارغە.
ۋەلى بىر كىمەرسە مۇجاۋىر بولۇر،
كۆرەرسەن ماڭا ئول بۇرادەر بولۇر.
ماڭا رەنگى ئوخشار ئۆزى مويسەفىد،
بۇ مەجمۇئ ئىچىدە ئىرۇر ئول جەرىد.

ھەمە ئەھلى تاجىر كەلانى ئېرۇر،
ۋەلى سىررى ئانىڭ نىھانى ئېرۇر.
ئاڭا بۇ يۈزۈكنى نىشانە بېرىڭ،
مۇھىم ئىشلارىڭدا بولۇر رەھبەرىڭ.
ئالىپ خاتەمنى چۇ قىلدىم دۇئا،
چىقىپ يولغە كىردىم دېدىم مەرھەبا.
كىرىپ سەيرى قىلدىمكى بازارنى،
كىشىگە دېمەي ھېچ بۇ ئەسرارنى.
بەلادى ئېرۇركىم ئەجەب خۇشنەما،
زەنۇ ئەر دوكاندا قىلۇر ئىقتىنا.
فۇزۇللاردا ئانداغ ئـېرۇر تۇمتەراق،
كىچىك ـ چوڭ، زەنۇ مەرد ئىچەرلەر ئەراق.
كېيىپدۇركى خەلقى فەرەڭ جامەسىن،
ئالىپ قوللارىغە دۇۋات خامەسىن.
خەتى ھەم فىئالى، سۆزى ئۆزگەچە،
كى ئەھۋالى باشقا يۈزى ئۆزگەچە.
يۈرۈپ سەيرى قىلدىم فۇزۇلى تەمام،
تاپاي دەپ بابانى قىلىپ ئىزدىھام.
يۈرۈرگە شەھەرنىڭ ئىچى ئېردى تەڭ،
فەرەڭ ئىچرە گويا ئىدىم مورى لەڭ.
چىقىپ كوچەسىدىن تاپىپ خالى يەر،
ئۇلۇس تارقاغۇنچە بولۇپ مۇستەقەر.
كېتىپ ئەل كۇشـادە بولۇپ چارسۇ،
چىقىپ ئاقساقالغە بولۇپ روبەرو.
قارادىم يۈزىگە قىلىـپ مەن سەلام،
مېنى كۆردى دېدى بۇ يەڭلىغ كەلام:
بار ئېردىكى مۇندا ماڭا بىر شەفىق،
ئاڭا بولدۇڭمىزمۇ بۇ تۇندە رەفىق.
دېدىمكى چىقىپ مەن ئۆيىدىن بۇگۈن،
مۇھىم ئىشلارىمدا بولۇپ رەھنەمۇن.
بۇ خاتەمنى بەردى نىشانە ساڭا،
قىلىپ نەچچە تۈرلۈك نەسىھەت ماڭا.
كۆرۈپ رەنگى رۇيۇم تەئەسسۇف قىلىپ،
ئالىپ باردى ئۆيگە تەكەللۇف قىلىپ.
دېدى: ئەي يىگىت تۇرفە نادانمۇ سەن،
بەھايىمۇ سەن ياكى ئىنسانمۇ سەن.

www.uyghurkitap.com



ئېرۇر بۇ شەھەرنىڭ ئىچى تىلسىمات،
كىشى كىرسە ھەرگىز تاپالماس نەجات.
دېدىممەن: خەبەر بەر بۇ ئىشدىن ئاتا،
ماڭا سىزنى قىلدى خۇدايىم ئەتا.
دېدى پىر: شەھەرنىڭ ئېلى بۇتپەرەست،
كى شەيتان لەئىنغە ئېرۇر پايى بەست.
بۇلار پادىشاھىكى مەلئۇن ئېرۇر،
يامانلىقدا ئانداغكى فىرئون ئېرۇر.
بۇ يەڭلىغ ئېرۇر رەسم ـ ئايىنلارى،
غەرىب ئەلنى كۆرسە كېلۇر گىنلارى.
يۇرۇر كوچەلەردە سىپاھى دەغەل،
تۇتۇپ يەتكۇرۇرلەر① ئانى دەرمەھەل.
كۆرۇپ ئول كىشىنى سۇرار پادىشاھ،
دېگىلكىم دىنىڭنى ئېرۇر قايسى راھ.
ئەگەر تۇتسا ھەركىم تەرىقىن نۇھۇفت،
بۇتى بار بۇلارنىڭ شەياتىنغە جۇفت.
كى ئېلتۇر سىپاھى ئانىڭ قاشىغە،
بۇتى سۆزلەپ ئەيلەر سىرىن فاشىغە.
بۇ مەردۇمدا قايىداغ ئېرۇر نىيىدەتى،
نە يەردىن كېلىپدۇر نېدۇر ھەم ئاتى.
نېدىن بوت ئىچىندە تۇتۇپ چىن مەقام،
تىرىك ئادەمدەك قىلۇر ئول كەلام.
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بولۇپ بىقەرار،
قىلۇر بۇتغە سەجدە مەئەلئىختىيار.
نە يەردىن شەھەرگە مۇسافىر كېلۇر،
ئاڭا چارە يوقكىم بۇ ئىشنى قىلۇر.
كېتەرگە قويار يوت مۇنى قىلمايىن،
بۇلارنىڭ قەۋائىدلارىن بىلمەيىن.
يۇرۇر يوللارىغەكى شەيتان لەئىن،
ئاڭا سېھرى بىرلە قويالار كەمىن.
قەچانكىم قاچارغە ئىرادە قىلۇر،
ئەجايىب مەرىزى ئىفادە قىلۇر.
ئۇچۇيدەك مۇتەۋۋەل بولۇپ ئالەتى،
ئاڭا روبەرۇكىم ئەجەب ھالەتى.

ياغاچدەك ئانىڭ كەيىندىن سۇدرەلۇر،
يېرىلىن تەي قىلۇرغە بۇ ئاجىز كېلۇر.
كىشى سەجدە قىلسا بۇتغە ئەگەر،
ئۆزىنىڭ ئېلىدىن بىلۇر مۇئتەبەر.
ئاڭا نەسىب ئەيلەر ئەمەلدارلىق
بۇ دۇنيادا بولماس ئاڭا خارلىق.
دېدىم: يەتسە ناگاھ بۇلاردىن زەرەر،
مەنى ناتەۋانغە بولۇك راھبەر.
دېدى پىر: بۇ ئىشغە قىلاي ھىيلەئى،
نېتاڭ بولسا ھىيلە ساڭا سىيلەئى.
ئېرۇر شەھەنىڭ ئوردا سىدا بىر ۋەزىر،
ئانىڭ قىزى بار دۇر ئەجەب بىنەزىر.
ئۆزى نۇرتەن ئانداغ مەلاھەتدە خوب،
بارى قىزلار ئىچرە سەباھەتدە خرب.
بۇ قىزنى ساڭا ئەقد قىلغۇمدۇرۇر،
نەسىب ئەتسە ھەي نەقد قىلغۇمدۇرۇر.
دېدىمكى: نەدەپ سۆز قىلۇرمىز ئاڭا،
قايۇ ۋەجھ بىرلە بېرۇر قىز ماڭا.
دېدى پىر: بۇلارغە ئېرۇر قائىدە،
ئانى قىلسا ھەركىم تاپار فائىدە.
كى باتىندا دىنىنى تۇتۇپ ئۇستۇۋار،
ۋەسەن سەجدە سىنى قىلىپ ئىختىيار.
ئۆزىنىڭ دىنىنى مۇئەززەم بىلىپ،
باشىن ئۇرسا بۇتغە مۇكەررەم بىلىپ.
ئەگەر شاھ بولسۇن ۋەگەر ئول گەدا،
بىرۇرلەر قىزىنى ئاڭا بىئەبا.
چىقار ئاڭلا شاھى بۇتى قاشىغە،
خەبەر ھەم بېرۇرلەر قارى ـ ياشىغە.
چۇ بۇتخانەسىگە كېلۇر فەۋج ـ فەۋج،
كى شەيتان لەئىنىنىڭ ئۇرار بەھرى مەۋج.
كىچىك ـ چوڭ بارىسى قىلۇرلار سۇجۇد،
كىرىپ بىرلە سەن ھەم ئېگىل ئاندا زۇد.
بۇ تەدبىر بىرلە تاپارسەن ئەمان،
سېنى كۆرسە ھەركىم يەتۇرمەس زىيان

① ئەسلى تېكىستتا «يېتكۇرۇپلەر» يېزىلغان. «يەتكۇرۇرلەر» قىلىپ تۈزىتىلدى.

بۇ تەدبىرنى ئەيتىپ مەنى ئامەغە،
داغى چۇلغاغايكىم يەڭى جامەغە.
يەنە مىنگەلى ھەم بېرىپ ياخشى ئات،
غىزا بەردى ئاندىن دېدى: مۇندا يات.
بۇ ئەندىشە بىرلە ياتىپ ئاتتى تاڭ،
فەرەڭ ئەھلى يۇردى سالىپ چۇن پاراڭ.
بۇ مەجمۇئ بىرلە رەۋانە بولۇپ،
ۋەلى دىندا ئانداغ يىگانە بولۇپ.
كى دەريا قاشىدا ئىكەن ئول كىنىشت،
يېتىپ باردى ئاندا ھەمە فېئلى زىشت.
بۇ گۇمراھلارنىڭكى بۇتخانەسىن،
قالىپ ئەقلىم ھەيران كۆرۈپ يانەسىن.
تەسەۋۋۇر ئېتەرگە زەبان گۇنگۇ لال،
نە ئاقىلدا ئىمكان سۇرەرگە مەقال.
كىچىك ـ چوڭ بۇ يەرگە كېلۇر دەمبەدەم،
نە ئېئلاسى قالغاي، نە ئەدناسى ھەم.
يىغىلدىكى ئاندا ھەمە بۇتپەرەست،
ئىچىپ خەمرسەرئى كەبى ئېردى مەست.
باش ئۇرماقغە كەلگەن ياش ئوغلانلارى،
بەئەينى بېھىشتىنىڭ كى غىلمانلارى.
سەياھەتدە يۇرگەن ھەمە دۇختەرى،
يۇزى ماھ يەڭلىغ كۆزى مۇشتەرى.
نە قالدى گەداسى ۋەنە شاھلار،
ئۇرۇپ بۇتغە باشىن بۇ گۇمراھلار.
كى تىڭشاپ ئىشىتۇر بۇتىنىڭ سۆزىن،
داغى تۇفراغىغە سۇرەرلەر كۆزىن.
نەدەپ ھۆكمى قىلسا ئاڭا چىن پۇتۇپ،
قوپار ئورنىدىن ئول زەمىننى ئۆپۇپ.

بە زاھىر قىلىپ مەن زەمىن بوسلۇق.
ئەمەس ئېردى ئانداغكى مەئىۇ سلۇق.
ئىشىتتىمكى پىردىن بۇلارنىڭ يولىن،
ئۆتۇپ بوسە قىلدىم بەرەھمەن قولىن.
سۆيۇپ ھەم يەنە شاھىنىڭ دەستىنى،
ئوقۇپ ئېردىم ئەۋۋەل ئىگىز ـ پەستىنى.
چۇ قىز بارەسىدە قىلىپ مەن سەبەب،
بۇ مەيداندا قىلدىم ۋەزىردىن تەلەب.
كى سۇلتانى قىلدى ۋەزىردىن سوئال،
بۇ كىمدۇركى قىلغان ساڭا ئىبتىھال.
دېدى پىر: بۇ بەچچە ماڭا ئەقرەبا،
كۆرۈپ خوب بۇت ئەتمىش دىلىنى رەبا.
كېلىپدۇر بۇ يەرگە باش ئۇرماق ئۇچۇن،
ئۆزىنىڭ دىنىنى ساۋۇرماق ئۇچۇن.
كۆرۈپدۇركى مۇندا ۋەزىرنىڭ قىزىن،
ئاڭا ئاشىق ئولمىش ئۆپەدۇر ئىزىن.
مۇڭا خىب كۆرۈنمىش فەرەڭلەر دىنى،
داغى مەرغۇب ئولمىش رۇسۇم ـــ ئايىنى
كىرەيدەپ بۇ دىنغە قىلۇر ئىلتىماس،
بۇ تۇركى ئىشىغە قىلىڭ كۆپ قىياس.
دېدى شەھ: بۇ يولنى قىلۇر ئىختىيار،
ئېرۇر مۇندا بۇتنىڭ سۆزى ئېئتىبار.
ئالىپ بار بەرەھمەن قاشىغە مۇنى،
چىقار بىر نىمە دەپ سىنەمنىڭ ئۇنى.
ئاياقچى ئەتا ئەيلە جامى سەبۇھ،
ئانى سىپقارىپ مەن تاپاي كۆپ فۇتۇھ
ئانىڭ كەيفى بىرلە بولاي مەستمەن،
نىگارىم بىلە بەلكى ھەمدەستمەن.

بۇ تاجىر بەچچەنى فەرەڭ پادىشاھىنىڭ ئۇمەرالىرى بەرەھمەن قاشىغە ئالىپ بارىپ، بۇتىنىڭ ئەمرى بىرلە پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ قىزىنى تاجىر بەچچەگە بۇيرۇپ بەرگەنى ۋە نەچچە مۇددەتدىن كېيىن خاتۇنى ئۆلۈپ، تاجىرنى ھىسارغە سولاغاندا، يەنە بىر فەرەڭنىڭ خاتۇنىنى كەلتۇرۇپ، ھىساردا ئىككەۋلەن تاپىشىپ، ئانچە مۇشەققەتلەر بىلە سىغىلنى تېشىپ، بىر مۇنچە جەۋاھىرلار ئالىپ، ئىككەۋلەن قاچىپ چىققانى ۋە خاجە بىلە مولاقات بولۇپ، خاجە ئۆز ئورنىدا ئانى پادىشاھ قىلغانى.

چۇ راۋى قىلۇر تۇرفە سۆز مۇختەرە
تولاق سال خىرەدمەند بولۇپ مۇستەمە.
دېدى شاھ: بۇتنىڭ قاشىغە يۇرۇڭ،
بەرەھمەنغە يىلدام مۇنى يەتكۇرۇڭ.

بەسى سۇرئەت ئەيلەپ كىرىپ راھىغە،
ئالىپ باردى شەيتان قەدەمگاھىغە.
سالىپ گەردەنىمغە قارا رىشتەنى،
بۇتىنىڭ قاشىغە يەتكۈردى مېنى.
دېدى: ئەي يىگىت ياخشى كىردارلىق،
قىلىپ رەھمەتىمدىن ئۈمىدۋارلىق.
كېلىپسەنكى بىلدىم خىيالىڭنى مەن،
كى بەردىم نە بولسا ۋىسالىڭنى مەن.
ئىشىتتى فەسانە بەرەھمەن لەئىن،
دېدى: شەھ قاشىغە بارالى يەقىن.
كى سۇلتانغە مۇنداغ كەلام ئەيلەدى،
بۇتىنىڭ سۆزىنى پەيام ئەيلەدى.
دېدىكىم: چالىڭلار مەزامىرۇ چەڭ،
نە خوشتۇركى تۈركى بولۇپدۇر فەرەڭ.
ئاڭا ئەقد ئەيلەڭ ۋەزىرىنىڭ قىزىن،
نېتاڭ سۇرسە كۆزگە بۇ قىزنىڭ ئىزىن.
قۇياش تۇشتى كۆكدىن بولۇپ ئافىلە،
ۋەزىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قافىلە.
ئەمىرۇ سىپاھۇ مۇلازىملارى،
بۇ تويغە كېلىپ بارچە خادىملارى.
ئالىپ چىقتى قىزنى مۇكەللەل قىلىپ،
پەرى ھۇر يەڭلىغ مۇشەككەل قىلىپ.
ئۆز ئايىنى بىرلە ماڭا قىلدى ئەقد،
كۆڭۈل مۇددىئاسى كېلىپ قولغە نەقد.
خەلايىق ئۆيىگە رۇجۇئ ئەيلەدى،
رۇجۇئ ئەيلەمەككە شۇرۇئ ئەيلەدى.
خۇسۇسەن يېتىمىشتى مەقاسىدغە سۆز،
قويۇلدى چۇنەۋرەس نىھالىغە كۆز.
بەسى ئۇلفەتىم بار ئىدى يارغە،
مەگەر قوندى بولبۇل چەمەنزارغە.
بولۇپ سۇبھى يايدى قۇياش نۇرىنى،
ساچىپ مۇشكى ئۈززە چۇكافۇرنى.
كى دىۋانە باردىم تەمەللۇق ئۈچۈن،
ئۇلار سەرۋەرىغە تەئەللۇق ئۈچۈن.
كۆرۈپ شاھ ئەيلەپ كۆپ ئىكراملار،
قىلىپ لۇتف — ئېھسان ئىنئاملار.
دېدى: شەھ كېلىپتۇر سەبا ۋە مەسا،
بولۇر بارچە كارىڭ بۇ يەردە رەسا.
تۇرۇپ ئاندا بىر يىل يەنە ئالتە ئاي،
بېرىپ ئېردى بۇشەھ شەھەر ئىچرەجاي.
بولۇپ قىز مۇقەددەر بىلە ھامىلە،
ۋە لېكىن تۇغۇلماي ۋەلىد كامىلە.
فەنا بولدى بەچچە تۇغۇلغان كۈنى،
ئاناسى كىسەلمەند بولۇپ ئول تۈنى.
ئۈچۈنچى كۈنىدە بەقاغە رەۋان،
بولۇپ رۇزگارىم يەر ئىچرە نىھان.
تۇتۇپ ماتەمىنى بولۇپ دەردناك،
پىچاق بىرلە قىلسام ئۆزۈمنى ھەلاك.
كى پەژمۇردە بولدى چەمەننىڭ گۈلى،
فىغان ـ نالە ئەيلەپ چەمەن بۇلبۇلى.
كېلىپ چۆرەسىگە زەغەن بىرلە زاغ،
قويار داغ ئۈززە يەنە تۇرفە داغ.
ئۇرۇپ رەھمى قىلمايكى مىنقارىنى،
بەسى يىغلاتۇر بۇلبۇلى زارىنى.
فىراقىدا بولدى باغىر پارەئى،
قادالغانچە جانغە ئىتىك خارەئى.
دەر ئېردىم دەرىغا بىلە ھەسرەتا،
ئۆتۈپدۇركى مەندىن ئۇلۇغراق خەتا.
كىرىپ كەلدى ئاندىن ۋەزىر نەھس شۇم،
دېدى: يىغلاما كۆپ دەھانەڭنى يۇم.
دېدىم: يىغلامايمۇ تۆكۈپ ئەشكى خۇن،
بولۇپدۇركى باغرىم مېنىڭ لالە گۇن.
بۇ سۇگ ئىچرە ناكەس تەزەللۇم قىلىپ،
ماڭا باقتى ئول شۇم تەكەللۇم قىلىپ.
نە ئىش قىلغۇڭ ئەمدى تۇرۇپ ئىچكەرى،
كى ئۇلتۇر ئىشكىدىن چىقىپ تاشقارى.
بۇ سائەت ئىچىندە بەرەھمەن كېلىپ،
مۇنىڭ ئارقاسىدىن نەچە تەن كېلىپ.
دېدى: جەمئى بولسۇن ھەمە ھىرفەگەر،
يۈرۈپ چىرلاسۇنلار ئانى دەربەدەر.

يېتىپ كەلدى بارچە ھۆنەرۋەرلەرى،
بار ئىېردى ئۆيىدە كۈمۈش زەرلەرى.
بۇ قىزنىڭ مەتائۇ لىباسىنى ھەم،
ئالىپ چىقتى قويماي سىنۇق بىر دەرەم.
بولۇپ پۇشتە يەڭلىغ بۇ ئەمۋاللار،
تۇرۇپ چۆرەسىدە كى دەلاللار.
بۇ مالنىڭ بەھاسىن قارار ئەيلەدى،
جەۋاھىر تىگىشتى فەرار ئەيلەدى.
بەرەھمەن بۇ يەردە تۇزۇپ ماجەرا،
جەۋاھىرنى قويماي سالىپ دۇرج ئارا.
دېدى: نان كەتۇرگىل بۇ مەسرۇقغە،
ئانى ھەم سالىپ بەر كى ساندۇقغە.
ياتىپ لۆقمە قىلسۇن گۆرىستان ئارا،
بولۇپدۇركى بەختى قازاندەك قارا.
مەنى بىر خەچىرغە سۇۋار ئەيلەدى،
گۆرىستان ئارا ئىختىيار ئەيلەدى.
ھەممە خەلق چەڭگى ـ چەغانە تۇزۇپ،
ئالىپ چىقتى يىلدام شەھەردىن ئوزۇپ.
كىشىكىم شەھەردە بولۇپ ھەمدەمىم،
كېتىپ ئىېردى لۇتفى بىلە كۆپ غەمىم.
مېنى كۆردى يانە كى دەرۋازەدا،
دېدىكىم: دەرىغا بولۇپسەن ئەدا.
ئەگەر قىلساڭ ئىېردى نەسىھەتنى گوش.
ساڭا ئۇرماس ئىېردى فەلەك زەھرى جوش
نېتەيكىم بۇ ئىشدا خۇدا بىرلە بول.
نېتاڭ قەيد ئىچرە يەنە بەرسە يول.
ئاقىپ ياش كۆزىدىن دېدى ئەلۋىدائ،
مەگەر بولماغايكىم بۇ جان ئىنقىتائ.
ئالىپ كەلدى قورغان قاشىغە مېنى،
ئۆلۈك خاتۇنۇمنىڭ باشىغە مېنى.
يېتىپ كەلدى يىلدام دەرۋازە بەند،
باقىپ مەن تەرەفكە قىلۇر ئىېردى خەند.
كىچىك ـ چوڭ فەرەڭلەركى زەھرىن ساچىپ،
ئالىپ كىردى بىزنى قابۇغنى ئاچىپ.
مەن ئەۋۋەلدە كۆرگەن ھىسارى ئىكەن،
لەئىن بۇتپەرەستلەر مەزارى ئىكەن.
ۋەزىرۇ بەرەھمەن قاشىغە كېلىپ،
كى ساندۇقلارىنى قولىغە ئالىپ.
دېدىكى: خەچىردىن نۇزۇل ئەيلەگىل،
بۇ قەلئە ئىچىدە خۇمۇل ئەيلەگىل.
مانا ساندۇقۇڭ بۇ مانا ھەم پۇلۇڭ،
مانا مۇردە بەچچە مانا خاتۇنۇڭ.
بەرەھمەن يۈزۈمگە باقىپ قىلدى خەند،
چىقىپ كەتتى قىلدى، قابۇغلارنى بەند.
يىغى زارى بىرلە بويۇم بولدى خەم،
مەگەر كىم يىقىلدى ماڭا كۆھى غەم.
يۈرۈپ ھىچ تاپالماي تۇرارغە مەكان،
قايان باقسام ئاندا تۇرار ئۇستىخان.
غەمىم تىغى ئەيلەپ كى باغرىمنى چاك،
كېلىپ قىزنى كۆردۈم بولۇپ خەشناك.
ئۆلۈك ئۇستىخانغە ئۇرۇپ پەشت پا،
ماڭا يەتتى سەندىن بۇ يەڭلىغ جەفا.
بولۇپ ئىېردىڭ ئەۋۋەل نەدەپ ھامىلە،
قىلىپ غەمگە مۇنداغ مېنى شامىلە.
يىراق قاچساڭ ئىېردى تۇغالماس كىشى،
بۇ يەڭلىغ بولۇرمۇ زەنانلار ئىشى.
ھەۋا ساف بولدى بەغايەت ئىسسىغ،
كىشى چۆمگەلى ھەم يوق ئىېردى ئارىغ.
ۋە لېكىن بار ئىېردى شىكافى كىچىك،
سىغار ئىېردى سوقسا ئاڭا بىر ئىلىك.
ئانىڭ بىرلە مۇندا كىرەر ئىېردى سۇ،
يېتەردى يۈيۈرغە ئىلىك بىرلە رو.
نە كۈندۈز غىزايى نە تۈن ئۇيقۇ يوق،
تىلەرمەن خۇدادىن ھېلى ئۆلسەم ئوق.
بۇ مىھنەت ئارا ئۆتتى قىرق كۈن تەمام،
چىقارغە ئىشىك يوق قايان باقسا تام.
ئوزۇق تالقانىم يوق بۆلۇپمەن غەرىب،
ۋۇزۇ ئەيلەدىم ئول تۆشۈككە بارىپ.
دېدىم: ئەي خۇدايى كەرىم بىمىسال.
ئەھەد سەن، سەمەد سەن، غەنى لايەزال.

مەنى بۇ بەلادىن خەلاس ئەيلەگىل،
ئىرىكلىك گۇلۇم ئىختىساس ئەيلەگىل.
ئۆزۈم قىلغان ئىشغە پۇشايمان قىلىپ،
قابۇغغە كېلىپ ئاھ ـ ئەفغان قىلىپ.
تۇرار ئېردىم ئولدەم دېبان ھەسرەتا،
بۇ ئۆتكەن كۈنۈمگە يىبان ھەسرەتا.
ئالىپ كەلدى مۇردە بۇ گۈەراھلار،
كىچىك ـ چوڭ بەرھەمەن بىلە شاھلار.
بۇ مەيىيىتكە خاتۇن ئىدى پىرەزال،
كۇياۋ ماتەمىدە قىلۇر ئىبتىھال.
بېرىپ ھەم قارىغە بۇ يەڭلىغ ئوزۇق،
چىقىپ كەتتى خەلقى ئېتىلدى قابۇق.
ئۇرۇپ ئېردىم ئانىڭ باشىغە تاياق،
جەھەننەمگە قويدى بۇ كەمپىر ئاياق.
خۇداۋەندى كەۋنۇ مەكانغە سەنا،
دېدىم، كۆپ سۆيۈندۈم يىدىم ھەم غىزا.
ياتار ئېردىم ئاندا تۇتۇپ گوشەئى،
تۈگەنمەسدە يانە يېتىپ توشەئى.
ئۆتۈپ نەچچە ئايلار يەنە بىر كۈنى،
قولاغىمغە يەتتى فەرەڭگى ئۈنى.
ئالىپ كەلدى مۇردە بۇ ئەتۋار ئىلە،
كى بىر قىزنى ئانچە يىغى زار ئىلە.
قەددى سەرۋى يەڭلىغ يۈزى گۇل ئېرۇر،
ھەمە ھۆسن ئەھلى ئاڭا قۇل ئېرۇر.
ئانىڭ ئىشق ئوتىغە گىرىفتار ،ئولۇپ،
چۇشەمشاد قەددىم نىگۇنسار ئولۇپ.
دېدىمكى: بۇ قىزغە فەسانە قىلاي،
كۆڭۈل خاھىشىنى تەرانە قىلاي.
ياقىن يەتمەيىن ئول گۇرىزان ئولۇپ،
تاچىپ يىغلادى ئول فەرىشان ئولرپ.
يەنە ئەزم قىلدىم قاشىغە باراي،
مۇڭا ياخشى سۆزلەپ نەچە يالباراي.
تاچار ئېردى قورقۇپ قىلىپ سادەلىك،
بىناگاھ بولدى بىر ئەفتادەلىك.
يىقىلدىكى قورقۇپ كېتىپ ھۇشىدىن،
قۇچاقىمغە ئالدىم يۆلەپ دوشىدىن.
زەماندىن كېيىنرەك يۈزىن ئاچتى ئول،
ياغىنلىق بۇلۇتدەك ياشىن ساچتى ئول.
تەسەللىيى خاتىر دېدىم ياخشى سۆز،
بولۇپ ئەندەكى رام بۇ قىز ئاچتى كۆز.
قۇرۇغ نان ئىسىغ سۇ قويۇپ جامغە،
يېدۇردۇمكى ئالداپ بۇ گۇلفامغە.
قىلىپ نۇكتەلەر خۇش زەبانلىق بىلە،
قاشىدا تۇرۇپ پاسىبانلىق بىلە.
دېدىم: نەسلىڭىز كىمدۇر ئەي سىيمبەر،
نېدىن باش چېكىپدۇر بۇ يەڭلىغ خەتەر.
دېدىكىم: ئاتام شەھغە دىۋان بېگى،
نە دىۋان بېگى بەلكى ئەيۋان بېگى.
مېنى ئەقد قىلدى ئەمەكزادىمە،
ئەجەل بادى تەگدىكى شەمشادىمە.
يىقىلدىكى بولدى جەھاندىن فەنا،
ئالىپ كەلدى بىرلە مېنى ھەم يانا.
دېدىم: ئەي پەرىۋەش مەلال ئولماغىل،
بۇ غەم بىرلە تىيرە جەمال ئولماغىل.
نە ئىش يەتسە سىزگە مۇرۇۋۋەت قىلاي،
بۇ مىھنەت يېرىدە باشىڭنى سىلاي.
ئىناياتى ھەقدىن مۇسۇلمان بولۇپ،
يامان ئىشلارىدىن پۇشايمان بولۇپ.
كى ئەركانى ئىسلام ئىشىن باشلادى،
فەرەڭگى دىنىنى يىراق تاشلادى.
دېدىم: قورغان ئىچرە يۈرەلى ئىكەۋ،
سۆزۈم باۋەر ئەتسەڭ بولاي ھەم كۈيەۋ.
قىلىپ سۆزنى باۋەر ماڭا بولدى جۇفت،
كۆڭۈل مۇددىئاسى كېلىپ قولغە مۇفت.
بولۇپ ئۈچ يىل ئاندا ماڭا غەمگۇسار،
بۇ يەردىن چىقارنى قىلىپ ئىختىيار.
دېدىم بىر كۈنى: ئەي كۆڭۈل راھەتى،
دەمى يوق تۇرارغە ماڭا تاقەتى.
دېدى: رەھمى قىلسا خۇدايى جەھان،
جەھەننەم ئىچىدىن تاپارمىز ئەمان.

بۇ شېرىن سۆزىدىن دىلىم ئۇردى جۇش،
بولۇپ مەست ئانداغ يىراق بولدى هۇش.
ئۆتۈپ سائەتى خاتىرىم بولدى جەمئ،
قاراڭغۇ سەرايغە يەنە ياندى شەمئ.
دېدىم: ئەي خۇدايا سەممۇ بەسىر،
كى دۈشمەنگە بولدى بۇ بەندەڭ ئەسىر.
خەلاس ئەيلەگەيسەن ئانىڭ دامىدىن.
ئىچۈرگىل شەرابى فەرەخ جامىدىن.
ئوشۇلدەم يىقىتتىكى جىسمىمنى خاب،
يىراۋ ئۇيقۇ ئىچرە قىلىپ بۇ خىتاب.
چىقىڭ تۆشۈكىدىن بىشارەت بۇدۇر،
ساڭا فەزلى هەقدىن ئىشارەت بۇدۇر.
چۇ بىدار بولدۇم يېتىپ خوشخەبەر،
دېدىمكى: تاپارمىز خەتەردىن زەفەر.
يەنە خاتىرىمغە كېچەر بۇ خىيال،
خەلاس ئولماقىم بەس ئەدەستۇر مەهال.
يەنە هىممەت ئىلە تەئەممۇل قىلىپ،
كى هەيىۇ قەدىمغە تەۋەككۇل قىلىپ.
كى تابۇتلارنىڭ ئالىپ مىخلارىن،
نە مىخلارنى ئالدىم تۆمۈر سىخلارىن.
كۈن ئولتۇردى باردىم تۆشۈك سارىغە،
تۆمۈر سىخنى ئۇردۇم سېغىل خارىغە.
بولۇپ رەخنە ئەندەك سەغىرە شىكاف،
كى مىهنەتدە بولدۇم زىيادە ئىجاف.
ئۇرۇپ سىخنى ئانچە قىلىپ ئىزدىهام،
بۇ دىشۋارلىقدا بولۇپ يىل تەمام.
بېرىپ تەڭرى نۇسرەت تېشىلدى سېغىل،
دېسەم بارچەسىنى بولۇر سۆز تەۋىل.
تېرىپ كىسەلەرگە جەۋاهىرلارىن،
ئالىپ تۈرفە ـ تۈرفە گەۋاهىرلارىن.
ئۈمىد ئولكى يەتسە ماڭا بىر تەئەب،
هەيات ئولماقىمغە بولۇر بىر سەبەب.
ئۆتەر ئۆمر ئەيشۇ فەراغەت بىلە،
ئەگەر بولماسا زەر نەدامەت بىلە.
تەلەب بىرلە بولدۇم قىلىپ جۈرئەتى،
هىساردىن چىقارغە ئېتىپ سۈرئەتى.

خەلاس ئەتتى تەڭرىم سېغىل قەيدىدىن،
كى ئازاد بولماق رەقىب سەيدىدىن.
ئالىپ كىسەلەرغە جەۋاهىرنى مول،
سېغىل ئىچرە تاپغان بار ئېردى ئوغۇل.
ئالىپ يولغە كىردۈك تەهەييۇر بىلە،
بەيابان سارىغە تەفەككۇر بىلە.
سەفەر بىرلە ئۆتتى بىر ئاي نەچچە كۈن،
كى ئارام ئالماي نە كۈندۈز نە تۈن.
قونۇپ يۈزلەرىمغە يولۇم تۇفراغى،
غىزايىم گىيا ۋە شەجەر ياپراغى.
كۆرۈنمەي كىشىگە ئەدۇۋ ۋەهمىدىن،
ئېمىن بولغامىز دەپ ئانىڭ زەخمىدىن.
ئەيا پادىشاها فەقىرلەرغە باق،
سەخا دامەنىنى غەرىبلەرغە قاق.
ئۇل ئىككى مۇسافىر بۇ سۆزنى دېدى،
ئۇلار هالىغە كۆپ ئىچىم ئاغرىدى.
ماڭا مەئلۇم ئولدى ئانىڭ هىممەتى،
كۆڭۈلگە پەيدار ئولۇپ رەئفەتى.
جەهان سازلىقدا مۇجەررەب بىلىپ،
سەركار قىلدىم مۇقەررەب بىلىپ.
ئۇلار بىرلە ئۇلفەت ئولۇپ روزۇشەب،
قىلىپ هەمنىشىنلىق بولۇپ هەم تەرەب.
كۆچى خاتۇنۇمغە بولۇپ هەمدەمى.
بارى راست ئېردى ۋەلى يوق غەمى.
تۇتار ئېردىم ئانداغ ئانى مۇهتەرەم،
بولۇپ ئوردا ئىچرە ۋەزىر مۇهتەشەم.
قىلىپ ئىشلارىدا ئۇل ئاگاهلىق،
ئۆتۈپ بۇ رەۋىشدە شەهەنشاهلىق.
نەچچە يىل فىرەۋندە كۆرۈپ دەۋلەتى،
كېلىپ ئېردى قولغە فۇزۇن شەۋكەتى.
بەسى خوشلۇق ئىلە ئۆتۈبان كۈنۈم،
قەزا بىرلە ناگاه ئۆلۈپ خاتۇنۇم.
بولۇپ ئېردى ئاندىن ماڭا ئۆچ ۋەلەد،
ئۆزى بىرلە كەتتى بەهۆكمى ئەهەد.
فەراغەت كۈنىگە غەم ئولدى بەدەل،
دېدىم تاشلا شەهلىق ئىشىن ئەي دەغەل.

چۇ بىلدىم جەھاننىڭ ۋەفاسى بۇدۇر،
ۋەفا ئورنىغە ھەم جەفاسى بۇدۇر.
ئەگەر بولسا فەرزەند ساڭا كاشكى،
شەجەردۇر بىخ ئولغاي ئاڭا كاشكى.
كېتىپدۇركى فەرزەند ئىلە ياخشى جۇفت،
قارا يەر ئىچىدە بولۇپدۇر نۇھۇفت.
بۇ ئازار بىرلە بولۇپ كۆپ مەلال،
ئەلىدەك نىھادىم بولۇپ مىسلى دال،
دېدىم: بەند بولماي زەمان چاھىغە،
بارىپ ئەرز ئەيلەي فەرەڭ شاھىغە.
بۇ شەھلىقنى مەندىن جۇدا ئەيلەسە،
يىراق ئەتسە مەندىن ئەدا ئەيلەسە.
ئالىپ باردىم ئانىڭ قاشىغا مۇنى،
ئەمىرلىقىغە لايىق دەبان ئولكۇنى.
كى شەھغە دېدىم: ئەي فەرەڭ مىھتەرى،
قىلىپدۇر سېنى ھەق ئۇلۇس سەرۋەرى.
ئىشىكىڭگە كەلدىم بولۇپ داد خاھ،
كى ئورنۇمدا قويساڭ مۇنى پادشاھ.

كى سۇلتان سۆزۈمنى پەزىر ئەيلەدى،
كۆڭۈل ئىللەتىغە گۇزىر ئەيلەدى.
كى تۇججار بەچچە چىقىپ تەختكە،
سەزاۋەر بولدى ئۇلۇغ بەختكە.
چۇ بەندەر سەردىن ئاڭا تاشلادىم،
ئىتىمغە ۋەفالىق ئىشىن باشلادىم.
ئاغامغە بۇ يەڭلىغ جەفالار قىلىپ،
قايۇ يەرگە بارسام يۈرۈرمەن ئالىپ.
ئەگەر ياتنى كۆرسەم ۋەگەر يارنى،
دېمەي ھىچ كىشىگە بۇ ئەسرارنى.
جەھان ئىبتىلاسى قىلىپدۇركى مەست،
پىسەندىدە بىلدىم دىسە سەگپەرەست.
چۇ شەھ ئاڭلادى خاجەنىڭ سۆزلەرىن،
نە ياخشى قىلىپسەن دەبان ئافەرىن.
ئاياقچى كەرەم قىل ماڭا جامنى،
يايىپدۇر فەلەك مىكىر ئىلە دامنى.
ئىچىپ ئاندىن ئەيلەي ئۆزۈمنى خەلاس،
كى شاھى جەھانغە تاپاي ئىختىساس.

**پادشاھ ئازادە بەخت خاجەنى ئالىپ كەلگەن ۋەزىرنىڭ قىزىدىن سۆز سوراپ، ئانىڭ خاتۇن ئىكەنى ئاشكارا بولغانى ۋە پادشاھ ۋەزىرنىڭ ئىتتىفاقى بىرلە ئانى خاجە سەگپەرەستكە نىكاھ بىرلە ئالىپ بەرگەنى**

يەنە ئەيدى بۇ شەھ ئوغۇلغە قاراپ،
كى سەن ھەم فەسانەڭ دېگىل ئەي شەباب.
كىرەكدۇركى ئەسلىڭ تەرەفدىن دەلىل،
بولۇرسەن نەدىن جەۋابىن دېگىل.
دېدى ئول: شەھەنشاھ ئالىي كەرام،
خۇدا ئەيلەسۇن دەۋلەتىڭ مۇستەدام.
ئېرۇرمەن فىلانى ۋەزىر دۇختەرى،
بىلۇر ئېردى گويا باشى ئەفسەرى.
يىراق ئەيلەدىكىم ۋەفاسىن زەمان،
نېتەي قىلدى مۇنداغ ستەمگەر جەھان.
بىناگاھ ئاتامغە بولۇپ خەشمناك،
كى زىندانغە سالدىڭ قىلاي دەپ ھەلاك.

ئاتامغە مېنىڭدىن بۆلەك يانا پۇر
يوق ئېردىكى بولدى ماڭا ئىش زەرۇر.
ياساندىم ئەرەنچە تۇتۇپ سىرنى خاس،
ئاتامنى بەلادىن قىلاي دەپ خەلاس.
كى ھالىم بۇ ئېرمىش ئەيا پادشاھ،
كى بەرسۇن غەزەبدىن خۇدايىم پەناھ.
يەتۇردۇم خاجەنى ئۇزاق جايىدىن،
مۇرادىم ئاتامنىڭ سۆزى بولسا چىن.
تۈگەتتى چۇ قىز سۆزلەرىن بولدى پەست،
داغى بىلمەس ئېركەن خاجە سەگپەرەست.
بولۇپ خاجە كۆڭلى بۇ ئىشدىن مەلۇل،
دېدي: شەھرىيارا دەر ئېردىم ئوغۇل.

کۆتەرلدی ئەمدی کۆڭۇل شەفقەتی،
ئەجەب تارتىپ ئېردىم تولا زەخمەتی.
دېدی: ئاھ - ۋاۋەيلا ئۇرۇپ ئاھی سەرد،
کی سىماسی سەدبەرگ کەبی بولدی‌زەرد.
يۈزدنی زەمىنغە قىلىپ سۇدەئی،
دەرىغ چەکمىسەم رەنج بىھۇدەئی.
خىيال ئىچرە کەچکەن مەقاسىد قانی،
نۇمۇسىدا بولدۇم مۇسائىد قانی.
دېدی شاھ: مۇسافىر مۇرادىڭ نىمە،
کی بىھۇدە ئىشقە تولا غىم يىمە.
دېدی خاجە: شاھا، يۈق ئېردی بالام،
يېتىشتىکی ئۆمرۈم بولۇرغە تەمام.
بۇ شەھ سەگپەرەستکە تەرەھھۇم قىلىپ،
شەکەردىن سۇچۈکرەك تەکەللۇم قىلىپ.
ئاتاسىغە فەرمان قىلىپ شۇلزەمان،
قىزىڭنى دۇئا تۈي قىلاي بىر ئەيان.
نەفىس جامەلەرنی نىسار ئەيلەدی،
ئەجايىب ئەدالەت شىئار ئەيلەدی.
قەدىمقی سۇفەتدىن قىلىپ ئېھتىرام،
بېرىپ هەم ۋەزىرلىق يېرىدە مەقام.
کی ئامادە بولدی هەمە تۈي ئىشی،
بولۇپ جەمئی تۈيغە تۈمەن مىڭ کىشی.
چۈشەھ لۇتفی بىرلە تاپىپ ئىش سەلاھ،
قىلىپ سەگپەرەستغە بۇ قىزنی نىکاھ.
بولۇپ نەچچە يىللار ئاڭا روزگار،
تۇتۇپ بۇيرۇغىنی ئانىڭ ئۇستۇۋار.
باری ئۆمری ئىچرە قاراماي سىتىمز،
ئوغۇل تۇغدی بىرنی يەنە ئىککی قىز.
يۈرۈپ ئوردا ئىچرە ئىتائەت بىلە،
کېچىپ ئۆمری ئەيشۇ فەراغەت بىلە،
تۇرۇبان قاشىدا قىلىپ ئېھتىمام،
ۋەزارەتدە ئۆمرىن ئۆتکەتتی تەمام.
قىلىپ شەھ سۆزىنی بۇ يەڭلىغ ئەدا،
ئىشىتتی بۇلار بارچەسی غەمزەدا.
دەرىغا جەھانىڭ ئىشی بىۋەفا،
ۋەفا ئىزدىگەنگە قىلۇر مىڭ جەفا.
بىراۋ شاھ بولسا سۇلايمان کەبی،
داغی ئۆمر تاپساکی لوقمان کەبی.
فەرىدۇن، دارا بولۇپ خادىمی،
خىرەدمەندی دەۋران ئانىڭ نادىمی.
هەرەم بولسا، يانە پەری بىرلەهۇر،
بولۇر ئاقىبەت هەم ئاڭا جايی گور.
ئىلاها ئېرۇرمەن بەسی سادە گول،
قىلىپمەنکی نەفسىم سۆزىنی قەبۇل.
جەهان ئىشلارىغە بولۇپ مۇشتەغىل،
غۇباری هەۋەسنی قىلىپ مۇکەھىل.
نىسىب ئەيلەگەيسەن هىدايەت يولىن،
پۇشايمان تەۋبە ئىنايەت يولىن.
ساڭا ئاشکارا ئېرۇر هالىمىز،
گۇنەھ بىرلە ئۆتتی هەمە سالىمىز.
بۇ گۇمراھ قۇلۇڭغە قىلىپ مەرھەمەت،
خەتا ئىشلارىمنی ئېتىپ مەغفىرەت.
يۈزۈم قىر ئولۇپدۇر بەياز ئەيلەگىل،
مەقامىمنی رەۋزە رىياز ئەيلەگىل.
ئەدۇۋۋ قەيدی ئىچرە بولۇپمەن ئەسىر،
ئۇلۇغلارنی ئەيلە ماڭا دەستىگىر.
زىيائىغە لۇتف ئەيلەبان قىل کەرەم،
يەتۈر فەيز رەھمەت ئاڭا دەمبەدەم.
ماڭا مۇل کەرەم قىل ئەيا پىری دەير،
قىلاي چۈن مۇھەببەت هەۋاسىدا سەير.
قىلاي ئۆزنی کەيفی بىلە پارسا،
شەهی فارس يەڭلىغ قىلاي مەن هەۋا.

**لۇغەت**

ئارىمدە — تېچ، خاتىرجەم
ئافىلە — ئولتارغان (کۈن)، زاۋالغا يۈز تۇتقان

www.uyghurkitap.com



ئامە — ① پۇقرا، ئاما ② ئادەتتىكى
ئامىلە — ئەمەل قىلغۇچى، ئىشلىگۈچى، گۇماشتا

## ئە

ئەجۇرە — ئىش ھەققى، مۇكاپات؛ (بىرلىگى: ئەجىر)
ئەجىر — ① ياللىغان، ئىجارىگە ئالغان ② ياللانما ئىشچى، چاكار
ئەرغەنۇن — بىرخىل چالغۇ ئەسۋابى
ئەزا — ① زىيان، زىيانكەشلىك ② ئازاپ، دىلخەستىلىك
ئەزل — بوشىتىش، مەنسەپتىن ئېلىۋېتىش
ئەسەس — كېچىلىك قاراۋۇل (گۆزەتچى)
ئەففاك — يالغانچى، ئويدۇرمىچى، پىتنە - پاساتچى
ئەمم — چوڭ دادا، تاغا
ئەمىق — چوڭقۇر
ئەنبۇھ — زور مىقداردا، كىشىلەر توپى
ئەھەم — مۇھىمراق، ئېغىرراق
ئەھفاد — نەۋرىلەر، ئەۋلادلار
ئەھقاق — ئەگرى - بۈگرى بولۇپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇم بارخانلىرى
ئەۋان — جەۋرى - زۇلۇم سالغۇچى، ياساۋۇل، مىرشاب
ئەيرۇ — باشقا، ئۆزگە

## ب

بافتە — ① توقۇلغان ② توقۇلما
بەخمەل — مامۇق
بەدىغ — ① كەشپىياتچى ② يېڭى، ئاز كۆرۈلىدىغان
بەرايى — ① ئۈچۈن ② چۈنكى...سەۋەپتىن
بەرر — چوڭ قۇرۇقلۇق، قۇرۇقلۇق
بەرشەم — تاۋار - دۇردۇن، يىپەك توقۇلمىلار
بەززاز — كىيىملىك ساتقۇچى، گەزلىمە پۇرۇش
بەسا — كۆپ، كۆپىنچە
بەلاكەش — ئازاپ چەككۈچى
بەناھەق — ئادىل بولمىغان، نامۇۋاپىق، قانۇنسىز، توغرا ئەمەس
بەنگەلە — ① كەپە، ئالچۇق ② يازلىق داچا

بەھايىم — تۆت ئاياقلىق ھايۋان
بەھرۇ بەر — دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق؛ پۈتۈن دۇنيا
بەۋۋاب — ئىشىك باققۇچى، دەرۋازىۋەن
بەئىد — ① ئۇزاق، يىراق ② ئاز كۆرۈلىدىغان
بەيئۇشەرا (ئ) — سېتىقچىلىق، تىجارەت
بۇقئە — جاي، رايون
بىش — نۇرغۇن، ئارتۇقچە
بىشۇكەم — ئازدۇر-كۆپتۇر
بىمۇدارىك — ماتېرىيالسىز، ئىسپاتسىز، دەلىلسىز، ھۆججەتسىز
بىمبەھەن — جاپاسىز، ئازاپسىز
بىيەكبارە — بىردىنلا، دەرھال، ئۇشتۇمتۇت

## پ

پاش توتماق — ساقلىماق، قورۇقلىماق
پاكار (~پايكار) — خىزمەتكار، سېلىق يىققۇچى
پامەرد (~ پايمەرد) — ياردەم قىلغۇچى، ھامىيلىق قىلغۇچى
پەرەستىش — تېۋىنىش، چوقۇنۇش
پەرۋە — ئولجا، غەنىمەت
پەلەڭ — قاپلان
پۇرسىش — سوئال
پۇشتە — تۆپىلىك، دۆڭلۈك، دۆڭ
پۇلۇس — ياغلىما سۆز، خوشامەتكويلۇق

## ت

تاغۇت — ھەيكەل، بۇت
تەبەھكار — ئىش بۇزغۇچى، بۇزغۇنچى
تەراۋەت — يەڭگىللىك، يېنىكلىك، ئازادىلىق
تەرەققۇس — ئۇسسۇل ئويناش، لىڭشىش
تەرۇ تازە — ياشنىغان، گۈللەنگەن
تەفەھھۇس — ① ئىزدەش، ئىستەك-سوراق ② تەكشۈرۈش
تەقۋىيەت — قۇۋۋەتلەندۈرۈش، ياردەم بېرىش
تەگرە — ئەتراپ، ئەتراپى، چۆرىسى
تەڭ — تار، قىستاڭچىلىق

www.uyghurkitap.com

تەلاتوم — ① دولقۇنلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلىشى، دولقۇنلارنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلىشىدىن چىققان ئاۋاز ② ھاياجانلىنىش، چايقىلىش

تەلالا — ① ئاھاڭ، كۈي ② ۋاقىراش، توۋلاش

تەلەتتۇف — سىلىق-يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش؛ ئەكىلەش، يېقىنلىق، ئامراقلىق

تەلەف — نابۇت، ھالاك، يوق قىلىش

تەمەسخۇر — مازاق قىلىش، زاڭلىق قىلىش

تەمەسسۇك — چەك، ھۆججەت

تەھەۋۋۇر — تەپتارتماسلىق، چەكلىمىسىزلىك. قارامىلىق، يېڭىدىلىك

تەھنىيەت — تەبرىكلەش، قۇتلۇقلاش

تەھى — ئەڭ ئاستىنقى

تەۋابىئ — ئەگەشكۈچىلەر، بويسۇنغۇچىلار، مۇرىتلار

تەۋاجىر — سودىگەر

تەئەددۇب — ① تەربىيە كۆرگەن، ئەدەپلىك ② ئىنتىزام ساقلاش

توي — زىياپەت

تۇخمى كىن — ئاداۋەت ئۇرۇغى، دۈشمەنلىك ئۇرۇغى

تۇمتەراق — تەنتەنە، دەبدەبە

تۈگەشتى — تۈگىمتىشتى، ئاخىرلاشتۇرۇشتى

تۈگەنمەسدە — تۈگىمەستە، تۈگەپ كەتمەستە

تىراز — ① زىننەت، بېزەك، نەقىش ② ئۇسۇل، رەۋىش، تەرىز

ج

جارىيە — چۆرى

جەرىد — يالغۇز، يەككە، تەنھا

جەزەئ — ① بىتاقەتلىك ② قايغۇ-ھەسرەت، دات-پەريات؛ ئەنسىزلىك

جەستە — سەكرىگەن، ئىرغىپ چىققان

جەيب — ① ياقا (كىيىمنىڭ) ② چۆنتەك، قويۇن ③ كۆڭۈل، دىل، مۇددىئا

جۇزۋەكول — قىسمەنلىك ۋە پۈتۈنلۈك

جۇل — يوپۇق

جۇلۇس — ئىررۇنلىشىش، ئولتۇرۇش

جۇنۇد — قوشۇنلار، لەشكەرلەر

جۇي — ئېرىق، ئۆستەڭ

جىددۇجەھد — قاتتىق تىرىشىش، ئەستايىدىل كىرىشىش

## چ

چەغانە — ① قوڭغوْراققا ئوخشايدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى ② بىر خىل مۇزىكا

چىغ — چىق (چىقماق)

## خ

خاست ① خاھىش، ئىستەك، تىلەك ② سوراش، تەلەپ

خەبباز — ناۋاي، بولكىچى

خەتىر — خەتەرلىك، قىيىن، ئېغىر

خەرۇ ئەستەر — ئېشەك ۋە خېچىر

خەلا ۋە مەلا — يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا

خەمەر — بىر توپ، بىر گۇرۇھ

خەۋاقىن — خاقانلار

خۇراج — كۆيدۇرگە؛ يىرىڭلىق يارا

خۇلقەت — تەبىئەت، خۇلق، سۆز - ھەرىكەت

خۇمۇل — نامەلۇملۇق، ئېنىقسىزلىق، نامى ئۆچۈش، نام - نىشانسىزلىق

خىسال — خىسلەتلەر

## د

دارا — ① ئىگە، ساھىپ ② شاھ، پادىشا

داۋەر — ھاكىم؛ پادىشا

دەبىر — كاتىپ، مىرزا

دەردە (~دەرد) — يىرتىق، جۇلجۇل

دەست بەرمەك — مۇيەسسەر بولماق، ھاسىل بولماق

دەغەل — مەككار، ھىلىگەر، بۇزۇلغان

دەمدەمە — ① ھىلىگەرلىك، ئالداھچىلىق ② ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ۋاقىراش

دەنانىر — دىنارلار

دەۋات — دۆۋەت، سىيادان

دۇر — يىراق، ئۇزاق (دۇرئەيلە: يىراق قىل، قۇتقاز)

دۇرۇغ — سەپسەتە، بىمەنە سۆز، ئالدامچىلىق

دۇش — مۈرە، يەلكە

دۇيۇمى بارە — ئىككىنچى قېتىم

www.uyghurkitap.com



دىژەم — ① خار، ئېزىلگەن، سولغۇن، خاراپ ② ئاسان غەزەپلىنىدىغان، تېرىككەك ③ ھەسرەت چەككەن

دىلدۇز — كۆڭۈلدىن غەمنى كەتكۈزگۈچى

دىلفۇرۇز — كۆڭۈلنى شات قىلغۇچى

دىيەت — پۇل تۆلەپ قۇتقۇزۇۋېلىش؛ خۇن پۇلى

ر

رابىتە — ئالاقە، باغلىنىش، زەنجىر، تەرتىپ، قائىدە

راغ — ① تاغ ئېتىكى، ئوتلاق، كۆكلەمزارلىق ② باغچا

رەبا — تارتقۇچى، ئالغۇچى (سۆز بىرىكمىسىدە كېلىدۇ)

رەخنە — تۆشۈك، يېرىق، دەز

رەسا — ياڭراق، ئاڭلىغلى بولىدىغان، لايىق كېلىدىغان، مۇۋاپىق

رەغىن — يۇمۇلاق بولكا، توقاچ

رەگ — قان تومۇر، تومۇر

رەۋزە رىياز — ① باغ ② جەننەت

رەئفەت — مېھرىۋانلىق، غەمخورلۇق، خەيىرخالىق

رەيب — گۇمان، شۈبھە، شەك

روز كەچۈر — كۈن ئۆتكۈزمەك

رۇباھ — تۈلكە

رۇجۇئ — قايتىش ② مۇراجىئەت③ يۈكلەش، تاپشۇرۇش

رۇۋە — ① يۈز، ئەن، تاشقى كۆرۈنۈش ② قاپلىما

رىزە — پارچە، سۇنۇق، كىچىك

ز

زابىتە — قائىدە، تەرتىپ، پىرىنسىپ

زانۇ — تىز، (تېۋە زانۇمى: تۆگىنىڭ تىزى)

زەبت — قولغا ئېلىش، تۇتۇش، ئىگىلەش، ئىشغال قىلىش

زەجرىت — ① قىيناش، زورلاش، ئازاپلاش ② مەنى قىلىش

زەرفە — سۈيۈق نەرسىلەر قاچىلىنىدىغان ئىدىش، مەي قاچىسى

زەرىف — نازۇك، لاتاپەتلىك، خۇشخۇي، زېرەك

زەغەن — قوزغۇن

زەم — توپلىنىش، يىغىلىش، قوشۇلۇش

زەنان (~زەنانە) — ئايالالارنىڭ، ئايالچە
زەھەب — ئالتۇن، تىللا
زۇد — تېز، تېزلىك بىلەن
زىشت — خۇنۇك، يامان
زىمام — ئىختىيار، (ئەسلى مەنىسى ژۈگەن تىزگىن)
زىن — ئەگەر
زى — ئىگە

## س

سەبات — قەتئىيلىك، چىڭ تۇرۇش، تۇرغۇنلۇق
سەبا ۋە مەسا — ئەتىگەن ۋە ئاخشام
سەبۇھ — تاڭ پەيتىدىكى ئىچكىلىك
سەدبەرگ — كۆپ بەرگلىك، بەرگى قات - قات
سەرا پەردە — ① ساراي پەردىسى، كاتتا پەردە ② پادىشا چېدىرى
سەرھەد — ① چېگرا، دۆلەت چېگرىسى ② چەك، دائىرە
سەرئ — ھۇشسىزلىنىش، تۇتقاقلىق كېسلى
سەمەن — باھا، قىممەت
سەمىئۇ بەسىر — ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچى
سەنج — ① ئېغىرلىق ② جىڭ تېشى
سەۋايىق — باشقىلار
سەۋمەئە — خىرىستىيانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى، راھىپ ھۇجرىسى
سەئىر — ① ئوت، يالقۇن ② دوزاق
سەيھە — ۋاقىراش، توۋلاش، قىچقىرىش
سۇرۇد — قوشاق، كۈيلەش، مۇزىكا
سۇكر — مەستلىك
سۇگ — ① ھەسرەت، ئازاپ ② دەپنە (ئىشى)
سۇنەن — سۇننەتلەر، ئەنئەنىلەر، ئادەتلەر، قائىدىلەر، مىزانلار
سۇنئى — ھۈنەر، سەنئەت
ستىز — ① كەك، دۈشمەنلىك ② زۇلۇم ③ ئۇرۇش
سىر (~سىير) — ① تويۇش ② يېتەرلىك ③ قانائەتلەنگەن
سىفلە — پەس، پەسكەش، خەسىس
سىگال — يامان خۇلۇق
سىمىت — ئېسىل تاشلار بىلەن بېزەلگەن بويۇن چەمبىرىكى
سىيلە — ① مۇناسىۋەت، ئالاقە ② سوغا، مۇكاپات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



### ش

شادكام — ① شات - خۇرام، خۇشال ② بەختلىك، تىلەيلىك
شامىلە — ① يېپىلغان، ئوراپ ئالغان ② تېگىشلىك
شەرەفە — شەپە، ئاياق شەپىسى
شەست — ① كەمان ئوقى ② قارماق
شەغەب — توپىلاڭ
شەمشىر — شەمشەر، قىلىچ
شەۋھەر — ئەر (ئېرى)
شەين — ① كەمچىلىك، نۇقسان، داغ ② ھاياجان
شۇھۇد — شاھىدلار، گۇۋاچىلار
شىكەن — سۇندۇرۇش، پۇكۇش، قاتلاش، ئېگىش، بۇزۇش
شىنا ۋەر — ئۈزگۈچى، (سۇ) ئۈزۈش
شىۋە — ① ئۇسسۇل، شەكىل ② ئادەت، قىلىق، ئىستىل

### غ

غەرەۋ — قەلەم ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قومۇچ، قومۇچ قەلەم
غەزەنفەر — ① شىر ② باتۇر
غەمزەدا — قايغۇنى كەتكۈزگۈچى
غەمگۇسار — تەسەللى بەرگۈچى، ھېسداشلىق قىلغۇچى

### ف

فەرار — قېچىش، قېچىپ كېتىش
فەرسەڭ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، 6·24 كىلو مېترغا تەڭ كېلىدۇ.
فەزا — ئوچۇق يەر مەيدان، كەڭرىلىك
فەزەئ — ① قورقۇنچ، دەھشەت، ۋەھىمە ② قايغۇ ئارقىسىدا
فىرئەۋن — ① قەدىمكى مىسىر پادىشاھىنىڭ نامى ② زالىم، مۇستەبىت
فىئال — ئىشلار، ھەرىكەتلەر، قىلىقلار، ئادەتلەر

### ق

قافىلە — كارۋان، سەپەرگە چىققان يولۇچىلار توركۈمى
قەريە — قىشلاق

قەلادە — زەنجىر، تاسما
قەۋافىل — «قافىلە»نىڭ كۆپلۈك شەكلى
قەئىر — تېگى، ئاستى، تۈۋى
قور — بەلۋاغ، پوتا
قىر (~ قىير) — تۇم قارا، قاپقاراڭغۇ
قىراق — قىرغاق

## ك

كاج — شاپىلاق
كام — ئېغىز (هايۋانلارنىڭ ئاغزى)
كاھ — سامان
كەبكى دەرى — تاغ كەكلىكى
كەررۇفەر — ① دەبدەبە، ھەشەمەت ② كىبىر ③ شاۋقۇن-سۈرەن
كىز — تۈگۈلۈۋېلىش، قورقۇش
كەزىم (~كەزم) — ① تورمۇزلانماق ② تۇتماق، باسماق
كەيد — ھىيلە، مىكىر، ئالدامچىلىق
كوچى — كۆچمەن
كۇدۇرات — دىل غەشلىك، غەم-قايغۇ
كۇمەيت — ① تورۇق ئات، يۈگرۈك ئات ② قارامتۇل قىزىل رەڭلىك مەي
كۇند — ① گال، ئۆتمەس ② ئاستا
كىردار — ① ھەرىكەت، قىلىق ② ئۇسۇل، چارە، ئىستىل
كىشتى — كېمە
كىن — ئاداۋەت، دۈشمەنلىك، ئۆچ، ئۆچمەنلىك
كىنىشت — بۇتخانا، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسى
كىي — «كى ئەي»نىڭ قىسقارتىلما شەكلى. (شېئىردا ۋەزىن ئېتىد-
ياجى بىلەن شۇنداق ئېلىنغان)

## گ

گەران — ئېغىر، ۋەزىن
گەرم — ئىسسىق، يېقىملىق، قىزغىن
گۇربى — مۈشۈك
گۇرىزان — قاچقۇچى، قاچقان، قاچقان ھالدا
گۇزىر — ① چارە، تەدبىر ② چىقىش يولى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



گىلە — ① ئاغرىنىش، شىكايەت ② ئەيىپلەش، تاپا ـ تەنە
گىلەم — ① گىلەم ② يۇڭ چەكمەن

## ل

لاجەرەم — چارىسىز، شۈبھىسىز، نائىلاج، ئەلۋەتتە، شۇنىڭ ئۈچۈن
لەبس — كىيىم، لىباس، تون
لەبب — ئېقىللىق، زېرەك
لەئىم — پەخسىق، پەس، ناكەس

## م

ماھەزەر — ھازىر بولغان (تەيىيار بولغان) نەرسە، تاماق، ئاددى تاماق
مەئادىن — مەئدەن (مەدەن)نىڭ كۆپلۈك شەكلى
مەئەلئىختىيار — ئىختىيارى ھالدا، ئىختىيارى بىلەن
مەجمەئ — ① يىغىن، گۇرۇھ، تەشكىلات ② يىغىلىش ئورنى
مەرقۇم — يېزىلغان، پۈتۈلگەن
مەزاق — ① مەزە، لەززەت، زوق ② تېتىش ئەزاسى
مەزامىر — نەيلەر (بىرلىكى: مىزمار)
مەزاھىب (بىرلىكى: مەزھەب) — ① دىن، ئېتىقات ② تەلىمات، ئەقىدە ③ مەزھەپ
مەزرۇب — ① كۆپەيتىلگەن ② ئۇرۇلغان ③ قويۇپ چىققان
مەزھەر — ① تاشقى قىياپەت ② ئىپادىلەش، گەۋدىلەندۈرۈش
مەسا — كەچ، كەچقۇرۇن، ئاخشام
مەسرۇق — ئوغۇرلانغان؛ ئوغرى
مەقاسىد — مەقسەتلەر، نىيەتلەر
مەقرۇن — ① تۇتاش، بىرلەشكەن ② يېقىن، يېقىنلاشقان ③ ئەگەشكەن
مەلا (~مەلائ) — ① تولۇق قاچىلانغان، تولغان ② كىشىلەر توپى، ئامما
مەلاھەت — گۈزەللىك، يېقىملىق
مەللاھ — قېيىقچى، كېمىچى، دېڭىزچى، ماتروس
مەلىھ — ① گۈزەل، چىرايلىق ② شىرىن، لەززەتلىك
مەنا — مەن (مەن، قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن مەنا قىلىپ ئېلىنغان.)
مەنات — ئەرەبلەر ئىسلامدىن ئىلگىرى چوقۇنغان بۇتنىڭ نامى
مەندەل — ① سېھىرگەرلىك، جادىگەرلىك ② خۇشبۇيلۇق، كۈجە
مەنكۇس — ① ئاغدۇرۇلغان، ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان ② ئەكسىچە

مەئنۇسلۇق — دوستلۇق، يولداشلىق، ئۆلپەتچىلىك

موبەمو — بىرمۇ - بىر، تۆگەل

مۇئەببەد — مەڭگۈ، ئەبەدى

مۇئەررا — ① بوش، خالى ② يالىڭاچ، ئوچۇق

مۇئەررىف — تەرىپ قىلغۇچى، بىلدۈرگۈچى، تونۇتقۇچى

مۇئەززەم — بۈيۈك، ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك

مۇئەززەھ — پاك، گۇناسىز، ئەيىپسىز

مۇئەللا — يۈكسەك، ئېگىز، ئېسىل

مۇبەررا — خالى، ئازات، بىرەر نەرسىگە يولۇقمىغان

مۇتەررا — تازا، يېڭى، بېزەلگەن، تىنىق، يالتىراق

مۇتەۋۋەل — ئۇزۇن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان

مۇجەررەب — سىناق قىلغۇچى، تەكشۈرگۈچى

مۇخەننەس — ① ئايال مىجەزلىك ② ئىككى جىنىسلىق ئادەم

مۇختەرىئ — يېڭىدىن ياراتقۇچى، ئىختىرا قىلغۇچى

مۇدەببىر — ماھىرلىق، چاققانلىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان

مۇدەۋۋەر — يۇمىلاق، دۈگىلەك

مۇددەئى — دەۋاگەر، دەۋا قىلغۇچى

مۇرەخخەس — قويۇۋېتىلگەن، ئەركىن، ئايرىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن

مۇرەۋۋىج — ① تارقاتقۇچى، تەشۋىق قىلغۇچى ② ساقلىغۇچى، قوغدىغۇچى

مۇرەۋۋەھ — كۆتىرەڭگۈ روھلۇق، جۇشقۇن

مۇرتەفىئ (~مۇرتەفەئ) — يوقالغان، يۆتكەلگەن

مۇرۇر — ئۆتۈش، يۈرۈش

مۇزتەر — مەجبۇر بولغان؛ ھەيرەتتە قالغان؛ ناچار

مۇسائىد — ① ياردەم قىلغۇچى ② قولايلىق

مۇسەۋۋىر — تەسۋىرلىگۈچى، سۈرەتلىگۈچى، رەسسام

مۇستەدام — داۋاملىق، دائىم، مەڭگۈ

مۇستەقەر — ئورۇنلاشقان، تۇرغان

مۇستەمىئ — ① ئاڭلىغان ② ئاڭلىغۇچى، تىڭشىغۇچى

مۇستەھەب — ① كىشىنى رازى قىلىدىغان، كۆڭۈلگە ياقىدىغان ② دىنى قائىدە بويىچە قويۇلىدىغان

مۇستەئىد — ① قابىلىيەتلىك، مۇۋاپىق ② تەييارلىق قىلغان

مۇشارىك — كەسىپداش، شېرىك

مۇشەخخەس — بەلگىلەنگەن، بېكىتىلگەن

مۇشەككەل — مەلۇم بىر شەكىلگە كىرگەن، سۈرەتلەنگەن

مۇشتەرى — ① سېتىۋالغۇچى، خېرىدار ② يۇپىتېر يۇلتۇزى

ئۇيغۇر كىتابلار تورى
www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| مۇشتەغىل | — بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى، بەنت |
| مۇغايىر | — ① ئەكسىچە، زىددىيەتلىك ② ئوخشىمايدىغان |
| مۇغەييىر | — ① ئۆزگەرتكۈچى ② ئۆزگىرىشچان |
| مۇغتەنەم بىل ـ | — غەنىمەت بىلمەك |
| مۇفت | — ① ھەقسىز، بىكارغا ② ناھايىتى ئەرزان |
| مۇقەددەر | — تەقدىردىكى، تەقدىرگە پۈتۈلگەن |
| مۇقەررەب | — يېقىن تۇرغۇچى، دوس |
| مۇقىر | — ئېتىراپ قىلماق، ئىقرار قىلماق |
| مۇكەھھەل (~مۇكەھھەل) | — سۈرمىلىك، سۈرمە قويغان |
| مۇلەۋۋەن | — ① ھەرخىل رەڭلىك، ھەرخىل ② رەڭدار |
| مۇنتەخەب | — تاللانغان، سايلانغان |
| مۇنتەشىر | — ① ئېلان قىلىنغان ② تارقالغان |
| مۇھاۋىر (~مۇھاۋىرە) | — سۆزلەشكۈچى، سۆھبەتلەشكۈچى: سوئال ـ جاۋاب |
| مۇھتەشەم | — ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك |
| مۇۋاسا | — ياخشىلىق، ياردەم |
| مۇۋەججەھ | — ماقۇل، يېقىملىق، ياخشى |
| مۇئتەقىد | — ① ئىشەنگەن: قايىل بولغان ② ئىشەنگۈچى |
| مىساس | — سىلاش، سۈركىلىش |
| مىھار | — يىپ، ئارقان، تىزگىن |
| مىھتەر | — ① ئۇلۇغ، كاتتا ② ئەلچى |
| مىنقار | — تۇمشۇق، قۇش تۇمشۇغى |

## ن

| | |
|---|---|
| ناخۇدا | — كېمە باشلىغى |
| ناخۈن | — تىرناق |
| نادىم | — پۇشايمان قىلغۇچى، ئەپسۇسلانغۇچى |
| نافىز | — ئۆتكۈر، تەسىرى كۈچلۈك، تەسىرلىك |
| نەدەم | — نادامەت، پۇشايمان قىلىش، ئەپسۇسلىنىش |
| نەژاد | — ئىرق، نەسىل، نەسەپ |
| نەشئا (~نەشا) | — مەس قىلىش، كەيپ قىلىش |
| نەقل | — ① يۆتكەش، كۆچۈش ② توشۇش ③ بايان قىلىش، ھىكايە |
| نەھىق | — ئاجىز، نىمجان، زەئىپ |
| نەۋافىل | — ئىختىيارى ئىش |
| نەۋرەس | — ① يېڭى ئۆسۈۋاتقان، ياش ② يېڭى يېتىشكەن |

نەۋم — ئۇيقۇ
نۇھۇفتە — يوشۇرۇن، مەخپى
نەۋند — ① خۇشخەۋەر ② ماقۇل بولۇش، ۋەدە بېرىش
نىلەي — قانداق قىلاي

ھ

ھەركە — ھەر بىر ئادەم، مەيلى كىم بولسۇن
ھەزاقەت — ماھىرلىق، تالانت، قابىلىيەت
ھەفرە — ئازگال، ئورەك؛ قەۋرە، گۆر
ھەكەم — دەۋانى بىر تەرەپ قىلغۇچى
ھەمىن — شۇ، مانا شۇ
ھەۋايىج — ھاجەتلەر، ئېھتىياجلار
ھەۋل — قورقۇش، چۆچۈش، ۋەھىمىلىنىش
ھەي — تىرىك، جانلىق
ھىرز — ① تۇمار ② ساقلىنىش جايى، سۇقۇنىدىغان جاي
ھىرفەگەر — ھۆنەرۋەن
ھىرقەت — ① كۆيۈش، يېنىش ② غەم، قايغۇ
ھىن — ۋاقىت، پەيت، زامان
ھۇ — ئۇ (ئەرەپ تىلدىكى 3 - شەخس ئالماش)

ئو

ئوخشە — ئوخشاش
ئوق — سۆز ئورامىنى كۈچەيتكۈچى سۆز،...لا،

ئۇ

ئۇرۇج — كۆتىرىلىش، ئۆرلەش
ئۇزۋ — ئەزا (جانلىقلارنىڭ ئەزالىرى)
ئۇستۇۋار — چىداملىق، مەھكەم؛ توغرا
ئۇسرۇ — كۆپ، نۇرغۇن
ئۇلۇر باشلادى — ھۇلاشقا باشلىدى، هاۋشىشقا باشلىدى

ئۆ

ئۆلۈنچە — ئۆلگىچە، ئۆلگىدەك

ۋ

ۋالىد — ئاتا، دادا
ۋەزئى — ① تەرتىپ، نىزام، قۇرۇش، تىكلەش، بىنا قىلىش ② يارد-
تىلىش، پىچىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋەسەن — بۇت ھەيكەل
ۋەسىلە — ۋاستە، سەۋەپ، باھانە
ۋەسمە — كەك
ۋەقايىمە — ۋەقەلەر
ۋەلەد — بالا، پەرزەنت؛ ئوغۇل
ۋۇزۇ ئىلە — تاھارەت بىلە.
ۋۇسۇل — ئۇلىنىش، ئېرىشىش، يېتىشىش
ۋۇھۇش — ۋەھشىلەر، يىرتقۇچ ھايۋانلار، («ۋەھشى» نىڭ كۆپلۈك شەكلى)

## ئى

ئىبتىلا — مۇپتالالىق، مەپتۇن بولۇش، بېرىلىش
ئىبتىھال — ئىلتىماس، ئۆتۈنۈش، يالۋۇرۇش
ئىتتىسال — تۇتىشىش، ئۇلىنىش، بىرىكىش
ئىتتىلائ — ① خەۋەر ② ئىگەللەش ③ ئۇقتۇرۇش
ئىجاف — ئورۇقلاش، ئاجىزلىشىش
ئىختىساس تاپماق — خاس بولماق، مەنسۇپ بولماق
ئىرس — ① ۋارىسلىق ② مىراس
ئىزن — بۇيرۇق
ئىغتىنام — قەدىرلەش
ئىق — يىپ، سىرتماق (كۆچمە مەنىدە)
ئىفادەت — پايدىلاندۇرۇش، ئاڭلىتىش، ئۇگىتىش، دەرس ئۆتۈش
ئىفشا — پاش قىلىش، ئېچىش، ئاشكارىلاش
ئىقتىنا — ئېرىشىش، قولغا كەلتۈرۈش، ئىگەللەش، بايلىق توپلاش
ئىمامە — سەللە
ئىنقىتائ — كېسىلىش، ئۈزۈلۈش، ئايرىلىش
ئىنھىراف — ① قىڭغىيىش، چەتلىشىش ② خاھىش
ئىھتىراق — كۆيۈش، يېنىش
ئىھتىساب — ھىساب ئېلىش، تەكشۈرۈش
ئىئتىدال — مۆتىدىللىق، نورمال، ئورتا دەرىجە
ئىئلا — ئالىيراق

## ي

يەتاقچى — مۇھاپىزەتچى، قورۇقچى
يەتمەدۈك — يېتەلمىدۇق
يىت — يۇت (يۇتمەك)، يوقال

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

چىلان كۆتىگى دەيدۇ،
چىلان كولىغان يەردە.
ئەزىز باشقا كۈن چۈشتى،
ئۆمرۈم كۆمگەن يەردە.

ئاسماندىكى بەش قاقىر،
چۈشكەن يەرلىرى تاقىر.
دۈشمەننىڭ سۆزى يامان،
ياردىن ئايرىدى ئاخىر.

ئاسماندىكى بوز لاچىن،
ئەگىپ - ئەگىپ ئۆرلەيدۇ.
ئەقىلسىز مېنىڭ يايرىم،
مېنىڭ قەدرىمنى بىلمەيدۇ.

هاراق ئىچىدۇ دەيدۇ،
تاماكا چېكىدۇ دەيدۇ.
ھەركىم ھەر نېمە دەيدۇ،
دەرت تارتىمسا بىلمەيدۇ.

باراڭنىڭ ئىچى سايە،
ئەتراپى ئېنىڭ گۈلدۈر.
گۈل تۈۋدە ئولتارغان،
لەۋلىرى قىزىل گۈلدۈر

نەدە كۆردۈم مەن سېنى،
تاماكا سال دەيسەن مېنى.
مەن ئاتاڭنىڭ قۇلىمۇ،
مەن سېلىپ سەن چەككىنى.

خۇدايا - خۇدا ۋەندا،
مېنى بەندەڭگە خار قىلما.
نېمە قىلساڭ ئۆزەڭ قىلغىن،
بىلە - بىلمەسكە زار قىلما.

يايرىم كۆينەك كىيىپتۇ،
گۈلى كىچىك سىن - سىبلا.
ھەجەپ ئىچىم ئاغرىيدۇ،
ئۇلۇق كىچىك تىنىسلا.

ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭسام،
نوغايلارنىڭ مۇنچاسى.
كىچىككىنە يايرىم بار،
قىزىل گۈلنىڭ غۇنچاسى.

تورغاي تۇلا سايرايدۇ،
نوغايتۇنىڭ غولىدا.
ئۆلمەيمەن دېگەن بىلەن،
جان خۇدانىڭ قولىدا.

بېغىڭدىكى ئالماڭنى،
چىشلەپ يەيمەن ئۈزمەيمەن
سېنىڭدەك بىۋاپا يارنى،
چولام تەگمەيدۇ سۆيمەيمەن.

قاشى قارا ئۆتۈپ كەتتى،
مەپە بىلەن سەيلىگە.
كۆكۈل دېگەن ساراڭنى،
قويۇپ بەرمە مەيلىگە.

www.uyghurkitap.com

يار قېشىمدا ئولتارسا،
گۈل بىلەن مۇنار قىلسام.
يار ئىچىدە بىلمەمدۇ،
ھەر قانچە گۇنا قىلسام.

باقىا كىرىپ ئالما يەڭ،
باغنىڭ مېۋىسى بىزنىڭ.
بىزنى دېسەڭىز يايىرىم،
جاندىن ئۆزگىسى سىزنىڭ.

كۆردۈڭلارمۇ شۇل يارنى،
باشتىن ئايىغى گۈلدۇر.
گۈل تۈۋىدە ئولتارغان،
لەۋلەرى قىزىل گۈلدۇر.

ئىشقىڭدا بۇ باشىمنى،
تېنىمدىن جۇدا قىلدىم.
ئاشىقلار ئاراسىدا،
سېنى بىۋاپا كۆردۈم.

ئىشىگىڭدىن ئۆتتۈم مەن،
مەپەمنى جاراڭلىتىپ.
تالا ـ تۈزگە چىقمايسەن،
جالانى پۇلاڭلاتىپ.

بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى،
مەن يايىرىمغا خۇمارىي،
قول سېلىپ چىقىپ كەلسە،
كۆكرىكىدە تۇمارىي.

باشتا ئويىنىغان چاغدا،
مۇنايىم دېگەن سىزنى.
دۈشمەن ئايىردى دېمەڭ،
خۇدايىم ئايىردى بىزنى.

قىزىل گۈل تۈۋىدە سىنچاي،
ئىچىپ خۇمارىي بولدۇم مەن.
سېنىڭدەك بىۋابا يارغا،
كۆيۈپ ئاۋارە بولدۇم مەن.

كەتتى دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما،
كەتمىسەم نالەش ماڭا.
ئالتە تال قارا چاچىڭ،
ئۆزگىسى دۈشمەن ماڭا.

يىراق يەردىن كۆرۈنگەن،
ئايىغاقچىغا ئوخشايدۇ.
نازۇگۇمنىڭ دەردىدە،
غەملىك كۆڭۈل قاخشايدۇ.

ئىشىكىڭدىن ئۆتسەم مەن،
ماڭا كۆيىدۇ دەمسەن.
مەندىن باشقا يايىرى يوق،
يىغلاپ ئۆلىدۇ دەمسەن.

ئىشىكىڭنى ئېچىپ قويغىن،
بويۇڭنى كۆرۈپ ئالاي.
پىشانەڭگە سۆيۈپ قويىاي،
لېۋىڭنى چىشلەپ ئالاي.

رەتلىگۈچى: شاپپار ئەخمەت.

# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

△ ئەجىر قىلساڭ چۆلگە،
پۈركىنىسەن گۈلگە.

△ ساقلىقىمدا خارلىماڭ،
ئۆلگىنىمدە زارلىماڭ.

△ مال باقساڭ يەمىنىڭ غېمىدە بول،
ئۆي قىلساڭ دەمىنىڭ (غېمىدە بول)

△ رەھىم قىلماڭ ھايۋانغا،
شاخىنا قويار ئايۋانغا.

△ نادانغى تادان جايلايدۇ،
ھارۋىنى كاداڭ.

△ قارىسىز پەن تىلىنماس،
ئارىسىز خامان ئېلىنماس.

△ ئاتنىغى چىققانىنى،
ياتمۇ تۇققىنىم دەيدۇ،
ئەسكى ئېتى چىققانىنى،
تۇققانىمۇ يات دەيدۇ.

△ ئادەمگە بىلىم دۆلەت،
بىلىمسىزدە قۇرۇق سۆلەت.

△ زېرەكنىڭ قەدرى
نادانىنىڭ قېشىدا بىلىنەر.

△ ھاكاۋۇرنىڭ ئاڭلىشىدىن سۆزلىشى تولا،
كەمتەرنىڭ سۆزلىشىدىن ئاڭلىشى تولا.

△ دوغچى ئاپتاپ تىلىسە،
ماتاڭچىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ.
مايلامچى يامغۇر تىلىسە
پادىچىنىڭ ئاچچىغى كەپتۇ.

△ ئۆزئارا ماس ئەمەس جۈپتىن تاق ياخشى،
كىشىنى ئالدايدىغان «ماقۇل» دىن «ياق »ياخشى.

△ ھەسەتخوردىن بەختىڭنى يوشۇر،
سۆزمەندىن دەردىڭنى (يوشۇر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



△ ئۇسۇلنى باشلىغان داپچى،
جىدەلنى باشلىغان لاپچى.
△ كۈنلەر — ئۆمۈر كىتابىنىڭ ۋاراقى.
△ ئەۋەل ئۆزۈڭگە باق، ئاندىن ناغرا قاق.
△ جەڭدە قۇربان بولسا بىر كىشى،
غەيرەتلىنەر تۈمەنمىڭ كىشى.
△ قورقۇنچاقتا سانچىلغان تىكەن
باتۇرغا تەككەن ئوقنى مەسخىرە قىلار.
△ بىلەككە قارىماي، يۈرەككە قارا.
△ نىيىتى يامانىڭ كۆڭلى ئالا.
△ توپنى ئۆرلەتكەن — يەل،
باتۇرنى ئۆستۈرگەن — ئەل.
△ بىكار يۈرمە لاغايلاپ،
پۇلنى خەجلە ئاۋايلاپ.
△ گەپنى ئاغزىڭدىن كۆرمە، كۆڭلۈڭدىن كۆر.
△ ئىشىك تاقاشقا دەم كېرەك،
ئىشنى قىلىشقا پەم (كېرەك.)
△ كىچىككىنە تاش، ياردۇ باش.
△ «سادىق» دەپ ئىسىم قويسا،
«تۈلكە» دەپ لەقەم ئاپتۇ.
△ راس سۆز مۇتىۋەر،
يالغان سۆز ئۆلتۈرەر.
△ ئەدەپتىن ئەلا مىزان يوق،
ئەدەپلىكنىڭ كۆڭلى - كۆكسى توق.
△ بازارنى ئاۋات قىلغان — مال،
هويلىنى ئاۋات قىلغان — تال.
△ ئەجدادلار ئۇچۇن ياش تۆك،
ئەۋلادلار ئۇچۇن تەر (تۆك)
△ ئەدەپ - ئەخلاق بازاردا سېتىلماس،
ئەدەپسىزگە هېچكىشى قېتىلماس.
△ ئۆتكۈر پىچاق قىنىغا قەست،
يالغان سۆز ئادەم جېنىغا (قەست)
△ مۇسىبەت كۆڭلۈمنى بۇزدى،
غەيۋەتخورلۇق ئۆيۈمنى (بۇزدى)
△ هىيلە قىلغان تۇتۇلار،

تۆۋە قىلغان قۇتۇلار.
△ ئەخلاق — قىزنىڭ زىننىتى،
هالال نانىنىڭ يوق مىننىتى.
△ ئىشچاندىن تەر چىقىپتۇ،
هورۇندىن «ئۇھ!» (چىقىپتۇ)
△ يىقىلىپ چۈشۈپ يولنى ئەيىپلىمە.
△ ئاچ بۆرە ئالدىدا، قوي هامان گۇناكار.
△ چاياندىن ئىلتىپات كۈتمە،
زالىمدىن شەپقەت.
△ ئىسمىنى ئاتىسا يۈزى تاتىرىپتۇ،
مەنسۈپنى ئاتىسا جېنى ياشىرىپتۇ.
△ ئۇزۇن گەپ داغ بولۇر،
قىسقا گەپ باغ (بولۇر)
△ پۇل بەرگەن مەرت ئەمەس،
بىلىم بەرگەن مەرت.
△ قىشتا تۇمان جىق،
ئىچى تاردا گۇمان (جىق)
△ ئاي — ئوغرىنىڭ دۈشمىنى.
△ ئىشچاننىڭ بەختى گۈلدەك ئېچىلار،
هورۇننىڭ بەختى كۈلدەك چېچىلار.
△ تادانغا گۈل كېلەر،
نادانغا تۈل كېلەر.
△ مال هاياتى چۆپ بىلەن،
ئادەم هاياتى كۆپ بىلەن.
△ ئىناق ئەلدە ئاپەت يوق.
ئۇرۇشقاق ئەلدە ئامەت (يوق)
△ ئەستە ئالغۇچە كىرلىك تاپ،
پۇل تاپقۇچە بىرلىك تاپ.
△ ئىناقسىزنىڭ سۆزى كۆل.
ئىناقلىقنىڭ يۈزى گۈل،
△ هايۋان ئاتىسىنى تونۇمايدۇ.
△ تۆۋەن يەردە نەم بار،
كىچىك پېئىلدا پەم بار.
△ يەرگە ئىشلە ئايانما،
يوق ئامەتكە تايانما.

△ ئەدەپلىك ئويۇننى ئويۇن قىلىدۇ،
ئەدەپسىز ئويۇننى قۇيۇن قىلىدۇ.
△ ئاپەتكە سەۋەپ قىل،
ئامەتنى تەلەپ قىل.
△ قېشىڭغا ئىشلىگۈچە،
ئېتىزىڭغا ئىشلە.
△ ئۇچاقنى ياسىغۇچە،
كوچاقنى ياسا.
△ دېھقان پۇلى يەردە،
بايلىقى پىشانىدىكى تەردە.
△ پۇلۇڭ بولسا بازارچىسەن،
پۇلۇڭ بولمىسا مازارچىسەن.
△ كېلىن بولساڭ سىلىق بول،
قېيىن ئاڭغا ئىللىق بول.
△ بالاڭنى كۆتەرگۈچە ئاناڭنى كۆتىر.
△ بىلمىسىنىڭ پەتىۋاسى كۆپ.
△ مەرتنى مەيداندا كۆر، سېخىنى جىدىنەتتە.
△ ئەقىل بولمىسا جان ئازاپتا.
△ كەيىپكە سال يۈگەن،
بىلىم ئال — ئۆگەن.
△ نىيىتىڭ تۈز بولسا، ئىشىڭ ئۈز بولار.
△ جاپا - جاپا ئەمەس، ئەسكى مىجەز جاپا.
△ دەرەخ كۆتەكتىن قۇرۇر،
ئادەم يۈرەكتىن (قۇرۇر)
△ موللا مول ئېتەر،
ئوغرى يوق ئېتەر.
△ ئوت يىققان پۇل يىغىپتۇ،
ئوتۇن يىققان كۈل (يىغىپتۇ)
△ قىش كۈنىنىڭ ئاپتىۋىغا گول بولماڭ،
دۈشمەنىنىڭ كۈلگىنىگە گول (بولماڭ)
△ ماكانى يوقنىڭ مادارى يوق.
△ دۆلەت غېمى - هايات يولى.
△ توپ دۈشمەننى پارچىلا،
تاق دۈشمەننى تاقىلا.
△ ئىشچان ئادەم كۈنگە تەشنا،

هۇرۇن ئادەم ئايغا شەيدا.
△ گۈل كۆرۈش ئاسان،
گۈل تىكىش قىيىن.
△ كۈندە بىر ئالما يېسەڭ،
تېۋىپ پۇل تاپالماس.
△ قاراڭغۇدا تۇخۇمۇ قارا كۆرۈنەر.
△ ئىت قاۋىسىلا ئوغرى دېمە،
ناخشا ئېيتسىلا توغرا دېمە.
△ لالما ئىتقا نان بەرمە،
ساختىپەزگە قەرز (بەرمە)
△ ئىتنىڭ پۇتىغا ئۇر،
يىلاننىڭ بېشىغا (ئۇر)
△ توپلاشقان قاغا يولۋاسنى يەيدۇ.
△ چىشلەي دېسەڭ ئىشلە.
△ قاراڭغۇدىن رەنجىمەي، چىراق ياق.
△ كۆل سۇ خىلمىسا توشماس،
ئادەم ئاش خىلمىسا تويماس.
△ قارا توخۇمۇ ئاق تۇخۇم تۇغار.
△ ۋاقىت پاختىدىكى سۇ، سىقساڭلا چىقىدۇ.
△ ۋاقىت ئەقىللىققە ئالتۇن، ئەقىلسىزگە يوك.
△ كىتاپ تىرىشچانغا شوتا، لەقۋاغا جاپا.
△ نادان مالغا ئاشىق،
زېرەك بىلىمگە.
△ ئوغرىغا يول كۆرسەتمەڭ،
تۆگىگە سولاق.
△ ئوغۇت يىغساڭ تاتىلاپ،
ئاش ئالىسەن قاچىلاپ.
△ ھۈنەرنى تېپىۋالغىلى بولماس،
بىلىمنى سېتىۋالغىلى.
△ بىر سۆزلىشىپ مۇڭداش دېمە،
بىللە مېڭىپ يولداش.
△ قېرى كىشىگە ھەسە ئوبدان،
ھەممە كىشىگە بەرسە ئوبدان.
△ قولۇڭنى قۇل قىلىپ ئىشلەت،
تىلىڭنى پىل قىلىپ ساقلا.

www.uyghurkitap.com

△ ئىلمەكنى ئىشارەت بىلەن تۈزلىگىلى بولماس.

△ كەتمەننىڭ دەردىنى قول بىلەر،
لەززىتىنى تىل.

△ يامغۇر ياغسا كۆنلۈك سەمرىيدۇ.

△ مانتا قاسقاندا تۇرغان بىلەن ئوتتا پىشىدۇ.

△ ھۆل ئوتۇننىڭمۇ كۆمۈرى قۇرۇق.

△ ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا،
تازنىڭ كۆزى چاچتا.

△ قىزغانچۇقنى بېخىل دېمەڭلا،
ئېشەك سويغاننى قاسساپ.

△ ساراڭ ئەقىل تاپسا،
ئەقلىگە زەردىۋال تارتىپتۇ.

△ پور ياغاچ قوزۇق بولماس،
قۇرۇق گەپ ئوزۇق.

△ ۋاقتىدا قىلساڭ ئىشنى،
ئوينىاپ ئۆتكۈزسەن قىشنى.

△ بىكارغا تاماق بەرسە،
«تۇزى كەم» دەپتۇ.

△ چوكاننى كۆرسىڭىز قاش ئېتىڭ،
جۇۋاننى كۆرسىڭىز تاش.

△ ئىشەك مىنگەننىڭ پۇتى ئارام تاپمايدۇ،
نىيىتى يامانىنىڭ كۆڭلى.

△ ئارقىدا قالغان كاچات يەيدۇ.

△ ئىككى قېشقار سوقۇشسا،
ئىتقا ئوزۇق چىقار.

△ يارىنىڭ بېشى دانىخورەك.

△ پىلانسىز ئىش ـــ قېلىپسىز خىش.

△ كۆز ئۇيقۇغا بارسا،
قوڭ پۇخادىن چىقىپتۇ.

△ تونۇش يول بولسىمۇ سوراپ ماڭ.

△ قۇرۇق سۆز قۇلاققا ياقماس،
مۇزدەك سۇ قىساقا.

△ ئاتاڭ ساق، ئاناڭ ساق،
سەن نېمىشقا ئاقساق؟

△ بىلمىسىز شەھەر سورىماس،

شەھەر سىرىسا باش قۇرۇماس.
△ يىگىتنىڭ مەرتلىگى كەلگۈچە،
جۇۋاننىڭ سىخىلىغى تۇتۇپتۇ.
△ يوق گۆشنىڭ شورپىسىغا تەلمۈرمەي،
ئۆيدىكى چامغۇرۇڭنى يە.
△ تۆگە تالغا تويماس، سىدىگەر مالغا.
△ دۆ غېرىپنى چاقار، ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى.
△ قىرتانچى يىقالغىنىغا قارىسا،
بۆرە قالغىنىغا قارايدۇ.
△ توۋىنى ئۆنلۈك دېگىن، دېمىگەنلەر دېسۇن،
شۈكرىنى ئىچىڭدە دېگىن، يېمىگەنلەر يېسۇن.
△ كىسا ئامبال بىلغۇدەك،
شىشە تامبال.
△ رەمچى رەم سالار،
ئىچىڭگە غەم سالار.
△ ئىشەك ھالۋا دېدى، يېدى سامانىنى،
پەلەك پەرق ئەتمىدى ياخشى - يامانىنى.
△ كۈچۈك ئاز بىلسا پو ئات.
△ ئاپتاپ يەرنى تاۋلايدۇ، ئەمگەك ئەرنى.
△ مىۋىلىك شاخ ئىگىلىپ تۇرىدۇ،
مىۋىسىز شاخ دىڭگىيىپ.
△ مۈشۈكنىڭ يولىنى تىسساڭ شىرغا ئايلىنىدۇ.
△ ئامىتىڭ كەلسە قىلۇڭغا،
شىشە تاشنى سۇندۇرار.
ئامىتىڭ كەتسە قىلۇڭدىن،
ھالۋا چىشىڭنى سۇندۇرار.
△ ياشلىقىڭدا ئادەت قىلساڭ،
چوڭ بولغۇچە كۆنۈكەرسەن.
چوڭ بولغاندا ئادەت قىلساڭ،
كۆنۈككۈچە كۆمۈلەرسەن.
△ ئۆي تۇتمىغاننى ئۆيگە يولاتما،
ئۆيگە باشلاپ تۆرگە يولاتما.
△ ئىسسىقى يوق مەشتىن كات ياخشى،
كۆيۈمى يوق تۇققاندىن يات ياخشى.
△ ئۆچ بولساڭ دۈچار بولارسەن،

www.uyghurkitap.com


ئامراق بولساڭ جۇدا.
△ پۇتتىن يىقىلغان تۇرار،
تىلدىن يىقىلغان تۇرالماس.
△ ئات دۈشمىنى قامچىدۇر،
قولدا بولغاچ بىلىنمەس.
ئەر دۈشمىنى يېنىدىدۇر،
بىللە بولغاچ بىلىنمەس.
△ لەقەمسىز ئەر بولماس،
ئويماقسىز خوتۇن.
△ چىراق يېقىپ يورۇقىنى كۆر،
ئۆگىنىپ ھوزۇرىنى (كۆر)
ئەمىلىدىن قورقما، ئەلىمىدىن قورق.
△ پۇراقسىز گۈلدىن غازاڭ ياخشى،
ۋاپاسىز دوستتىن سازاڭ (ياخشى)
△ ئەسكى تامنىڭ دەزى تولا،
نامراتنىڭ قەرزى.
△ كەلگەن دوستقا تار بولساڭ،
كېلەر دوستقا زار بولارسەن.
△ ئەقىلسىز ئانىسىنى تونۇماس،
ئەخمەق خاتاسىنى (تونۇماس)
△ ئەر قەدرىنى ئەر بىلەر،
زەر قەدرىنى زەرگەر (بىلەر)
△ ئەل ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار،
ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار.
△ ئەقىللىق ئەلدىن ئايرىلماس.
△ دىتى يوق ئەردىن زۇۋانسىز يەر ياخشى.
△ قوشناڭغا يۆلەك بول،
بولمىسا بۆلەك بول.
△ ئۆزىنى ئويلىغان يادايدۇ،
كۆپنى ئويلىغان ياشايدۇ.
△ زورلۇق بىلەن ھۆرمەت تاپساڭ،
خورلۇق بىلەن ئۆلىسەن.
△ ئالدامچىنىڭ گېپى چىرايلىق،
كۆڭلى تۈزنىڭ قىلىقى (چىرايلىق)
△ ناماخورنىڭ چىرايىنىڭ خۇنى يوق،

گەپ قىلسا ئۇنى (يوق)

△ مىۋە ـ چىۋىننىڭ چىرايلىقى ياخشى،
كىيىم ـ كىچەكنىڭ چىدامىلىقى (ياخشى)

△ كەلگەندە ئىززىتىنى قىل،
كەتكەندە ھۆرمىتىنى.

△ نامەرتنى ئىشىكىگە تارت، قىشىنىڭغا تارتما.

△ كەڭ كىيىم قاتلىنىپ يىرتىلار،
تار كىيىم تارتىلىپ (يىرتىلار)

△ ھالىغا ھەلەپ ياخشى،
بىنام يەرگە سەلەپ (ياخشى)

△ توخۇنىڭ تاغىقى يوق،
سۇنىڭ باغىقى (يوق)

△ تەر تۆكۈپ چاچساڭ ئۇرۇق،
يەر سېنى قويماس قۇرۇق.

توپلىغۇچى: ماخمۇتجان ئىسلام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




## تەلەيلىك پوچى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن، ئۇ نامراتچىلىقتا جان بېقىشقا ئامالسىز قاپتۇ. ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى پوچىلىق بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ جان باقماقچى بوپتۇ - دە، بىر غازنى تېپىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە يانىڭ ئوقىنى قاداپتۇ ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن:

— بۇ بىچارە غازنىڭ كۆزىگە نىمە ئۈچۈن ئوقنى قاداپ قويۇپ قىينايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇقمايدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ مەن ئۇستا مەرگەن، — دەپ پو ئېتىشقا باشلاپتۇ ھېلىقى يىگىت، — ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ھەر قانداق قۇشنىڭ كۆزىنى چېنەپ ئاتالايمەن. بۇ غازنى بايىلا ئاتقانىدىم، ئۆيگە ئېلىپ كېلىۋاتىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كىشىلەر تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا پۈتۈن شەھەرگە ھەتتا شاھ ئوردىسىغىمۇ ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بۇ يىگىتنى ئىزدەپ كەپتۇ - دە:

— يىگىت، ئاڭلىشىمچە سىز ئۇستا مەرگەن ئىكەنسىز، بىزنىڭ ئۆگزىدىكە ھەركۈنى كېچىسى بىر قۇش كېلىپ قونۇۋېلىپ، تاڭ ئاتقىچە سايراپ چىقىدۇ، بىزنى زادىلا ئۇخلاتمايدۇ، ئاشۇ قۇشنىڭ كۆزىگە چېنەپ ئېتىپ، بىزنى ئارامى خۇدا ئۇخلايدىغان قىلسىڭىز، نىمە تەلەپ قىلسىڭىز بەرسەم، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، دەپتۇ پوچى يىگىت، — بۇ ھېچقانچە تەس ئىش ئەمەس. بۈگۈن كەچتىلا بېرىپ ئۇ قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتەي.

ۋەزىر بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ:

— ئەگەر شۇنداقلا قىلىدىغان بولسىڭىز پۇللا ئەمەس، بويىغا يەتكەن چىرايلىق

بىر قىزىم بار، خالىسىڭىز تويى قىلىپ بېرىشكىمۇ تەييارمەن، — دەپتۇ.

— ئاپلا... بۇ گەپنى يامان قىلىپ سالدىڭىز، — دەپتۇ يىگىت، — ئەمدى قۇشنى ئاتالمايمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپتۇ ۋەزىر ھەيران بولۇپ.

— بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، — دەپتۇ يىگىت، — قىزىڭىز بىلەن تويى قىلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ زىيادە خۇشال بولۇپ كەتتىم. مەرگەن بولغان كىشى بەك ھاياجانلىنىپ كەتسە ئوقنى ياخشى ئاتالمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئەمدى قانداق قىلساق بولىدۇ؟

— ئاۋۋال قىزىڭىز بىلەن تويى قىلىپ، كۆڭلۈم خاتىرجەم بولسۇن. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن سىزنى بىئارام قىلغان قۇشنى ئاتاي، — دەپتۇ يىگىت.

ۋەزىر ئىلاجسىز ماقۇل بوپتۇ ۋە كاتتا تويى قىلىپ قىزىنى يوچى يىگىتكە بېرىپتۇ. يوچى يىگىت قىز بىلەن ئويناپ كۈلۈپ بىر ئاينىمۇ ئۆتكۈزۈپتۇ. لېكىن قۇشنى ئاتماپتۇ. ۋەزىر بىرنەچچە قېتىم سۈيلەپتۇ، يىگىت قانداق قىلىشنى بىلمەي دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىرى خوتۇنىغا راست گەپنى ئېيتىپتۇ:

— مەن مەرگەن ئەمەس، قۇشنىڭ كۆزىنى چېنەپ ئېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭدىن يوغان نەرسىنىمۇ ئاتالمايمەن، پەقەت جان بېقىش ئۈچۈنلا يوچىلىق قىلىپ يۈرگەنىدىم. مانا ئەمدى كارامىتىم ئاشكارا بولىدىغان بولدى. شۇڭا ۋاقتىلىق بىر يەرگە قېچىپ كېتىشنى ئويلاۋاتىمەن.

ۋەزىرنىڭ قىزىنىڭ يىگىتكە بەكمۇ كۆڭلى چۈشۈپ قالغانىكەن. شۇڭا ئۇ يىگىتنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھامان:

— ھەرگىز قاچمەڭ دېمەك، بۇنىڭمۇ ئامالىنى قىلغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ.

— بۇنىڭ نېمە ئامالى بولسۇن؟ — دەپتۇ يىگىت مەيۈسلىنىپ.

— ئەتە ئۆگزىگە چىقىپ، — دەپ ئەقىل ئۈگىتىشكە باشلاپتۇ قىز، — قۇشنىڭ قونىدىغان جايىنى ئوبدان كۆرۈۋېلىڭ. ئاندىن قۇش كېلىشتىن ئىلگىرى چىقىپ قۇش قونىدىغان يەرگە يار يېلىمنى جىقراق سۈركەپ قويۇڭ، قۇش كېلىپ قونغاندىن كېيىن پۇتى چاپلىشىپ قېلىپ ئۇچالماي قالىدۇ، شۇ چاغدا سىز دەرھال ئۆگزىگە چىقىپ قۇشنى تۇتۇسىز. ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىگە ئوقنى قاداپ قويۇپ دادامغا تاپشۇرۇپ بېرىسىز.

— بۇ مەسلىھەت يىگىتكە بەك يېقىپتۇ. ئۇ خوتۇنىنىڭ دېگىنىچە ئىش قىلغانىكەن، قۇشنى ئوڭايلا تۇتۇۋاپتۇ، ئاندىن قۇشنىڭ كۆزىگە ئوقنى سانچىپ ۋەزىرگە ئەپكىرىپ بېرىپتۇ.

خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ۋەزىر ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي پادىشاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ - دە:

— جانابى شاھ ئالىلىرى، مېنىڭ ناھايىتى ئۇستا مەرگەن بىر كۈيئوغلۇم بار. ئۇ يەردىكى ھايۋاناتلارنىلا ئەمەس بەلكى ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇچۇپ كېتىپ بارغان قۇشنىڭمۇ ئوڭ كۆزىنى چېنەپ ئاتالايدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پادىشاھ، پۈتۈن شەھەر خەلقىغە يارلىق چۈشۈرۈڭ. شەھىرىمىزدە

كى بارلىق مەرگەنلەر ھازىر بولسۇن، ھەممىسى يىغىلىپ كۈيوغلىڭىزنىڭ ماھارىتىنى كۆرەيلى، ئۇ راستلا شۇنداق ماھارەتلىك بولسا، ئۇنىڭغا مۇناسىپ مۇكاپات ۋە ئەمەل بېرەيلى، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ سۆزىدىن خۇشال بولغان ۋەزىر بۇ خەۋەرنى دەرھال كۈيئوغلىغا يەتكۈزۈپتۇ:

— ئوغلۇم بۇ ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت. سىز ئۈچ كۈنگىچە ئوبدان تەييارلىق قىلىڭ، ئاندىن مەرگەنلەرنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانىدا قاتنىشىڭ. ئۇتۇپ چىقسىڭىز نۇرغۇن بايلىق، مەنسەپكە ئىگە بولىسىز، — دەپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ يىگىتمۇ چاندۇرماي، — بۇ مەن ئۈچۈن ھېچقانچە گەپ ئەمەس.

ئۇ شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، لېكىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ. قانداق قىلىشنى بىلمەي خوتۇنىدىن:

— خوتۇن ئىش چاتاق بولدى. ئەمدى قاچمىسام زادىلا بولمايدۇ، — دەپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بۇنىڭمۇ ئامالىنى قىلغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ خوتۇنى. ماھارەت كۆرسىتىدىغان كۈنى سىز مەيدانغا بېرىۋېرىڭ، مەن ئۆز خىزمەتچىمنى ئەۋەتەي. ئۇ سىزگە ئوق تەييارلاپ بەرگەن بولۇپ قېشىڭىزدا تۇرسۇن. سىز ئاسماندىكى قۇشنى چېنەپ ئاتاي دەپ تۇرغىنىڭىزدا ئۇ بىر ئىشقا باھانە قىلغان بولۇپ، سىزنى سەل - پەل ئىتتىرىۋەتسۇن، ئوق تەگسە مەيلى، ئەگەر تەگمەي قالسا گۇناھىنى خىزمەتچىمگە دۆڭگەپ قويۇپ، ئەمدى ئاتمايمەن دەپ قايتىپ كېلىڭ. سىزدىن ھېچكىم ئىشەن تاپالمايدۇ.

— توغرا، بۇ ياخشى مەسلىھەت بولدى، — دەپ خۇشال بوپتۇ يىگىت.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ماھارەت كۆرسىتىش باشلىنىپتۇ. يىگىت مەيدانغا يۈرەكلىك ھالدا بېرىپتۇ. مەيداندا پادىشاھ باشلىق نەچچە مىڭ تاماشاچى سەپ تارتىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. مەرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا كېلىپ تۇرۇشۇپتۇ. جاكاچى ماھارەت كۆرسىتىش باشلانغانلىقىنى جاكالاپتۇ. مەرگەنلەر بىر - بىرلەپ ماھارەت كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. نۇر - غۇنلىغان ھەرخىل قۇشلار ئېتىپ چۈشۈرۈلۈپتۇ. لېكىن ھېچقايسىسى قۇشنىڭ كۆزىگە ئاتالماپتۇ. نۆۋەت پوچى يىگىتكە كەپتۇ. ئۇ مەيدانغا چۈشۈپ ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر سانى چېنەشكە باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى خىزمەتچى بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كەتكەن بولۇپ يىگىتنى سەل - پەل ئىتتىرىۋېتىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن يىگىتنىڭ ئاتقان ئوقى سانىڭ دەل ئوڭ كۆزىگە تېگىپ يەرگە تىك موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ. مەيداندىكى مىڭلىغان ئادەم ئۇنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ۋاقىرىشىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ چېنىشى خاتا بولۇپ، ھېلىقى خىزمەتچىنىڭ ئۇنى ئىتتىرىپ قويۇشى بىلەن توغرىلىنىپ قالغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ پوچى يىگىتنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل ئىنئام قىپتۇ ۋە ئۇنى پۈتۈن مەرگەنلەرنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئۇ - خوتۇنى بىلەن بىللە ئۆمۈر بويى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

تورپلاپ رەتلىگۈچى: نۇرمەھەممەت ئەزىزى

## ئۈچ كەلىمە سۆز

(چۆچەك)

قەدىم زاماندا قەشقەر شەھرىدە موللا زاھىر ئىسىملىك بىر مۇددەرىس ئۆتكەنىكەن، ئۇ تەڭداشسىز دانىشمەن ئۆلىما زات ئىكەن. يىراق - يىراقلاردىن نۇرغۇنلىغان تالىپلار ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ تەلىم ئالىدىكەن. موللا زاھىر دانىشمەننىڭ تالىپلىرى ئىچىدىن نەچچە ئونلىغان پادىشاھ، ۋەزىر، ئالىملار يېتىشىپ چىققانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە موللار زاھىر دانىشمەن ھۇجرىسىدا دەرس مۇكالىمە قىلىۋاتقىنىدا ئۆز تالىپلىرىدىن بىرى بولغان چىن - ماچىن شەھرىنىڭ پادىشاھى ئۇنى تويىغا چاقىرىپ ياسىداق مەپە بىلەن باغاق ئەۋەتىپتۇ. باغاق تويىدىن 40 كۈن بۇرۇن ئەۋەتىلىپتۇ. موللا زاھىر دانىشمەن 40 كۈنگىچە ۋاقىتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىشنى راۋا كۆرمەي باغاق ئېلىپ كەلگەن ئەلچىگە ئۆزىنىڭ تويىغا ئۈلگۈرۈپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى مەپە بىلەن قايتۇرۇۋېتىپتۇ. توي كۈنىگە 15 كۈن قالغاندا پىيادە يولغا چىقىپتۇ، ئۇ، ئاددى بىر يولۇچى سىياقىدا يۇرت ئارىلاپ ئۆتەڭلەردە تۈنەپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، موللا زاھىر تەنھا پىيالىمنىڭ چۆلدە كېتىۋاتقاندا، 15 - 16 ياشلاردىكى بىر بالا ئۇچراپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا، سەپىرىڭىز خەيرلىك بولسۇن!، — دەپتۇ بالا ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپتۇ موللا زاھىر دانىشمەن.

— ئۆزۈم بىر يېتىممەن. بالىسى يوققا بالا بولغىلى، چارچىغانغا ھاسا بولغىلى، ئۇزۇن سەپەردىكى يولۇچىنىڭ يولىنى قىسقارتقىلى كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ بالا.

موللا زاھىر بۇ بالىنىڭ زېرەكلىكىدىن سۆيۈنۈپ ئۆزىگە ھەمرا قىلىۋاپتۇ، ئۇلار كۆرگەن بىلگەنلىرىنى ئۆزئارا سۆزلىشىپ سەپەرنى كۆڭۈللۈك داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار غىلاڭ بىر سايدا كېتىۋاتقاندا كەينىدىن 40 قا يېقىن خېچىر ۋە تۆگىلەرگە مال يۈكلىگەن بىر كارۋان يېتىشىپ كەپتۇ. موللا زاھىر دانىشمەن كارۋان بېشىغا قاراپ:

— ئەي بۇ دۇنيانىڭ ھالاۋىتىدىن بەھرىمەن بولغۇچى سودىگەر، مۇشۇ بالامنى خېچىرىڭىزغا مىندۈرۈپ ئالسىڭىز؟ — دەپتۇ.

— پۇل تۆلىسىڭىز مىندۈرۈۋالىمەن، — دەپتۇ كارۋان بېشى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



— ئەي سوۋدىگەر يېنىمدا پۇل بولسا ئىدى، سىزگە ئىلتىجا قىلماس ئىدىم. مەن سىزگە ئۈچ كەلىمە ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرەي، سۆزۈمنىڭ قەدرىگە يەتسىڭىز بالىنى ئېلىۋالارسىز،— دەپتۇ موللازاھىر دانىشمەن.

كارۋانلار بالىنى خېچىرغا مىندۈرۈۋاپتۇ ۋە:

— قېنى ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭىزنى ئېيتىپ بېقىڭ، — دەپتۇ كارۋان بېشى.

— ئەي كارۋانلار، سىلەر دائىم سەپەر ئۈستىدە بولىسىلەر، شۇڭا سىلەرگە يولدا ھەمرا بولغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىسمى شەرىپى ۋە نام - ئەمالىنى سورىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭلار بۇ بىرىنچى كەلىمە سۆز، — دەپتۇ.

«بۇمۇ ھەر ھالدا بولىدىغان گەپكەن» دەپ ئويلاپتۇ كارۋانلار.

— سىلەر ھەر قانداق سورۇندا ئولتۇرغان ئورۇنڭلارنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرمەڭلار. بۇ ئىككىنچى كەلىمە سۆز، — دەپتۇ.

— ھەر قانداق سورۇندا يېنىڭلاردىن پىچاق چىقارماڭلار، بۇ ئۈچىنچى كەلىمە سۆز، — دەپتۇ موللازاھىر دانىشمەن.

كارۋان بېشى ھېچ ئويلانماستىنلا:

— سىزنىڭ ئادەم ئالدايدىغان سۆزىڭىز تۈگىگەن بولسا بالىنى خېچىردىن چۈشۈرۈۋېلىڭ، — دەپتۇ.

موللازاھىر دانىشمەن كارۋان بېشىنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىن كۈلۈپ بالىنى خېچىردىن چۈشۈرۈۋاپتۇ ۋە سەپەرنى پىيادە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. دەل توي بولىدىغان كۈنى ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئالدىدا كەلگەن ھېلىقى كارۋانلار شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا شەھەر دەۋازىسىغا پادىشاھنىڭ بىر پارچە يارلىقى چاپلاقلىق تۇرغۇدەك، ئۇنىڭدا:

«مېنىڭ ئۇستازىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغۇچىلارغا 200 سەر يامبۇ، ئۇستازىمغا ھەمرا بولۇپ بىللە ئېلىپ كەلگەنلەرگە ئات بېشىدەك ئالتۇن ئىنئام قىلىمەن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان ئىكەن. پادىشاھ دەرۋازا ئۈستىدىكى ئىگىز راۋاقتا ئولتۇرغانىكەن، ئۇ ئۇستازى موللا زاھىرنىڭ ئاددى بىر يولۇچى سۈپىتىدە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ ۋە راۋاقتىن چۈشۈپ ئۇستازىنىڭ شەرىپىگە ئۆز قولى بىلەن بىر پاخلاننى قان قىلماقچى بولۇپ، پىچاق سوراپتۇ. موللا زاھىر دانىشمەن بىلەن بىللە كەلگە بالايېنىدىن دەستىسىگە ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان ئالماس تىغلىق ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەن بىر پىچاقنى چىقىرىپ پادىشاھقا ئىككى قوللاپ سۇنۇپتۇ. ئۇلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتقان دانىشمەن ئۇڭ قول ۋەزىرنىڭ چىقىر كۆزلىرىدىن ھەسەت ئوتى چاقناۋاتقانلىقىنى بايقاپ بولغۇسى پاجىئەنى مۆلچەرلەپتۇ. قان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن رەسمى توي باشلىنىپتۇ. موللازاھىر دانىشمەن ئەڭ ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە تۆردىن ئورۇن ئاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىن ھېلىقى بالا، كاۋان بېشى جايلىشىپتۇ، ھەرقايسى شەھەر، يۇرتلاردىن كەلگەن شاھزادە، ۋەزىر، بەگزادىلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بىر - بىرىگە تۇزۇت قىلىشىپ «سىلە - ئۆزلىرى» دېيىشىپ،

ئورۇن ئالمىشىش نەتىجىسىدە ھېلىقى كارۋان بېشى ئەڭ ئاخىرىدىكى ئورۇنغا بېرىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ھېچكىم ئېتىبار قىلماپتۇ. كارۋان بېشى شۇ چاغدىلا دانىشمەننىڭ «سەپەردە يولۇققان ئادەمنىڭ ئىسمىنى سوراۋېلىڭ، ئولتۇرغان ئورنىڭىزنى كىشىگە بەرمەڭ» دېگەن سۆزىنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىق قىلىپ پادىشاھ ئىنئامىدىن قۇرۇق قالغىنىنىڭ ئۈستىگە سورۇندا خورلانغىنى ئۈچۈن كۆپ ھەسرەت چېكىپتۇ. توي مەرىكىسى 40 كۈن داۋاملىشىپتۇ. بۇ جەرياندا ئوڭ قول ۋەزىر ھېلىقى پىچاقنى بالىدىن بىر نەچچە قېتىم ئېلىپ كۆرۈپتۇ - دە، ئىچىگە قۇرۇت كىرىۋالغاندەك بىئارام بولۇپتۇ. پىچاقنى پادىشاھقا كۆرسىتىپ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشكە كىرىشىپتۇ. ۋەزىرنىڭ يامان نىيىتىنى سېزىپ قالغان مۆللازاھىر دانىشمەن بىر كېچىسى ھېلىقى بالا بىلەن كارۋان بېشىنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەرنىڭ بىردىڭلار مال دۇنيا ئۈچۈن ئىنساپنى سېتىشتىن يانمايدىغان بەندە. بىردىڭلار بولسا بېشىڭلاردىن ئىش ئۆتمىگەن گۆدەك، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالمىساڭلار ئەمدى بىردىڭلار ئۆلگىچە ھەسرەت، نادامەتتە كېتىسىلەر. بىردىڭلار بولسا دارغا ئېسىلىسىلەر، — دېيىتۇ ۋە بالىغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— سەن مۇشۇ پىچاق تۈپەيلىدىن ھاياتىڭدىن ئايرىلىسەن. ئەگەر، ئەقلى ھوشۇڭ جايىدا بولسا مېنىڭ سۆزلىرىمنى قۇلىقىڭدا تۇت، سەن دار ئالدىغا بارغاندا «دات» دەپ توۋلىغىن ۋە «مەن چوڭلاردىن جاراستاندا پىچاق چىقارما، دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلىغان. لېكىن مەن، جاراستانلاردا داۋاملىق پىچاقنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ كەلدىم، بۇنىڭدىكى سەۋەب، مېنىڭ دادام كاتتا باي سودىگەر ئىدى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى 40 تۆگە ئېسىل مال بىلەن سودىگەرچىلىككە چىقىپ كەتكەن. دادام چىن - ماچىن شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى يېنىغا كەلگەندە بىر توپ بۇلاڭچىلار ئېتىلىپ كېلىپ دادامنى ۋە باشقا كارۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ پۇل مېلىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. مۇنۇ كىشى (بالا ھېلىقى كارۋان بېشىنى كۆرسىتىپتۇ) دادامنىڭ كارۋان بېشىسى ئىدى ئۇ يوشۇرۇنۇۋېلىپ ھايات قاپتۇ. بۇلاڭچىلار كەتكەندىن كېيىن بۇ كىشى دادامنىڭ جەسىدى يېنىغا كېلىپ قارىسا مۇشۇ پىچاق دادامنىڭ يۈرىكىگە سانچىقلىق تۇرغانىكەن. مەن شۇنىڭدىن بېرى بۇ پىچاقنى يېنىمدا ساقلاپ نەدە كاتتا توي مەرىكە بولسا شۇ جايغا بېرىپ پىچاقنى ئەتەي باشقىلارغا كۆرسىتىپ كەلدىم. لېكىن پىچاقنىڭ ئىگىسى چىقمىدى. چىن - ماچىننىڭ پادىشاھى توي قىلىدىكەن دەپ ئاڭلاپ بۇ شەھەرگە كەلگەنىدىم. دادامنىڭ قاتىلى بۈگۈن تېپىلدى. مۇشۇنداق ئوغرى بۇلاڭچىنى ۋەزىر قىلغان پادىشاھقا لەنەت» دەپ توۋلايسەن دەپتۇ ۋە كارۋان بېشىغا قاراپ:

— سەن بالىنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىسەن. قالدى ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ.

ئىش دەل مۆللا زاھىر دانىشمەن ئېيتقاندەك بوپتۇ، توي مەرىكىسى ئاياقلىشاي دېگەندە ۋەزىر جامائەتكە قاراپ:

— ئەي خالايىق، مەن بۈگۈن خەزىنىگە چۈشكەن ئوغرىنى تۇتتۇم، — دەپتۇ - دە، ھېلىقى پىچاقنى يۇرت خەلقىگە كۆرسىتىپتۇ، — مەن بۇ پىچاقنى شاھىم ئۈچۈن سېتىۋېلىپ

خەزىنىگە تاپشۇرغانىدىم. لېكىن، خەزىنىگە ئوغرى كىرىپ پىچاقنى ئوغرىلاپ كەتكەن. ھازىرغىچە تۇتۇلمىغان ئىدى. تويى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوغرى تۇتۇلدى، يۇقارقى گۇناھى ئۈچۈن ئوغرى دەرھال دارغا ئېسىلسۇن! پىچاق خەزىنىگە قايتۇرۇلسۇن! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. جاللاتلار بالىنى سۆرىگىنىچە دارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ بويىنىغا سىرتماق سېپىتۇ. شۇ چاغدا بالا: «دات»، دانىشمەن موللازاھىر، مېنىڭ سىزگە ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار، — دەپ توۋلاپتۇ. ئۇستازىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان پادىشاھ بالىغا رۇخسەت بېرىپتۇ.

— يۈتكۈل مۇسۇلمان ئېلىنىڭ ئىززىتىگە سازاۋەر بولغان ھۆرمەتلىك موللازاھىر دانىشمەن جانابلىرى، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ بالا ۋە دانىشمەننىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە شىكايەت قىپتۇ. ھېلىقى كارۋان بېشىمۇ گۇۋاھلىق بېرىپ بالىنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپتۇ. موللازاھىر دانىشمەننىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ۋەزىرگە مىقتەك قادىلىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

ئەي ئىززىتىنى بىلمەيدىغان، تۇز كور نائەھلى، سېنىڭ شاھ ئالدىدا يۇرتنى ئادالەت بىلەن سورايمەن دەپ بەرگەن قەسىمىڭ قېنى؟ بۇ بىچارىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟ يۇرتىمىزدا ئۆتكەن ۋەزىرلەر ئىچىدە سەندىن باشقا بىرەر ئوغرى قاراقچى چىققانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، ۋەزىرنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇپتۇ، ۋەزىر كۆزلىرىدىن بوراندەك ياش تۆكۈپ پادىشاھنىڭ ئايىقىغا يىقىلىپ كەچۈرۈم تىلەپتۇ، ئاخىرى ئوڭ قول ۋەزىر بالىنىڭ ئورنىدا دارغا ئېسىلىپتۇ. ئۇستازىغا ھەمرا بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بالىغا ئات كاللىسىدەك ئالتۇن، كارۋان بېشىغا 200 سەر يامبۇ بېرىلىپتۇ. شۇ چاغدا دانىشمەن موللازاھىر مۇنبەرگە چىقىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھ! خەلقىڭ قانداق ھايات كەچۈرۈشى سېنىڭ يۇرتنى قانداق سورىغانلىقىڭغا باغلىق. ئوردىنى ھەسەتخور، ھېيلىگەر، خىيانەتچىلەردىن تازىلىغىن، پۇقرالارغا ئازار بەر گۈچىلەرنىڭ جازاسىنى بەر! پۇقرالار سەندىن رازى بولسا، ئاللا سەندىن رازى بولغاي، — دەپتۇ.

پادىشاھ موللا زاھىر دانىشمەننىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىدە تۇتۇپ يۇرتنى ئادالەت بىلەن سوراپتۇ ۋە كۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تېپىپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيە كىنو فىلىم قويۇش - تارقىتىش شىركىتىدىن: مەتنۇرى ئىساق.

رەتلىگۈچى: مەتنۇرى توختى.






## ئەلىشىر ناۋائىي

(بېشى ئومۇمى 16 - ساندا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **قۇربان بارات**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

داستاننىڭ بۇ نەشرىگە ئابدۇمەنناف قارى ناملىق خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ ھىجرى 1323 - يىلى (مىلادى 1893 - يىلى) تاشكەنتتە چاپ قىلىنغان نۇسخا ئاساس قىلىندى.

ئىسكەندەرنىڭ قۇياش تۈن زۇلمىتى زەكىبارىدىن چىقىپ كۈن سەنايى نىمروزىغا كىر- گەندەك ھىند سەۋادىدىن چىقىپ چىن كىشۋەرىغا كىرگەنى ۋە خاقان ئۇنىڭ قوياشىدەك گەرم پويلۇق بىلە تىغى جاھانگىر تارتىپ كىلەدۇرغانىن ئەشىتىپ مۇقابەلەسىدە زەررەدىك بىھىساب چېرىك يىغىپ ئاڭا مۇۋافەقەتىغە ئەلچە يىبارىپ نامۇۋاپىق جاۋاب تابقانى ۋە ئۇل جەھەتىدىن

زەررە ھىسابلىق چېرىكى زەررە خەيلىدىك قوزغالىپ ئۆزى تەدبىر ئىشىن
زەررەننامەغە قويماغانى

(ئىسكەندەرنىڭ قوياشنىڭ تۈن قاراڭغۇلۇغى پەيتىدىن چىقىپ چۈش مەزگىلىگە كىرگىنىدەك ھىند ئۆلكىسىدىن چىقىپ، چىن مەملىكىتىگە كىرگەنلىكى؛ چىن خاقانىنىڭ ئىسكەندەرنىڭ قوياشتەك تېز يۈرەلىك بىلەن جاھانگىرلىك قىلىچىنى تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ئۈچۈن، چاڭ-توزاڭدەك بىھىساپ لەشكەر توپلىغانلىقى؛ ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىش مەقسىدىدە ئەلچە ئەۋەتىپ، نامۇۋاپىق جاۋاپ ئالغانلىقى؛ شۇ سەۋەپتىن، خاقاننىڭ بىھىساپ لەشكەرلىرى چاڭ-توزاڭدەك قوزغىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىشىنى ئىنچىكە تەدبىرلەر بىلەن ئېلىپ بارالمىغانلىقى)

uyghurkitap.com



بۇ يەڭلىغ دىدى ناقىلى نۇكتەسەنج،
بەسى تارتقان نۇكتە نەقلىدە رەنج:
كى چۇن بولدى ئىسكەندەرى كامجوي،
قىش ئۇل تۇرفە مەرز ئىچرە ئارامجوي.
ئۆزى خۇد ئىدى كىشۋەرارايى ھىند،
يانا مەجلىسارا ئۇشا رايى ھىند.
بارىب گاھ شەھر ئىچرە ھەممام ئۇچۇن،
ئىمارەت ئارا بادەۋۇ جام ئۇچۇن.
سالىب راي قەسرىدە ئىشرەتكە پەي،
تەرەب بىرلە ئاغاز ئېتىب رۇدۇ مەي.
گاھى بىشە ئىچرە شىكار ئەيلەبان،
شىكار ئىچرە مەي ئىختىيار ئەيلەبان.
گاھى بابىر ئۇرۇب، گاھ شىر ئۆلتۈرۈب،
ۋەگەر پىلۇ كەرك ئۇل دەلىر ئۆلتۈرۈب.
گاھى ساز ئېتىب بەزم دەريا ئارا،
كىرىب كىشتىيى بەھر پەيما ئارا.
تۇتۇب شەست ئىلە ماھىيى سىيمگۇن،
قىلىب جامى سىيمىن ئىچەردىن نىگۇن.
نەيىستاننى گاھى قىلىب مەرھەلە،
كىرىب ئاندا ئەنداقكى شىرى يەلە.
گەۋەزن ئۆلتۈرۈب، چۇن سۇرۇب گورتەك،
قىلىب مەي ئارا نەي شەكەردىن گەزەك.
گاھى شەھد تاغىغە ئەيلەب ئۇرۇج،
قۇياش ئويلەكىم، قىلسا مەيلى بۇرۇج.
چۇ مەي بىرلە تاغ ئۆزرە خۇشھال ئولۇب،
ھەمۇل شەھدىدىن فارىغۇلبال ئولۇب.
گاھى ئەيلەب ئايىنى شاھەنشەھى،
تۇزۇب نەغمە خەرگاھ ئارا خىرگەھى.
ئىچىب بارگاھى فەلەك جاھ ئارا،
سەراپەردەئى چەرخ دەرگاھ ئارا.
گاھى دانش ئەھلى بىلە ئولتۇرۇب،
كۆتۈب ئاندا ھەر ئىلمدىن كەلتۈرۈب.
قايۇ بەھسكىم دىققەتىغە يېتىب،
نېكىم بولسا مەجھۇل مەئلۇم ئېتىب.
بۇ يەڭلىغ ئاشا ئۆتتى لەيلۇ نەھار،
ئاشا تېگرۇكىم بولدى فەسلى باھار.
شەرەف بۇرجىنى يارۇتۇب شەمئى مېھىر،
ھەمۇل شەمئىدىن رەۋشەن ئولدى سىپېھر.
يانا شاھ رەخشەندە خۇرشىددەك،
جاھان مۇلكى فەتھىغە جەمشىددەك،
ئەزىمەتنىڭ ئاھەڭىگە يىغدى بەزىم،
خىتا بىرلە چىن ئەزمىنى قىلدى جەزىم.
سىپاھ بەھرى ئىچرە يانا تۇشتى جوش،
كەر ئەتتى فەلەكنىڭ قۇلاغىن خۇرۇش.
كۆتەردى يانا ھەرب كوسىنى پىل،
چالىندى بۇ كىشۋەرغە كوسى رەھىل.
ئالىب ھىند ناھىيەتىن يەكقەلەم،
يۈرۈب چىن بىلادىغە چەكتى ئەلەم.
چۇ ھىندۇستاندىن چىقاردى سىپاھ،
كى چىن كىشۋەرىن قىلغالى ئارامگاھ.
بارۇر يولنىڭ ئەتراپىدا ھەر بىلاد،
كى بىر شاھ ئىدى ئاندا ئالى نىھاد.
گەر ئەللىك ياغاچ ئەردى، گەر يۈز ياغاچ،
يۈبارمەك چىرىك يوق ئىدى ئېھتىياج،
بىرەر نامەكىم ئۇل تەرەف بارىبان،
كېلىب نامەبەر بىرلە يالبارىبان،
چېكىب پېشكەشلەر، كۆرۈب شاھنى،
قىلىب تەكيەگاھ خاكى دەرگاھنى.
ئىنايەت قىلىب شاھى ئالى مەقام،
تەۋەققۇفسىز ئىلگەرىرەك ئەيلەب خىرام.
يۈرۈب يول، تاماشا قىلىب ھەر ھەدىپ،
كى تا مەسكەنى بولدى چىن سەرھەدى.
بىلىب ئەردى خاقانكىم، ئۇل تۇند سەيل،
يۈرۈب ھىندىدىن چىن سەرى قىلدى مەيل،
سىپاھ يىغمىش ئەردى ئەدەددىن فۇزۇن،
يەراغ ئەيلەمىش ئەردى ھەددىن فۇزۇن.
كى ئەۋۋەل ئىناد ئاشكار ئەتمەگەي،
خۇسۇمەت ئىشىن ئىختىيار ئەتمەگەي.
سالىب سۇلھدىن سۆز، يۈبارغاي رەسۇل،
ياراشماق تەرىقىنى قىلغاي قەبۇل.

ئەگەر خەسم بۇ سۆزگە ئىندۇرسە باش،
ئۇزاتقاي قىلىب دوستانە مەئاش.
ۋەگەر كۆرسە ئىش بۇتمەس ئازەرم ئىلە،
تېمۇر يۇمشاماس پۇزىشى گەرم ئىلە.
ئۆزىن قىلماغاي ئەجز بىرلە زەبۇن،
چېرىك تارتىب ئەتكەي مەساف ئازمۇن،
بۇ تەدبىر ئىلەكىم تاپىب ئەردى راي،
قىلىب ئەۋۋەل ئۆزنى ھەرىفازماي.
يۇباردى رەسۇلى خىرەد پېشەئى،
رىسالەت ئارا چابۇك ئەندىشەئى.
نىھانى ئاڭا تۇتتۇرۇب سۆز بەسى،
تېگىمز سۇيى ئۆززە يۇباردى خەسى.
چۇ قاسىد يېتىب شاھ دەرگاھىغە،
نەزەر سالدى ئەندازەئى جاھىغە.
سىپاھى كۆرۈندىكى يۇز يىل خىرەد،
قىياس ئەيلايالماس ئاڭا ھەددۇ ئەد.
يانا ئوردۇيىكىم، سىپىھرى بەرىن،
كېلىب ئۇندا بىر چادىرى كەمتەرىن.
ئاساس ئانچەكىم كۆرسە نەززارەگەر،
بولا ئالمەيىن ھۇشىغە چارەگەر.
كۆرۈب، قالمايىن ئۆزدە ۋادىنەۋەرد،
ئۆزىن سالدى دەرگاھىغە ئەنداقكى گەرد.
سۆزىن فەھم ئېتىب خەيلى دەرگاھنىشىن،
شاھ ئالىدە ئەرز ئەتتىلەر كەلمىشىن.
دىدى شاھكى، قاسىدنى كەلتۇردىلەر،
ھەمۇل خەسنى دەرياغا يەتكۈردىلەر.
رەسۇلى خىرەدمەندى كارازماي،
راۋان بولدى تۇفراق ئۆزە چېھرەساي.
چۇ تەخت ئالىنى قىلدى ئارامگاھ،
ئۆزىن قىلدى مەشغۇل ھەر سارى شاھ.
كى تەسكىن تاپىب كۆڭلىدە ئىزتىراب،
سۆزىن ئەيتىبان ئاڭلاي ئالغاي جەۋاب.
بەسى مەكس ئەتتىب شاھى كىشۋەر خۇدا،
دىدى: قىل ھەدىسىڭنى ئەمدى ئادا!
دۇئا كۆپ قىلىب قاسىدى ناتەۋان،
بايان ئەتتى خاقان ھەدىسىن راۋان.
كى: ئەرز ئەتتى خاقانى دەريا شۇكۇھ،
كى ئەي نامۋەر شاھى ئەنجۇم ئۇرۇھ.
بۇ كىم ئەزم قىلدىڭ بۇ كىشۋەر سارى،
نېچۈككىم قۇياش چەرخى ئەخزەر سارى،
كىرىب رەخشى گېتىنەۋەردىڭ بىلە،
يارۇتتۇڭ بۇ كىشۋەرنى گەردىڭ بىلە.
بۇ مەئنىغە بائىس نې ئەردى ئىكىن،
نې فىكرىڭ بۇيان ئەزم بەردى ئىكىن؟
ئەگەر دوستىسەن، دوستلۇق بۇ ئەمەس،
كىشى دوستلۇق مۇنداق ئىشنى دىمەس.
كى سەندەك ئۇلۇغ شاھ تارتىب سىپاھ،
بىزىڭ مۇلكنى قىلغاسەن جىلۋەگاھ.
ۋەگەر خۇد ئاداۋەتغە قىلدىڭ غۇلۇ،
نې كۆردۇڭ ئاداۋەتكى، بولدۇڭ ئەدۇ؟
رەسۇلۇڭكى كەلدى سۆز ئەيتىب ئىرىك،
ئاڭا ئۇزر ئېتىب، ئۇزاتتۇق تىرىك.
دەب ئەردىڭكى: ئەزم ئەتسۇن ئالىب خىراج
كى دارا بارىب، مەندەدۇر تەختۇ تاج.
دەب ئەردىمكى: گەر باردى دارايى دەھر،
ساڭا دەھردىن يەتسۇن ئايىنۇ بەھر.
ۋە لېكىن مېنىڭ بىرلە دارا ئارا،
ئىش ئەردى سەلاھۇ مادارا ئارا.
يوق ئۇلكىم، ماڭا غالىب ئولغاي ئىدى،
خىراجىمغە ئۇل تالىب ئولغاي ئىدى.
ئەگەر سەن داغى قىلساڭ ئەنداق سۇلۇك،
كى بىر-بىر بىلە ئەيلەگەيلەر مۇلۇك.
تۇزۇب ئىككىمىز ۋەھدەت ئەسبابىنى،
فەراز ئەيلەلى شىددەت ئەبۋابىنى.
ۋەگەر بەرمەس ئەرسەڭ بۇ ئىشگە رىزا،
كۆرەي ھەرنە ئاللىمغە يازمىش قازا.
بۇ ئەردى سۆزۈم، ئەمدى ھەم بۇدۇرۇر،
ئۆزۈڭ دەكى، بۇ سۆز يامانمۇدۇر؟
ھەمۇل سۆزدىن ئىنكار يوقتۇر ماڭا،
يانا نەۋئ گۇفتار يوقتۇر ماڭا.

www.uyghurkitap.com

بۇ دەم داغى يانساڭ بولۇب سۇلھجوي،
ماڭا داغى سۇلھ ئۆزرەدۇر گۇفتۇگوي.
ۋەگەر كىن ئىشىدا غۇلۇ ئەيلەسەڭ،
ئاداۋەت ئۆزە گۇفتۇگو ئەيلەسەڭ،
مېنىڭ داغى بۇ ئىشتا يوق كەملىغىم،
مەساف ئەمرىدە نافەرا ھەملىغىم.
چېرىك ئانچەدۇركىم ئۇنىڭ سانى يوق،
ياراق ئانچەكىم، ئانچە ئىمكانى يوق.
ئايالۇ ۋەتەن ئۆزرە تا جانى بار،
كىشى ھەرب ئىتەر تاكى ئىمكانى بار.
ۋەلى ئىككى شاھ زاھىر ئەتگەندە كىن،
زەفەر قاي تەرەفى بولماق ئەرمەس ياقىن.
قايان فەتھ بولماق چۇ مەئلۇم ئەمەس،
جەبىن ئۆزرە ئۇل ھەرف مەرقۇم ئەمەس.
كىشى رەزمىدىن نېچە بولسا يىراق،
ئەرۇر ھەزم ئايىنىدە ياخشىراق.
سۇخەنۋەر چۇ شەرھ ئەيلەدى بارچە سۆز،
جاۋاب ئىستەيۇ تىكتى تۇفراققە كۆز.
شاھ ئۇل نۇكتەلەردىن تەبەسسۇم قىلىب،
دىدى گەۋھەرەفشان تەكەللۇم قىلىب.
كى: گەر شاھلىغ ئىززۇ تەمكىنىدە،
جاھاندارلىغ رەسمۇ ئايىنىدە،
مېنىڭ بىرلە دارانى خاقانى چىن،
بارابەر تۇتار، بۇ غەلەتدۇر ياقىن.
كى ھەركىمسەگە بولسا ئاگاھلىغ،
بىلۇركىم، ئەرۇر مۇلك ئىلە شاھلىغ.
ئەگەر شاھغە دۇر مۇلك ئىلە ئەئتىبار،
مېنىڭ كىشۋەرىم ئىككى داراچە بار.
ۋەگەر خۇد شىجائەت ئەرۇر مۇئتەبەر،
ئۇنىڭ ھالىدىن تۇتتى ئەركىن خەبەر.
كى رەزمىغە چۇن بولدى رەغبەت ماڭا،
ئۇنىڭ ئۇشرى يوق ئەردى شەۋكەت ماڭا.
قىلىپ ئەردىم ئۇل تەۋر ئاجىز ئۇنى،
كى كۆرمەيدۇر ئەل ئويلە ھەرگىز ئۇنى.
چۇ مەن غالىب ئەردىم بىلائىشتىباھ،
ھەم ئاخىر ماڭا بەردى نۇسرەت ئىلاھ.
مۇسەللەم تۇتار بولسا بۇ رازنى،
ئۇنۇتسۇن ماقالاتى ناسازنى.
ئۆزىن بويرۇغۇمغە مۇتىئ ئەيلەدىك،
كېلىب ئۆزرۇ ئەجزىن شەفىئ ئەيلەدىك.
رىئايەت قىلاي ئولچە ئىمكانىدۇر،
ئۇنىڭدەك سەرەفرازلەر شانىدۇر.
ئەگەر تۇتماس ئەرسە مۇسەللەم مۇنى،
ئاڭا كۆرگۈزەي رەزمۇ ھەيجا كۇنى.
كى ھەر سۆزكى قىلدىم بايان چىن ئەمىش،
ماڭا چىن دىمەك رەسمۇ ئايىن ئەمىش.
تۇگەندى سۆزۈم، ئەمدى بولغىل راۋان،
ئاڭا بۇ سۆزۈمدىن خەبەر قىل راۋان.
كى سەن بارغاچ ئوق ئەزم قىلغۇمدۇرۇر،
يول ئاھىستە - ئاھىستە كەلگۈمدۇرۇر.
بۇرۇنراق كېتۇرسەڭ جاۋابى ساۋاب،
ساۋاب ئولغۇسى بىزگە داغى جاۋاب.
ئەگەر ئەمرىدىن تولغار ئولسا بويۇن،
قۇرالىكى گەردۇن نە ئوينار ئويۇن؟
چۇ قاسىد ئىشىتتى بۇ يەڭلىغ مەقال،
قوپۇب قويدى يۈز — يولغە ئاشۇفتە ھال.
داۋا تاپمايىن دەردى جانكاھىغە،
قەدەم قويدى ئۆزخانى دەرگاھىغە.
نە سۆزكىم قىلىب ئەردى خاقان خىتاب،
نىلەركىم بۇيۇردى سكەندەر جەۋاب.
نېچۇككىم ئۆتتۇب ئەردى مەجلىس ئارا،
سەراسەر بايان ئەيلەدى ماجەرا.
چۇ فەھم ئەتتى خاقانكىم ئۇل تۇند شىر،
ئەرۇر ئۇل گۇمان ئەيلەگەندىن دەلىر.
يوبارسا كىشى ئەسرۇ بىنەفئ ئەرۇر،
ۋەگەر بارسا مۇنداق جاۋابىن بېرۇر.
ئاداۋەتقە مەردانە بەل باغلادى،
سكەندەر كېلۇر ۋەقتىنى چاغلادى.
چېرىك يىغمىش ئەردى خىتا مۇلكىدىن،
يېتى يوقكى يەتمىش ئەتا مۇلكىدىن.

سپاهی سپىهر ئەنجۇمىدىن فۇزۇن،
ئەدەد ئىچرە سەهرا قۇمىدىن فۇزۇن.
توقۇز يۈز مىڭ ئۇل نەۋئ ناۋەكفىگەن،
نىي ناۋەكفىگەنكىم پەلارەكفىگەن.
كى بىردىن بولۇب خەسم يامغۇردا غەرق،
يانا بىر چاقىلغاي ئۇنىڭدەككى بەرق.
جىبا سەر بەسەر زەرهەلۇ تۇركساز،
كىيجىم بارچە زەربەفت چىنىي تىراز.
بارى ناۋەكەخگەن، بارى تىغزەن،
بولۇب بارچە جەۋشەن بىلە رويتەن،
هەر ئاتلىغ كىلىب نەخلى ئاراستە،
دىمە نەخلىكىم ماهی ناكاستە:
بۇ يەڭلىغ سپاه بىرلە خاقانى چىن،
سىپاه يوقكى، ئاشۇبى رويى زەمىن،
ئەدۈۋغە چىقىب ئوترۇ، چىن شەهرىدىن،
سالىب جەبهەسى ئۈززە چىن قەهرىدىن.
ئەدۈۋ ۋەهمىدىن بولمايىن ئىشىدا سۇست،
كۆرۈب يەر، سپاهىن تۇشۇردى دۇرۇست.
سپاه دەۋرىغە خەندەقى قازدۇرۇب،
كى نەززارەسی هۇشنی ئازدۇرۇب.
رئايەت قىلىب هەزم ئايىننى،
كى ساز ئەيلەگەي رەزم ئايىننى.
چۇ خەندەق قازارغە تاپىب ئىهتىياج،
بولۇب خەندەقى دەۋرى ئون بەش ياغاج.
ئۇنى باۋۇجۇد ئىختىسار ئەيلەبان،
ئىچىن لىك مەهكەم هىسار ئەيلەبان،
ئەرابە بىلە ئويلە هىسنى مەتىن،
كى ئەرمەس فەلەك هىسنى ئەنداق هەسىن.
ئەرابە چۇ ئەل دەۋرىغە ياندا شىب،
ئىكى دەۋرەدىن هەم هىسابى ئاشىب،
ئەرابە ئۈزە تۆرە پەيۋەست ئولىب،
تۆرە كەيندە خەلق هەمدەست ئولىب،
تۆرە بارچە قوللاب ئىلە بەندۇ بەست،
كەمىن ئەيلەبان كەيندە ئەهلى شەست.
يانا خەندەق ئالدا موندۇ تىكىب،
قەلىن نەي شەكەردەككى هىندۇ تىكىب،
ياساب قورغانىن ئول سىفەت بىخەلەل،
كى يول تاپماغۇدەك ئىچىگە ئەجەل.
ئۈزىن بىركىتىب بويلە سەرخەيلى چىن؛
ياساب خەيلى دەۋزىدە هىسنى هەسىن،
يانا ياندىن ئىسكەندەرى چىرە رەزم،
قىلىب كۆچ ـ بەركۆچ چىن سارى ئەزم.
ئاگا تېگروكىم بۇ ئۈزىن بىركىتىب،
مۇنۇڭ مۇلكى قەسدىغە ئول هەم يىتىب،
چۇ خاقان سارىدىن كۆرۈندى قارا،
ياسال تۈزدى ئىسكەندەر ئول دەشت ئارا.
سپاهىكى تەئرىف ئاگا ئار ئىدى،
نىچەكىم كىشى كۆپ دىسە بار ئىدى،
سىپاهىن تۈزۈب شاهی رەزمازماي،
سوران سالدىيۇ تۈشتى هەزمازماي.
سوران يوقكى، يۈزمىڭ هىزەبرى يەلە،
دىگىن سالدى كوك تاقىغە ۋەلۋەلە.
سكەندەرنىڭ ئول كەلمەگی تۇندۇ تىز،
سوران بىرلە بۇ سالماغى رۇستخىز.
ئەدۈۋ كۆڭلىنى ئەيلەدى ۋەهمناك،
كى كۆردىلەر ئۇنى ئەجەب سەهمناك.
چۇ ئاقشام ياقىن ئەردى ئىككى سپاه،
زەرۇرەتكى تۇتتىلەر ئارامگاه.
فەلەك چۇنكى خۇرشىد خاقانىنى،
ياشۇردى تۈزۈب غەرب قورغانىنى.
هەمۇل خەيلى پەرۋىن ئۈزىن كۆرگۈزە،
تەلايە كىبى چىقتى گەردۇن ئۈزە.
ئىكى خەيل ئارا هەزم ئىزهارىدىن،
تەلايە راۋان بولدى هەر سارىدىن.
يەزەكلەر پەياپەي راۋانە بولۇب،
سۇها ئوقلەرىغە نىشانە بولۇب.
سكەندەر خەيالى بۇكىم سۇبهگاه،
تەهەررۇك تاپىب خەيلى ئەبغۇم سپاه،
قىلىب هەرب ئىهلىنىڭ ئارايىشى،
ياساب ئۇلچە ئىمكان گۇنجايىشى.

www.uyghurkitap.com

ئەدۇۋ سارى ئەزم ئەيلەگەي بىدەرەڭ،
ئۈنىڭدەككى دەرياغە سورغاي نەھەڭ.
چۇ پەرخاش ئىتىب كارزار ئەيلەگەي،
قىيامەت كۈنىن ئاشكار ئەيلەگەي.
چۇ فەھم ئەتتىلەر ھىكمەت ئەھلى بۇئەزم،
كېلىب شاھغە قىلدىلەر مەنئى رەزم.
كى: تاڭلاۋۇ ئىندىن مەدارا كېرەك،
ھىيەل ئەيلەمەك ئاشكارا كېرەك.
نەئىشگەكى سەييارەۋۇ سابىتات،
قىلۇرلەر نۇھۇسەتدە سەيرۇ سەبات.
نەزەركىم نۇھۇسەتقە ۋاقىئ دۇرۇر،
تەناسۇب بىلە بىزگە راجىئ دۇرۇر.
بۇ ئىككى كۈن ئەر شەھغە بولسا سۈكۈن،
ئىشى سالغاي ئورتاغە چەرخى نىگۈن،
كىم ئۇل ئىشتا بولغاي غەرابەت بەسى،
شەھ ئىقبالى تاپقاي مەھابەت بەسى.
بۇ سۆزدە ئەگەر بولسا داغى خىلاف،
ئۈچۈنچى كۈن ئەر شاھ قىلسا مەساف،
ئۇمىد ئۇلكى ئەئداغە سالغاي شىكەست،
شۇكۇھىنى قىلغاي قارا يەرگە پەست.
شاھ ئۇل سۆز بىلە تاپتى تەسكىن بەسى،
ھەۋا تۇتمادى شوئلەئى كىن بەسى.
يانا سارى خاقانى گەردۇن جەناب،
ئەلى ئىچرە تاپمىش ئىدى ئىزتىراب.
ختايى سىپاھ بەلكى چىنىي گۇرۇھ،
كۆرۈب خەسم خەيلىدە بىھەد شۇكۇھ.
بارىنىڭ ئاراسىدا ئاشۇب ئىدى،
بارى ۋەھم ئىلىگە لەگەد كوب ئىدى.
نېچەكىم بېرۇر ئەردى خاقان كۆڭۈل،
تۇزەلمەس ئىدى ۋەھم تاپقان كۆڭۈل.
ئاڭا يەتتىكىم قىلمايىن ئىشگە مەيل،
سۆز ئىزھار ئېتە باشلادى خەيل ـ خەيل:
كى بۇ نامۇەرى كامكارى دەلىر،
يۈرەك ئىچرە قاپلان، شۇكۇھ ئىچرە شىر.
كى ئەيلەب جاھانگىرلىكنى ھەۋەس،
ھەۋەس قىلغانىغە تاپىب دەستىرەس.
بۇ كۈنگە دىگىن ھەرقايانكىم يۈرۈب،
نىكىم كامىدۇر ئىلگىگە كەلتۈرۈب،
قايۇ مۈلك سارىكى ئەلتىب ھەشەر،
ئۇنى فەتھ ئېتىب قىلمايىن شورۇ شەر.
نې شاھ بوينى سارىكى تاشلاب كەمەند،
بولۇب بوينى ئۈنىڭ كەمەندىغە بەند.
مەسافىدا ئۇل كۈنكى دارا ئىدى،
بۇ بىر قەترە، ئۇل جەرف دەريا ئىدى.
ئاڭا رەزمۇ تەدبىر ئىلە تاپتى دەست،
كى ئىقبالى شاخىغە بەردى شىكەست.
ئەمەس بىزگە داراچە خەيلۇ گۇرۇھ،
ئاڭا لېك ئون بىزچە فەررۇ شۇكۇھ.
يانا ئۇلكى ساھىبقىران ھەم ئېرۇر،
جۇۋان دەۋلەتۇ پەھلەۋان ھەم ئېرۇر.
مۇنۇڭدەك كىشى بىرلە كوشىشغە پېچ،
ئەمەس ئىش ھىسابى بىلە راست ھېچ.
ئۈنىڭ بىرلە كىم ئۇرسا لاقى مەساف،
خىرەد ئەيتۇر ئۇل سۆزنىڭ ئاتىن گەزاف.
ئۇلۇغلارنى ئەيلەب شەفائەت ئاڭا،
كېرەك قىلسا خاقان ئىتائەت ئاڭا.
يوق ئەرسە ئەدۇر ئۇل قەۋىي، بۇ زەئىف،
ئاڭا ھېچ پابىرلە ئەرمەس ھەرىف.
كىشى قىلسا دەئۋا ئۇرۇش بىغىدىن،
ئامان تاپماغ ئولماس ئۈنىڭ تىغىدىن.
بىراۋكىم ئاڭا ئەقل دەئۋاسى بار،
ئۆزى قەسدىن ئەتمەك نې مەئناسى بار؟
يوق ئۆز جانىغە، خەلق جانىغە ھەم،
نې جان، ئىرز ئىلە خانۇمانىغە ھەم.
مۇتىئ ئولسا ئەيلەب قەبۇلى خىراج،
تۇتار ئۇل مۇسەللەم مۇڭا تەختۇ تاج.
نېلەر قىلدى مەللۇيى بەدروز ئاڭا،
بۇكۈن مۇئتەمەد بولدى فىروز ئاڭا.
بولۇب ئەجزىغە مۇئتەرىف رايى ھىند،
ئېرۇر بۇ زامان كىشۋەرارايى ھىند.

ئەگەر بارسا خاقان داغى كاشغە،
قويار مەملەكەت ئەفسەرىن باشغە.
ئايان نەيلەبان خىزمەت ئىزھارىنى،
ئالۇر ھەرنىكىم مۇلكىدۇر بارىنى.
بۇ ئىشتىن نىكىم ئۆزگە تۇتسا ۋۇجۇد،
پۇشايمانلىغى قىلماس ئۇل ۋەقت سۇد.
بولۇب فىرقە - فىرقە ئىلى سىز - بەسۇ،
بۇ سۆزنى قىلۇر ئەردىلەر گۇفتۇگو.
بىراۋكىم ئىدى مەھرەمى خاس ئاڭا،
مۇھەببەت ئارا ساھىب ئىخلاس ئاڭا.
تىلەب خىلۋەتى خالى ئەغياردىن،
نى ئەغياردىن، بەلى دەييارد‌ىن.
دىدى ئۇلتۇرۇب يىغلايۇ زار - زار،
كى، ئەلگە تۇشۇبدۇر ئەجەب خار - خار.
ئىشتگەننى ئەلدىن سەراسەر دىدى،
كوپۇ ئاز يوقكىم بەرابەر دىدى:
تۇگەتكەچ سۆزىن دىدى: ئەي شەھريار،
كى بولسۇن ساڭا دايىما بەخت يار!
ماڭا ئۇلچە مەئلۇم بولدى دىدىم،
كى بۇ سۆزنى ئەيتۇردە مەئزۇر ئىدىم.
ئىنانساڭ بۇ ھالەتقە بىر فىكر قىل،
ئىنانماس ئەسەڭ ئەيلە تەھقىقۇ بىل.
دەمى قىلدى ئەندىشە خاقانى چىن،
چۇ كۆپ قىلدى تەھقىق، بىلدى يەقىن.
كى ناقىل سۆزى سەربەسەر چىن ئەمىش،
ئاڭا راستلىق دەئبۇ ئايىن ئەمىش.
بەسي بولدى ئۆز ھالىغە چارەجوي،
ئاڭا بەرمەدى ھىچبىر چارە روي.
ئىلىن داغى بىلدىكى باردۇر مۇھىق،
ئەمەس تەئنۇ تەشنىئغە مۇستەھىق.
كى چىنى ئاياغ بىرلە خارايى رۇم،
قاچانكىم ئۇرۇشتۇرسا دارايى رۇم.
نىچە كىمسە ئەقىل ئىچرەدۇر زىردەست،
بىلۇركىم قايان تۇشگۇسىدۇر شىكەست.
ئەگەر چىنى ئۇل كىنەنى قىلسا فاش،
بىلۇركىم ئۇرار ئۆز ئاياغىغە تاش.
بۇ ئىشتا ھۇجۇم ئەتتى قايغۇ ئاڭا،
تاڭ ئاتقۇنچە يوق ئەردى ئۇيقۇ ئاڭا.
سەھەر ۋەقتى بىرراي تاپتى سەۋاب،
ئالىب غەيب دۇشىزەسىدىن نىقاب.
سالىب ئەقل كۆڭلىگە ئەندىشەئى،
كى تاپمايدۇر ئۇنى خىرەد پىشەئى:
تىلەتتى ھەم ئۇل مەھرەمى خاسنى،
كى كۆرگۈزمىش ئەردى بۇ ئىخلاسنى.
دىدى: بارگاھ دەۋرىدىن ئەلنى سۇر،
سەراپەردە دەرگاھىدىن ھەم ئىتۇر.
ئەشكنى كىلىب ئەيلەگىل تەكيەگاھ،
نىدا قىلكى: كۆرمەس بۇكۇن ئەلنى شاھ!
بۇكۇن ئەسرە ئاقشامغەچە بۇ ئەشىك،
مىنىڭ ساردىن بولما ئەندىشەلىك.
كىلۇر كىچە گەر كەلدىم ئەرسە بۇ چاغ،
مۇيەسسەر دۇرۇر بارچە كامۇ فەراغ،
ئەگەر كەلمەسەم ئۆز ياراغىڭنى كۆر،
نىپ ئالىڭغە كەلسە ئاياغىڭنى كۆر.
ۋەلي بىركۇنۇ بىر كىچە زىنھار —
كى بۇ پەردەدە ياخشى بول پەردەدار.
ۋەلي مەندىن ئىش سۇرەتىن سورماغىل،
بۇ ئەندىشە كەيفىيەتىن سورماغىل.
قەبۇل ئەتتى خاقان سۆزىن مۇستەمىئ،
كىرىب ئۆيگە ئۇل راي ئارا مۇختەرىئ.
سالىب ھەرنە شاھانە ئەردى ئاساس،
رەسۇلانە ئەگنىگە سالدى لىباس.
ھەمۇل مەھرەمىغە ئەتتىكى، بات
سەراپەردە يانىدا كەلتۇر بىر ئات!
چۇ كەلتۇردى مەركەبنى تەييار ئىتىب،
سەراپەردە يانىغە چەكتى يىتىب.
چىقىب مەركەب ئۇستىگە خاقانى چىن،
ئۇنى قىلدى بۇ راز ئىشىگە ئەمىن.

www.uyghurkitap.com



**قەمەر سىياھ سەرىھ ئەسىرى قۇيىياش بىلەن قىران قىلىغانىدەك خاقان ئىسكەندەرگە رىسالەت ئۈچۈن مۇقارىن بولغانى ۋە ئۇل مۇقارىنىدىن مۇقابەلەگە بارغاچ قەمەردىك نۇرسەفادىن تولغانى**

**(قاراڭغۇلۇقنىڭ روشەن تۇتقۇنى بولغان ئاينىڭ قوياشقا يېقىنلاشقىنىدەك، خاقاننىڭ ئەلچىلىك مەقسىدىدە ئىسكەندەرگە يانداشقىنى ۋە ئۇ ياندىشىش ئارقىلىق ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، خۇددى ئايدەك پارلاق نۇرغا تولغانلىقى)**

قاراڭغۇدا چىقتى سىپەھدىن سۇرۇب،
ئۆزىن قەلئە دەربەندىغە يەتكۇرۇب.
بىرىب مۇھرى نەقشىنىكى، خاقان دېمىش:
چىقارىلىڭ مېنىكىم، ئەرۇر كۆللى ئىش.
ئۇلار چۇن نىشانە تاپىب دىلپىسەند،
چىقارىب ئۇنى قەلئەدىن بىگەزەند.
بولۇب تېز خاقانى ئافاقگەرد،
سكەندەر سىپاھى سەرى رەھنەۋەرد.
بارۇر ئەردى كۆڭلىدە يۈزمىڭ خىيال،
خاۋاتىر قىلىب كۆڭلىنى پايىمال.
چۇ خۇرشىدى ئىسكەندەرى ئاچتى چېھر،
سكەندەردىك ئافاق ئۈزە سالدى مېھر.
نۇجۇم ئولدى چىن خەيلىدەك بىغۇرۇغ،
قەزا قىلدى كۆك مەرغزارىن قورۇغ.
سكەندەر سىپاھىغە فەررۇخ رەسۇل،
يېتىب ئاستانىدە قىلدى نۇزۇل.
راۋان شەھغە ئەرز ئەتتىلەر بۇ ماقال،
كى، كەلمىش رەسۇلى خۇمايۇن جامال.
باشىدىن ئاياغىغىچە فەررۇ ھۇش،
بەشەر سۇرەتى ئىچرە كەلگەن سۇرۇش.
سكەندەر دېدى: ئەيلەبان ئېھتىرام،
ئاڭا تەختىم ئالىندە ئەيلەڭ مەقام.
كى بۇ كېچە بىر تۈش كۆرۈبمەن غەرىب،
بۇگەر بولسا تەئبىرى ئەرمەس ئەجىب.

قۇياشچە ماڭا تۈشتە ئەنۋار ئىدى،
يەنە بىر قۇياش ھەم پەدىدار ئىدى.
كېلىبان قويار ئەردى ئالىمدە باش،
كىشى كۆرمەمىش مۇنداق ئىككى قوياش.
يانا ھىكمەت ئەھلىنىڭ ئىئلامىدە،
فەلەك سىررىدىن يازغان ئەھكامىدە،
نەۋادىر ئىدى بۇ ئىكى كۈندە كۆپ،
كى زاھىر بولۇر دىدىلەر مۇندا كۆپ.
نەۋادىركى قىلدى ئۇلار ئېئتىبار،
بۇ نادىر بىرى بولماق ئىمكانى بار.
دېبان شاھ بۇ سۆزنى دىدىكىم: يۈرۈڭ،
دىگان كىمسەنى ئىچكەرى كەلتۈرۈڭ!
بارىب چۇنكى كەلتۈردىلەر ئىچكەرى،
كۆرۈب رەسمۇ ئايىنى ئىسكەندەرى.
يىراقراق سۇخەنداني فەرخۇندە راي،
رەسۇلانە ئايىن كېتۈردى بەجاي.
رەسۇل ئەردى چۇن ياخشى ئەۋساف ئىلە.
سكەندەر تىلەب قۇچتى ئەلتاف ئىلە.
يېتىب بەختىدىن بۇ بەشارەت ئاڭا،
شاھ ئولتۇر! دەب ئەتتى ئىشارەت ئاڭا.
رەسۇل ئولغاچ ئالىدە ئارامجوي،
سەۋال ئەتتى ئىسكەندەرى كامجوي.
كى، ھەرنە سۆزۈڭ بولسا ئاغاز قىل،
نې راز ئىستەسەڭ بىزنى ھەمراز قىل!

تەئەننى بىلە دىدى فەررۇخ رەسۇل،
كى، ئەي دەرگاھىڭ ئاستانى قەبۇل!
نىكىم ئەيلەدىڭ ھۆكىم، جان ئۈستىگە،
راۋان قىلماق ئۈنى راۋان ئۈستىگە.
ۋە لېكىن خىتا خانى خاقانى چىن،
كى تەدبىرۇ رايىغە يۈز ئافەرىن.
ماڭا نېچە سۆز دەب دۇرۇر، بەس شەرىف،
كى ئەرمەس ئەشتمەككە ھەركىم ھەرىف.
ئەگەر تارقاسا ھەر تەرەف ئەنجۇمەن،
رەسۇل ئۇلسەۋۇ خۇسرەۋى سەفشكەن.
سۇرارغا چۇ شاھ لۇتفۇ ئېھسانى بار،
مەن ئۇل نۈكتە سۇرمەكنىڭ ئىمكانى بار.
يانا دەب دۇرۇركىم شاھى پاك راي،
ئەگەر بولسا بۇ نەۋئ خىلۋەتنەماي،
كى شاھ بولغايۇ ھامىلى رازۇ بەس،
سەن ئىنزھار قىل ھەرنىكىم مۇلتەمەس.
يوق ئۇلسا قوپۇب يانغىلۇ تۇرماغىل،
ۋە گەر قىلسەلەر ھەبس دەم ئۇرماغىل.
گۇمان ئەتسەلەر ئەل فىدايى سېنى،
فەساد ئەھلىنىڭ تىيرە رايى سېنى.
شىكال ئەيلەسۇنلەر ئاياغىڭغە بەند،
قولۇڭغە داغى باغلاسۇنلەر كەمەند.
سكەندەر قويۇب ئالىغە تىغى تېز،
قىل ئۇل لەھزە تىغى زەبان نۈكتەرېز.
ئەگەر بولساڭىز مەندىن ئەندىشەلىك
قىلىڭ بەند ئىنەك ئاياغۇ ئىلىك.
سكەندەرگە ئاشتى بۇ ئىشدىن شەئەف،
دىدى: بارىڭىز ھەركىشى بىر تەرەف.
كى بەند ئەيلەمەكلىككە يوق ئېھتىياج،
ئەمەس ھۇد-ھۇد ئايىنى سۇنغۇرغە كاج.
قىلىب ھىكمەت ئەھلى بەسې ئىلتىماس،
خۇسۇسەن ئەرەستۇيى ئەنجۇمشۇناس.
سۇخەنۋەر ئاياغىنى بەند ئەتتىلەر،
قولىن ھەم ئەسرى كەمەند ئەتتىلەر.
شاھ ئالىغە كەلتۇردىلەر تىغ ھەم،
يىراق قوبدىلەر بارچە بىر-بىر قەدەم.
چۇ بولدى تىھى خىلۋەت ئەغياردىن،
يانا سوردى پوشىدە ئەسراردىن.
رەسۇل ئەيتتى: كى شاھى پاك راي،
ئەدۇۋ بەند، يوق-يوقكى، كىشۋەر كۇشاي،
ساغىنمە مېنى قاسىدى رەھنەۋەرد،
كى خاقان ساڭا بولدى دەرگەھ نەۋەرد.
بۇكىم بولمىشام خاكى دەرگەھنىشىن،
نې ئىلگىمدە تىغۇ نې كۆڭلۈمدە كىن.
ئاياغىمدا بەندۇ ئىلگىمدە بەند،
ئۆزۈمنى ساڭا قىلمىشام مۇستەمەند.
بۇ ئىش بائىسى نېچە سۇرەت ئىدى،
كى بۇ نەۋئ كەلمەك زەرۇرەت ئىدى.
سكەندەرنى ھەيرەت زەبۇن ئەيلەدى،
بۇ ئىشدىنكى چەرخى نىگۇن ئەيلەدى.
دىدى: كى سىپەھدارى چىنۇ خىتا،
نېچۈك شاھلەر بۇيلە قىلغاي خەتا؟
كى بولغاي ئەدۇۋسىغە مۇنداق ئەسىر،
كى كىمسە ئاڭا بولماغاي دەستگىر.
تۇتۇلغاي كېلىب ئۆز ئاياغى بىلە،
داغى نۈكتە سۇرگەي فەراغى بىلە.
سۆزۈڭنىڭ ئاداسىدا قىلما شىتاب،
بۇرۇن بۇ سەۋالىمغە بەرگىل جەۋاب:
دىدى ئەيلەبان فىكر خاقانى چىن،
كى، ئەي دەھر مۇلكىگە مەسنەد نېشىن،
تۇشۇب ئەردى باشىمغە بەس مۇشكىل ئىش
كى ئۇنىڭ ئىلاجى ئىدى بۇ كېلىش.
يانا بارئىدى ئېئتىمادىم ساڭا،
كى بۇ نەۋئ ئىدى ئېئتىقادىم ساڭا،
كى بارسەن خىرەدمەندۇ رەۋشەن راۋان،
جۇۋانمەردۇ ھىممەتۋارۇ پەھلەۋان.
زەبۇنكۇشلۇك ئولماس شىئارىڭ سېنىڭ،
بۇ نەۋئ ئىشدۇر ئەلبەتتە ئارىڭ سېنىڭ.
ئۇلاركىم ساڭا قىلدىلەر كۆپ خىلاف،
سىپاھ چەكتىلەر زاھىر ئەيلەب مەساف،

www.uyghurkitap.com



دىگەن چاغدا ئۇزر ئەتمەدىك جۈزكەرەم،
كىم ئۇلدى زەلىل، ئەيلەدىك مۇھتەرەم.
ماڭا تاپمايىن ئەنداق ئەمرى ۋۇقۇئ،
كى قىلغاي تەقازايى بىيمۇ خۇشۇئ.
خۇسۇسەن خىسالى ھەممىدىك بىلىپ،
ئۇلۇغ ئىئتىماد ئىشلەرىڭگە قىلىپ،
ئۇزۇمنى قىلىپ بويلە زارۇ زەبۇن،
تۇشۇپ تەختىك ئالىغە خارۇ نىگۇن.
دىبان ئەرزى ھالىم تەزەللۇم قىلىپ،
ئەسرانە تۇتقۇ تەكەللۇم قىلىپ.
تاپالمادىم ھىچ سۇرەت بىلە،
قاشىڭدىن قوپارنى قۇدرەت بىلە.
بار ئەردى قاشىمدا قۇياشدىن يارۇق،
كى قىلغۇڭ دۇرۇر لۇتفۇ دىلجويلۇق.
بۇ سۆزكىم سۇرۇپ شاھى مۇشكىل پىسەند،
جەۋابىن بەغايەت تاپىپ دىلپىسەند.
دىدى ئافەرىن ئەيلەب: ئەي كامياب،
بۇ رايىڭ خۇد ئەردى بەغايەت سەۋاب.
يانا ھەرسۆزۈڭ بولسا ئىزھار قىل،
خەفا پەردەسىدىن پەيدىدار قىل.
كى بۇ ھال ئىلە كۆرسە بولماس سىپنى،
بۇ سۇرەت بىلە سورسە بولماس سىپنى.
دۇئا بىرلە خاقانى دەريا نەزىر،
دىدى: كى جەھاندارى دەريا زەمىر!
بۇ كەلمەكدىن ئەردى غەرەز بۇ ماڭا،
كى بولغاي جەنابىڭدە يارغۇ ماڭا.
سۆزۈم ھەرنە بار، ئۇلتۇرۇپ رو - بەرو،
قاشىڭدا دىگەيمەن بارىن مو - بەمو.
بۇ دۇر سۆزكى چۇن كەلدى شاھدىن رەسۇل،
كى ھەم كەلگىلۇ ھەم خىراج ئەت قەبۇل.
جەۋابىدىن ئەر بولدى ئاشۇفتە شاھ،
كىلىپمەن ئاڭا بولغالى ئۇزرخاھ.
گەر ئارتۇغ دىدىم سۆز ـــ گۇناھكارمەن،
سىياسەت قىلۇرغە سەزاۋارمەن.
بىلىپ جۇرمۇم ئالىڭغە كەلدىم زەلىل،
ئەگەر تارتساڭ تىغ قانىم سەبىل.
ۋەگەر ئەفۋ ئىلە قىسمىم ئەتسەڭ تەرەب،
سىپنىڭ خۇلقۇ لۇتفىڭدىن ئەرمەس ئەجەب.
سىكەندەر دىدى: كى شاھى كامياب،
ماڭا ئۇلچە سەن ئەيتىب ئەردىڭ جەۋاب.
سۆزى ئەردى مەئقۇلۇ يارانە ھەم،
پىسەند ئەتكۈدەك خىشۇ بىئگانە ھەم.
ۋەلى مەن قىلىپ پۇختا تەدبىرلىك،
چۇ باشىمدا ئەردى جاھانگىرلىك.
جاھان مۇلكىن ئاچماقنى جەزم ئەيلەدىم،
بۇ كىشۋەر سەرى داغى ئەزم ئەيلەدىم.
ئەدۇۋسىغە ھەر شاھكى غالىب دۇرۇر،
بۇ يەڭلىغ باھانەغە تالىب دۇرۇر.
يوق ئەرسە ساڭا ئۇكتە سۆز يوق ئىدى،
نە بولسا بىزىڭ ساردىن ئوق ئىدى.
گەر ئۇل سۆزدە بار ئەرسە داغى خىلاف،
بىلىپ ئەيلەدۈك ئەمدى خاتىرنى ساف.
دۇئا قىلدى خاقانۇ سۆز باشلادى،
سۆزىن ئۆز مۇرادى سارى تاشلادى.
دىدى: كىپي مۇتىئ ئەھلى ئالەم ساڭا.
جاھانگىر بولماق مۇسەللەم ساڭا،
نى كىشۋەركى ئاچماققە ئۇردۇڭ قەدەم،
ئۇنىڭ فەتھى خۇد بولمادى بى ئەلەم.
قىلىپ فەتھى تەدبىرىدە قىيلۇ قال،
كۆڭلۈڭگە كىرىپ ھەر زامان يۈز خەيال.
بىلۈرسەن ئۆزۈڭ مەللۇ چاغلىق كىشى،
كى نەيرەڭۇ ئەفسۇن ئىدى ۋەرزىشى،
نىيچە قىلدى ئالىڭدا كىنۇ ئىناد،
نى ئەشۇش ئىلە بولدى فەتھ ئۇل بىلاد.
يىپرى بار ئىدى ئەيلەمەك قەتلۇ كىن،
ئەتا قىلدىڭ ئوغلىغە تاجۇ نىگىن.
چۇ لۇتفۇڭدىن ئاگاھ قىلدىڭ ئۇنى،
ئاتا مۇلكىدە شاھ قىلدىڭ ئۇنى.
بۇيان ئەيلەگەچ ئەزم دەۋلەت بىلە،
كى تەخت ئۇزرە سەن فەتھۇ نۇسرەت بىلە.

مىنىكىم ئەدۇۋ ئەيلەر ئەردىك خەيال،
بۇ نەۋئ ئەتتىم ئۆزنى ساڭا پايمال،
خەيالىمغە يۈزلەندى بۇ نەۋئ ئىش—
كى مۇنداق ئىنتائەت كىشى قىلمامىش.
سىنىكىم ھەق ئەتتى بۇ نەۋئ ئەرجۇمەند،
كى پەستلىك دۇرۇر بويلە مەندەك بەلەند.

تىلەرمەنكى بۇ بولسا ئاسان ماڭا،
كى بىلسەمكى، نې قىلغۇلۇك ئېھسان ماڭا.
سكەندەر دىدى: جەمئ قىلغىل كۆڭۈل،
ئىكى دەھر ئارا سەن ئاتا، مەن ئوغۇل.
دىسەڭ، خىزمەتىڭدە جەبىن سۈرتەيىن،
سىنى تەخت جاھىمغە ئولتۇرتەيىن.
قىلىب ساڭا فەرزەنددەك پايبۇس،
دەيىنكىم تىرىلدى مەلىك فەيلەقۇس.
سەن ئەت مەسنەد ئۆزرە كۆلاھدارلىق،
مەن ئالىڭدا ئەيلەي سىپاھدارلىق.

ئەگەر خۇد بۇ نەۋئ ئەيلەمەسسەن قەبۇل،
نې يەڭلىغكى، كۆڭۈلۈڭگە ئەيلەر شۇمۇل،
مىنى ئەيلە ئاگاھكى، ئۇل ئىش قىلاي،
نىچە ئەيلەي ئالغانچە كوشىش قىلاي.
بولۇب شاد خاقانى دەۋلەت قەرىن،
دۇئالار بىلە ئەيلەبان ئافەرىن،
كۆزىدىن تىيا ئالمايىن ياشىنى،
قويۇب شۇكر تۇفراغىغە باشىنى.
دىدى: كى شەھەنشاھى گەردۇن سەرىر،
سەرىرىڭغە يوق ئەۋجى گەردۇن نەزىر.

ھەمىشە جاھان پەھلەۋان بولغايسەن،
جاھان ئەھلىغە كامران بولغايسەن.
بولۇب تەۋئ ئىلە بەندە فەرمان ساڭا،
مىنىڭدەك بەسې خاتۇ خاقان ساڭا.
بۇ نە لۇتفۇ پاكىزە تىنەت بولۇر،
بۇ نە خۇلقۇ ئېھسانۇ ھىممەت بولۇر.
بۇ ھىممەتكى بەرمىش ساڭا بې نىياز،
ئېرۇر شەھلىغىڭغە جاھان مۇلكى ئاز.
دىمان لايىقلىك ئىككى ئالەم ئىدى،
كى ئۇن بولسا ئەردى داغى كەم ئىدى.
بۇ ئەلتافىڭىم سەن ئايان ئەيلەدىڭ،
مىنى شۇكرىدە ناتەۋان ئەيلەدىڭ.
كەلامىڭ ئايان ئەيلەگەن مەسئەلە،
ئەشتىمەككە يوقتۇر ماڭا ھەۋسەلە.
ۋەلې چۇن دىدىڭ ئاشنالىغ سۆزى،
ئارادا ئوغۇللۇق، ئاتالىق سۆزى.
گۇمانىمدا يوق ئەردى بۇ ئېھتىرام،
كى قىلغۇلۇك مىنى بويلە ئالى مەقام.
ياراماس ساڭا گەرچە مەندەك ئاتا،
ۋەلې مەن بۇ سۆزنى دىمەكدۇر خەتا.

گوھەر زاتىغە نې كەم ئولغاي شەرەف،
بۇكىم بولغاي ئۇنىڭ ئاتاسى سەدەف.
بۇ ئېھسانىڭغە گەرچى لايىق ئىمان،
سەدەف بىرلە دۇر ھالىدىن يوق دىمان.
ۋە لېك ئۆزگە سۆزلەركى قىلدىڭ بايان،
ئۇلاردىن قىل ئۇشمۇنچە چاغلىق ئايان.
كى فاش ئەتمەگىل ئەلگە بۇ رازنى،
بۇ كەلىمەكدىن ئەنجامۇ ئاغازنى.
رەسۇلانە ئەيلەب ماڭا ئىلتىفات،
بۇكۇن ئاسرابان، شام بولغاچ ئۇزات.
ئېلىڭگە دېگىلكىم: بۇ كەلگەن رەسۇل،
ياراشدىن دىدى سۆزۇ قىلدىم قەبۇل.
تاڭ ئاتقاچ رەسۇلى يۇبار قاھشىغە،
كى سالسۇن شەرەف سايەسى باشىمغە.
مىنى ئەيلە دەرگاھىڭغە ئىلتىماس،
كىلەي مەن تۇتۇب ھۆكمى ئەمرىڭنى پاس.
كۆرۈب ئەيلە تەئزىم ئەل كۆرگۈدەك،
مۇلۇك ئۇنى بىر-بىرىگە يەتكۈزگۈدەك.
ئېرۇر مىڭ يىل ئۇلكىم كېلۇر يادىمغە،
كى خانلىغدۇر ئاباۋۇ ئەجدادىمغە.

كى بۇ مۇلك ئاندىنكى ئىھداس ئېرۇر،
ئاتادىن ئاتا بىزگە مىراس ئېرۇر.
كى چىن مۇلكىدە ئەردىلەر خان بارى،
قايۇ خانكى، قائانۇ خاقان بارى.

www.uyghurkitap.com



بۇلەرنىڭ تۇتۇپ **پاس** ناموسىنى،
ماڭا سالما بەزمىڭ زەمىن بوسىنى.
كى خاقانلىغىم شەۋكەتى سىنماسۇن،
شەھەنشاھلىغىم سەۋلەتى سىنماسۇن.
ئۇلۇس ئىچرە ئېئزاز قىلغىل مېنى،
ئاتا دەب سەرەفراز قىلغىل مېنى.
خىراجىكى نامەڭدە مەستۇر ئىدى،
كى چىن دايىم ئۇل ئىشتا مەئزۇر ئىدى.
بۇ تەكلىفنى سەن داغى قىلماغىل،
سۆزىن دىمەۋۇ كۆزگە ھەم ئىلماغىل.
خىراج ئىستەمەكدىن غەرەز مال ئۇلسا،
دۇرۇ لەئلىدىن تەۋقۇ خەلخال ئولسا،
خەزايىن ماڭا بېنىھايەت دۇرۇر،
دۇرۇ لەئل بېھەددۇ غايەت دۇرۇر.
ماڭا ھەرقاچان بولسا سەندەك ئوغۇل،
قاچان مەخزەن ئاسدارغە بولغاي كۆڭۇل.
تۆكەي ئالىڭغە ئۇل قەدەر مالۇ گەنج،
كى يەتسۇن سىپاھىڭغە يىغماقدە رەنج.
بۇ يەڭلىغ رىئايەتلەر ئەتگەن زامان،
مېنىڭ باغۇ قەسرىمغە بول مېھمان.
كى يۈزۈڭگە مەن داغى مەجلىس تۈزەي،
مۇلۇكانە تەرتىبلەر كۆرگۈزەي.
نېچە ۋەقتكىم بولسا كامىڭ سېنىڭ،
بۇ كىشۋەردە بولسۇن مەقامىڭ سېنىڭ.
بارۇر ۋەقتىڭ ئۇل كۈنكى تەئيىن ئېرۇر،
ئۇزاتاي ئۇنىڭدەككى ئايىن ئېرۇر.
بۇلاي نېچە مەنزىل جامالىڭغە شاد،
نې يەردە بۇيۇرساڭ قىلاي خەيرباد.
قىل ئەلبەتتە پىنھان ۋەلې بۇ سۆزۈم،
كى مۇنداق رىسالەتنى قىلدىم ئۆزۈم.
سكەندەر دىدى: مەن خۇد ئەيلەي نىھان،
سەن ئەر زاھىر ئەتسەڭ نېتەي ناگىھان؟
دىدى: مەندىن ئولماس بۇ ئىش ئەلگە تەرەھ.
نى يەڭلىغكى زەبت ئەيلەمىش، قىلدى شەرەھ.
سكەندەر قەبۇل ئەتتى بارى سۆزىن،

بۇ ۋەئدە ۋافاسىغە تۇتتى ئۆزىن،
ئېلىن ھازىر ئىستەب، ئىشارەت بىلە،
دىدى نۇكتە، مۇنداق ئىبارەت بىلە.
كى: بۇ فەررۇخ **ئايىنى** فەرخۇندەپەي،
كى قىلدى بىيابان رىسالەتقە تەي.
بۇرۇن قوللارىدىن كەمەندىن ئالىڭ،
ئاياغلارىدىن **داغى** بەندىن ئالىڭ.
بەسې ياخشى سۆزلەرگە ھامىل **ئىدى،**
رىسالەت تەرەتتىدە كامىل ئىدى.
مېنىڭ بىرلە خاقان ئارا سالدى سۇلھ،
ھەمۇل بەھر ئىلە كان ئارا سالدى، سۇلھ.
مۇلۇكانە تونلار ئاڭا كىيدۈرۈڭ،
بېرىب مۇنچە نەقد، ئالىمە كېلتۈرۈڭ!
نى يەڭلىغكى ھۆكم ئەتتى، تۇتتى ۋۇجۇد،
ئىجازەت بېرىب شاھ بافەررۇ جۇد.
دىدى: تىنغىل ئاقشامغەچە شادمان،
راۋان بول جاھان تىيرە بولغان زامان.
دۇئا ئەيتىبان شاھى فەرزانەغە،
خىرام ئەيلەدى مېھمانخانەغە.
بولۇب ئۇندا ئاقشامغەچە كامياب،
تاپىب كامۇ ئاچماي يۈزىدىن نىقاب،
كى ئۇل يەردەكىم داخىلى چىن ئىدى،
رىسالەتقە بۇ نەۋئ ئايىن ئىدى.
چۇ ئاي قاسىدى چىقتى گەردۇن ئۈزە،
خىرام ئەيلەيۇ تاغۇ ھامۇن ئۈزە.
رەسۇلى قەمەر سەير ھەم مىندى ئات،
ئۆزىن مەنزىلى سارى يەتكۈردى بات.
ھەمۇل مەھرەمەكىم ئىدى مۇنتەزىر،
ۋىسالىدىن ئەيلەب ئۇنى مۇفتەخىر.
ئاڭا تاپشۇرۇپ دەشتپەيما سەمەند،
كىرىب پەردە ئىچرە شاھى ئەرجۇمەند.
بارىب يولداغى رەنجۇ فەرسۇدەلىق،
تاپىب تەخت ـ جاھ ئۆزرە ئاسۇدەلىق.
ئىشى ئەيلەب ئەنداقكى قىلماي كىشى،
كىشى خەيلىدىن كەلمەي ئەنداق ئىشى.

سەهەرگاهكى مېهر ئۇلدى مەسنەد نشىن،
ئۇنىڭدەككى تەخت ئۆزرە خاقانى چىن.
سكەندەر قىلىب تەختى ئۆزرە مەقام،
بۇيۇردى سپاه ئەهلىغە بارئام.
ئۇلۇس هازىر ئۇلدى چۇ دەرگاهىغە،
تەۋەججۇه قىلىب مەسنەدى جاهىغە.
تەئەننى بىلە شاهى ئافاقگىر،
تىلەب بىر سۇخەندانى فەرمانپەزىر.
دىدى: ئەيلەگىل ئەزم خاقان سارى،
باهار ئەبرىدەك بەهرى ئۇممان سارى.
ئاڭا ئەيت مەندىن دۇرۇدۇ سالام،
سالامىم دىگەچ بويلە يەتكۇر پەيام،
كى، قىل بەرتەرەف كىنە ئەسبابىنى،
ئۇزارىڭغە ئاچ سۇلھ ئەبۋابىنى.
ئەگەر ياخشى بىز، گەر يامانبىز بۇكۇن.
سىنىڭ مۇلكۇڭغە مېهمانبىز بۇ كۇن.
قوپۇب كەلكى، بىز كىنەدىن تاقبىز،
بەغايەت جامالىڭغە مۇشتاقبىز.
يەقىنكىم بۇ سۆزنى قەبۇل ئەيلەگۇڭ،
نىياز ئەهلى سارى نۇزۇل ئەيلەگۇڭ.
سكەندەر چۇ مەقسۇدىن ئەتتى تامام،
رەسۇل ئۇردى يول قەتئى قىلماققا گام.
چۇ خاقان سىپاهىغە بولدى قەرىن،
سۇرۇپ نوكتە ئەنداقكى دۇررۇ سەمىن.
رەسۇل ئىبركەنىن ئاشكار ئەيلەدى،
ئۆزىن ئارزۇخاهى بار ئەيلەدى.
چۇ خاقانغە ئەرز ئۇلدى ئۇل ماجەرا،
تىلەتتى ئۇنى بارگاهى ئارا.
قىلىب مەسنەد ئۆزرە مەقام ئۇل داغى،
ئۇلۇسقا بېرىب بارئام ئۇل داغى.
سكەندەر رەسۇلدىن ئەتتى سەۋال،
كى: كەلمەكتە مەقسۇدۇڭ ئەتگۇل مەقال.
سۇخەنۋەر نېچۇككىم شاه ئەيتىب ئىدى،
تامامىنى خاقان قاشىدا دىدى.
ئېشىتتى چۇ خاقان سەراسەر هەدىس،
فەرەبەخش، بەل رۇهپەرۋەر هەدىس.
تىراز　— 1) يىپەك جىيەك؛ 2) زىننەت، نەقىش؛ 3) ئۆسلۈپ.

تەسەلسۇل　— زەنجىرسىمان تىزىلماق.

تەير　— 1) قۇش: 2) ئۇچقۇش.

تاس　— لىگەن، تەگنە.

## ج

جۆز　— بۆلەك.

جازىم　— نىيەت قىلغۇچى، بەل باغلىغۇچى.

جەلادەت　— چىۋەرلىك، چاققانلىق.

جۇلۇس　— 1) ئولتۇرۇش؛ 2) مەجلىس.

جەۋشەن　— زەنجىر چاپان (زىرەھ).

جۆز　— باشقا، ئۆزگە، بۆلەك.

جاھان دەرجاھان　— جاھان ئىچىدە جاھان.

جاھ　— مەنسەپ، مەرتىۋە.

جاۋىدان　— مەڭگۈ.

جەۋف　— بوشلۇق، كاۋاك.

جاھاندۇرمەلا　— جاھان تولغان.

جانىبەتكەش　— زاپاس ئاتنى يېتىلەپ ماڭغۇچى خىزمەتكار.

جاھاننى تولا ئەيلەمىش — جاھاننى تولدۇرمىش.

جوستۇجوي　— ئاختۇرۇش، ئىزلەش.

جۆركەش　— سۆرۈپ ئىچكۈچى.

جىھەت　— 1) تامان، تەرەپ، ياق؛ 2) سەۋەپ، ۋەج.

جادۇي دانىشۋەرى　— ئىلىم - پەن سېھرىگەرى.

جەھىل　— 1) بىلىمسىزلىك، نادانلىق؛ 2) ئاچچىقلانماق.

جامى مەستانە　— مەس قىلغۇچ قەدەھ.

جەلا　— ۋەتەننى تاشلاپ كېتىش.

جەناھىن　— قاناتلىرىنى.

جەببار　— 1) قۇدرەتلىك، ئەزىمەت؛ 2) جەۋر قىلغۇچى.

جۇدى ھەۋا　— فەيز ھاۋاسى.

جاددە　— 1) كاتتا يول، يول؛ 2) قائىدە، نىزام.

جەۋھەر فەشان　— گەۋھەر چاچقۇچى.

جۇش — 1) قايناش؛ 2) غۇلغۇلا، غەۋغا، توپىلاڭ.
جەمشىد — مەشھۇر ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى.
جەۋق - جەۋق — پادا - پادا، تـوپ - تـوپ.
جاھانبانلىق — مەملىكەتنى باشقۇرماق.
جەھد — تىرىشىش، ئەستايىدىل ھەركەت قىلىش.
جەيش — ئەسكىرى قوشۇن.
جانىب — تامان، تەرەپ، جەھەت.
جەناھى — قۇش قانىتى.
جەۋشەن — ساۋۇت (ئۇرۇش كىيىمى).
جۇئەل — ئات - كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېزىكىدە پەيدا بولىدىغان قارا قوڭغۇز.
جىنانۋەش — جەننەتكە ئوخشاش، باققا ئوخشاش.
جەلا — ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ياتلار يېرىگە كەتمەك.
جىبە — توقۇپ ياسالغان تۆمۈر كىيىم (ئۇرۇش كىيىمى)
جۇنبىش — قىمىرلاش، ھەركەت، قوزغىلىش.
جىدال — 1) جەڭ: 2) نىزا، جاڭجال.
جەيب — 1) ياقا؛ 2) يانچۇق.
جاۋىدان — ئەبەدى، مەڭگۈ، دائىمى.
جايىز — مۇمكىن، رۇخسەت قىلىنغان، ئورۇنلۇق.
جەھىم — جەھەننەم، دوزاق.
جاۋىد — ئەبەدى.
جىبال — تاغلار.
جەۋەك — ئارپىنىڭ دېنىغا ئوخشىتىپ ياسالغان ئاياللار بېزىگى.

## چ

چىقماقىغە خىز — چىقماق بولۇپ سەكرىدىم. ،
چىبىرە — غالىپ، ئۈستۈن.
چەرخ بەھرى — ئاسمان دېڭىزى.
چەرخى گەردان — ئايلانغۇچى ئاسمان.
چاك ئەيلەبان — يېرتىپ تاشلاپ.
چۇست — تېز، چاققان.
چاشنى — تەمى، لەززىتى.
چابۇك — 1) چاققان، تېز؛ چەۋەنداز؛ 2) ئويناق، شوخ.
چىركالىك — پاسكىنىلىق، ناپاك، چىركىنلىك.
چەرب — چىچەن، ئۇستا.

چەشمە زىندەگانى — تىرىكلىك بۇلىغى.

چەرخ سۇفلىرى — ئاسماندىكى پەرىشتىلەر.

چەرخى سەرئە — تېز ئايلانغۇچى ئاسمان.

چەرخى ئەزەم — بۈيۈك ئاسمان.

چەترى — چىدىرى.

چەرخى نوھ تاق — توققۇز قەۋەتلىك ئاسمان.

چەرخى ئەخزەر — يېشىل ئاسمان.

چاھ — قۇدۇق، زىندان.

## خ

خەلەقە — يوقتىن بار قىلدى، ياراتتى.

خەسىم — دۈشمەن؛ مۇقابىل، مۇخالىپ.

خىزرى راھىم — يولباشچى خىزدىرىم.

خەيل — گۇرۇھ، توپ.

خارە — تاش.

خىرام — يۈرمەك، كەتمەك.

خەرام — ماڭماق، بېسىپ ئۆتمەك.

خۇشك — 1) قۇرۇق، قۇرۇقلۇق؛ 2) يەر.

خۇيى كەسالەت — ھورۇنلۇق، خوشياقماسلىق.

خامە — قەلەم.

خىرەد — ئەقىل.

خاكبوس — 1) تۇپراق قېزىش؛ 2) بويسۇنۇش؛ 3) زىياپەت قىلىش.

خۇتۇر — ئېسىگە كېلىش، خاتىرىلەش.

خاتىر نەۋازىڭ — كۆتۈرىدىغان ئاۋازىڭ.

خىرەد — ئەقىل، زېھىن.

خەلەل — بۇزۇلۇش، نۇقسان يېتىش.

خەزايىن — خەزىنىلەر.

خەشىك — قۇرۇق، قۇرۇقلۇق.

خارىج — تاشقىرى.

خامە — قەلەم.

خۇد — 1) ئەلۋەتتە؛ 2) يالغۇز؛ كەبى.

خۇشخىرام — چىرايلىق يۈرگۈچى.

خانەۋادە — ئائىلە، ئەۋلات، سۇلالە.

خىلقەت سىپەھرى — يارىتىش ئاسمىنى (تەغدىر ئاسمىنى).

خەراش — 1) يونۇش، تاراشلاش؛ 2) خىرىلداش.

خەيلى سۆز — سۆز (شېئىر) گۇرۇھى.

خەلەل — نۇقسان، كەمچىلىك.

خازىن — خەزىنچى.

خىسال — خىسلەتلەر، سۈپەتلەر.

خالى (خەلا) — بوش، قۇرۇق، خالى جاي.

خۇرۇش — ۋاقىراش، ھۆكىرەش؛ پەريات، پىغان.

خۇرشىد — قۇياش.

خەدەڭ — ئوق، ئوقيانىڭ ئوقى.

خەراش — تاشلاش، شىلىش.

خەفتان — ھەشەمەتلىك تون.

خامەيۇنىسە — قەلەمنى يۇنىسا، ياسىسا.

خۇرىسىد — قۇياش، ئاپتاپ.

خەرۇش — ئاۋار.

خۇشا — قانداق ياخشى!

خامەنەۋكى — قەلەمنىڭ ئۇچى.

خەيرۇل بەشەر — ياخشى ئىنسان.

خاكرۇب — يەر سۈپۈرگۈچى.

خەۋاس — خاسىيەتلەر.

خىرقە — جەندە (سوپى - ئىشانلارنىڭ قۇراق چاپىنى).

خۇردەمان — نازۇك نەرسىلەرنى بىلگۈچى

خامەسى دۇرفەشان — قەلىمىدىن گەۋھەر - ئۈنچە چاچقۇچى.

خايىق — قورقۇنچاق.

خەرمۇھرە — ئېشەك مەدىگى.

خاكسۇد — توپىغا مىلەنگەن.

خەلق بىدادى — خەلققە ئادالەت يۈرگۈزمەك.

خۇدراي — ئۆجەر، قەيسەر؛ باشباشتاق.

خەلافەت سەرىرى — خەلىپىلىك تەختى.

خىففەت — يەڭگىلتەكلىك.

خەسىم — دۈشمەن.

خاكستەر — كۈل.

خەيل — گۇرۇھ.

خەرۋار — بىر ئېشەكلىك يۈك.

خەيرات — ياخشىلىقلار: خەير - ساخاۋەتلەر.

د

دەرگىر — توبۇل قىلماق.

www.uyghurkitap.com



دەھر — دۇنيا، ئالەم، زامان، دەۋر.

دەلق پەشمىنە — يۇڭ جەندە.

دەرەڭ — 1) ئاستا؛ 2) پۇرسەت، ۋاقىت.

دۇررى نەزم — نەزم گەۋھىرى.

دەفئ — قايتۇرۇش، رەت قىلىش، كەتكۈزۈش.

دەريايى بىپايان — پايانسىز دەريا.

دەبۇر — غەرب شامىلى.

دەمى ئىيسۇى — ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ دەم سېلىپ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان نەپەسى.

دەستىرەس — 1) قولى يەتمەك؛ 2) ئىمكانىيەت؛ 3) كۈچ - قۇۋۋەت.

دەلىر — يۈرەكلىك، دادىل.

دىماغى — مېڭىسى.

دەۋۋار — دەۋر قىلغۇچى، ئايلانغۇچى.

دالى دانىش — بىلىمگە باشلىغۇچى.

دىلپەزىر — يېقىملىق.

دۇرەخشەندەلىق — پاقىراق، نۇرلۇق.

دىلاۋەر — يۈرەكلىك، باتۇر، قەھرىمان، پالۋان.

دەستان ئەفشان — قولىنى سىلكىپ.

دەرەكى مەئنى — مەنىنى بىلىش.

دەئۋى — دەۋا قىلىش.

دۇرجى دەقايىق — ئىنچىكە مەنىلىك سۆزلەر تىزىقى.

دەستگىر — ياردەمچى، قوللىغۇچى.

دۇررى ھەقايىق — ھەقىقەت گەۋھەرلىرى.

دانەندە — بىلگۈچى، بىلىمدان.

دەريۇزە — تىلىمەك، تىلەمچىلىك قىلماق.

دەبقۇر — مەرتە، كەررە.

دادگەر — ئەرز - دات قىلىپ كەلگۈچى.

داۋۇلغا — تۆمۈردىن ياسالغان باش كىيىم.

داستان سەرا — داستان تۈزگۈچى.

دۇرەخش — 1) يالتىراش، پارلاش؛ 2) چاقماق.

دەساتىن — داستانلار.

دەست — 1) قول؛ 2) مەرتە، كەررە.

دۇككانى گەۋھەر — گەۋھەر دۇكىنى.

دەرىغ — 1) ئەپسۇس، ئەتتەڭ؛ 2) قىزغىنىش.

دەريايى ژەرف — مەۋج - دولقۇنلۇق چوڭقۇر دەريا.

دۇشۋار — قىيىن، ئېغىر، مۇشكۈل.

دەرەڭ — توختىماق، تۇرۇپ قالماق.
دەرخورد — لايىق، مۇناسىپ.
دۇررى يەكدانە — ئەڭ قىممەتلىك بولغان بىر تاللا گەۋھەر.
دىلكەش ئاھاڭ — كۆڭۈلنى تارتقۇچى ئاۋاز.
دەرەفشى — بايرىغى.
دۇردانە — ئۈنچە - گەۋھەر دانىسى.
دارا — ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى.
دارايى دارا — دارانىڭ ئوغلى.
دۇررى خۇشاب — گۈزەل گەۋھەر سۈيى.
دانىش ئەۋراقى — بىلىم ۋەرەقلىرى (كىتاپلىرى).

ر

رەفىئ ئولدى — كۆتىرىلدى.
رەئىيەت — خەلق، پۇخرا.
رىياسەت — رەئىسلىك.
رەفئ — 1) كۆتىرىش، يۈكسەلدۈرۈش؛ 2) يوقاتماق.
رۇستەخىز — قوزغالماق، ئورنىدىن تۇرماق.
رەزم — ئۇرۇش، جەڭ، غەۋغا.
روھۇلقۇددۇس — پاك روھ.
رەھنەۋەرد — يولاۋچى، ساياھەتچى.
رىزەچىن — قەلەم ئۇچلىغاندا چۈشكەن قىرىندىنى تەرگۈچى.
رەبات — كارۋان ساراي.
رايى ھىند — ھىندىستان پادىشاسى.
رىفئەت — يۈكسەكلىك، يۇقۇرى مەرتىۋە.
رەخشەندەلىق — نۇر چېچىپ تۇرغۇچى.
رەسۇل — ئەلچى، پەيغەمبەر.
رەھرەۋ — يول باشلىغۇچى.
رەھخىرام — يولاۋچى.
رەمل چەككەن ۋەرەق — پال سىزىقلىرى چۈشۈرۈلگەن ۋاراق.
رەھنەماي — يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى.
راۋانى پۇرئەنۋارى — نۇرغا تولغان روھلىرى.
رۇستېخىز — غەۋغا، توپىلاڭ.
روسۇل شاھى — ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ پادىشاھى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام.
رىسالەت — ئەلچىلىك، پەيغەمبەرلىك.
رەخش — ئات

www.uyghurkitap.com



راز — سىر، مەخپى.

رىقئەتى — ئىگىزلىگى.

رەمز — ئىما، ئىشارەت.

رۇستەم — مەشھۇر پالۋان.

رەمشۇناس — يول بىلگۈچى.

راجىئ — سەير قىلىپ يەنە ئۆز مەركىزىگە قايتىدىغان يۇلتۇزلار.

رىفق — مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق، يېقىملىقلىق.

رىزالەت — رەزىللىق، خورلۇق، پەسكەشلىك.

راغىب — رىغبەتلەنگەن؛ مايىل.

راھزەن — قاراقچى، بۇلاڭچى.

رۇبئى مەسكۇن — يەر - يۈزىنىڭ ئىنسان ياشايدىغان قىسمى.

رەۋشەن زەمىر — كۆڭلى روشەن.

رىھلەت — 1) كۆچۈش، ئۇزاق سەپەرگە چىقىش؛ 2) ئۆلۈش.

رۇد — ئېرىق - ئۆستەڭ، دەريا، جىلغا.

رەئد — 1) چاقماق؛ 2) ئوت ئاتىدىغان قورال.

رەھنەمۇن — يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى.

رەفتار — يۈرۈش.

راكىب — ئاتلىق، ئات.

رۇخ — شەخمەت دانىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

روفتە — سۈپۈرۈلگەن، تازىلانغان.

راجىئ — 1) قايتقۇچى؛ 2) تېگىشلىك.

رەزىن — مەھكەم، قەتئى.

رەخشان — يالتىراق، پارلاق، تاۋلانغۇچى.

روييىنتەن — «شاھنامە» قەھرىمانلىرىدىن ئىسفەندىيارنىڭ لەقىمى.

رەتل — قەدەھ، پىيالە.

رايزەن — 1) سۆزى ئۆتكۈر؛ ئۆكتەم؛ 2) دانا، ئەقىللىق.

رەۋزە — 1) باغ، بوستان؛ 2) جەننەت؛ 3) مۇقەددەس قەۋرە.

رەۋزەن — تۈڭلۈك، تۆشۈك، دەرىزە.

رەخنە — دەز، يېرىق.

رەبت — 1) باغلىنىش، ئالاقە؛ 2) ئىنتىزام.

بەسەد — كۆزەتكۈچىلەر.

رىختە — ھىند ئاھاڭى، كۈيى.

## ز

زەمنى — ئىچى، مەزمۇنى.

زېردەست — بويسۇنغان، قارام، تەۋە؛ مەغلۇپ.
زايىل ئولسا — يوقالسا.
زۇگال — كۆمۈر.
زاتىدە — ۋۇجۇدىدا، جىنسىدا.
زەرىف — 1) زىرەك؛ 2) خوشچاقچاق.
زىب سەنئەت بىلە — هۈنەر - سەنئەت بىلەن بىزەپ ....
زەمىر — يۈرەك، كۆڭۈل، دىل.
زەرفەشان — ئالتۇن چاچقۇچى.
زەن — خوتۇن.
زىۋەر — زىننەت، بىزەك.
زەبۇن — 1) ئاجىز، بىچارە؛ 2) مەغلۇپ بولغان.
زەقناك — زوق كەلتۈرگۈچى.
زېبى ئۇزار — يۈزىگە پەرداز قىلىش.
زەركەش — ئالتۇن يىپلىق رەخ تۇقۇغۇچى، ئالتۇن يىپ ئەشكۈچى.
زابىت — ئىدارە قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى.
زەفەريار — غەلىبىگە ئېرىشمەك.
زىبى — ياخشى؛ جايىدا؛ گۈزەل.
زىكرى — باياني.
زېۋەر — بىزەك، زىننەت.
زەهەرناك — زەهەرلىك.
زىرىه — 1) زېرەك؛ 2) هالقا، زىرە.
زەبۇن — ئاجىز، مەغلۇپ.
زۇهۇر — كۆرۈنىش، پەيدا بولۇش.
زەرف — قاچا، قۇتا.
زەلالەت — ئازماق، ئاداشماق.
زال — رۇستەمنىڭ دادىسى. ئېيتىلىشلارچە دانا ئادەم بولغان ئىكەن.
زەهرە — ئوت.
زابولىستان — ئىراندا بىر ئۆلكىنىڭ ئىسمى.
زەمهەرىر — قەهرىتان سوغاق.
زوهۇر ئەتتى — ئاشكارە بولدى، دۇنياغا كەلدى.
زەرىر — بوياقغا ئىشلىتىدىغان بىرخىل سېرىق ئۆسۈملۈك.
زەردۇشت ئايىنى — ئوتپەرەستلىك دىنى.
زېرى نىگىن — قول ئاستىدىكى، تەۋە.
زەهھاك — ئىران شاهلىرىدىن بىرى، زالىم ۋە قانخور پادىشا.
زۇرۇف — ئىدىشلار.
زۇلقەرنەيىن — ئىسكەندەرنىڭ لەقىمى.

www.uyghurkitap.com



زەلىل — خار، تۆۋەن.

زىبا ئەرۇس — بىزەنگەن كېلىن.

زىب — بىزەك، زىننەت، گۈزەللىك، ھۆسىن.

زەررىن جەناھ — ئالتۇن قانات.

زەبىھ — سويۇش، بوغۇزلاش.

زۇلمەت قافى — قاراڭغۇ تاغ.

زەبت — ئىگەللەش، ئىشغال قىلىش.

زاغ — قاغا.

زەبەرجەد — پىستە رەڭلىك قىممەتباھا تاش.

زەمىرىم — كۆڭلۈم.

زۇلم گۇستەر — زۇلۇم تارقۇچى.

زۇلال زىندەگانى — ھاياتلىقنىڭ سۈزۈك سۈيى (ئابىھايات).

زۇمرەسى — گۇرۇھى، ئەۋلادى.

## س

سەئىب — قاتتىق.

سەرىر — تەخت.

سۆز كىسۋەنىن — سۆز كىيىمىنى.

سىپەھ — 1) ئەسكەر، قوشۇن؛ 2) ئەمەلدار.

سۇخەنۋارلىق — سۆزمەنلىك.

سىپەھر — ئاسمان گۈمبىزى.

سارى — تەرىپى.

ستىز — 1) خۇسۇمەت، دۈشمەنلىك؛ 2) زۇلۇم؛ 3) ئۇرۇش، جاڭجال.

سەرۋى نەۋخاستە — سۇۋادان تىرەكنىڭ كۆچىتى.

سەمەند — تېز يۈرەر چىرايلىق ئات.

سىپەھدارلىق — قوماندانلىق، ھەربى سەركەردىلىك.

سەندەرۇس — 1) سېرىق رەڭلىك يېلىم؛ 2) سېرىق رەڭ.

سىپەھرگەردان — چۆگىلەپ، ئايلىنىپ تۇرغۇچى ئاسمان.

سەد — يۈز رەقەم.

سۆز دۇررى — سۆز گەۋھىرى.

سەئيى — تىرىشىش، ئۇرۇنۇش، ھەركەت قىلىش.

سۇرەييا — ھۈكەر يۇلتۇزى.

سەبىل — 1) ھەدىيە؛ 2) يول.

سەبقەت نەماي — مۇسابىقىلەشكۈچى، ئۆتۈپ كەتكۈچى.

سەراغاز — باشلاش.

سەفھەئى مىھر — قۇياش سەھىپىسى (يۈزى).

سۇدمەند — پايدىلىق.

سۇنبۇل — پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان، رەڭگى قاپ-قارا گىيا.

سەرسەر — سوغاق؛ قاتتىق شامال.

سەدەف — گەۋھەر قېپى (بۇ يەردە ئانىنىڭ بالا ياتقۇسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)

چۇجۇد — سەجدىلەر.

سەندەل — باش ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان، رەڭگى ئاق سېرىق كەلگەن بىر خىل ياغاچ.

سەرەفگەندە — 1) خىجالەتتە قالغان؛ 2) كەمسىتىلگەن؛ 3) بويسۇنغان.

سەۋادى — كۇپىيەسى.

سەبات — چىڭ تۇرماق.

سۇرۇر — خوشاللىق.

سەلەجان — توپ ئويناشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى ئۇزۇن تاياق.

سەربەسە — باشتىن-ئاخىر.

سەرەفراز — 1) يۈكسەك، ئۇلۇغۋار؛ 2) خۇرسەن، قۇۋناق.

سۆزبادەسى — سۆز شارابى.

سەرەسەر — باشتىن-ئاياق.

سۇكدە — مەستلىك.

سەزا — 1) جازا؛ 2) سازاۋەر.

سۆزى — كۆيدۈرۈشى، ئۆرتىشى.

سۇخەنۋار — سۆزمەن، بىلىمدان.

سەبت — ئىسپاتلىماق، تۇرغۇزماق.

سەرخۇش — خۇش كەيپ؛ مەس.

سەمەند — تېز يۈرۈشلۈك ئات.

سۇرۇد — ناخشا، مۇزىكا؛ كۈيلەش.

سۇجۇد — سەجدىلەر.

سۇدائى — باش ئاغرىقى.

سەھۇلەت بىلە — ئاسانلىق بىلەن.

سەھل — ئاسمان، قۇلاي؛ ئەرزىمەس.

سەرۇش — غايىپ ئالەمدىن كەلگەن خەۋەر،

www.uyghurkitap.com



سەلاتىن — سۇلتانلار، پادىشالار.
سۆز رىيازى — غايىپ ئالەمدىن كەلگەن خەۋەر.
سىلاب — كەلكۈن، تاشقىن.
ساھىبقىران — زامان، دەۋر ئىگىسى.
سەربەلەند — ئاتاقلىق، داڭدار.
سەڭگى بەلا — بالايى - قازا تېشى.
سەركەش — بوي بەرمەس، ئۆجەر.
ستەمكار — زالىم.
سافىي — ساپ، تازا.
سەتھى — مەيدانى، ۋادىسى.
سىرىشت — يارىتىلىش، تەبىئەت، خۇلۇق.
سەمۇم — زەھەرلىك شامال.
سەقەرلات — يۇڭدىن توقۇلغان كىيىملىك.
سىنانى قەلەم — قەلەم نەيزىسى (قەلەمنىڭ ئۇچى).
سۇھان — ھەرە.
سۇستانىماق — بوشاشماق.
سەھاب — بۇلۇت.
سەلايە — دورا تەڭشىمەك.
سىنان — ئۆتكۈر نەيزە.
ساف ۋەسلىغ — سۆزى سىلىق، تىلى راۋان.
سەتەرۋەن — تۇغماس خوتۇن.
سۇكۇن — 1) تىنجىش، توختاش؛ 2) بوغۇم ئايرىش بەلگۈسى (ساكىن).
سىپقاراي — سۈمۈرۈپ، تىلىمنى يالاپ تۇرۇپ ئىچىۋېتەي.
سۇتۇن — تۈۋرۈك.
سۈرەت نەگەرەندە — سۈرەت سىزغۇچى (رەسسام).
سەۋسەن — سەنسەر گۈلى.
سۆز گۇزارەندە — سۆز قالدۇرغۇچى (رىۋايەت قىلغۇچى).
سەئب — قىيىن، مۇشەققەتلىك.
سەلاتىنى مازىيە — قەدىمقى زامان پادىشالىرى.
سابىت — 1) تەۋرەنمەس؛ 2) ئىسپاتلانغان.
سەيىيدىلمۇرسەلىن — پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى.
سۇتۇھ — چارچىغان؛ قىينالغان.
ساسان — ساسانىلار سۇلالىسى.
سەخا — سەخى، قولى ئوچۇق.
سىياۋۇش — كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى.
سەركوفتە — بېشى يەنچىلگەن.

سەلەھشۇر — جەڭگىۋار پالۋان.
سەربەسەر — پۈتۈنلەي، باشتىن ـ ئاياق.
سەنەم زۇلفى — مەھبۇبىنىڭ چېچى.
سۇد — 1) سۈت؛ 2) پايدا.
سەلاتى خەمسە — بەش ۋاقىت ناماز.
سەركار — ئىش باشلىغى، نازارەتچى.
سىماھۇم — مۆمىنلەرنىڭ يۈز قىياپەتلىرى.
سەرمەد — ئەبدى، داۋاملىق.
سەرەنداز — 1) بېشىنى تۆۋەن سالماق؛ 2) چوڭ رومال.
سەربۇھى — تاڭ ئىچىملىگى.
سەرسەر — ئازغىن شامال، قويۇن.
سەڭبەست — تاختا تاش.
سايىر — 1) باشقا؛ 2) سەير قىلغۇچى.
سۇھەيل — يورۇق يۇلتۇز.
سەۋت — تاۋۇش.
سەلىم — ساغلام.
سەقەر — دوزاخ.
سىزەندە — كۆيدۈرگۈچى.
سىھھەت — سالامەتلىك.
سەقىم — 1) كېسەل؛ 2) ساختا.
سۇئۇبەت — قىيىنلىق.
سەرنەۋشت — تەغدىر، يازمىش.
سۇدە — يەنچىلگەن.
سەرزەنىش — 1) كايىش، تەنبىھ بېرىش؛ 2) ھاقارەت.
سۇدۇر — چىقماق.
سۇرۇك — توپ، گۇرۇھ.

ش

شامى دىجۇر — قاراڭغۇ كېچە.
شاكىر — شۈكرى قىلغۇچى.
شەيخ نىزامى — نىزامى گەنجىۋى.
شۇرۇئ — كىرىشىش.
شەگۇفە — گۈل ۋە دەرەخلەرنىڭ چېچەكلەش ۋاقتى.
شىتاب — ئالدىراش؛ سۈرئەت.
شايىئ — ئاشكارە بولغۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



كۆشۈھ — ئەزىمەت؛ ئۇلۇغ.
شەرارى بەلا — بالايى-ئاپەت ئوتىنىڭ ئۇچقۇنلىرى.
شەھرىيار — بۈيۈك پادىشا.
شەكۆھ — ھەيۋەت، قورقۇنچ.
شىگەرف — 1) ئاجايىپ؛ 2) كۆچلۈك.
شۇرۇئ — باشلىماق، كىرىشمەك.
شورۇشەر — نەۋغا.
شەھابى قەلەم — قەلەم يۇلتۇزى.
شەق — يېرىلىش، يېرتىش، سۇندۇرۇش.
شەڭ — شوخ، ھۇشيار.
شۇگۇن — ياخشى پال.
شاھى مەككى لەقەب — مەككىلىك دەپ لەقەم قويۇلغان پادىشاھ.
شەيپال — قەھرىمان.
شەجەر — ئۆسۈملۈك، دەرەخ.
شۇققە — بايراقنىڭ بېشىغا باغلىنىدىغان پارچە لاتا.
شامى رىھلەت — ئۆلۈم كېچىسى.
شېۋە — ئادەت.
شەرىفۇۋەزىئ — چوڭ-كىچىك ئادەملەر.
سەرار — ئۇچقۇن، يالقۇن.
شىگاف — يېرىق، تۆشۈك.
شىكىب — سەۋىر.
سەترەنج — شاخمات.
شايىئ — تارقالغان، يېيىلغان.
شامىل — ئورىۋالغان.
شەھۋار — يىرىك ۋە ئالى سورتلۇق.
شايىستە — مۇۋاپىق، لايىق، مۇناسىپ.
شەفىئ — ۋاستىچى، ھىمايىچى.
شەجەر — دەرەخ.

## غ

غۇنچەئى ناشكۇفتە — ئېچىلمىغان غۇنچە (سىر دۇنياسى).
غەنى — 1) باي، بەدۆلەت؛ 2) توققۇزى تەل.
غەزەل تەرزى — غەزەل ئۇسلۇبى.
غۇفران — كەچۈرۈم، شەپقەت.

غول — ئېزىتقۇ.
غۇلۇۋ — غەلۋە، توپىلاڭ.
غەۋۋاس — دەريا، دېڭىزلارغا چۆكۈپ گۆھەر تاپقۇچى.
غەددار — 1) ئالدامچى، خىيانەتچى؛ 2) بېرەھىم، زالىم.
غەرىب ئەمر — نادىر، ئاجايىپ ئىشلار.
غەررەندە — ھۆكىرىگۈچى.
غەبرا — يەر شارى.
غەنىم — دۈشمەن، قارشى تەرەپ.
غىرېۋ — شاۋقۇن - سۈرەن، چۇقان.
غەلىز — قويۇق، قېلىن، قوپال.
غۇرۇنبىش — ھۆكىرەش، ۋاقىراش.
غۇرۇب — 1) كۈننىڭ پېتىشى؛ 2) زاۋاللىق.
غەدىر — كۆل؛ توختام سۇ.
غاشىيە — ئىگەر يوپۇقى.

ف

فەلەكۋەش سەرىر — ئاسمانغا ئوخشاش تەخت.
فەرسۇدە — 1) توزىغان، كونىرىغان؛ 2) ھېرىپ - چارچاش.
فەرسۇدەلىق — ھارغىنلىق، چارچاش.
فۇزۇن — ئارتۇق، زىيادە، كۆپ.
فەۋج فەۋج — گۇرۇھ - گۇرۇھ، توپ - توپ.
فەتىھ — ئېچىش، ئىگەللەش.
فەتھى ئىسكەندەرى — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئىشغالىيىتى.
فەرخۇندە — قۇتلۇق، سائادەتلىك.
فائىزى جۇد — رەھمەت تۆككۈچى.
فەرمانپەزىر — پەرماننى بېجىرگۈچى.
فۇزۇن — كۆپ، ئارتۇق.
فەرران — راۋان، تېز.
فەيز مەتلەئى — فەيزىنىڭ چىقىش ئورنى.
فەرزانە — ئاقىل، دانا.
فىرۇزە — يېشىل رەڭلىك قىممەت باھا تاش.
فىتەن — پىتنىلەر، غەۋغالار.
فەيزى ئەمتار — فەيز ياغۇرنىڭ تامچىلىرى.
فائىل — ئىشلىگۈچى، بېجىرگۈچى.
فەرزانە — دانا، ئالىم.

www.uyghurkitap.com



فەراغ — تېنچلىق، خاتىرجەملىك.
فەرىدۇن — ئىران شاھلىرىدىن بىرى.
فۇتۇھ — ئېچىلىش.
فەرىدۇن — مۇندەرىجە، باپ، بۆلۈم.
فەررۇخ — گۈزەل، قۇتلۇق.
فەرامەرز — ئىران پالۋانلىرىدىن بىرى (رۇستەمنىڭ ئىنىسى).
فەر — شان - شۆھرەت؛ سۆلەت.
فەررەست — بىرەر نەرسە ئۇرۇلغاندا ياكى ئېتىلغاندا چىققان ئاۋاز.
فەررۇخ — مۇبارەك، بەختىيار.
فەرد — يالغۇز، يەككە، ئاجرالغان.
فاقە — يوقسۇللۇق.
فىگار — يارا، جاراھەت.
فلھەقىقەت — ھەقىقەتتە.
فۇنۇن — پەنلەر، ھۈنەرلەر.
فەئىق — ئۈستۈن.
فەتىلە — پىلتە.
فىرار — قېچىش.
فى ۋۇجۇھىھىم — ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە.
فۇرروزەندە — يورۇتقۇچى، پارلىغۇچى.
فەلەك خەيلى — پىرىشتىلەر گۇرۇھى.
فۇتۇر — 1) خاراپلىق؛ 2) زەئىپلىك.
فۇرات ئەرىخى — فۇرات دەرياسى.

## ق

قىيام — نامازدا ئۆرە تۇرماق.
قەرن — يېقىن، يانداش.
قارۇن — مۇسا پەيغەمبەر دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر يەھۇدى، بېخىل باي.
قىير — قارامۇم؛ تۇم قاراڭغۇلۇق.
قەدەھ دۇردى — شاراپنىڭ پىيالە تېگىدە قالغان دۇغى.
قايىم مەقام — ئورۇنباسار.
قىراق — يىراقلىشىش.
قەھھار — قەھر، غەزەپ.
قاراشامى — قاراڭغۇ كېچىسى.
قەزايا — خەۋەر، مەلۇمات.
قۇدسەسىررىھۇ — ئول زاتىنىڭ سىرى پاك بولغاي.

قاسۇق — ھەممە، بارچە

قەندىل — زور ئاسما چىراق.

قىلاۋ — يالقۇن.

قۇدسى سىفات — پاك، روھ سۈپەتلىك.

قىيام — تىك تۇرۇش.

قىدمەتى — قەدىمىلىغى.

قاقۇم — ئاق، يۇمشاق يۇڭلۇق تېرىلىك ھايۋان.

قۇرسى قەمەر — ئاي قۇتانلاش.

قەۋس — ياي، كامان.

قەرەنفۇل — قەلەمپۇر (بىر خىل دورا ماتېرىيالى).

قەيد — باغلانغان؛ كىشەن.

قارا ئەفئا — زەھەرلىك قارا ئىلان.

قەلىل — ئاز، كەم.

قىراغى — قىرغىقى، كانارىسى.

قەۋدي — كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك.

قايىم مەقام — ئىز باسار.

قۇلاۋۇز — 1) يېتەكچى، يول باشلىغۇچى؛ 2) جاسۇس.

قەتلىنىڭ مۇھىبى — ئۇلتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى.

قاسىر — قىسقىلىق، قىسقارتىش.

قەتل كىن — ئاداۋەتتە ئۆلتۈرۈلگەن.

قىراق — چەت ياقىغا كەتمەك.

قەلەمزەن — قەلەم تۇتقۇچى (ئوردا كاتىبى).

قېرى — گەز.

قاپان — ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئۆلچەملىك قاچا، تارازا.

## ك

كامجۇي — مەقسەت - ئىستەك.

كىنخاھ — ئاداۋەت قىلغۇچى.

كەمەرگاھىغە — بېلىگە.

كەۋن — بارلىق.

كۈشىش — ئىجتىھات.

كوھە — قەدىمقى ئۇرۇش قوراللىرىدىن بىرى.

كىشۋەر — مەملىكەت.

كۈشاد — ئوچۇق، ئېچىلغان.

كەشەف — تاش پاقىنىڭ قۇرۇق قېپى.

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com



كىن — ئۆچلۈك، دۈشمەنلىك.
كۆك جەۋفى — ئاسمان ئىچىدە.
كېد — ھىند پادىشاسىنىڭ نامى.
كىلىك — قەلەم.
كاشانە — خانە، تۇرار ئۆي.
كۆزگۈ — ئەينەك.
كام — تاڭلاي، ئېغىز.
كىمىيا — خىمىيە.
كىشۋەر — مەملىكەت، ۋىلايەت.
كىشۋەرستانلىغ — ئىشغالىيەتچىلىك.
كۈللىي — ھەممە، پۈتۈن.
كىنەتەۋر — گىنا، ئاداۋەت ساقلىماق.
كىنەسەنج — ئۆچ ساقلىغۇچى.
كام — مەقسەد.
كامران — 1) مەقسىدىگە ئېرىشكەن؛ 2) ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى.
كۆك خەم بولۇپ — ئاسمان ئېگىلىپ، پەس بولۇپ.
كامكارانە — شاھانە، ھۆكۈمرانلارچە.
كاغەزنىگار — قەغەزنى بېزىدىم، پۈتتۈم.
كامياب — بەختىيار.
كوھۇن مەھد — كونا بۆشۈك (جاھان).
كۈند — ئۆتمەس، ئۆتمەيدىغان.
كەيانى نەھاد — ئىران كەيانىلار سۇلالىسى.
كوس — چوڭ ناغرا.
كەيقۇباد — ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى.
كەجرەۋ — مەككار، ھىلىگەر.
كاۋۇس — ئىران شاھلىرىدىن بىرى — كەيكاۋۇس.
كوھ - كوھ — تاغمۇ - تاغلار.
كەيۇ — ئىران پالۋانلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.
كېجىم — ئوق ئۆتمەس يوپۇق.
كۆك تاقى — ئاسمان گۈمبىزى.
كوشىش — ھەرىكەت، تىرىشىش.
كەۋاكىب — يۇلتۇزلار، يۇلتۇزلار.
كىياسەت — زىرىكلىك، پاراسەت.
كانى مەئانى — ئىلىم مەرىپەت (مەنىلەرنىڭ) كانى.
كۈلاچ — توقاچ نان.
كەشەف — تاشپاقا.

كەنار — قىرغاق، چەت.

كاربەند — ئەمەل قىلغۇچى، بويسۇنغۇچى.

كوھسار — تاغلىق.

كاش — كاشكى.

كىتىف — يەلكە.

كەۋنەين — ئىككى دۇنيا.

كۇسۇف — كۈننىڭ تۇتۇلۇشى.

كەلىز — ھەسەل ھەرىسى.

## گ

گەنج — غەزنە.

گەرد — چاڭ ـ توزاڭ، غۇبار.

گەرم تىز — قىزىق، تېز.

گام — قەدەم.

گەۋھەرى سىراپ — قېنىق، تولۇق گەۋھەر.

گۇنجايىش — سىغىمچانلىق.

گۈلبۇن — قىزىلگۈلنىڭ ئۆسۈملۈگى.

گۈزار — 1) ئۆتكۈچى؛ 2) يول.

گەنج خىز — خەزىنە ئىگىسى.

گۈزىر — ئىلاج، چارە.

گەنج پەرۋەرد — خەزىنە ساقلىغۇچى.

گوشمال — تەنبىھ، جازا.

گەنج شاش — خەزىنىنى ئاشكارىلىغۇچى.

گۇفتۇگۇي — گەپ ـ سۆز.

گۇنبىزى ئەخزەر — كۆك ئاسمان.

گەردۇن — ئاسمان.

گەۋھەر فەشان — گەۋھەر چاچقۇچى.

گەرم پوي — تېز يۈرەر.

گەردى نەئلەينى — ئىككى ئاياقتىن كۆتىرىلگەن چاڭ ـ توزاڭ.

گەزەند — زىيان، زەرەر.

گەرم ئولۇپ — قىزىپ.

گىبچ — باش قېتىش، پەرىشانلىق.

گەرەۋ ئەيلەبان — گۆرە قويۇپ.

گۇفت — سۆز، گەپ.

گۈلى ئاتەشى — ئوتلۇق گۈل.

گىرد — ئايلانما، دائىرە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



گەنجى بى ئىنتىھا — پايانسىز، چەكسىز خەزىنە.
گىرىھ — تۈگۈن.
گۇرىز — قاچماق.
گىريان — يىغلىغۇچى، يىغلاپ تۇرغان.
گەرشاسب — ئىران شاھلىرىدىن بىرى.
گۇفتار — سۆز.
گۇدەرز — كەيكاۋۇس زامانىدىكى بىر پالۋان.
گۆش — قۇلاق.
گۇشتاسب — ئىران شاھلىرىدىن بىرى.
گوشە — خىلۋەت، چەت جاي.
گۇفتى شەنىد — ئاڭلىغان، كۆرگەن سۆزلەر سۆزلەندى.
گۇزىن — تاللانغان.
گىتىپاناھ — دۇنيانىڭ يۆلەنچۈكى؛ پادىشا.
گۇرىز — گۇرزى (ئۇرۇش قورالى).
گۇداز — ئېرىگۈچى كۆيگۈچى.
گۇزارەندە — ئۆتكۈزگۈچى، ھىكايە قىلغۇچى.

م

مەغرىب قىرائىتى — ناماز شامنىڭ قىرائىتى.
مۇسەخخەر — بويسۇندۇرۇلغان.
مايەسى — مەرتىۋىسى.
مەخزەن — خەزىنە.
مەقام — ئورۇن، دەرىجە، مەرتىۋە.
مەئمۇر — بىرەر ئىشقا بۇيرۇلغان كىشى.
مەكان تەي قىلىپ — يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ.
مەۋاجىب — بەلگىلەنگەن.
مەقدۇر — كۈچ - قۇۋۋەت ئالغۇچى.
مۇسەللەم — تەسلىم بولماق، تەن بەرمەك.
مەھال — مۇمكىن ئەمەس.
مۇنتەھى — تاماملىغۇچى.
مۇر — چۈمۈلە.
مۇتىئ — ئىتاھەت قىلغۇچى، بويسۇنغۇچى.
مەئانى سىپاھى — مەنە قوشۇنى.
مەئبەر — ئۆتۈپ كېتىلىدىغان جاي.
مەمالىك — مەملىكەتلەر.

مەسنەد نىشىن — تەختتە ئولتۇرغۇچى.
مەدداھلىغى — مەدھىيىلىگۈچىلىگى.
مەرزۇبوم — مەملىكەت، تېررىتورىيە.
مەۋەججىھ — يۈزلەنگۈچى، قارىتىلغۇچى.
مەمالىك — مەملىكەتلەر.
مۇنەززەھ — پاك بولغۇچى.
مەساھەت — يەر ئۆلچەش.
ماھى نەۋكاستە — يېڭى چىققان ئايدەك.
مەسالىك — مەسىلەكلەر، يوللار.
مەخزەن — خەزىنە
مەسساھ — يەر ئۆلچىگۈچى.
مەۋلايى دەرگەھ نەشىن — دەرگاھنىڭ خوجىسى بولۇپ ئولتۇرغۇچى.
مەنازىل — مەنزىللەر.
مۆھرى زەركەش — ئالتۇن مۆھۈر.
مىل — قەۋرگە سانجىپ قويۇلغان ياغاچ، كىچىك قۇببە.
مۇشتەرى — يۇلتۇز.
مەئمۇرە — 1) ئاۋاتلىق؛ 2) دۇنيا.
مەقاسىد — مەقسەتلەر.
مەئاف — كەچۈرۈلىدىغان.
مەجلىس ئارايى ھىند — ھىند مەجلىسىگە زىننەت بېغىشلىغۇچى.
دۇلتەمەس — ئىلتىماس.
مىھر پەرتەۋ — نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش.
مەنكۇب — بەختسىز.
مەھى خاۋەرى — شەرقتىن چىققان قۇياش.
مەتلۇب — ئارزۇ قىلىنغان نەرسە.
مىھر تابان — نۇرلۇق قۇياش.
مۇلكۇ جاھ — دۆلەت مەرتىۋىسى.
مەسكەن — تۇرار جاي، ماكان.
مەھبەت — 1) سۆلەت؛ 2) قورقۇنۇچلۇق كۆرىنىش.
مەئانى شەبىستانى — مەنىلەرنىڭ كېچىلىك بېغى.
مۇستەمەند — ئاكىلغۇچى.
مەشئۇف — مەپتۇن، ئاشىق.
مۇسافەرەت — مۇسابىرلىق.
مۇسەللەم — ئىشەنچلىك، ماغلام،
مۇئەككەد — تەكىتلەنگەن.
مەفھۇم ئىمەس — بىلىنمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com



مۇدەۋۋەر — يۇمۇلاق.

مۇسەببەب — سەۋەپچى (تەڭرى).

مۇجدە — خوش خەۋەر.

مەرقۇم — يېزىلغۇچى.

مۇرغ — قۇش.

مەئدۇم — يوق قىلىنغۇچى.

مەساف — جەڭ مەيدانى.

مەردۇد — رەت قىلىنغۇچى، تاشلاندۇق، قوغلاندى.

مەقدۇر — 1) تەقدىرى ئەزەل؛ 2) ئىمكانىيىتى بولغان.

مەزەبان — ئىگە، پادىشاھ، مۇھاپىزەتچى.

مەرگ — ئۆلۈم، ئەجەل.

مۇرى زەئىف — ئاجىز چۈمۈلە.

مەۋەددەت — دوستلۇق.

مەئەلقىسسە — سۆزنىڭ قىسقىسى.

مۇجىب — سەۋەپچى.

مەكشۇف — ئېچىلغان، ئاشكارىلانغان.

مەسمۇئ — ئاڭلانغان.

مەسنەد نەشىن — تەختىدە ئولتۇرغۇچى.

مەمنۇئ — مەنى قىلىنغان.

مابەين — ئارىلىق، ئارىدا.

مەئزۇر — 1) ئۆزۈرلۈك؛ 2) ئەپۇ قىلىنغان.

مۇلۇك — پادىشاھلار.

مەرتىب — مەرتىۋىلەر، دەرىجىلەر.

مائاف — ئەپۇ قىلىنغان.

مۇنتەفىئ — پايدىلانغۇچى.

مەنۇچەھر — ئىران شاھلىرىدىن بىرى.

مەھەل — مۆھلەت، پۇرسەت.

مۇئەررىخ — تارىخ ئالىمى، تارىخشۇناس.

مۇھسىب — ھېساپچى.

مۇلۇكى تەۋئىف — ئۇششاق بەگلىك، ئەمىرلىكلەرگە بۆلۈنگەن پادىشالىق.

مەزبۇت — ئىگەللەنگەن، قولغا ئېلىنغان.

مەستۇر — يېزىلغۇچى.

مۇھەييا — تەييار، تەييارلانغان.

مەقەر — تۇرار جاي.

مەركەب — ئۇلاق.

مۇباھات — پەخىرلەنمەك، مەغرۇرلانماق.
مەرغزار — ئوتلاق.
مەلەكۋەش — پەرىشتە سۈپەت.
مۇتتەسىل — تۇتاش، ئۈزلۈكسىز.
مۇستەقىم — تۇراقلىق يۇلتۇزلار.
مۇكەللەل — 1) تاجلىق؛ 2) ياللىرىغان.
مەۋلۇدى — تۇغۇلغان بالا.
مۇزد — ئىش ھەققى.
مەزەللەت — خورلۇق.
مۇبارىز — يەكمۇ-يەك جەڭگە چۈشكۈچى پالۋان.
مۇفىد — پايدىلىق.
مانىئ — 1) مەنئى قىلغۇچى؛ 2) توسقۇنلۇق.
مەھمۇد — ھەممە كىشى مەدھىيىلىگۈچى، ياخشى ئىش.
مەفەر — 1) پانا جاي؛ 2) قېچىش.
مەئزۇللۇق — ئورنىدىن ئېلىپ تاشلانغۇچى.
مۇبەررا — خالى، ئازات، پاك.
مۇستەھىق — ھەقلىق.
مەئمەن — تىنىچ جاي.
ماسىۋەللاھ — تەڭرىدىن غەيرى.
مۇنتەزىر — كۈتكۈچى.
مەقدەمى — ئايىغى.
مەھافە — 1) تەخىتىراۋان؛ 2) تاۋۇت.
مىھەن — مىھنەتلەر.
مەرغۇب — يېقىملىق، سۆيۈملۈك.
مۇزەييەن — زىننەتلەنگۈچى.
مۇشابىھ — ئوخشاش، ئوخشىغان.
مۇلكى مەۋرۇس — مىراس قالغان مەملىكەت.
مۇختەلىف — ھەر خىل، تۈرلۈك-تۈمەن.
مۇفرىت نىشات — ھەددىدىن ئاشقان خوشاللىق.
مانەند — ئوخشاش.
مەھز ئىلىم ۋە ئەدەب — ئىلىم-ئەخلاق مەسىلىلىرىلا...
مەۋائىد — ۋەدىلەر.
ماجىد — ئۇلۇق، بۇزرۇكۋار كىشى.
مەنال — مال-دۇنيا، بايلىق.
مىن ئەسەر سۇجۇد — سەجدىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن.
مىفتاھ — ئاچقۇچ.

www.uyghurkitap.com

مەئەرراكىئىن — رۇكۇئ قىلغۇچىلار بىلەن.
مۇھەققەر — 1) ھاقارەتلەنگەن؛ 2) ئەرزىمەس.
مۇزائەف — ئىككى ھەسسە كۆپەيتىلگەن.
مۇرەففەھ — راھەتلەنگەن، تىنچ.
مۇشگاف — قىلنى قىرىققا يارغۇچى.
مەرزبان — پادىشا، ھۆكۈمران، ھاكىم.
مۇئەييەد — تەكىتلەنگەن.
مۇرۇر — ئۆتۈش، يورۇش.
مۇئتەمەد — ئىشەنچلىك.
مەقاسىد — مەقسەتلەر، نىيەتلەر.
مەكاتىب — مەكتەپلەر.
مۇقتەزىي — زۆرۈرىيەت، تەقەززا.
مۇنقەزىي — تاماملانغان.
مۇرەتتەب — تەرتىپلەنگەن، تۈزۈلگەن.
مۇنافىي — قارىمۇ - قارشى، زىت.
مۇلاقات — ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش.
مەنقەل — سەندەل.
مەخمۇر — مەست.
مەھرۇر — ھارارەتلىك؛ قىزىپ قالغان.
مۇئتەكىف — تەركى دۇنيا.
مەشام — بۇرۇن، دىماغ.
مەنسۇبە — قۇرۇلغان، بەرپا قىلىنغان.
مۇئەتتەر — خۇشبۇي ھىدلىق.
مۇفتەخىر — پەخىرلەنگۈچى، ماختانغۇچى.
مۇجاۋىر — دائىم ئۆز جايىدا ياشىغۇچى.
مۇفلىس — كەمبەغەل، بىچارە.
مەزەللەت — خورلۇق، خارلىق.
مۇساھىب — ھەمسۆھبەت، ئۈلپەت.
مەقەر — مەنزىل، قارارگاھ.
مەھەك — ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ جىك - جالىغىنى ئايرىيدىغان تاش.
مەجبۇل — تۇغما، تەبىئى.
مۇئتاد — ئادەتلەنگەن، ئۆگەنگەن.
مەلۇل — غەمكىن، خاپا.
مەۋئىد — ۋەدە.
مۇقبىل — ئىستىقباللىق، بەختلىك.
مەۋقۇفە — توختىتىپ قويۇلغان.

مەدفەن — گور.

مىئاد — 1) ۋەدىلشىش؛ 2) مۇددەت.

مۇتتەسىف — سۆپەتلەنگەن، ماقتالغان.

مەردۇم — ئادەملەر، كىشىلەر.

مىنقار — قۇشنىڭ تۇمشۇغى.

مۇجرىم — گۇناھكار، ئەيىپدار.

مەفھۇم — پەملەنگەن، چۈشىنىلگەن مەنا.

مۇمتاز — تاللانغان.

مۇبتەھج — شات، خۇرسەن.

مۇفرىت — ھەددىدىن تاشقىرى.

مەستۇر — پەردىلەنگەن؛ مەخپى.

مۇقارىن — يانمۇ-يان تۇرغان.

مۇنزەۋى — مەركەزدىن قاچقان، چەتلەشكەن.

مەدفۇن — كۆمۈلگەن؛ كۆمۈكلۈك.

## ن

نىشات — خۇشاللىق، ئەيش

نەفئ — پايدا، مەنپەئەت.

نەزم مۇلكى — شېرىيەت مەملىكىتى

نۇكتەسەنج — بىلىمدان، دانىشمەن.

نەزم ئەفسەرى گەۋھەرىن — نەزم تاجىسىنىڭ گەۋھەرىنى.

نەۋخاستە — 1) يېڭى ئېچىلغان (گۈل)؛ 2) ياش يىگىت.

نەگەھدارلىق — قوغدىغۇچىلىق، مۇھاپىزەتچىلىك.

نەبەرد — ئۇرۇش، جەڭ.

نى ئافاتىدىن — ئاپاتلىرىدىن ئەمەس.

نىشات — سۆيۈنۈش، شاتلىنىش.

نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ — ئۇل زاتنىڭ قەۋرىسى نۇرلانغان.

نەھەڭ — تىمساخ.

نەھان — يوشۇرۇن، مەخپى.

نۇبۇۋۋەت — پەيغەمبەرلىك، ئەلچىلىك.

**نۇكتەدانلىغى فەساھەت بىلە** — ناتىقلىق بىلەن ھېكمەتلىك سۆزلەپ.

نەۋئ — تۈر، جىنس.

نىسيان — ئۇنتۇتماق، يادىدىن چىقارماق.

نەۋجۇۋان — ياش يىگىت.

نەسىم — خۇشپۇراق شامال.

www.uyghurkitap.com

نۇزۇل — چۇشمەك، قونماق.
نىھۇفت — يوشۇرۇن، مەخپى.
ناگۇزىر — نائىلاج.
نادىر فەرد — تىپىلماس، يىگانە.
نەۋئەرۇس — يىڭى كىلىن.
نۇھ تاق — توققۇز پەلەك.
نىكتەدان — ئەقلى تولۇق.
نەيشەكەر — شىكەر قومۇشى.
نەمۇپار — كۆرۈنەرلىك.
نەزمى چالاك — چاققان، تىز نەزم.
نىگۇن — ئىگىلگەن، دۈم كۆمۈرۈلگەن؛ تۆۋەن.
نەقد جۇلۇغ — مەنا خەزىنىسىنى ئىزدىگۇچە.
نەيابەت — ئورۇنباسارلىق.
نەزم پىرايەسى — نەزم زىنىنتى.
نەرمىي — يۇمشاق تەبىئەتلىك.
نەسەق — كۇپىيە، نۇسخا.
نافىئ — پايدىلىق.
نۇكتەھەڭگامەسى — سۆزلەش ۋاقتى.
نۇخۇست — ئالدىن بىرىنچى قىتىم.
نەزمى راۋان — راۋان نەزم.
نەسىم — يىقىملىق شامال.
نەژەند — خارلىق، بىچارىلىق.
نۇھۇفەت — مەخپى سىر؛ يوشۇرۇنغان.
نازىر ئولدۇم — كۆز سالدىم، كۆزدىن كەچۈردۈم.
نۇسرەت — مەدەت؛ غەلىبە.
نىدا — ئاۋاز.
نەۋىد — خۇشخەۋەر.
نەركەس — 1) بىر خىل قۇشنىڭ ئىسمى؛ 2) نەركەس گۇل.
نەفىر — نەپرەتلەنگۇچى.
نەھەڭ — لەھەڭ بىلىغى.
نەۋەرد — ئۆتكۇچى، يۈرگۇچى، كەزگۇچى.
نىيازىم — ھاجىتىم.
نەئىل — تاقا.
نىزامۇتتەۋارىخ — بىر تارىخ كىتاۋىنىڭ نامى.
نەجم — يۇلتۇز.
نىۋدەر — ئىران شاھلىرىدىن بىرى.

| | |
|---|---|
| نىياز | — يالۋۇرۇش، ئۆتۈنۈش، ئۈمىت. |
| نىغمەم | — نەغمە - ساز. |
| نىسار | — چېچىش، چاچقۇ. |
| نارى مەجۇس | — مەجۇسىلىق ئوتى (زەردۇشت دىنىدا). |
| نىھاد | — خاراكتېر، خىسلەت. |
| نەسەب | — تەكلىمەك، بەلگىلىمەك. |
| نۇھۇسەت | — شۇملۇق، بەختسىزلىك. |
| نەرس | — ئىران شاھى يەلاشىنىڭ ئوغلى. |
| ناشۇگۇفت | — ئېچىلمىغان. |
| نۇشىراۋان | — ئىراننىڭ مەشھۇر، ئادالەتپەرۋەر پادىشاھى. |
| نافىز | — نوپۇزلۇق، تەسىرلىك. |
| نەسىسى قاتىئ | — قۇرئاندىكى قەتئىي ئايەت. |
| ناۋەكەنداز | — ئوق ئاتقۇچى، مەرگەن. |
| نەڭگۇ نام | — نام ۋە نومۇس. |
| نەدىم | — مەھرەم؛ ھەمسۆھبەت. |
| ناۋۇك ئەنداز | — ئوق ئاتقۇچى. |
| ناكەستە | — بېخىل؛ ئىچى قارا. |
| نۇكتەرىز | — ئىلىم - ھېكمەت تۆككۈچى. |
| نەقىبە | — لەخىمە. |
| نەفىر | — چۇقان - قىقاس، غوغا. |
| نىشەست | — ئولتۇرۇش. |
| نەبىد | — مىۋە شارابى. |
| ناياب | — تېپىلماس. |
| نەقىب | — ئورا. |
| نۇفۇر | — قېچىش، تارقىلىش. |
| نەھىب | — تالان - تاراج، باسقىن. |

ھ

| | |
|---|---|
| ھەرىر | — ئېپەك، مەشۇت. |
| ھەمۇل | — سەۋىر، چىدام. |
| ھىيەل | — ھىلىلەر. |
| ھامىل | — بىرەر نەرسىنى كۆتىرىپ تۇرغۇچى. |
| ھەقدىن ئەتا | — تەڭرىدىن بولغان رەھمەت، مەدەت. |
| ھىجاب | — پەردە، توساق. |
| ھەراسان | — قورققۇچى، قاچقۇچى. |

www.uyghurkitap.com



ھەراس — قورقۇش.
ھەزىز — ئويمان - چوڭقۇر.
ھەكەم — سالاچى، ھۆكۈم قىلغۇچى.
ھەمول — ھەم ئول.
ھۇۋەيدا — ئاشكارە، ئايان.
ھىندۇيى لەئىب ئاۋەرى — ھىند ئويۇنچىسى (خىسراۋ دېھلىۋى).
ھەزم — ھوشيارلىق، ئېھتىياتكارلىق.
ھىكمەت مەئاب — خىسلەتلىك زات.
ھىفز — ساقلاش.
ھىدايەت سەھابى — توغرا يولنىڭ بۆلىگى.
ھەرىر — نېپىز ۋە نازۇك توقۇلما مال.
ھىزى — ساقلاپ قويۇلۇشى، ساقلىنىشى.
ھىراۋۇل — رازۋېتچىك.
ھەر ئەسناف — ھەر گۇرۇھ، تەبەقىلەر.
ھىزەبىر — ئارسلان، شىر.
ھەرىف — تاقابىل تۇرغۇچى، ھەمسۆھبەت.
ھەۋاس — ھىسلار، سەزگۈلەر.
ھاتىف — غايىپ دۇنيادىن كەلگەن ئاۋاز، خەۋەر بەرگۈچى.
ھەيجا — ئۇرۇش، جەڭ.
ھىرزە — بىھۇدە سۆز.
ھەرب — ئۇرۇش، جەڭ.
ھاۋادىس — ھادىسىلەر، ۋاقەلەر.
ھەمايىل — يەلكە ۋە قولتۇقتىن باغلىنىدىغان تاسما.
ھەيئەت — شەكىل، سۇرەت، كۆرۈنىش.
ھۇرمۇز — يەلاشىنىڭ ئوغلى، ئىران شاھى.
ھاماۋەرە — ئېلىشقۇچى.
ھۇماي — ئىران شاھى بەھمەننىڭ قىزى.
ھەمراز — سىرداش.
ھەمل — ھامىلە.
ھەبا — 1) چاڭ - توزان؛ 2) بىھۇدە.
ھەمىيەت — غەيرەت.
ھەسەب — 1) ئۆز ئەھۋالىنى بىلدۈرۈش؛ 2) كۆن كەچۈرۈش دەرىجىسى.
ھاياتى ئەبەد — مەڭگۈ ھاياتلىق.
ھاجىب — دەرۋازىۋەن، قاراۋۇل
ھۇجۇم — يىغىلىپ كەلمەك، تىكىلىپ تۇرماق.
ھۇللەباف — يىپەك رەخت توقۇغۇچى،

هەمال — تۇرغۇزۇپ قويماق.
هىسار — قورغان، قەلئە.
هەرق — كۆيۈش.
هار — ھېرىق، هارارەتلىك.
هەراسان — قورققاق.
هەنجار — تەرتىپ، قائىدە، يوسۇن.
هۇلۇل — كىرمەك، ئورناشماق.
هەمۋار — تۈپ - تۈز.
هۇالە — نەپەس يېپەك توقۇلما.
هەزىن — قايغۇلۇق، غەمكىن.
هادى — توغرا يول كۆرسەتكۈچى؛ يېتەكچى.
هىدايەت — توغرا يولغا كىرمەك.
هىزەبر — شىر.

## ئى

ئىجمال — قىسقىلىق، قىسقارتىش.
ئىشتىئال — شولا چاچماق.
ئىشراق — پارلاش، يالتىراش.
ئىنايەت قولى — تەڭرىنىڭ مەرھەمەتلىك قولى.
ئىنانتاب — باشقا ياققا يۆنەلگۈچى ياكى يۆنەلدۈرگۈچى.
ئىلانى — ئوچۇق، يورۇق.
ئىهداس — يېڭىلىق يارىتىش.
ئىهتىمام — ئەهمىيەت بەرمەك، كىرىشمەك.
ئىشتىئهال — يالقۇنلىنىش.
ئىقلىم — مەملىكەت، دۆلەت.
ئىفرات — هەددىدىن ئېشىش.
ئىدراك — ئويلاپ بىلمەك.
ئىنتىها — ئاخىرى، نىهايەت.
ئىشۋەگەر دىلبەر — نازاكەتلىك، نازلىق مەهبۇپ.
ئىنايەت — مېهرىۋانچىلىق، ياردەم، ئىلتىپات.
ئىنس جان — ئىنسان ۋە جىنلار.
ئىجتىناب — ئۇزاقلاشماق، چېكىنمەك.
ئىمتىلا — تولدۇرماق.
ئىبتىدا — باشلاش.
ئىسكەندەر هەددىسى — ئىسكەندەرنىڭ تارىخىي داستانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىقتىزا — تەقەززالىق، تەلەپ، ئىستەك.
ئىنايەت قۇياشى — ئىلتىپات، مەرھەمەت قۇياشى.
ئىنفىئال — خىجالەت بولماق، ئۇيالماق.
ئىزتەرار — ئارامسىزلىق.
ئىستىھاد — بىرلىشىش.
ئىشتىباھ — شۇبھە، گۇمان، شەك.
ئىشتىغال — شۇغۇللانماق.
ئىيسار — بېغىشلاش، تەقدىم قىلىش.
ئىجمال تەرىقى — قىسقا يول.
ئىمتىناﺋ — تارتىنىش، ئۇنىماسلىق.
ئىختىراﺋ — ئىجات قىلماق.
ئىكتىفا — كۇپايىلىنىش.
ئىنتىفاﺋ — مەنپەئەت يەتكۈزمەك.
ئىستىماﺋ — ئاڭلىماق.
ئىمتىدادى زامان — زاماننىڭ ئۆتۈشى.
ئىتاب — غەزەپ.
ئىنقىياد — باش ئەگدۇرمەك، بويسۇندۇرماق.
ئىرسال — ئەۋەتىش، يەتكۈزۈش،
ئىفتىتاھى — باشلىنىشى.
ئىمتىزاج — ئارىلاشماق.
ئىئزاز — ئىززەت قىلماق.
ئىناد — ئۆجەرلىك، بويۇن تولغاش.
ئىنبىسات — شادلىق، خۇرسەنلىك.
ئىختىلات — ئارىلاشماق.
ئىمداد — مەدەت، ياردەم.
ئىنبىسات — كۆڭۈل ئازادىلىگى.
ئىئزاز — ئىززەت، ھۆرمەت، قەدىرلەش.
ئىلكىنى قىلسۇن قەلەم— قولىنى كېسىپ تاشلىسۇن.
ئىنتىقال — كۆچمەك.
ئىفامىسەلات — نامازنى بەرپا قىلىش.
ئىبا — تارتىنىش.
ئىنتىساب — نىسبەت، تېگىشلىك.
ئىشا — خۇپتەن نامىزى.
ئىفشا — ئاشكارە قىلىش.

ئىنھىزام — ھەزىم بولۇش.
ئىئتىدال — مۆتىدىل، ئوتتۇرا دەرىجە.
ئىلتىھاب — ئوت ئېلىش، لاۋۇلداش.
ئىبئتىزاز — ئۈزلۈر سوراش.
ئىزتىرار — زۆرلۈرىيەت، چارىسىزلىق.

## ي

يارلىق — دوستلۇق، مەدەتكارلىق.
ياۋەر — ياردەمچى، مەدەتكار.
يازۇغ (يازۇق) — خاتالىق، گۇناھ.
ياۋۇق — يېقىن.
ياۋەرىم — مەدەتكارىم.
ياساق — قانۇن، تۈزۈم.
ياشىل كۆب — كۆك ئاسمان.
ياقۇت ئەھمەر — قىزىل ياقۇت.
يەق گۆزىر — ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ.
يەئسى جاۋىد — مەڭگۈ ئۈمىتسىزلىنىش.
يارىب — يورۇپ، ئېچىلىپ.
يەزدان پەرەست — خۇداغا ئىشەنگۈچى.
يەكسەر — بىردەك.

## ئۇ

ئۇتارىد — يەتتە يۇلتۇزنىڭ بىرى.
ئۇبۇر — ئۆتمەك.
ئۇد سۆز — ئۇد ياغىچىنى كۆيدۈرگۈچى (سېرىق سالغۇچى).
ئۇقاب — بۈركۈت.
ئۇد مىجمەر قىلىپ — ئۇد ياغىچىنى كۆيدۈرۈپ.
ئۇلۇفە — ئەسكەر ۋە ئەمەلدارلارغا بەلگىلەنگەن مائاش، تەمىنات.
ئۇلۇس — خەلق، مىللەت.
ئۇريان — يالاڭغاچ.

## ئۆ

ئۆزرە ئاۋەرىم — تۆۋە قىلىپ، ئۆزرە ئېيتىمەن.
ئۆكۈش — كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئو

ئوق ئالىشىم — شۇ ئالىشىم

## ئۆ

ئۆپۆپ — سۆيۈپ

## ۋ

ۋەلى — ئەۋلىيا.
ۋۇقۇئ — يۈز بەرمەك، پەيدا بولماق.
ۋۇقۇئ — ئەمەلگە ئاشماق، بولماق.
ۋەلايەت — ئەۋلىيالىق.
ۋەرەئ ئەھلى — تەقۋادارلار، پەرھىزچىلەر.
ۋۇسۇل — ئېرىشمەك.
ۋەسئ — كەڭ، زور.
ۋىقار — ئېغىرلىق، ئۇلۇغۋارلىق.
ۋەھەل — لاي.
ۋەسق — تەرىپلەش، ماختاش.
ۋەسئ — كەڭ، يېيىلغان.
ۋەھم — ئوي، تەپەككۇر.
ۋىرد — دائىمى ۋەزىپە.
ۋەھدەت — بىر، يىگانىلىق.
ۋەرزىش — مەشق، ئادەت.
ۋاجىد — 1) مەڭگۈ بايلىقنى ئايرىلمىغان كىشى؛ 2) ئالىم، دانا.
ۋەسەت — ئوتتا.
ۋۇقۇف — خەۋەردارلىق.
ۋايە — ئۆلۈش، نەسىۋە.
ۋەرتە — گىرداپ.
ۋەرد — ئەتىرگۈل.

## ل

لوند — ھورۇن.

لىۋا — بايراق، تۇغ.
لەھۋە — ئويۇن - تاماشا.
لۇججە — توپ، توپلام.
لامەكان مۇلكى — يوقلۇق مەملىكىتى (غايىپ ئالەمدە).
لاجۇۋەرد — قىنىق كۆك رەڭلىك تاش.
لەئلىدە — لېۋىدە.
لەمئە — يالقۇن، شولا؛ روشەنلىك، يالتىراقلىق.
لالەئى سىراب — قىنىق ئېچىلغان لالە گۈل.
لەۋن - لەۋن — رەڭمۇ - رەڭ.
لەھن — ئاھاڭدار ئاۋاز.
لەدۇننى ئۇلۇمى — تەڭرى ئاتا قىلغان ئىلىملار.
لەھراسب — ئىران شاھلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.



www.uyghurkitap.com

# ئىشتىياقنامە

## مۇھەممەد غېرىب شاھيارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياسىن ئىمىن

### نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

ئىشتىياقنامە 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۇ شاياردا ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەد غېرىب شاھيارنىڭ ئەسىرى.

شائىرنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد دۆلەت خوجەيار ئوغلى بولۇپ، ئۇ شاياردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئەسەردە ئاپتورنىڭ ئۆزى توغرىلىق ئېيتقان مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئۇ ياشلىق دەۋرىدە ھۆكۈمەت خىزمىتى — يۇرت ئەمەلدارچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، كېيىنكى كۈنلىرىدە بۇ خىزمەتلىرىدىن قول ئۈزگەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھەج تاۋاپ قىلىش ئارزۇسى بىلەن سەپەرگە چىققان. ئۇ ئاقسۇغا كەلگەندە، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن سەپىرىنى داۋام قىلالماي تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە سەپەرگە تەييارلىغان پۇللىرى تۈگەپ، ئۆزى مۇساپىرچىلىق كۈنىگە قېلىپ، يوقسۇل، غېرىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن بۇ شائىر «ئىشتىياقنامە» ناملىق بۇ ئەسىرىنى ئەنە شۇ ئەھۋالدا ئىجاد ئەتكەن. شۇڭلاشقا ئۆزىگە «غېرىپ» تەخەللۇسىنى قوللانغان.

شائىر بۇ ئەسەرنى كۆپرەك غەزەل، مەسنەۋى شەكىللىرىدە يازغان، بەزى جايلاردا رۇبائىي ۋە قىتئە شەكىللىرىنىمۇ قوللانغان. ئەسەردە ۋەزىن، قاپىيە، ئاھاڭدارلىق تەرەپلەردە بەزى نۇقسانلارمۇ بار، شۇنىڭدەك رادىف قائىدىسىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن. بۇ نۇقسانلارنىڭ بىر قىسمىنى شائىردىن كۆرسەك، يەنە بىر قىسمىنى نۇسخىنى كۆچۈرگەن خەتتاتتىن كۆرىمىز. ئۇ كۆپلىگەن سۆزلەرنى بۇزۇپ جۈملىلەر تەرتىۋىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان، ھەرپلىرىنى يۆتكەپ كۆچۈرگەن. مەزمۇنى ياقتىن قارىغاندا شائىر ئۆز ئەسىرىدە ناھايىتى ئەركىن پىكىر قىلغان، لېكىن ئەسەردىن ئۇنىڭ ئۆز پىكىرلىرىنى قەغەزگە چۈشۈرۈشتە، ئەينى زامانىنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېپىق ئۇسۇل قوللانغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. شائىر ئەسىرىدە ۋاپاسىز دۇنيادىن شىكايەت قىلىدۇ، نەپرەتلىنىدۇ. كىشىلەرنى ئىنساپقا دالالەت قىلىدۇ.

ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ھەرپ ۋە سۆز خاتالىقلىرىنى،

ئارۇز ۋەزنى ئۆلچەملىرىدىكى مۇۋازىنەتسىزلىكنى تۈزىتىشكە تىرىشىلدى؛ لېكىن ئەسەرنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇش يۈزىسىدىن كۆپ ئۆزگەرتىشكە بولمىدى، كەڭ كىتابخانىلىرىمىز ۋە ئالاقىدار كەسپىي خادىملارنىڭ ئەسەرنى ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بۇ ئامىل-لارنى ھىساپقا ئېلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. ئەسەر ئەينى زامانىدىكى جەمىيەت ئەھۋالى، ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە شۇ زاماندا يۈز بەرگەن تارىخىي ئەھۋاللارنى بىلىشىمىزدە بىزنى ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئى غېرىب بولغىل بۇ ئالەمدە غېرىب،
غەم بىلە بولغىل خازاندەك سارغارىب.
ھەركىشى بولسا بۇ ئالەمدە غېرىب،
بولغۇسىدۇر ھەق تائالاغە قېرىب.
ھەركىشىكىم بۇ جاھان غۇربىتىدە دۇر،
روزى مەھشەر ئىززەتۇ ھۆرمىتىدە دۇر.
ھەركىشىكىم قىلسا غۇربەت ئىختىيار،
بولماغاي مەھشەر كۈنىدە خارۇ-زار.
مۇساپىر بولمىغان بولماس مۇسۇلمان،
مۇساپىر بولغىل ئاندىن ئايغىل ئىمان.
مۇساپىردا داۋام ئىنساپ بولغاي،
مۇساپىر بولسا ئىمان ساپ بولغاي.
مۇساپىرلەر بۇ ئالەم ئىچرە پىنھان،
بولۇر مەھشەر كۈنى خەلق ئىچرە ئەئيان.
مۇساپىرلەر بۇ ئالەم خارلىقىدا،
بولۇرلەر ئول جاھان گۈلزارلىغىدا.
مۇساپىر ئۈشبۇ ئالەم تەڭ نەپەسدۇر،
مۇساپىر تۇتىدۇر ئالەم قەپەسدۇر.
مۇساپىر قىلسا گەر بىر ئاھۇ ئەپغان،
بولۇرلار سائەت ئىچرە ئەرش لەرزان.
مۇساپىرلار ھەمىشە دىل كابابدۇر،
مۇساپىرلار دۇئاسى مۇستەجابدۇر.
مۇساپىر ھىممەتى گەر قىلسا تۇغيان،
بولۇر دەۋزەخ بېھىشت ئولدەمدە ئەيئان.
مۇساپىر بۇ جاھان خەلق ئىچرە كەمدۇر،
مۇساپىرغە يېمەك-ئىچمەككە غەمدۇر.
مۇساپىرلار بۇ ئالەم دەردۇ مەندان،
مۇساپىر ئول جاھاندا نەشئۇ خەندان.
ئى قېرى بىلگىل غېرىپلىق رەسمىنى،
ھەم مۇساپىر ھەم غېرىپلىق ۋەسپىنى.
ھەركىشىكىم بۇ جاھان ئەرمەس غېرىب،
تەڭرىگە ئىككى جاھان ئەرمەس قېرىب.
يوق غېرىپقا بۇ جاھاندا ئاشىنا،
نە ئۈچۈنكىم ھەستىلىك قىلمىش پانا.
شەھرۇ سەھرادا يۈرۈپ بولماس مۇقىم،
بى ۋەتەن، بىغانىمان ئەرمەس مۇقىم.
ھەر نە بەرسە ئول قانائەت ئەيلىگەي،
غەم بىلە دەردۇ ئەلەمگە نەيلەگەي.
ئانچە تىللاۋۇ دەرەمدىن يوق ئاگا،
نان بىلەن ئاشتىن غېمى يوقتۇر ئاگا.
كىم غېرىب بولسا ھالاۋەت ئاندا يوق،
ھەم يەنە ئەيشى پاراغەت ئۈنىدا يوق.
لەززەتى دۇنيانى ئول قىلغان ھارام،
لەززەتى خۇنى جىگەر ئالغان تامام.
ئى غېرىب خۇنى جىگەر قىلغىل غىزا،
ئۈشبۇ يەڭلىغ قىلسا ھەق بولغاي رىزا.
ئى غېرىب خۇنى جىگەرنى نۇشە قىل،
تەڭرىنى ئول سائەت ئىچرە نۇشە قىل.
ئى غېرىب خۇنى جىگەر كۆپ ياخشىراق،
ماسىۋەللاھنى كۆڭۈلدىن قىل يىراق.
ئىچمىسە خۇنى جىگەر مۆئمىن ئەمەس،
روزى مەھشەر ئول كۈنى ئىمىن ئەمەس.
ئى غېرىب خۇنى جىگەر ئىچمەك كېرەك،
ماسىۋەللاھدىن كۆڭۈل ئۈزمەك كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

× ×

غېرىبا بى ۋەتەن بولدى مۇساپىرلىق دىيارىدا،
ئەزەل پىشانىسىدە خەت يېزىلغان تەقدىرى ئاندا.
مۇڭا تەدبىر قىلماغلىق نە ئىمكان بولمىدى ھەرگىز،
قازاغا سەبرى قىلماغلىقدىن ئۆزگە بارمۇدۇر مۇندا.
پەلەكتىن ياخشىلىق كەلمەس جاھاندا ئادىمىزادغە،
جاپا بىرلە ئەلەمدىن ئۆزگە ئىشلار يوقتۇرۇر مۇندا.
كىشىكىم تاپمادى بىر ياخشىلىق دەيرى پانا ئىچرە،
نادامەت بىرلە ھەسرەتىنى ئېلىپ كەتمىش ھەممە ئاندا.
غېرىپسەن بولماغىل ھەرگىز مەلۇل بولما مۇڭا دىلگىر.
مۇساپىرلىق بۇ بەھراقتۇر كىشىكى بى ۋەتەن مۇندا.
مۇساپىرلار جاھان ئىچرە يۈرۈرلەر خارۇ زار بىرلەن،
غېرىبانىگە كىم ناماز - شام ۋاقتىدا يوقتۇر دەرەم قولدا؟

× ×

ئۇچرۇدۇم بىر نەۋجىۋان يىگىتكە مەن،
قېرىلىقنىڭ ھالىدىن قىلدىم بايان.
قېرىلىق ئاجىزلىغىم ئەپسۇس قىلىپ،
سورادى مەندىن يىگىت ھالىم بىلىپ.
بۇ سەپەرگە تۈنۈ - كۈن قىلغىل ياراغ،
جابدۇغىڭنى راستقىل ھەم ئال چىراغ.
ئى قېرى بىل ئول جاھان بازار بار،
بى دەرەم خەلق ئاندا بولغاي خارۇ زار.
ھىچكىم بازارىدىن قالماس تۇرۇپ،
بارمىغاننى ئىلتەگەي سۆدرەپ ئۇرۇپ.
گۈل تېرىغان گۈلىنى سەيرى قىلۇر،
خارتېرىغان دەردىغە غەۋغا قىلۇر.
ئى قېرى سەن ھەرنەپەس ھۇشيار بول،
كۆز ئېچىپ يۇمغۇنچە ھەم بىدار بول.
نەۋجىۋان ئىلكىم تۇتۇپ ئەيدى ماڭا،
ياخشىلىق كەتتى قولۇڭدىن پۇشايماندۇر ساڭا.
كۆزلىرىڭنىڭ كاسەسىدىن ھەرنىچۈك ئۆچكەن چىراغ،
غەم بىلە پەرسۆدە بولدى بۇ كۆڭۈل ئاھۇ پىراغ.
ياشلىق قۇۋۋەت قېنى سەندىن بۈگۈن؟

نە جاۋابىن بىرەسەن تاڭلا ئۆگۈن.
مۇكچىيىپ قالمىش بىلىڭ يادەك بولۇپ،
سارغايىپسەن كەھرىۋادەك ياش تولۇپ.
قوللۇرۇڭغا ئەسا ئالساڭ نە بولۇر،
ھەم تايانماققا ساڭا قۇۋۋەت بولۇر.
يولدا باردۇر خەتەرلەردىن تولا،
مەغرۇر ئۆلىمە بۇ جاھان دەھرى پانا.
ئەسا قىلغۇنچە تەبەر دەستىمدە يوق،
قىرىدىمەن قوللۇرۇمدا ئەسا يوق.
خەر جىلادىم ئىسيان يولغە باغلارىم،
سەرىپ قىلدىم بىھۇدە سەمەرلارىم.
تۆھپەغە قىلغىل نىياز ياشىڭنى سەن،
تەشنەلىككە ئول قىلۇر ياشىڭنى قەن.
قىرىدىڭ دۇنيانى تەرك ئەتكىل بۇدەم،
ياد قىل ئاللاھنى ھەر كۈن دەمبەدەم.
ھەر قىرى بولغان بىلەن قىرى ئەمەس،
كۆزدە ياش بولغان بىلەن ئەيغان ئەمەس.
يىغلاغىل دەرد غەم بىلەن سىنەنى چاك،
قىلغاسەن ئاندىن كېيىن دىلىڭنى پاك.
دۆلتى مەخلۇقلاردىن قىلما ئۈمىد،
گەر ئۈمىد قىلسە بولۇر چىركىن پەلىد.
ئى غېرىبا ئۆتتى ئۆمرۈڭ بىخەبەر،
ئەمدى ھەقنى ياد قىل شامۇ سەھەر.
شائىرا ئۆتتى جاھاندىن قاپىلە،
ئىستەدىڭ سەن قىرىغاندا قاپىيە.
قاپىيەنىڭ پىكرىدە ھەق زىكرى قىل،
ھەرنەپەس ئۆلىمەكنى دايىم پىكرى قىل.

× ×

كۆزلەرىڭنىڭ كاسەسىدىن ئابلارنى جارى قىل،
كېچەلەر كۆپ زار ئەيلەپ ئول خۇدانى يادى قىل.
باغلىرىڭغە جار بولسۇن ئەۋۋەل - ئاخىر لىب - بەلەب،
ئول دەرەخت جۇنبۇشىغا كەلسۇن مېۋىلەر ئاللاھۇ دەپ.
يىغلاغىل شامۇ سەھەردە ياشارۇر بۇ باغچەلەر،
شايەد ئول مىۋە بېرۇرلار قىرىغان بۇ باغچەلەر.

www.uyghurkitap.com



ئى غېرىبى ئەشكىدىن ئۆمرى دەرەخلەرنى ياشارت،
ماسىۋانى بۇ دىلىڭدىن ھەر تەرەپكە يۇلۇپ ئات.

× ×

سال قۇلاق بۇ سۆزگە ئى پىرو جۇۋان،
بۇ جاھاندىن ئۆتتى چەندان كارىۋان.
قىل بۇ ئالەم ئىچرە مېھنەت ئىختىيار،
قىلما بۇ ئالەمدە ئىززەت ئىختىيار.
مۇنتەزىر بول مەككىگە لەيلو ـ ناھار،
باردۇ بۇ ئالەمدە نەچچەندى كارۇ زار.
سالما كۆز بول پادىشاھدىن ئۆزگىگە،
بەرمە تىل زىكرى سانادىن ئۆزگىگە.
قۇل ئىسەڭ دەرگاھىغە بولغىل داۋام،
پادىشاھدىن ئۆزگىنى قىلغىل ھارام.
يىغلاغىل كىم ئول رەسۇلۇم ياد ئېتىپ،
كۆھنا شەھەر ئىچرە تۇرۇپ پەرياد ئېتىپ.
ھەر نەپەستە يادى قىل ئەھمەد قايان؟
دەم غەنىمەت ياد قىلساڭ ھەر زامان.
بولمادى بارماق ئىرادە بۇ ساڭا،
تەقدىرىغە چارە يوق يەتمەك ئاڭا.
ئى غېرىبا يىغلاغىل شامۇ سەھەر،
ئابلاردىن نۇشى قىل خۇنى جىگەر.
ئى قېرى پەرزەند زەنگە باقماغىل،
ئول زىيارەت قىلمايىن جانغا ئوتنى ياقماغىل.
ئى غېرىب خۇنى جىگەر ئىچكىل ھالال،
تەڭرىنىڭ دىدارىغە بولغىل ۋىسال.
ئى قېرى شامۇ سەھەر پەرياد قىل،
ماۋۇ مەنلىكنى بۈگۈن بەرياد قىل.
ئى غېرىب ئۆتكۈرمە ئۆمرۇڭ بىخەبەر،
ئاھۇ بىرلە نالە قىل شامۇ سەھەر.
مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادىلەر،
قايسى غەمدىن قىلاي پەريادىلەر.
قېرىدىڭ ئەمدى نە ئىمكاندۇر ساڭا،
كېچە ـ كۈندۈز مىڭ دەرد ئېيتقىل ئاڭا.
ئى قېرى قىلما دىلىڭدىن ھەجنى قىلماقنى يىراق،

ھاجىلار باردۇر تەرىقەت ئىچرە تاق.
ھاجىلار ھەج ئەتمەكىن پىنھان قىلۇر،
ئورنىنى جەننەت ئارا رەھمان قىلۇر.
ھاجىلار دۇنيانى قىلسا مەسلىھەت،
ھەججىدە يوقتۇر ئۇنىڭكى مەنپەئەت.
ھاجى شۆھرەتدىن ئولۇر نەزەر نىياز،
نەھلى قىلسا ئول ھەججى قىلماك نىياز.
مەخپى يۈرگەي تۇيماغاي بىر ئادىمى،
ماڭسا ئاشكارا ئاڭا يوق پايدىسى.
ھاجى بولغاي ماسىۋاللاھدىن يىراق،
بولسا دۇنيا دار ئاللاھدىن يىراق.
ھەجنى شۆھرەت ئەيلىگەن ھەج بى سەمەر،
ھەج كونان بولغاي گۇناھدىن بىخەبەر.
ھەج تاۋاپ ئەتمەك جاھاندىن قول يۇماق،
ھەق رەسۇلىنىڭ ئەمرىغە بەل باغلىماق.
ھەج تاۋاپ ئەتمەككە غەيرەت ئەيلەگىل،
ھەج تاۋاپ قىلغاندا ئىبرەت ئەيلەگىل.
ئى قىبرى سەن ھەج تاۋاپقا ئەزم قىل،
كېچە ـ كۈندۈز ياد ئېتىپ كۆڭلۈك بىلە ھەم بەزم قىل.
بولماغىل دۇنيا مالىغە ھىچ پۈرۋىش،
بۇ نەسىھەت يادى ئال بولغىل خۇمۇش.
ھەر كىشىدە بىردەرەم بولسا ھارام،
قالغۇسى مەقسەد ئۇنىڭكى ناتامام.
ھاجى ئەگەر بىلگىلكى دۇنيا دار ئېرۇر،
بىگۇمان ئاندىن خۇدا بىزاردۇر.
ھەج تاۋاپ ئەتمەكنى قىبرى ياد قىل،
كېچە ـ كۈندۈز نالەۋۇ پەرياد قىل.
غاپىلا ئۆمىر ئۆتتى دايىم بىخەبەر،
يىغلاماق ئىسيانغە ھەر شامۇ سەھەر.
مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادىلەر،
قايسىبىر ئەمدىن بۇلاي ئازادىلەر.
قىلماغىل خەلق ئىچرە شۆھرەت ئىختىيار،
ئاقىبەت شۆھرەت قىلۇر ئەلبەتتە خار.
سەن تەۋەككۇل ئەيلىگىل قويغىل قەدەم،
يولدا تارتغىل مېھنەتۇ دەردۇ ئەلەم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئى قىرى ھەر كەئبەئى ھەق دىل دۇرۇر،
كەئبەئى خەلق بەلكى ئول بىرگىل دۇرۇر.
كەئبەئى كۆل ئول خېلىلنىڭ كەئبەسى،
كەئبە دىل ئول جېلىلنىڭ كەئبەسى.
ئى قىرى بۇ كەئبە سەڭگى خارەدۇر،
ئەھلى مۆئمىن كۆڭلى ئەرشى ئاللاھدۇر.
قىلما مۆئمىن كۆڭلىغە ھەرگىز خىلاپ،
قىلغىل ھەردائىم ئۇنى قىلغىل تاۋاپ.
قىلسا مۆئمىن كۆڭلىنى ھەركىم تاۋاپ،
ھەق ئاڭا جەننەتنى بەرگەي بىھىساپ.
كەئبەئى كۆل گەرچە قىلساڭمۇ خاراپ،
قىلما ھەرگىز كەئبە دىلنى سەن خاراپ.
مەي ئىچىپ مۇسەھەپنى كۆيدۇرسەڭ ئەگەر،
قىلما مۆئمىن كۆڭلىغە ھەرگىز زەرەر.
ئەھلى ئالەم شەھلەرى مەدرىسە مەسجىد قىلۇر،
دىل خاراپ ئەتمەككە دائىم جىد قىلۇر.
كىمكى مۆئمىن دىلنى قىلسا يارا،
ئىككى ئالەم يەتكۈسى قاتتىق جازا.
بەندە بولساڭ ئەي قىرى بۇ پەندنى تۇت،
بەندىلەرنىڭ كۆڭلىنى ھەم پىر تۇت.
بۇ يامان ئەندىشەدىن پەرھىز قىل،
دىلنى ئاغرىتماقنى قاتتىق ئىش بىل.
بولماغاي ئالەمدە مۇنداق ھىچ گۇنا،
قىلما مۆئمىن كۆڭلىنى ھەرگىز يارا.
ئى قىرى سەن ياخشىلىقنى پىشە قىل،
دىل بىلەن ئاللاھنى كۆپ ھەم ياد قىل.
ياخشىلىقتىن بۇ جاھان ئاباد بولۇر،
كىم يامانلىق ئەيلىسە ۋەيران بولۇر.
ياخشىلىق ئىككى جاھان سەرمايەدۇر،
خاسىيەتلەر كۆپ مۇنىڭدا باردۇر.
كەئبە دىلدۇر بۇزماغىل ھەر دىلنى
قىلماغىل ئازار دىل ھەر بەندەنى.
ھىچ قاتتىق بولماغاي مۇنداغ گۇنا،
قىلماغىل ۋەيران دىلى ھەرگىز يانا.

× ×

ئېيتما سىرىڭنى خاتۇنغە ھېچ زامان،
ئېيتسا سىرىنى كىشى تاپماس ئامان.
دۇشمىنىڭ كىمدۇر سېنىڭ، خاتۇن كىشىڭ،
غېمى بولماس بار يوقىغە يوقاشىڭ.
ھەر زامان پىكرى خىيال بوينى يۇغان،
مۇندىن ئۆتمەس دۇشمىنى ئۇشبۇ جاھان.
تەربىيەت قىلساڭ كۆتەرمەسلەر ئانى،
كۆپ ئەدەب بەرگىل ئۇنىڭ قالغاي جانى.
پوستى بىرلە سۇڭاكى قالسۇن ئۇنىڭ،
كىم سېنى يارىم دىسە يارىڭ سېنىڭ.
يار ۋاپادار ياخشىراق كۆپ ياخشىراق،
بىۋاپاكى باخشىلاردىن باخشىراق.
بولماغىل پىرىپ ئۇنىڭكى سۆزىگە،
ھەرزامان قادالار ييگىتلەر كۆزىگە.
ساقلاغىل يارەب يامانىنىڭ شەررىدىن،
ياندۇرۇپ ھەر بەندەنى قىل نەھىدىن.
ياخشى خاتۇن بولسا ئۆيدە ھۆردۇر،
بول يامان خاتۇنكى بولسا گۆردۇر.
ئى غېرىبا قىلماغىل ئەمدى شىكايىتىنى ئۇنىڭ،
ئۆزنى بىل ئۆزگىنى قوي قىلما مەلامەتنى ئۇنىڭ.

× ×

دۇنيا ئاخىر بولدىسلەر قىلغىل نەزەر،
بىھايا خاتۇن كىشىدىن قىل ھەزەر.
بۇ جاھان باشتىن ئاياق جەۋرى - جاپا،
ھېچ كىمگە قىلمىدى ھەرگىز ۋاپا.
چەرخى دەۋران ئۆتكاربدۇر ياخشىلارنى ھەم يامان،
قىلمادى ھەرگىز ۋاپانى ئادىمغە بۇ جاھان.
ئۆمرنى بىلگىل غەنىمەت بۇ ھاياتىڭ باردا،
كىم قالىبدۇر دەير ئارا ھايات ئەگەرچە پاندا.
ئۆزنى تۇتقىل باھارىڭ گۇللەرنى باغ ئارا،
گۇللەرىڭغە تۇندى بادى تەككۇسى جانىڭ ئارا.
ئىشقى بازى ئەيلىگىل ياخشى بىلەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولماغىل ناجىنس بىلەن پورغەم بىلەن.
ھەمد ئېيتاي ئاسىي قۇلمەن ئۇل خۇدايى پاكغە،
ئەقىل ئىمان بەردى بىزدەك بەندىسىدىن خاكغە.
تىلنى بەردى، كۆزنى بەردى ئۇل ئۆزىنىڭ زاتىدىن،
جان ئاتا قىلدى ھەمە زىجانغە ئۇل ئۆز زاتىدىن.
تىل بىلە ئەيتىپ تۈگەنمەس زاتىنى ئۇل شاھىنىڭ
ئەقىل لال، تىل گۇڭك ئېرۇرلار زاتىدىن زەررە ئۇنىڭ.
بىرنى قىلدى پادىشاھ ھەم بىرنى قىلدى پۇقرا،
بىرنى قىلدى ئۆلىما ھەم بىرنى قىلدى زاھىدا.
بىرنى قىلدى كۆپ غىنى ھەم بىرنى قىلمىشدۇر گادا،
بىرنى قىلدى ئاقىبەت بىر بىرىدىن ئەيلەپدۇر جۇدا.
بىرنى قىلدى كەريانا ھەم بىرنى قىلدى ساغرىغۇ،
بىرنى قىلمىشدۇر گاچا ھەم بىرنى قىلدى قارىغۇ.
بىرنى قىلدى خوش لىقا قەددى بىلە ھۆسنى بىرىپ،
بىرنى قىلدى سۇرەتى ناخۇش بىلە دۇنيا بىرىپ.
بىرنى قىلدى پالەچ ئاقساق قىلىپ قۇلغا ياتاق،
قىلدى بىرنى گۇڭك ئەيلەپ، بىرنى قىلمىشدۇر چولاق،
بىرنى قىلدى سەۋدا ھەم بىرنى قىلدى جىننى،
قىلدى بىرنى سۆزلىيەلمەس تىل تاماقى ئەيلدى.

ھەممىسى بولغان خۇدانىڭ قۇدرەتى،
بەندىلەرغە بۇ ئىشدۇر رەھمەتى.
شۈكرى قىلغىل ئى غېرىبى ئاسى قۇل،
شۈكرى قىلماي تۈشماسۇن بوينوڭغا غول.
ئىستەگىل دۇنيادا سەن ھەقدىن مۇراد،
كەئبەغە ئەزم ئەيلەگىل ھەقدىن ئۇيات.
پەھىم قىلغىل ئالەم ئىچرە كاربار،
ساڭا ئوخشاش نەچچەلەر ھەم خارۇ زار.
دەم غەنىمەت شۈكرى قىل ئاللاھغە،
بۇ نەپەسنى قىل ئۇنىڭكى زەكرىغە.
ئى غېرىبى سۇرمەدەم ئۇل زاتىغە،
ئەقىل يەتمەس زەررەئى سىپاتىغە.

× ×

پادىشاھا بۇ قۇلۇڭ لايىق ئەمەس،
ھەمدىڭ ئېيتۇرغە كۆڭۈل لايىق ئەمەس.

مۇنەززەھ سەن كەۋنۇ ماكان يوق،
سىنى بىلمەس جاھاندا ئىنسى جان يوق.
پادىشاھا بارچىغە سەندىن مەدەد،
قۇدرىتىڭ بار ئىككى ئالەم بى ئەدەد.
پادىشاھا قىلماغىل مۇھتاجى خەلق،
سەندىن ئۆزگە يوق دۇرۇر غەمخار ھەق.
قۇدرىتىڭدىن مەن قىلاي چەندان كەلام،
ۋاقىپ ئولسۇن قۇدرىتىڭدىن خاس ئام.
ئەيلەيىن نەئتى رەسۇلغە جان پىدا،
ئەنبىيالارغە مۇھەممەد رەھنەما.
ئەنبىيالار دۇر كەۋاكىپ ئۇل شەمسو قەمەر،
ئەنبىيالار بىر سەدەپ ئۇل بىر گۆھەر.
چۈن ۋۇجۇدى رەھمەتەن لىلئالەمىن،
سەجدەگاھ بولدى ئاڭا رۇي زىمىن.
ئەنبىيالار قەۋمى ئۇلدۇر بىر ئىمام،
پەرقىنى مۇنداغ بىلىڭ ئى خاسۇ ئام.

چاھار يارلاردىن ھەم بىرى تاغ ئىچرە
ھەمراھ بولدىلەر،
ئول بىرى كۆپ ئەھلىغە تىغ ئۇردىلەر.
تۈنۈ - كۈن ھەمراھ ئو ئوسمانى ئەلى،
تاپتى شۆھرەت ئالەم ئىچرە ئول ۋەلى.
دەمبە دەم يۈزمىڭ دۇرۇد ئەرۋاھىغە،
ئول رەسۇلغە ئالىغە ئەسھابىغە.
ئىستەگىل بولماقنى ياد ئاللاھ بىلەن،
قىلغانىڭ ھەر ئىشنى بىسمىللاھ بىلەن.
كىمكى بىسمىللاھنى كۆپ ئادەت ئېتەر،
ئاقىبەت ھەق ئول كىشى ئازات ئېتەر.
قىلما ئىسيان ئىشىغە بىسمىللاھنى ياد،
كىمكى قىلسا بولماغاي مەھشەردە شاد.
ئى غېرىب قىل ئىپتىدا يادى خۇدا،
ئەۋۋەل ئېيتقىل بىسمىللاھ بىرلە ئادا.
ئى بۇرادەر ئىستەگىل ھەقدىن مۇراد،
قىلغاسەن ئۆمرۈڭدە دايىم جەڭنى ياد.
قىلماساڭ جەڭ قۇللۇغۇڭ سابىت ئەمەس،
قىلماساڭ جەڭ زاھىدۇ ئابىد ئەمەس.
قىلسا جانىن جەڭ ئۈچۈن ھەركىم نىسار،
ئول كىشى بولغاي مەلەكدىن ئېئتىبار.
جەڭ ئىبادەتتىن بۇ ئارتۇغراقدۇر،
بارچە قۇللۇقتىن بۇ ئىش بىھراقدۇر.
بولسا بۇ ئالەمدە جەڭ قىلغان كىشى،
ھىچ شەك يوقتۇركى بۇ مەردان كىشى.
قىلسا جەڭ ھەركىم بولۇر مەردانە پاك،
بولسە گەر ھەركىم شەھىد ئەرۋاھى پاك.
قىلسا ھەركىم جەڭ ئۈچۈن جانىن پىدا
ھۆرلار سەپ - سەپ تۇرار ئەتراپىدا.
گەر كىشى جەڭ قىلماسا مەردۇدى ھەق،
ھەر كىشى جەڭ قىلسا ئول مەقبۇلى ھەق
گەر كىشى جەڭ قىلغىلى نىيەت ئېتەر،
رۇھى ئانىڭ ئەرشىغە پەرۋاز ئېتەر.
گەر كىشى جەڭ قىلسالار تەرسا بىلەن،
بولغۇسىدۇر ئول كىشى خىزرى بىلەن.
كىم شەھىد بولماققە ئول داخىل بولۇر.
تەڭرىنىڭ دىدارىغە ۋاسىل بولۇر.
قويسا ھەركىم جەڭ ئۈچۈن دايىم قەدەم،
كەئبەدىن ئارتۇق ئېرۇر باسقان قەدەم.
بولسا تابىئ ئول كىشى ھەيران قىلور،
دىن ئۈيىنى لېكىن ئول ۋەيران قىلور.
مەردغە يوق مۇندىن ئۆزگە مەنپەئەت،
تەڭرى تەقدىرىچە بولغاي ئاقىبەت.
قىلماسا ھەركىم بۇ جەڭ ئىخلاسىنى،
جانىغە سالمىشدۇر، تىغى ئالماسىنى.
جەڭنى قىلغىل سەنكى ئۆلمەسدىن بۇرۇن،
ئوشبۇ ئۆيدىن ئاندا كۆچمەسدىن بۇرۇن.
ئى غېرىبى قىلمادىڭ جەڭ ئىختىيار،
قېرىغان چاغىدا بولدۇڭ خارۇ - زار.
شائىر نەزمىڭدە يوقتۇر خاسىيەت،
نەزمە قىلساڭ گۆردە قىلماس مەنپەئەت.
ھەر سۆزى بولغان بىلەن مەقبۇل ئەمەس،
ھەر سۆزۈڭ بولغان بىلە مەئقۇل ئەمەس.
شائىرى گەر قىلسا مەخلۇقدىن ئۈمىد،
ھىچ شەك يوقتۇركى ئول چىركىن پەلىد.
شائىرى گەر بولسا دايىم مەدھى خان،
بى گۇمان دەۋزەخدىن ئول تاپقاي ئامان.
شائىرى مەخلۇقتا بولسا ھەمىد خان،
بولماغاي ھەرگىز جەھەننەمدىن ئامان.
مۇنتەزىر بول تەڭرىغە لەيلو - نەھار،
باردۇ بۇ ئالەمدە چەندان كارزار.
ھىچ سۇد قىلماس ساڭا بۇ نەزمىلەر،
قىل بۇ ئالەمدە ئاڭا كۆپ ھەمدىلەر.
ئى قېرى سەن كەئبەغە ئەزم ئەيلىگىل،
كۆھۇ دەشت سەھرادا پەرياد ئەيلىگىل.

× ×

قىل بۇ پەرزنى ھەم نەپەس ئۆلمەسدەرەك،
تۇت قۇلاغىڭدا ئەجەل يەتمەسدەرەك.
تېزرەك چىققىل بۇ ئاقسۇ شەھرىدىن،
بىگۇمان بولغايسەن بۇ غەمدىن ئىمىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەتئى قىل دۇنيادىن كۆڭلۈڭنى تامام،
يادى ھەي باقىغە سەن بولغىل غۇلام.
قىلماغىل ھەر قىسمى نەزمە زىكرى ئاللاھ-
دىن بۆلەك،
مەغزى يوق سۆزلەرنى قىلما سەمەرى يوق،
ئاغى تەرك.
فەخرى قىلما بۇ سۆزۈڭنىڭ نەزمىغە،
تىغ ئۇرارسەن گۆئىيا ئۆز جىسمىغە.
ئەيتقىل بۇ پەندنى ئۆزۈڭگە سەن،
تۇرماغىل ئۇشبۇ ئەجەمدە شادىسەن.
ئەسىپ يوق بولسا ئۇ يولغا مەركەب ئال،
بولماسا سەن بۇ كۆڭۈلنى غەمگە سال.
بەلكى ھەر دىشۋارنىڭ ئاسانى بار،
ھەم يەنە ھەر سۈبھىنىڭ بىر شامى بار.
شامىنى غەم بىرلە ئۆتكەرسەڭ داۋام،
سۈبھى سادىق بەلگۈرۈر ئاندىن تامام.
ھىچ ئاسايىش مۇشەققەتسىز ئەمەس،
ھىچ دۆرى ئىبسىل مىھنەتسىز ئەمەس.
ھىچ ئادەم غىپسى يوق غەمسىز ئەمەس،
ھىچ بەرگى كىم تىكەندىن خالى ئەمەس.
ھەم مۇساپىر بولماغان بۇ جاھان ئادەم
ئەمەس،
شادلىق يۈرگەن ۋەتەندە ئۇل مۇسۇلماندىن
ئەمەس.

× ×

گەر كىشى ۋەيرانىدە پەرياد ئېتەر،
ھەق جەھەننەمدىن ئۇنى ئازاد ئېتەر.
ھەم مۇساپىرسەن غەرىب بول بۇ جاھان،
ئەھلى ئالەم خەلقىدىن بولغىل ئامان.
خەلق ئارا قىلغان ئىبادەت ھەرزامان،
ئۇل رىيادىن ياخشىراق كۆپ ئۇخلىغان.
ئى غەرىب كەئبە سىرى قويغىل قەدەم،
ھەممەت ئەيلەپ يولغا كىرگىل دەمبەدەم.
ئىستەگىل ھەممەت بىلە كەئبە يولىن،
ھەممەتى ئالىنى تاپقۇك ھەممەسىن.
باغلا ھەممەت بەلگە ھەممەتدىن كەمەر.
جەمئىيەت بىر يۈكدۇر تەنھا قىل سەپەر.
خانىمان تەرك ئەيلەگىل بولغىل ئامان،
كىمكى تەنھا بولسا يول يۈرگەي راۋان.
يولغا كىر تەنھا بولۇپ ئى غەرىبا،
بولغاي ئۇل سائەتتە پەيدا رەھنەما.
جەمئىيەت تەرك ئەيلە تەنھا يولغا كىر،
ئاڭلاغىل بۇ سۆزلەرنىڭ چەشمى بەسىر.
يا خاتۇن پەرزەند بۇ يولدا بولمىغايكىم
جەمئىيەت،
ئىككى ئالەم قىلماغايلار ئۇل كىشىگە مەن-
پەئەت.

× ×

قىل تەۋەككىل يولغا كىر تەنھا بولۇپ،
بارچە خەس خاشاكلاردىن كەم بولۇپ.
ئەمدى ئېيت شىئىرىڭنى ھەردەم قورقۇبان.
ھەمدۇ نەئت ئەلقابى رەسولنى ئېيتبان.
ئاڭلاغىل بۇ سۆزنى ئى بابائى بەرپ،
قىلماغىل ئۆمرۈڭنى بۇ دۇنياغا سەرپ.
ئۆمرۈڭ ئۆتكەي تېزتۇند گويائى بەرق،
بولماغايسەن بىخەبەر غەپلەتدە غەرق.

× ×

ھەر كىشى ھەرنە دىسە قىلسۇن ئەلەم،
قىلسا قىلسۇن بۇ خاتۇنلارغە پەرۋايىڭ نە غەم.
ئاپتاپ ھەر سۈبھىدە قىلغاي تولۇئ،
قىلغاي ئۇل ۋەقت تەۋبەغە ھەركىم رۇجۇئ.
ئاپتاپ تۇش ۋاقتىدا تاپقاي كامال،
ئەندىكى بولغاي ئۇل ئاندىن زاۋال.
ئۆمرى گويا بەرقىدەك چالاك ئۆتەر،
كىمكى ئاندىن بىخەبەر ناپاك ئۆتەر.

قارىدىك ئۇشبۇ نەسھەت ئاڭلاغىل،
كۆپ ياشاندىك كۆپ ئىبادەت ئەيلەگىل.
ئۆتتى ئۆمرۈك ناگاھ ئاتمىشتىن نېرى،

تېز بولغىل ئى قېرى ماۋۇ مەنزىلكىدىن نېرى.
ھەر كىشىنىڭ ئۆمرى ئەگەر ئاتمىش ئېرۇر،
لەززەتى ئۆمرىدىن ئول قالمىش تۇرۇر.

ئى غېرىبا يەتتى سالىڭ ئاتمىش بەش ياشىغە،
كۆپ چىقارغىل ئاھۇ ھەسرەت بىرلە ئۆلكىم ياشىغە.
سەندە تائەت بولماسا ھەر سۇبھى ئارا تالىش قىل،
ۋەسلىغە يەتمەك ئۈچۈن كۆپ نالەئى پەرياد قىل.
قوي قەدەم مەككە سەرىغە تۇرما بۇ دەشتى ئارا،
مەقسەدى ئەقساغا يەتمەي قىلماغىل يۈرەك يارا.
ئۆمرىغە بەرمەس ئەجەلنىڭ ئول زاماندا پۇرسەتى،
قىلماغىل ئۆزگە خىيال يەتتى ئەجەلنىڭ نەۋبەتى.
ئى غېرىبى قېرىدىڭكىم قېرىلىقنىڭ ئىشىنى قىل،
ئاجىزۇ بىچارىلىقنى دەرگەھىغا پىشە قىل.

× ×

زەمانى پىكىر قىل سەن قېرى ئادەم،
ۋاپا قىلماس ساڭا ھەرگىز بۇ ئالەم.
دەرەخت ياپراغىدىن كۆپرەك گۇناھىڭ.
ھەمە ئەزالىرىڭ بولغاي گۇۋاھىڭ.
قېنى سەندە دىيانەت ئۇشبۇ ئالەم،
سېنىڭدەك ئاسى بولماس ھېچ ئادەم.
بارۇر يېرىڭنى قىلماي پىكىر ئاندىن،
ھايا ۋە شەرەم تۇتماي ئاخىرەتدىن.
نادامەتتىن بۈلەك يوقتۇر پۇشايمان،
يىگىتلىك كەتتى ئىلكىڭدىن قېرىغان.
پۇشايمان سۇد قىلماس ئەمدى ئاخىر،
خۇدانى يادى قىلغىل ئۆزى ھازىر.
ئەمدى يىغلا ئى غېرىپ شامۇ سەھەر،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي بۇ نەزمىلەر.

× ×

ھەر دۇئا قىلسا غېرىپ بىچارىغە،
پاتىھە بىرلە ئول ۋىردەۋۇ ئىخلاسىغە.
يەتكۈرۈپ دىللارىغە ئۇشبۇ سۆزلەرنى،

جەڭ ئىشىدىن قىلدىڭكىم بۇ نەزمىنى.
ئۈمىد ئەيلەپ دۇئادىن شېئىر قىلدىم،
مۇسۇلمانلار دۇئاسىن ئارزۇ قىلدىم.
كىشى قىلسا دۇئا گەر شېئىرنى ئوقۇپ،
ئۈمىد ئۇلدۇر ئونىڭدىندۇر غەپپارەز - زۇنۇپ.
كىشى رەھىم ئەيلىسە قىلسۇن دۇئايى،
ئاڭا قىلغاي خۇدا جەننەت ئاتايى.
ئوقۇپ پاتىھە بىرلە ئىخلاسىنى ھەردەم،
ئاتا قىلغاي ئاڭا ئىمانىنى ھەمدەم.
سوۋابىنى كى بەخشىش قىلسا بىزگە،
خۇدا رەھمەت قىلۇرلار سىزگە، بىزگە.
دورۇد ئوقۇڭ رەسۇلۇم باساپاغە.
ئۇلار ئەۋلادلەرنى ئەسھابلارنى ئەزۋاجلارىغە.
تۈنۈكۈن كاپىر بىلە قىلغىل ئۇرۇش.
راست قىل ئەسباب جەڭ ئاندىن تۇرۇش.
جەڭنى تەرك ئەتسە كىشى ئادەم ئەمەس،
جەڭنى قىلماي قالغانى ئىنسان ئەمەس.
ئۇشبۇ جەڭگە قىلغىل ئەۋۋەل ئۆزنى پاك.
پاك بولسا دۈشمەنى بولغاي ھالاك.
خى سەبىلىللاھ غازات قىلغىل جاھان،

www.uyghurkitap.com



ئىككى ئالەمدە بولۇرسەن خوپ ئامان.
زاھىرۇ باتىن نىيەتنى ياخشى تۈز،
بۇ جاھان سوداسىدىن كۆڭلۈڭنى ئۈز.

× ×

ھەمد بىھەد لايىق ئى تەڭرىم ساڭا،
گەرچە بول ھەمد لايىق ئەمەس مەندىن ساڭا.
لەززەتى زىكرىڭنى شەككەر ئەيلىدىڭ،
مۇستاپانى بىزگە رەھبەر ئەيلىدىڭ.
بارچەلەرنىڭ دىن ئۆيىن ئاباد قىل،
مۇستاپانىڭ ھەققىدىن ئازاد قىل.
مۇستاپاسىز ھېچكىم مەقبۇل ئەمەس،
ھەر ئىباداتى ئۇنىڭ مەقبۇل ئەمەس.
ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا ئاشىق ئاڭا،
جان كۆڭلى بىرلە ئول سادىق ئاڭا
ھەمد ئىلە شۈكر ئەيلىسەم ھەر سۇبھى شام،
يۈز قىيامەت ئۆتسىمۇ بولماس تامام.
پەتىھى قىل بۇ يولنى ئى پەتتاھى باب،
ئۆتتى ئۆمرۈم پىسىق ئىسيان بىرلەخۋاب.
يوق ساڭا تۆھپەم مۇھەممەددىن بۆلەك،
مەن كىبىۋ ھەمدىڭنى لايىق راغ دىمەك.

بىل مۇھەممەد ئاپتاب ئەنجۇملار ئەرمىش ئەنبىيالار بارچە ھەم،
زاھىر ئولغاچ نۇرلارى خەلق ئىچرە يارۇدى زەلەم.
ئاپتابى ئەھمەدى قىلدى بۇ ئالەمگە تۇلۇئ،
ھەممىگە تۇشكەچ شوئانى دىنلارى ئاباد ھەم.
گۈلدەك ئول ئەھمەد نازاكەتدە شەرەپدە تولۇن ئاي،
دەريادەك ئەردى كېرەمدە ھىممەتى ئالەمچە ھەم.
ھەممە پەيغەمبەردىن ئەلا خەلق ئىلە خىلقەتدەكىم،
بولمىدى ھېچكىم يېقىن ئىلمى كەرەمدە ھېچ دەم.
ئاجىز ئولدى ئەھلى ئالەم زاتىنى پەھىم ئەتكىلى،
خۇاھ يېقىندۇر خۇاھ يىراق پەھىم ئەتمەكىغە سۇرسە دەم.
مۇستەپانىڭ قەدرى پەزلىنىڭ ئەدەددە سانى يوق،
تىل بىلە ئېيتىپ تۈگەنمەس ۋەسپى ھېچ بولماس ئەدەم.
مىڭ دۇرۇدۇ مىڭ سالام شاھى نەبىنىڭ زاتىغە،
ئالى ئەزۋاجىغا بولسۇن جۈملە ئەسھابى كەرەم.
ۋەسپىغە لايىق ئەمەس مەن كۆپدۇر ئىسيانىم تولا،
نە نامازۇ روزە جۈز پەرز قىلماي نەپلى ھەم.

## ئەلقابى چاھاريار

چاريار ئەردى مۇھەممەدگە ھەمىشە دوست يار؛
ئول ئابابەكرى، ئۆمەر ئوسمان، ئەلىدۇر تورتى ھەم.
ھەر قايان دۈشمەنلارى كەلسە قىلىپ جەڭنى بۇلار،
ئۆلتۈرۈپ كاپىرلىنى دىننى ئاباد قىلدى ھەم.
ھېچ شەك يوق مەككىنىڭ سەھراسىدا جەڭ قىلغانى،

تىل بىلە ئېيتىپ تۈگەتمەس ھەممە زىجان بولسا ھەم.
ئاسى قۇل غېرىپ مۇساپىر قورقوبان نەزم ئەيلىدى،
تاڭلا مەھشەر كۈنلەرى يۈزى قارادىن قورقۇب ھەم.

× ×

سەن ئەگەر رەھىم ئېيتمساڭ ئى زاتى پاك،
مەن نىچۈك خۇشنۇد ئېيتاي بىر مۇشتى خاك.
سال قۇلاق جانىمغە قالەللاھ سەرى،
بەر ھىدايەت ئەمدى ئىللەللاھ سەرى.
ئى خۇدا ياسورماغىل مەندىن ئەمەل،
ئۆتتى ئۆمرۇم پىسىق بىرلە بى ئەمەل.
يوقتۇرۇر قۇللارغا شاھنىڭ ھاجتى،
شاھغا بار بارچە قۇللار ھاجتى.
گەرچە ھەددە ئېيتماققا مەن لايىق ئەمەس،
شاھى كۆڭلۇم سۇبھىدەك سادىق ئەمەس.

پادىشاھ بولغان بىلە پادىشاھ ئەمەس،
جەڭنى قىلسا ھەر كىشى غازى ئەمەس.
پادىشاغا جەڭ ئارا ھىممەت كېرەك،
ھىممەت ئۈستۈن ئىززەتو ھىممەت كېرەك.
قىلسا ھەركىم جەڭگە ئول جانىن نىسار،
كۆرگەي ئول سائەت ئارا دىدار يار.
جان پىدا قىلماي مۇراد ھاسىل ئەمەس،
تەڭرىنىڭ دىدارىغە ۋاسىل ئەمەس.
فى سەبىلىللاھ غازات شەھ ئەيلىسە،
قىرىق يىل تائەتدىن ئەبۋەل شاھلار جەڭ ئەيلىسە.

بۇ غېرىبى قېرىبانكىم جەڭگە ھاجەت بولمادى،
بارغىلى قۇۋۋەت تاپالماي ھەسرەت ئەيلەپ يىغلادى.
مەغزى يوق سۆزلەرنى سۆزلەپ بى مىزە،
كۆڭلىنى خۇش ئەيلىدى جانىن كۈزە.
ھەر ئىشكى دەردى يوق بى مەنپەئەت،
ھەر تائامنىڭ تۇزى يوقدۇر بىقۇۋۋەت.
تۇت قۇلاغىڭدا غېرىپ خامى گەران،
نىم شەب ۋاقتىدا قىل ئاھو پىغان.
ئى غېرىپ خەلق ئىچرە تەنھالىق تىلە،
غەيرەتو ھىممەتدە يەكتالىق تىلە.
بول يامان دۇشمەنلەدىن قىلغىل ھەزەر،
تۇرماغىل ئەجەم ئاراسى قىل گۇزەر.
ئېيتامەن ئەمدى بېدولەت ھىممەتى ئالىنى ھەم،
قايدا دۇشمەن بولسا ئاندا ئاتلىنىپ قويدى قەدەم.
قىلدى ئەرسە كاشغەرنى پايتەخت ئالى مۇقام،
تامقامى دىننى تاپقاچ بولماي ئاگاھ ئام ھەم.
پەتھە قىلدي ئالتە شەھەرنى ھىچكىم ئەمەس شىرىك،

www.uyghurkitap.com



كۆپ ئۇلۇغلۇق ئانچە بەرمىش دور خۇداۋەندىئەم.
سىررى پىنھاننى يوشۇردى ھەق بىرىپ قۇۋۋەت ئاڭا،
ئانچە قۇۋۋەت بەردىكىم ھېچكىمگە بەرمەي مۇنى ھەم.
كەلدىلەر تۇرغانىلار شەھرى كۇچارنىڭ كەنتىگە،
پۇللارنى تاراج قىلىپ بۇلاڭچىلىقلار قىلدى ھەم.
قانچە ئادەملەرنى ئۆلكىم خۇن ناھەق قىلدىلار،
نا مۇسۇلمانلىقلارى مۇندىن مەلۇم بولدى ھەم.
بىلمەدى تۇڭگانىلەر ئۇشبۇ كۇننى ياد ئېتىپ،
كۆپ پۇشايمانۇ نادامەت قىلدى سود قىلماي بۇ دەم.
كۆردىلەر تۇرلۇك جازانى ئول ئۇرۇمچى تاغىدا،
نەچچىنى ئەسىر قىلىپ بوينىغا غوللار سالدى ھەم.
ئۆلكى دۇشمەنلەر قانىغە داغ مۇشتاق بولدىلەر،
نۇر ھەق تابان ئېيتىپ رۇشەن راك ئولدى دەمبەدەم.
سەيىر قىلدى كاشغەردىن ئول تەرەپ تۇرپان سەرى،
راست قىلدى خى سەبىلىللاھغا زاتنى خەيىر ھەم.
يەتتى ئەرسە ھەر شەھەرلەردىن ئۆتۈپ ئۇرۇمچىگە،
روبىرو بولدى بۇ دۇشمەن نا مۇسۇلمانلارغا ھەم.
گۇئىيا ئات ئۇستىدە تاغدەك ئۇلارغا كۆرۈنۈپ،
شىردىن قورقۇقان مەسەللىك قورقاتىپ ئالدى ئۇ دەم.
كۆپ نەسھەت ئانچە قىلدى بىلمادى تۇڭگانىلەر،
چۇن نەدا قىلدى بەلەند ھىممەت بىلە جەڭگە ئۇ دەم.
بولمادى دۇشمەنگە پۇرسەت پىشرۇ بولماي ئاڭا،
تاپمادى ھېچ ياخشىلىق تاپتى پۇشايمانۇ ھەم.
ھەممە پانسەد يۇز بىشى خىزمەت ئۇچۇن بەل باغلادى،
يەتتى ئەرسە خىزمىتىغە لەشكەرىنىڭ قانچە ھەم.
جەڭ كۇندە نەيزە ئۇچىدا قىلدى دۇشمەنلەر تىنىن،
تاكى قاسساپلار كانارا گۆشنى ئاسقاندەك بۇدەم.
بول كۇندە سابىتۇ مەھكەم ئىدىلار ئاتالىق،
يەرگە تاشلار ئەردى دۇشمەنلەر تىنىن گۇيدەك ئۇدەم.
گۇئىيا جەڭ ئىچرە خۋارۇ زەلىل دۇشمەنلەرى،
گۇئىيا دۇشمەن باشىغە ئانچە تۇشتى قانچە غەم.
قاچتىلار تۇڭگانىلەر جەڭ كۇنلەردە باش ئېلىپ،
ئۆلتۈرۈپ دەريا مەسەللىك قانى ئاقتى سەيل ھەم.
كۆرمىدى جەڭ ئىشىدا نۇسرەتدىن ئۆزگە تىرەلىك،
كۆردى ئول دۇشمەنلەرى خۋارۇ شىكەستىنى قانچە ھەم.
ۋەئدە قىلسا ۋەئدەسىدە تۇرمايىن تۇڭگانىلەر،

سەبری بىرلە ئالدى ئەرسە نۇسرەتى يول تاپتى ھەم.
ۋەئدە قىلدى ئاخىر ئول تۈكگانىلەر ئەرز ئەيلەدى،

ئەرزىگە يەتكەچ قويۇپ كەلدى ئۈرۈمچى شەھرى ھەم.
تۆبە قىلدى ئىلگىرى قىلغان ھەمە كىردارىغە،

قىلمادى ھەرگىز غەزەپنى نامۇسۇلمانلارغا ھەم.
ھەرتەرەپ دۈشمەنلەردىن قەست ئەيلەبان قىلسا جىدەل،

ئەجزىگە ئىقرار بولۇپ دۈشمەنلەرگىنى قىلدى كەم.
ھەق نەگەھدار بولسا ئەرسە لەشكىرى بولدى ئامان،

بولمادى ھاجەتنى كىمگە نە ھىسارۇ قەلئە ھەم.
پۇقرالارنى خالاس قىلدى بۇ دۈشمەن ئىلكىدىن،

قالمادى مۆئمىن ئاراسىدا يانا بىر زەررە غەم.
مەھكۇم ئولغاچ ھىممىتى جەڭ ئىشىنى تەرك ئەيلاماي،

سەرپ قىلدى لەشكىرىگە قانچە تىللاۋۇ دەرەم.
يارئولدى نۇسرەتىغە ھەزرەتى ئەسھاب كەھىپ،

پەتھى بولدى ئول ئۈرۈمچى بىرلە تۇرپان شەھرى ھەم.
يەتكۈرۈپ نۇسرەت شىمالى جەڭلەرىنىڭ سەئىدىن،

غۇنچە ئىچرە كۈلبە بار ئولغاي كەبى سابىت قەدەم.
ھەرتەرەپلەر قىلسا جەڭنى بولماغايلار نائۇمىد،

بول قۇرۇق يانماي تاپارلار ئانچە نۇسرەتلەرنى ھەم.
كىم ئەقىدە بىرلە خىزمەت قىلسىلەر ھەركىم ئاڭا،

چۈن شەپىئ قىلغاي قىيامەتدە رەسۇلى باكەرەم.
ياندى ئەرسە ھەر شەھەردىن پۇقرا ھالىن سوراپ،

باد يەڭلىغ سەيىر قىلغاندەك قىلىپ سەھەردە ھەم.
باردى ئەرسە كاشغەرغە يېڭى شەھەر تۇتتى مۇقام،

كىم يىتىبدۇر بۇ مۇقامغا بۇ ۋىلايەتلەردە ھەم.
ھەق ئۇنى ئىلغاپ قىلىبدۇر پۇقراغا پادشاھ،

بۇەلاردىن پۇقرادا قالمادى ئەندۇھۇ غەم.

ھەق تائالا ئاڭا بەردى بۇ ۋىلايەت شەھرىنى،
كۆپرى كاپىرلارنى دەئۋەت قىلغالى ئىمانغا ھەم.

ياخشىلىقدىن دوست قىلدى ھەر تەرەپ ئەغيارىنى،
ھەق ئاتاسىدۇر ئاڭا بەردى بۇ خىسلەتلەرنى ھەم.

يانمىغاي دۈشمەنلەردىن كاتتا مىلك پىل بولسىلەر،
رەھمىتى باراندىن نابۇد قىلغاي پىلنى ھەم.

دەرگاھىدا دۈشمىنى كاپىر بىلە جەڭ قىلسىلەر،
ھىچ تائەت مۇندىن ئۆتمەس غازىغە قىلغاي كىرەم.

www.uyghurkitap.com

× ×

جەڭگە بەل باغلاپ تۇرۇپسەن ھىممىتىڭ تاغدەك بەلەند،
بىخ بۇنيادىن كېسىپ دۇنيادىن يوق قىلغانىن ئەدەم.
نەپسىنى يەتكۈرگەي ئىتىڭ قىلغاي قيامەتدە شەپىئ،
مۇستاپانىڭ نامىغە قالغاي بۇ دۇنيا ئىچى ھەم.
ھەرنە قىلساڭ ئىلتىماس ئىككى جاھانىڭ كارىدىن،
تاپقاي ئەرسە ئىلتىماسىڭنى ساڭا يەتمەي ئەلەم.
ھەممە پانسەد يۈز بىشى ھەقدىن تىپىپ ھىممەت يولىن،
يانماغاي شىرى غەرانەدەك غازىلىق بولغاي بىھەم.
ھىچ شەك يوقتۇر غازات قىلغان ساۋابى ئىنتىھا،
ھەر نىچە قىلسا تۈگەنمەس قىلسە خەت يۈزمىڭ قەلەم.
ئول پەرەڭ كاپىرلىرى كەلدى ساڭا تابىئ بولۇپ،
خىزمىتىدە جان دىل بىرلە بولۇپ پايىدا ھەم.
جەڭ ياراغى كەلتۈرۈپ بەردى ساڭا قانچە خىچىر،
بول ئىناياتى ئىلاھىدۇر ساڭا بۇ ئىشلار ھەم.
بۇ ئىناياتى ئىلاھدىن ئاڭا بۇ ئىشلارى،
كۆرمىگەندۇر بۇ پەرەڭنى بۇ ۋىلايەتلەردە ھەم.
ھەق تائالا دەرگاھىدا جەڭ ئىبادەتدۇر ئۇلۇغ،
دىن تالاشىپ جەڭنى قىلماق ئامۇ خاسغە پەرز ھەم.
ئىككى ئوغۇلدىن كاتتاسىنى كاشغەر شەھرى قويۇپ،
بىرسىنى لەشكەر بىلە ئاقسۇدا تەييار قىلدى ھەم.
كىچە - كۈندۈز جەڭ ئىشىغە بەلنى مەھكەم باغلابان،
ھەر كۈنى تا سۈبھىدىن ئۆرگەتتى مەشنى شامغە ھەم.
سۈبھىدەم جۇنبۇشغە كەلدى مەشلەرنىڭ نەغمەدىن،
شادلىقدىن مەن يىتىم رەقسى سامانى قىلدىم ھەم.
ئەييۇھەنناس ياخشىلىقنى قىلدىلەر كۆپ سانى يوق،
تىل بىلە ئىيتىپ تۈگەنمەس ۋەسپى ھىچ بولماس ئەدەم.
قىلغان ئىشلار كۆپ ئاجايىپدۇر ساناپ بولماس ئۇنى،
ھەر نىچە سۆسە قەلەم قىلغان ئىشغە يوقتۇ دەم.
ھىچ شەك يوقتۇر بىدۆلەت دىننى ئاباد ئەيلەگەي،
شەرئىنى مەھكەم تۇتۇپ قازى رەئىسلار قويدى ھەم.
مۇستاپانىڭ شەرئىغە جانۇ دىلنى باغلابان،
ھىچ ئەرز شەرئىغە چۈشمەي سۆرمىدى دەۋانى ھەم.
سوراتىپ شەرئى بىلەن بول ئامۇ خاسلار ئەرزىنى،

مېھرىبانلىقلار بىلە ئازار دىللىق قىلماي ھەم.
شەرئىنى جارى قىلىپ قازى كالانلار ھەر شەھەر.
مۇستاپانىڭ روھى پاكى رازى بولسۇن ئاندىن ھەم.
ھەر شەھەردە قويدى ئىلغاپ داد خۋاھىدىن بەگلانى،
خىزمىتىغە يەتكۈرۈپ تىللا كۆمۈشلاردىن دەرەم.
ھەر شەھەرلارنىڭ مۇزاپاتى ئېزىدزلار قالمايىن،
ھەر بىرىنىڭ رەۋزەسىن خىش بىرلە تەھىر قىلدى ھەم.
ھەرشەھەر مەدرىسە، مەسجىد بىنالار قىلدۇرۇپ،
تا قىيامەت ئاتى قالغاي رۇزى مەھشەر كۈنغە ھەم.
بۇ ئاتى رۇزى قىيامەتكە ئۇنىڭدىن ئۆچمەگەي،
ئىككى ئالەمدە رەسۇلىللاھ شاپائەت ئەيلەگەيلەر باكەرەم.
يا ئىلاھى ئول ھەبىبىڭ ھۆرمىتى قىلما ئىتاب بۇ شاھغە،
رەھىم ئېتىپ قىلغىل دۇئاسى مۇستەجاب ۋەقتىدە ھەم.
پەزلى ئەپۇڭ ياد ئېتەردە سەن ئىجابەت ئەيلاگىل،
ئەپو ئىتىپ يازوقلارىنى بىھىسابى باكەرەم.
يەتمەگەي دۇشمەنلىرىدىن ھەرتەرەپ كۆپ بولسەلەر،
چۈن مەدەد قىلغىل ئەلىيۇلمۇر تازا رۇھىنى ھەم.
يا ئىلاھى قىلماغاي سەن ھىچ ئۇمىدىنى خاتا،
ھەم ھىساپىنى يەڭگىل ئەيلەپ ئاڭا قىلغىل كەرەم.
كۆڭلىدە ھەر مەخسىدى بولسا راۋا قىلغىل ئۇنى،
ئىككى ئالەم ۋەھشەتىدىن تارتماسۇن بىر زەررە غەم.

× ×

ئەرز ئول ئەردىكىم يو قەسىرى ئالى،
بۇ ھەرگىز بولماغاي يارەب زاۋالى.
بىنا ئىدۇركى شاھ بۇنياد قىلمىش،
زامانە قەسرىدىن ئاباد قىلمىش.

ئىمارەت سەئىدەكىم بولسا زەر پاش،
بىنائانىڭ ئېتى بىرلە بولۇر پاش.
بىناغا گەرچە ھەركىم بولسا ئاتى،
ئاتارلەر ئاتى ئىسمى بىرلە ئانى.

× ×

جەڭ ئىشنى نەزمە قىلدىم شاھنىڭ قىلغان ئىشىن،
كۆپ مەلامەت قىلماڭىزلار ئاسئى بولسامۇ ھەم.
ھەق تائالا يەتكۈرۈبدۇر ئاسى قۇلنىڭ دىلىغە،
ئېيتماغانغە چارە بولماي بىلمەي ئېيتتىم نەزمە ھەم.
ئېيتمادىم بۇ نەزمىلەرنى مالى دۇنيا ئىستابان،

www.uyghurkitap.com

ھەرىس دۇنيا ئىككى ئالەم تاپىماغاي مەقسەدنى ھەم.
نەپسى ئۇچۇن سودا قىلىپ ئۆزگە زىيانكار ئەيلەدىم،
قالماغايمەن دىنى دۇنياغە ساتىپ غەمگە بۇ دەم.
ئۆتكۈرۈپ ئۆمرۈم باھارى ئانچە گۇمراھلىق بىلە،
تاپمادىم ھېچ نەرسىنى تاپتىم پۇشايمانۇ نە دەم.
نەزمىلەرنى كۆرگەن ئادەملەر مەلامەت قىلماسۇن،
ھەم مەلامەت قىلسا قىلسۇن نىمە پەرۋايىم نە غەم.
ئى بۇرادەر ئوقىغىزلار مەقسەدىم ئولدۇر مېنىڭ،
تەۋپىق ئەيلەپ مەن يېتىمغە ھەم دۇئالەر قىلسا ھەم.
شايەد ئول قىلغان دۇئا بولسا ئىجابەت نى ئەجەپ،
نائۇمىد شەيتان ئېرۇر، مەن ئاسىئى بولسامۇ ھەم.
تەلىيىم ئولدۇر مېنىڭكى ئەزم ئېتايدەپ مەككەگە،
بۇ قارا يۈزۈمنى سۈرسەم كەئبەئىنى ساپاغە ھەم.
ئاندا بارىپ ئول مەدىنە سارىغە ئەزم ئەيلەسەم،
رەۋزەئى ھەزرەتقە يەتسەم جاننى قۇربان قىلسام ھەم.
كېچە-كۈندۈز قايغۇدىن كۆڭلۈم ئىچىدە قايغۇ ھەم،
جانىمە يەتمىش بۇ قايغۇدىن ئۆلۈمدىن قاتتىق ھەم.
قايغۇدىن مەنكىم ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىشىق ئوتىدا،
مەنكى ھالىم يىغلىسام ئەل ھالىمە كۈلگۈسى ھەم.
يا تۈشۈمگە كىرمايىن كىم ئۇيقۇ ھەرگىز كەلمايىن،
كۆزدىن ئانداقكىم ئۇچار كۆرمەككە ئانى ئۇيقۇ ھەم.
تەلمۈرۈپ يول ئەزم ئېتايدەپ بۇ كۆڭۈل ھەريان ئۇچار،
دەشتى سەھرانى كېزىپ ھەرگىز يېتەلمەس كۆڭلۈم ھەم.
نە ئىلاجدۇر ئى كۆڭۈل قىلساڭ تەپەككۇر يولغە ئەزم،
مەقسەدى ئەقساغە يەتسەك مەككەئى سارىغە ھەم.
ماڭا ئالەم زۇلمىدۇر كۆڭلۈمگە بەلكىم جانغە نىش،
نە قىلالغايمەن ئاڭا كىم زۇلمى ئېتار جانىمغە ھەم.
كۆر غېمىمنى ئەھلى دەۋران ئەشكىنىڭ كى سەيلىنى،
قەترەسى بەھر ئولدى ئەمدى ئۆرۈلۈپدۇر قانغا ھەم.
گاھى كۆڭلۈم ئۇچۇبان ئىزدەر رەسۇل تۇپراغىنى،
بۇ كۆڭۈلكىم يەتمادى مەقسەد سەرى كەئبەغە ھەم.
ھۆسنىغە ھەيرانىمەن كۆرمەككە ئانى تەلمۈرۈپ،
بىر كۆزۈمدىن ياش ئېقىبدۇر كۆر كۆزۈمدىن قان ھەم.
ئەل بۇزۇق كۆڭلۈم سورايدۇ بارمىدىڭ ئاستانەغە؟
ئانچە قىلغايسەن نەدەم بارماي ئۇلۇغ ئاستانغا ھەم.

قىلمىدى ھەرگىز گاداغە ياخشىلار سۇلتانى كىم،
يول خىيتى بەرمەك گاداغە ۋاجىپ ئول سۇلتانغە ھەم.
بىۋاپالىقدۇر گاداغە ئۆمىر ئىشىنىڭ پۇرسىتى،
بۇ غەنىمەتدۇر ھاياتلىق بىر نەپەسلىك ئوشبۇ دەم.
ئى غىرىبا مەغرۇر ئولما بۇ جاھاننىڭ ئىشىغە،
دەم غەنىمەت دەم غەنىمەت ئاقسۇ شەھرى بولساڭ ھەم.

× ×

ئەجەل پەيكى قاچانكىم يەتسە پىلھال،
بۇ جاننى بەردىسە تاپشۇرسام ئۇلھال.
مۇيەسسەر بولمادى ئۇشبۇ مۇرادىم،
ئۇنىڭكى يولغە تەلمۇر قارادىم.
جاھان خەلقى مېنىڭ ھالىمنى بىلمەس،
ئەگەر بىلسە بىلۇر ھالىمغە يەتمەس.
ئۇنىڭ دەردۇ پىراقى جاندىن ئۆتتى،
ۋەگەر ئول ئىشتىياقى جاننى ئىلتتى.
مېنىڭدە قالمادى ھىچ ئىختىيارى،
كۆڭۈل جاننى ئېلىبدۇر بۇ پىراقى.
نىتەي ئەمدى مۇسۇلمانلار مۇڭا مەن،
نە چارە ئەيلەيىن تەقدىر مۇڭا مەن.
ئەزەل پىشانىغە پۈتۈلگەن ئەرمىش،
غىرىپ ھىچ چارە تاپماي نالە قىلمىش.
پەلەكدە ئىئتىماد يوقتۇر جاھاندا،
ۋاپاسىزدۇر جاھانكىم قالدى مۇندا.
بۇ ئۆمرنى ئەرتەدىن ئاخشامغىچە بىل،
ۋەلى ئاندىن يېقىن كۆز يۇمغىچە بىل.
ھاياتلىق ئۆمرنى بىلگىل غەنىمەت،
بۇ پانى دەھرىدە نەچچە كۈن بولغىل سالامەت.
ئەپسانە قىلىپ ئەيلەسەڭ سۆزۈڭنى،
خاك بىرلە باراۋەر تۇت ئۆزۈڭنى.
يوقتۇر ساڭا ھەرگىز ئاندا گۇشە تۇتماق،
قۇللۇق ئەمەس كۆزدىن ياشنى قۇرۇتماق
قۇللۇقغە غىرىپ كۆڭۈلنى جۇست باغلا،
خىزمەتغە بىلىڭنى راست باغلا.
ئۆزى بىر تۈركى موللا مەئنى بىلمەس،
ئەرەپچە، پارسچە ھەرپنى بىلمەس.
بۇ تۈركى سۆزلۈرۈم كۆڭلۈمگە ياختى،
مۇنى ئاڭلار كىشىگە بولسا ياخشى.
ئۇلۇس ئەھلدە بولماس ھىچ ۋاپايى،
ۋاپا ئېتەر كىشى تاپقاي جاپايى.
جاھاننىڭ ئەھلدىن كۆپ زۇلم يەتكەي،
ئەگەر زولم يەتسە ئاندىن ئاڭا نەتكەي.
جاپا تەييار قىلىبدۇر ھەركىشىگە،
ئۈزۈلمەس رىشتەنى سالماق باشىغە.
ۋاپانىڭ رىشتەسى ئانداغ ئۈزۈلدى،
ئۇلاپ بولماس ئۇنى ئانداغ تۈرۈلدى.
كىشىنىڭ قەسدىدە يۈرگەي بىراۋكىم،
قاچان مەقسەتكە يەتكەي ئول ئىركىم.
كىشىگە ياخشىلىق سەرمايەدۇركىم،
كىشىگە بەدۋاپالىق ناردۇركىم.
كىشىگە ياخشىلىق يەتكەي بىراۋدىن،
ئاڭا بەرمىش خۇدا جەننەت ئۆيىدىن.
تەپەككۇر ئەيلەگىل ئى ئادەمى سەن،
ۋاپانىڭ رىشتەسىنى ئۈزماگىل سەن.
جاھانكىم بى باقادۇر ئادىمىغە،
قاچان بولغان باقا بىر ئادىمىغە.
ھاياتلىقنى غەنىمەت بىل بۇرادەر،
كى ئاخىر قىلغۇسى بىر كۈن سەراسەر.
پەلەكدىن كەلمىگەي ھەرگىز ۋاپالىق،
تۇرۇبدۇر ئاخىر ئول بىر-بىر جۇدالىق.
غىرىپلار ھالىغە كۆز بىر قىيا سال،
ئۇلار ھالىن بىلىپ سەن ئاڭا پال ئال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پانا يولىغا ئۇل سالغان ئۆزىنى،
لىباسىن كۆر ئۇنىڭ كەيگەن بوزىنى.
پەتىلە ساچلارى بويىنغا تۈشكەن،
پىتى سانسىز بولۇپ تۇپراققا تۈشكەن.
مۇنىڭدىن قىل ھەزەر ئەي ئادىمى سەن،
مۇنى ئاغرىتماغىل غەمگە قالۇرسەن.
پەلەك بىر ئاز ۋەپادۇر قارلاغىل سەن،
ئۇنىڭ ئوتراسىدا ئويناپ يۈرۈرسەن.
بىناگاھ سالغۇسىدۇر زەھرىنى ئۇل،
قاچان ئاندىن قۇتۇلغاي ئادەمى ئول.
قاچار يەرنىڭ قارارى بولماس ئاندا،
ئۇنىڭ قەسدى ئېرۇر بۇ تەندە جاندا.
دەھرى پانىدا غەمسىز كىشى يوق،
مونۇڭكى زەھرىدىن كىم قايغۇ ئارتوق.
مۇنۇڭ دەردى تامام دەردىن ياماندۇر،
ئەگەر دەردىنى تارتسا يۈز ساماندۇر.
غېرىپقا سالسا زەھرىنى نە بولغاي،
بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپ بۇ نامە قالغاي.
غېرىپنىڭ ئىشتىياقى كەئبە سارى،
نىيەت ئىقبالىدىن مەدىنە سارى.
ۋەگەر ئەزم ئەيلىسە يولدا دابانلار،
چىقىپ تۈشمەكلىكى ئاندىن يامانلار.
ئەگەر رەنج چەكمىسە مەخسەدگە يەتمەس،
ئۇ يولنى قەتئى قىلماي ئاڭا يەتمەس.
ۋەگەر يەتسە كىشى تاپار مۇرادىن،
مۇرادىن بەرگۈچى ئول خۇدادىن.
كىشى ئاندا بارىپ قىلسا تاۋاپى،
تىلەسە بەرگۈسىدۇر ھەر مۇرادى.

كىشى يولىدا ئۆلسە ئۆلدى دەرمۇ،
ساۋابى ھەر يىلى ئاڭا يېتار بۇ.
تورۇبدۇر بىر كۈنى ئۆلمەك كىشىگە،
بەسى مۇشكۇل بۇ يەر ئۆلمەك كىشىگە.
ئەگەر بەخت سائادەت ئاندا ئۆلسە،
ئەگەر دەشت ئىچرە ئانى يەرگە كۆمسە.
تامامى ھاجىلار گەر ئاندا يەتسە،
مۇرادىغا يېتىپ گەر ئاندا ئۆلسە.
خۇدا جەننەت ئاتا قىلمىش ئۇلارغە،
مۇئەللا دالەھەد قازار بۇلارغە.
خۇدانىڭ رەھمىتىگە كىم ئۇلانغاي،
تامامى ئەنبىيالار ئاندا بولغاي.
شاپائەت قىلغۇسىكىم روزى مەھشەر،
مۇيەسسەر بولسا ئاندا تاڭلا مەھشەر.
يىغلىغاي ئۇ كۈنى كىم ھەممە زىجان،
ھىسابىنى ئالۇرلار ئادەم ئىنسان.
ۋە يا بازار بولغاي ھەممە بىھوش،
كىشى ئۆز سوداسىدىن بەلكى مەدھۇش.
خەرىدنىڭ نەرخى ئاندا ئاتچە ئەرزان،
تاپالماس ھەر كىشى نەرخىغە ھايان.
ۋە بەزى سودىگەر مەتاسى كۆبدۇر،
بىرىغە ئون تاپقاي رەنجى يوقدۇر.
بىرۇر نىئمەت ئاڭا كۆپ سانى بولماس،
زىيان تاتقان كىشىنىڭ سۇدى بولماس.
غېرىپ بازارغا بارساڭ خەرىد ئېلىپ بار،
خەرىدلىك بولماسا رەنجۇ ئەلەم بار.
بۇ پانى دۇنيادا بۇغداي تارىغىل،
ۋەگەر ئاندا بارىپ سەن خانى ئۇرماغىل.

ئەزىمەت قىلغۇمىز مەككە سەرىغە پى ئامانىللاھ،
كۆرەرگە ئىنتىزار ئەيلەپ رەسۇلۇم كىم جامالۇللاھ.
بارغالى ئەزم قىلۇرلار بۇ ھاياتىم دەمبەدەم،
ئى پەلەك يەتكۇر مېنى مەككە سەرى قوياي قەدەم.
كۆكلۈم ئېيتور بارغىل ئاندا بول ئاڭا پەيۋەند ئۇچۇن،
كۆز قاراسى سۇر ئاڭا باشىڭنى قوي ئاندا بەقەم.
باشىدا ئەيتىنىڭ ئۇل رەسۇلۇم زەۋقىدىن كىم شەرھىنى،

يازار ئەردىك باشدا ئوردىك بار ئۆچۈن دەردىك قەلەم.
يارنىك رەۋزىغە ھەردەم ساغىنىپ سەن بار ئاگا،
غەيرىنى كۆگلۈك چىقارغىل كىم كۆرۈنگەي يېشىل ئەلەم.
ئى كۆكۈل ھەر يەردە بولساك سەن ئاگا شۇپتەسەن،
سەن تەئەممۇل ئەيلەگىل باردۇر بۇ مەقسۇدۇك ئەدەم.
روھۇك ئۇچار رەۋزەغە يەتمەي ساگا ھىجران ئوتى،
ئاھە ئەگەر نابۇد قىلغاي ھىجرى ئوتى جانىگنى ھەم.
ئىشق ھىجران ئوتىدىن ھەر زامان سەن ۋەھمە قىل،
كىم ئۆچۈرسە شەمئىنى ئوتىنى يورۇتۇر ئوشبۇ دەم.
ئىشق ئىلە بولدوم يەنە سەۋدا مىزاج ئەپسانىغە،
شۇكرى لىللاھ رەسۇلۇللاھغا ئاشقلىق مەنۇ دىۋانە ھەم.
تا ئۇنۇتماي ئاشنالىق دەھرىدە يىغلاپ يۈرۈپ،
ئامۇ خاس يىغلار مېنىك ھالىم كۆرۈپ بىگانە ھەم.
غەم تۈنىدىن ئاھۇ ئەشكىمدىن مىنىك شەمئىم ئۆچۈپ،
باشىمە قاتتى مېنىگكى بۇ بۇزۇق ۋەيراندا ھەم -
ئى رەسۇلۇم بۇ بۇزۇق كۆگلۈمگە زەررە مېھرى سال،
بۇ بۇزۇق كۆگلۈم ئۆيىدىن ياخشىراق ۋەيرانە ھەم.
ئى رەسۇلۇم ئىشتىياقىگدا مىنى كۆيدۈرماگىل،
ئول يورۇماس شەمئى ئەگەرچە ئۆرتانۇر پەرۋانە ھەم.
ھىچ ماجالىم قالمادى جامى ئەجەل يەتتى ماگا،
كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ دەپ ئىچىدىگە تۈشتى نەچچە غەم.
ھەر كېچە تاك ئاتقىچە پىكرىم مېنىك زىكرىك بىلە،
دامىگە تۈشتى كۆكۈل ئاقتى كۆز ياش دانە ھەم.
چەرخدىن ھەرگىز ئەمەسدۇر بو مېنىگكى كۆيماكىم،
تا ئەزەلدىن كۆيمەگىمگە تەقدىر ئول بولغاي قەلەم.
قېرىغاندا ئىشقدىن بولدى مىنىك سىنەمكى چاك،
چاك بولماغلىق سېنىككى ھىجىر تىغىگدىن چاك ھەم.
قان ئېرۇر ھىجران ئوتى غەم تىغىدىن كۆكسۈم مېنىك،
تەگماكو چاك ئەيلاگانگە مۇپتالادور قېرى ھەم.
ھەرزامان كۆزدىن يېشىم تۆرماي مېنىك ھالىم خاراپ،
يا رەسۇلۇللاھ شاپائەت قىل ماگا قىلغىل كەرەم.
نە ئىلاج ئەيلەي قېرى يەتمەك ۋىسالىگغە سېنىك،
باردى كۆزدىن چۈن بېغىردىن قان بولۇپ كۆز سارى ھەم.
بارسام ئاندا ئىتلىرىگغا تۆئمە بولسام مەن يېتىم،
تۈش - تۈشدىن تىرمالاپ كىم تۆئمە قىلسا رازى ھەم.

www.uyghurkitap.com



بەسكى شەۋقى غالىپ ئۇلدى تەلبە قىلدى ئۇل مېنى،
يوقتۇرۇر ئارام ماڭا تۈن ـ كۈن خىيالىم ئاندا ھەم.
ئى مۇسۇلمانلار كۆرۈڭلار بۇ مېنىڭ ھالىم خاراپ،
نەيلايىن بىر رەھىم قىلماس مەن يېتىمغە يارى ھەم.
رەھىم ئېتارلار تەلبە كۆڭلۈمنى كۆرۈپ ئەھلى زامان،
نە كۆڭۈل بولغايكى كەلمەس رەھمەسى ئۇليار ھەم.
گەر جاپا باردۇر ماڭا يوقدۇر ئۇنىڭ بىر رەھمەسى.
ئۇل خۇدايىم بەرمىسە تەۋپىق بىلە رەھمىنى ھەم.
بىۋاپالىق ئانچە باردۇر قىلمادى ھەرگىز ۋاپا،
يوقكى بەلكى ھىچ ۋاپا مەن بىر قىزغە رەھمى ھەم.
كۆرگىلى مەدىنە سارى كۆڭلۈم ئۇچار ھەر تەرەپ،
ئۇشبۇ سۆزۈم راستلىقىغە تەڭرى ئېرۇر ئاگاھ ھەم.
بۇ چىمەندە ئۆمرىغە يوقتۇر ۋاپا تاك كۆرمىگىل،
بولسا يۈزمىڭ سەرۋىلار ئاخىر بۇلۇر ۋەيرانە ھەم.
قالىپمەن غەم يۈكى بىرلەن ۋىلايەت ئاقسۇ شەھرىدە،
بۇ تەبرانماك ماڭا يوق بارماقىمغە ئىمكانىم ھەم.
پەلەكدىن بولمادى مەككە سەرى ئەزىم ئەيلەمەك ماڭا،
ۋەلى مەزلۇم كىشىدەك ھىممىتى يوقتۇر مونۇڭ بىر ھەم.
تا يولۇقتى قىزغاندا كەئبەنىڭ ئىشق ئوتىغە،
مېنىڭ بۇ تەنھالىغىمدا كۆيدۈرۈپ جانىمنى ھەم.
ۋەسلىگە يەتسەم بەھەمدۇللاھ زايە ئۇلماغاي،
بەلكى تەگرىدىن بۇلەك يوقتور كىشىم يەتكۈرسە ئاندا بار ھەم.
قانى ئۇلكىم كۆزلۈرۈم كۆرگەي ئىدى ئۇل كەئبەنى،
كۆزلارىم سۈرۈتسەم بولۇر جانىم پىدا قۇربان ھەم.
ۋەئدە قىلدىم كەئبەغە بارماقىغا بەلنى باغلابان،
ئاقىبەت يەتكۈرسە ئاندا يوقتۇرۇر بىر زەررە غەم.
ھاجىلەر گەر ئاندا بارسا ئىككى ئالەم مىھنەتىن تاپتى خالاس،
تاڭلا مەھشەر كۈنلىرىدە كۆرمىگەي ئازار ھەم.
مۇستاپا قىلغاي شاپائەت ئۈممەتىدىن ھاجىغە،
راست دىل بىرلە تاۋاپ قىلسا قىلۇرلار خەيرى ھەم.
يا رەسۇلۇللاھ ھەممە ئۈممەتنى يەتكۈر رەۋزەغە،
قويماغىل بۇ ۋادى ئىچرە ئۈممەتىڭنى بۆ نەجەم.
قىلماغاي ئاشىق گۇمان ئىشق ئوتىنى پىنھان تۇتۇپ،
ئىشقى تابى سوزىشى دىل بىرلە بولسا كۆزدە نەم.
بولماسا ئىشق ئوتى بولماس كۆز سارايى ئىچرە ياش،

بولماغاي بىغابى كۆزلەر زاھىر ئولماي بۇ ئەلەم.
بەس نىچۇك ئىنكار ئېتارمەن ئىشقىمە شاھىد ئېرۇر،
كۆزدە ياشىم چەھرە زەردىم ئىشقىنىڭ بىمارى ھەم.
ئىشق سابىت قىلدى قان ياشىم سېرىغ چەھردىنى كىم،
چۇن باھار شاخ ئۇستىدە ئال سېرىغ قىلغاي ئەلەم.
چۇن باھارى دىلبىرىم يەتكەچ مېنى بىخاب ئېتىپ،
ئىشق ئىبەردى خۇشلىغۇمنى يەتكۇرۇپ رەنجۇ ئەلەم.
ئىكى ئىشقىمدا مەلامەت قىلغاسەن مەئزۇر تۇت،
گەر ساڭا ئىنساپ ئىسە قىلما مەلامەتدىن ئەلەم.
ئۆتتى ھالىم ساڭا كىم پۇشدە سىرىم قالمادى،
بىلدى دۇشمەنلەر بۇ دۆرەم زايىل ئولماي بىش كەم.
كۆپ نەسھەت قىلدىڭ ئەمما مەن قۇلاقغا ئالمادىم،
ساغرىغۇ ئاشىق مەلامەتدىن نەپەر ۋايى نەغەم.
ھەر پەند ئەتتى ماڭا قىلدىم گۇمان بەد خۋاھدۇر،
پىر - پەنددۇر يىراق تۆھمەتدىن ئەسلا قىلما ۋەھم.
نەپسى ئەمما يامانلىقدىن قىلىپ دىنىم خاراپ،
پەند ئىشىتتۇرماي جاھالەتدىن قېرىغان چاغدا ھەم.
ياخشى ئىش قىلدۇرمىدى مېنىبان ئۇچۇن نەپسى ئەمىر،
شەرمە تۇتماي يەتكۇرۇپ باشىمغە مۇنچە دەردۇ غەم.

× ×

يەتسە ھەركىمگە دەرد غاپىل بۇلۇر،
يەتسە دەرد ھەق راھىتى ھاسىل بۇلۇر.
دەرد ئولكىم تاپمىغاي ھەرگىز دەۋا،
تۈنۈ كۈن بۇلبۇل كەبى قىلغاي ناۋا.
بىدەۋا دەرد تەڭرىدىن رەھمەت تۇرۇر،
ئول كىشىگە تەڭرىدىن قۇربەت تۇرۇر.
يەتمىسە ھەر كىمگە دەرد بولماس يېقىن،
ھەر كىشىدە دەرد يوق بولماس ئىمىن.
ئى غېرىپ دەردىڭنى ئىزھار ئەيلىمە،
دەردى يوقنى بۇ جاھان ئادەم دىمە.
بولماسا ئى قېرى كۆڭلۈڭ ئىشق ئارا،
سۇد قىلماس خەير ئېھسانىڭ ساڭا.
نەپسىنىڭ سۆزىگە كىرمە ئى قېرى،
پاندۇر ئالەم ۋەلى باقى نېرى.

www.uyghurkitap.com



ئىز دېگىلىكىم ئۇل رەسۇلۇم يولىنى،
ئۇممەتىمنىڭ غېمىدا ئۆتكەن رەسۇلۇللاھ قېنى.
ئىزدىگىل تا ئۆلگىچە خوجاڭنى سەن،
ئەيلىگىل جانىنى پىدا ھەزرەتغە سەن.
دەرد ئەلەم كەلسە بالاغە سەبىر قىل،
يولنى تاڭلا قىيامەت تۆھپە قىل.
دەرد ئەلەمگە ئى غېرىپ سەبىر ئەيلىگىل،
دەرد ئەلەم كەلسە ئاڭا شۈكرى ئەيلىگىل.

× ×

بىلسەم ئەردىم مەكرىنى قىلماس ئىدىم تەنزىمىنى،
ياشۇرۇپ سىررىمنى ئاندىن زاھىر ئولغانلارنى ھەم.
كىمدۇرۇر كىم نەپسى سەركەشنى بۇ يولغە كەلتۈرۈر،
ئەسپى سەركەشنى جىلاۋداپ بۇ يولغا كەلتۈرگەندەك ھەم.
نەپسى سەركەشنىڭ شىكەستىنى گۇناھىدىن ئىستىسە،
چۈن تائامىكىم قىلۇر شەھۋەتنى زايىد دەمبەدەم.
نەفس تىپىلدۇركى مۇھلەت بەرسە دايىم سۈت ئىمار،
مەئنى قىلغان بىرلە سۈت ئەممەكنى قىلماس ھىچ كەمەم.
ئىلتىجا قىلسە ھەبىبۇللاھ شاپائەت قىلغۇسى،
ھەر غېمى دىشۋارلىق پىش ئۆلسە ھەر رەنجۇ ئەلەم.
ھەق سەرىپا ئىندىدى ھەركىم ئاڭا ئۇردى ئىلىك.
رىشتىئى مەھكەمنى تۇتتى يوق ئۈزۈلىبەگىلىككە غەم.
ئول رەسۇلكىم سۈرەتى مەئنىدە بولدى بەركامال،
ئىلغاپ ھەق مەھبۇپ ئېتىپ خەلق ئىچرە قىلدى مۇھتەرەم.
ئول مۇنەززەھدۇر شېرىكدىن بارچە خوبلۇغ ئىچرەكىم،
جەۋھەرى ھۆسنى مۇھەممەد بولدى قىسمەتدە بەھەم.
ھەر پەيغەمبەر كۆرساتىبدۇر ئۇممەتىگە مۆئجىزە،
مۇستاپانىڭ نۇرىدىن بولغاچ نەبىلارغە بەھەم.
گۇئىيا ئەردى جالالەتدە بىگانە ئول نەبى،
باقسەلەر دۈشمەن كۆرانىر ئەردى ئاڭا خەيلى ھەشەم.
يارەسۇلۇللاھ تىلەرمەن زاتى پاكىڭدىن مەدەد،
ئىككى ئالەمدە شەپىئ ئولغاچ ماڭا قىلغىل مەدەد.
يا ئىلاھى زاتى پاكىڭ ھەم سىپاتىڭدۇر رەپىئ،
ئىككى ئالەمدە رەسۇلۇڭنى ماڭا قىلغىل شەپىئ.
تا ھايات ئەردىم ۋۇجۇدۇمدا ئەدەدسىزدۇر خاتا،

رەھمىتىڭ يار ئەيلابان ئەپۋىڭ بىلە قىلغىل مەدەد.
جۇرم ئىيسان لايىغا پاتتىم نە ئىمكان چىقماقىم،
لوتپۇڭ ئىلكى قولدا بان تەۋپىق ئىلە قىلماي مەدەد.
دەۋلىتىڭىم نالە قىلغىل ئەرتە ئاخشام تىنمايىن،
كۆزلىرىڭنىڭ ئەشكى قان بولسۇن ساۋابى بىئەدەد.
قويماغىل يادى خۇدانى ھەرنەپەسدە دەمبە دەم،
ۋىردە قىلغىل ئوقۇغىل قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد.
ئۆتكارىپ ئۆمرى باھارىڭ نەچچە ۋەقت ئىيسان ئارا،
مىڭ پۇشايمان مىڭ نادامەت قىبرىغاندا سانسىز ھەد.

× ×

يا ئىلاھى ئول ھەبىبىڭ ھۆرمىتى قىلما ئىتاب،
رەھىم ئېتىپ مەن بەندەگە قىلغىل دۇئايىم مۇستجاب.
كۆھى ئىيسان ئاستىدا قالدىم نە ئىمكان چىقماقىم،
پەزلى ئەفۋىڭ يارئېتىپ ئاندىن چىقار بى ئىزتىراب.
قىبرىغاندا ياخشىلىقدىن قوللارىمدا يوق مېنىڭ،
ئەفۋە ئېتىپ يازۇقىلار رەھىم ئەيلەگەيسەن بىھىساب.
لۇتپى قىل بەندەڭگە ئىككى ئالەم ئىچرە بەر مۇراد،
ھەر تەلەبكىم قىلسا ھەر خەۋپ ئىچرە قىلما يا ۋەھھاب.
مەقسىدى ئولدۇر بۇ بەندەڭنىڭ ئۇلانسا كەئبەغە،
قويماغىل نەۋمىد يەتكۈرمەككە چۈن ئىزتىراب.
بۇ كۆڭۈل ئارامى يوقتۇر كېچەلەر يا كۈندۈزى،
ئەزم ئېتارگە يوللارىدا دەشتى سەھراغا قاراب.
يا ئىلاھى قىلماغايسەن ھىچ ئۈمىدىمنى خاتا،
ھەم ھىسابىم يەڭگىل ئەيلەپ قىلغىل گۇناھىم بىھىساب.
كېچەلەر تاڭ ئاتقۇچە كۆزلاردىن ئۇيقۇلار قاچىپ،
كۆكدەكى ئەنجۇملانى تاڭ ئاتقۇچە بىر - بىر ساناب.
ھىجىر ئوتىدىن تۈشتى جانىمغا تاماشالار بىر ئوت،
كۆيدۈرۈپ مەن خەستىنى قىلدى بېغىر بىرلە كاباب.
ئىشق تىغىنى كۆرۈڭ سىنەمنى قىلدى چاك - چاك،
ھىجىر تىغىدىن بەدەننى قىلدىكىم يۈزمىڭ چاناب.
بۇ كۆڭۈل ھەيران بولۇپ مەككە سەرى پەرسىز ئۇچار،
بارغالى پەرسىز بارالماي بازمايىن يولدا تىناب.
يا رەسۇلىللاھ غېرىپ ھەيرانۇ زارۇ تەلمۈرۈپ،

www.uyghurkitap.com



بوُ كوٚڭوٚل ئارامى يوقكىم دەمبەدەم سىڭنى ئوناب.
يا رەسولىللاھ بوُ ئاسى ئوٚممىتىڭ،
قىلماغىل دەرىخ ماڭا شاپائەتىڭ.
تەلموٚروٚپ يولوُڭغا مەن ھەيرانوٚ زار،
بى ۋەتەن بولدوُم جاھاندا خۋاروُ زار.
يەتمەدىم مەقسوُدىمە مەن ئاسى قوُل،
ئول موُيەسسەر بولماغاچ مەدىنە يول.

× ×

مەقسوُد چوُ شاھدىن ئىنايەت بولدى ماڭا،
ئوُقباساردىن ھەرنە زادراھ ئولسە ماڭا.
مەجموئىنى قىلدىم ئونىڭ ئالىندا نىسار،
بوُ ھوٚججەتلەر ئوٚچوٚن تەڭرىم گوُۋاھ ئولدى ماڭا.
ھەرنىكى دىدىم شاھدىن دىلىمغە يەتكوٚروٚپ،
بولدى ئىنايەت بوُ سوٚزلەردە ماڭا.
ھەقدىن يەتمىسە ئەقىل لال تىل گوُڭكى ئىروُر.
شوٚكرىكى بوُ سوٚزلەر ئەزلى پىشانە ماڭا.
تەقدىرنى تەدبىر بىلە ئەقىل بىلەن بوُزغالى بولماس.
ئەگەر خىزرى مىڭ يىل قىلسە نازارە ماڭا.
ئەگەر ئەزم قىلسام كەئبە بىرلە مەدىنە سەرى،
ئوُ يول دەشت كوٚھى ئىروُر بىر بوستان ماڭا.
ئەگەر زار راھ كەملىكدىن غىرىپ غەم يىمە،
ئىشتىياق يوٚكىدىن بولوُر زار راھ ساڭا.
بوزار راھ يوقلىغىدىن غەم يىمەگىل كىم،
يەردە رىزق بەرگوٚچى ھەم ئوُ يولدا بىروُر ماڭا.

× ×

قىلسا ھەركىم تاڭلاقى رىزقىن خىيال،
ئوٚروُگەي ئاندىن يوٚزىنى زوُلجالال.
يەتتە قات يەر ئىچرە بولسا ماروُ موُر،
رىزقىنى كىم زوُلجالالىڭ يەتكوٚروٚر.
بارچەغە ئول پادىشا ئالەم پانا،
ھەرنەپەس ئايغىل ئاڭا يوٚزمىڭ سانا.

ئى غىرىپ شەھ ئەمرىغە بول موٚنتەزىر،
كوٚر ئوٚزوٚڭنى بارچە مەخلوُقدىن ھىقىر.
ئوٚمر ئوٚتەر گوُيا بىر سەر ـ سەر كەبى،
تىتراشور بوُ جىسمىم ئول ئەر ـ ئەر كەبى.
ھەركىشكىم بولسا گەر سەھتى بەدەن،
ئوٚمرى ئانىڭ گوُئيا باغى چىمەن.

× ×

يەتتى گۇيا پىرلىق بولدۇك كامان،
تىغ ئۇرغاي بۇ بەدەنگە باغبان.
بولسا باغ ئىچرە دەرەختى بى سەمەر،
باغبان قىلغاي ئۇنى زىرۇ زەبەر.
ئۆتكارۇرسەن ئۆمر دايىم بى ئەمەل،
بىخەبەر يەتكەي ساڭا بىر كۈن ئەجەل.
ئى غېرىپ سەن سۆزلەمە بىمەئنى سۆز،
پەھىە قىل ئۆزۈڭدە قالغان يەككە كۆز.
سود قىلماس ئەتلەسۇ كىمخابلارىڭ،
ئىستەگىل مەقسەد تاۋاپىڭ يوللارىڭ.

× ×

مېنى كىم بۇ سۆزدە نىزار ئەيلەدى،
ھەۋەس ئىلكىدە بىقارار ئەيلەدى.
نە ئىمكانكى تاپماي قارا رۇسۇكۇن،
بىراۋ كىم پىكىر ئەتكەي ئانى زەبۇن.
ئۇرارمەن قەدەم تاكى بارغۇنچە گام،
كى بولغاي مۇيەسسەر ماڭا ئۇشبۇ كام.
ئەگەر بولسا بۇ يولدا ئۆمرۇم تەلەب،
چۇ بۇ يولدادۇر ئول ھەم ئىرۇر شەرەپ.
ۋەگەر بولسام ئاندىن ھەمە بەھرىمەند،
زوھى ئىككى ئالەم مېنىڭ بەختىم بەلەند.

مۇيەسسەر بولماسا ماڭا ئىككى مۇراد،
نە قىلغاي قىيامەت كۈنى، يۈزى قارادىن ئۇيات.

× ×

تەڭرى تائالادىن ئۈمىد ئەيلەب،
شاھ جانابىغە ئىلتىجا ئەيلەب.
باز ھۆكمى ئاراسى بىلە قەلەم چەكتىم،
يەنە سەپھە يۈزىگە رەقەم چەكتىم.

× ×

«رەنج كۆرمەي كىشى تاپارمۇ پاراغ،
كۆڭۈل ئۆرتانمايىن يارۇرمۇ چىراغ.
تۇخىم يەرگە كىرىپ سىچەك بولدى،
قۇرۇت جانىدىن كېچىپ ئىپەك بولدى.
لالە تۇخىمچە غەيرىتىڭ يوقمۇ.
پىلە قۇرۇتچە ھىممىتىڭ يوقمۇ.
ئەيلەسەڭ مەم شۇرۇئ جان چەكسەڭ،
رەقەم سۇرۇپ يۈز پىيالە قان يۇتساڭ»
ئەرزىمەس ئاڭا بۇ بىر جان پىدا،
كەمىڭ جان بولسا ئاڭا قىلغىل ئادا.

× ×

كۆڭلۈمدە بۇ كەئبە سەرى كەتكەيمەن،
پىكرىدە بۇكىم بارچەنى تەرك ئەتكەيمەن
ئۆمرۈم تۈگانۇرغە يېتىشىبدۇر يارەب،
ئول مەنزىل مەقسۇدىغە ھەم يەتكەيمەن.

× ×

بۇ كەئبە زەۋق-شەۋقىغە مۇپتالا بولدۇم،
كېچە-كۈندۈز پىراقىدا ئەجەپ بىر بىناۋا بولدۇم.
رەسۇلۇم ئارزۇسىغە ھەر كۈنى يۈز مىڭ خىيال ئەيلەپ،
تامام ئەتسەم بۇ ئۆمرۈمنى ئەرەب ئىچرە گادا ئەيلەپ.
كۆرەرگە ئىنتىزار ئەيلەپ يۈرۈر ئىنتىزار بولدۇم،
ئەجەل پەيكى قاچان يەتسە مۇرادىمغە يېتەر بولدۇم.
مېنىڭ بەختىم قارالىقدىن مۇيەسسەر بولمايىن ھەرگىز،
ئەگەر بولسا مۇيەسسەر ھەم غېرىبۇ شادىمان بولدۇم.

www.uyghurkitap.com



تۇرارغا تاقىتىم يوقتۇر ئەجەم ئىچرە بولۇپ ساكىن،
ئەجەم ئىچرە ئۆلۈپ كەتسەم مۇرادىم ناتامام بولدۇم.
كىشىنىڭ بەختى يار ئۇلسە باھانە بىرلە ئول يەتكەي،
مېنىڭ نامىم قارالىقدىن بارالماي، بى ۋەتەن بولدۇم.
پېشانەمگە پۈتۈلگەندۇر مېنىڭ نامىم قارالىقدىن
ئەزەل تەقدىرىدىن بولسا غېرىبۇ نائۇمىد بولدۇم.
قىيامەت ھەشراگاھىدا قىلاي دادىمنى ئاللاھغە،
غېرىبنى قىلماسا نەۋمىد ئەرزىمگە رىزا بولدۇم.

× ×

ئەگەر جاندىن كېچىپ جانانەغە قىلساڭ پىدا جاننى،
ۋەگەر كەچمەي بۇ جاندىن كىم قاچان يەتكەي ۋىسالىغە.
ئەگەر رەنج چەكمەيىن كىم قولغا كەلمەس ھەرنە مەقسۇدى،
دىلى كۆيمەي كۆز ياش بولمايىن يەتمەس ۋىسالىغە.
قەدەم رەنج چەكمەگۈنچە يارنىڭ ۋەسلىن تاپالماسسەن،
ئەجەب پەرۋانىغە باقغىل كۆيۈپ شەمئى ئوتىدا يەتتى ۋىسالىغە.

× ×

مۇبارەك سەپەر مېنى ئىنتىزار ئەيلەدى.
ھەۋەس ئىلكىدە مېنى بىقارار ئەيلەدى.
بۇ مەقسۇد ئىشكى ھەلغە قولۇمنى سۇنۇپ،
يېتەرگە يېتەلمەي غېرىبنى ئىنتىزار ئەيلەدى.

× ×

يىغلاغىل، يىغلاغىل كۆزدىن ياشىڭ كەم بولماسۇن،
دىللارىڭ نالىش قىلۇردىن بىر زامان توختاماسۇن.

غەم بىلە تۇتقىل كۆڭۈلنى ھىچ زامان شاد ئولماسۇن،
كۆز يېشىڭنىڭ يامغۇرنى جارى قىل توختاماسۇن.

ئىزدىسەڭ ئاندىن تاپارسەن كىم ۋاپالىقنى غېرىب،
ئاشنالىق قىلمە ئادەم خەلق بىرلە ئول سېنى يەتكۈرمىسۇن.

ماسىۋەللاھدىن ئۈزۈلسە يەتكۈسى مەقسۇدىغە،
سەن ئۈزەلمەي مەقسۇدىڭ ئەجەم ئارا قالماسۇن.

× ×

كىمكى ئاشىقدۇر ئۆزىن ۋەيران قىلۇر،
ئەھلى ئىشق جانىنى قۇربان قىلۇر.
ئۆزىنى مەھۋە ئەتكەن پاناھى ئىشقدۇر،
دۇنيا تەرك ئەتكەن گۇۋاھى ئىشقدۇر.
ئۆز دىيارىنى ئۆزى تاراج ئېتەر،
مالۇ ئەھۋالىن ئۇنىڭ تاراج ئېتەر.
ئىشق بىر دەستمايەدۇر بۇ دۇنيادا،
ئىشقى بازى قىل غېرىپ بۇ پانىدا.
قىلما تەسدىق قۇش كەبى ئۇچقان بىلەن،
خەس كەبى دىياردىن ھەم كەچكەن بىلەن.
ئەقلى بولسا تۈنۈ كۈن پەرياد ئېتەر،
ئەھلى نادانلار قاچان ئىشق مەيىنى نۆش ئېتەر.
ئى غېرىپ پەند ئەتمە نادان كۆرغە،
ساچماس ھىچ دىخان ئۇرۇقنى شورغە.
ئىشقى يوق نادانغە ئاغزىڭ ئاچماغىل،
توخىلار ئالدىغا مارجان ساچماغىن.
كىمكى نادانغە نەسھەتنى قىلۇر،
كىمەنى قۇم ئۆزرە سۆرگەندەك بولۇر.
جىنىنىيۇ دىۋانەۋۇ نادانغا پەند،
بەرمەمىشدۇر گۇئيا ئېشەككە قەند.
بەرمەگىل نادانغا ئاشقلار سەبەق،
خاتىرىڭ بولغاي مەلۇلۇ ھەم ۋەرەق.
بىلمەگەي نادان نەسھەت قەدرىنى،
بىلمەگەي كۆزسىز چىراغىنىڭ قەدرىنى.
كىمكى نادان بىخەبەر ئۆمر ئوتكارۇر،
مەئسىيەت چاھىغە ئۆزنى يەتكۈرۈر.
ئىشقى يوقلارغا خۇدا قىلماس نەزەر.
ئىشقى يوقلاردىن داۋام قىلغىل ھەزەر.
ھىچ ئاشىق ئىمتىھانسىز بولماغاي،
جانىغە چەندان بالانى ئىستەگەي.
سەن خۇدانى باغ ئىچرە ئىستىمە،
جان چېكىپ ھەم تاغ ئىچرە ئىستىمە.
ئاشىقا تۈن كۈندە بىئارام بول،
ئاقىبەت تاپقايسە مەقسەد سارى بول.

ئى غېرىپ ئۆتكەرمە ئۆمرۈڭ بىخەبەر،
ئاھ بىرلە ناله قىل شامۇ سەھەر.

× ×

ئى خۇدايا ئول نىجاسەت قەترەمەن،
لۇتپىسىز قايدىن بۇلاي شاپەستەمەن.
باردۇرۇر كۆڭلۈم ئارا يۈزمىڭ غۇبار،
مەن نىچۈك لايىق ساڭا ئى كىردىگار.
سەن ئەگەر رەھمە ئېتمىساڭ ئى زاتى پاك،
مەن نىچۈك خۇشنۇد بۇلاي بىر مۇشت خاك.
ۋۇجۇدۇمنى تۈزەتتى ئابى مەنىدىن،
چىقارىپ ئاغزى بەك سۇلاغ كۈچكىدىن.
چىقارىپ ئەقلۇ ھۇش بەردى بىزگە،
كى ئاخىر ياندۇرۇبدۇر ئۆز تەرەپكە.
لەھەد ئىچرە مۇساپىر بولماقى ھەق،
غېرىبۇ ئاجىزۇ ئەلبەتتە مۇتلەق.
كۆرەر گۆردە تېخى ھەرنەچچە ئىشنى،
تاپالماس گۆردىن ھەم ئايدىن چىقىشنى.
خۇداغا بەندە بولساڭ تائەتى قىل،
ۋۇجۇدۇڭنى تۈنۈپ كۆپ بەندەلىك قىل.
قېرىغان چاغىدا شەرمەندە بولما،
بۇ پانى ئالەم ئىچرە شاد بولما.
ۋۇجۇدۇڭنى تۈزەتتى ئابى مەندىن،
سېنى قىلدى مۇھەممەد ئۈممەتىدىن.
مۇڭا شۈكىر ئەيلەگىل غېرىپ مۇساپىر،
ئەگەر شۈكرى ئەتمىسەڭ تاڭلا سەراسەر.
پىرىپتە بولماغىل دۇنيا مالىغە،
كۈمۈشۇ، ئالتۇن يەنە پەرزەندلارىڭغە.
زەنۇ پەرزەندلارىڭ جانىغە جاپادۇر،
بولۇر ئات، كالا ھەم ئاندىن جازادۇر.
ۋاپاسى يوق بۇ دۇنيا ھەممە ئىشىنىڭ،
جاپاسى كۆبدىن ئارتۇق يازۇ قىشىنىڭ.
قەلەم سۇرمە بۇكاج رەپتارلاردىن،
تۈگەپ بولماس پەلەك خۇنخۋارلاردىن.
سېنىڭ بىرلە يۈرۈرلار ئىككى قات بۆز،

پۇشايماندىن بىرلەك يوقتۇر يانا سۆز.
ئىشى قىل مەككەگە ئەزم ئەيلەگىل سەن،
نادامەت ھەسرەت ئەيلەب يۇرماگىل سەن.
ئەگەر ئىماندا ئۆلسەڭ خوپ بەلەندراق،
ئەگەر بولساڭ جۇدا مۇندىن يامانراق.
كۆيۈپ ئىشق ئوتىدا پەرۋانە بولغىل،
مەدىنە زەۋقىدا دىۋانە بولغىل.
ھاياتىڭنى غەنىمەت بىل جاھاندا،
ئەگەر ئۆمر ئۆتسە ئاخىر ئۆمر قايدا.
غەرىبى يىغلاغىل شامۇ سەھەردە،
نىچۇك تاقەت قىلاي ئۇشبۇ مەھەلدە.

× ×

سۆزۈمنى يا ئىشتمادى يۈزۈمنى چۇركادى ئاھىم،
بۇ ۋەجھىدىن بولدى يۈزۈم سياھىم.
پىراق ئوقىدىن بولدى تۆشۈك-تۆشۈك باغرىم،
ئىشتىياق ئوقىدىن بولدى جاراھەت يۈرەكىم.
غەمدە تۇرلۇك-تۇرلۇك بالاغە ئۇچراپمەن،
بۇ ھەر بىرسى كۆيدۇرۇپ تامام شۇڭا كىم.
تىنىمدىن رەگلار ئۈزۈلدى پىراق شىددەتىدىن،
نىچۇك رىشتەدە ئۈزۈلگەندەك ئۈزۈلدى سىڭىرىم.

× ×

قىلدى كۆكسۈم چاك تىغى زەھرىدىن دەردى ئۇنىڭ،
قويماسا مەرھەمكى ئۆلتۈرسۇن مىنى دەردى ئۇنىڭ.
كويىدا تۇپراغ ئارا ياتسام بارىب ئاستانەدە،
بۇ ھايات بولسام كۆزۈمدىن ئۇچماسۇن گەردى ئۇنىڭ.
ئىزدەسەم تاپغايمەن ئانىڭ تۇپراغىنى تۇتىيا،
كۆزلەرىمغە سۈرمە تارتىپ بۆسە ئىتەي پايى ئۇنىڭ.
بارسام ئاندا مەقسەدىم قىلسام پىدا جاننى ئاڭا،
چۆرۈلۈپ پەرۋانەدەك شەمئىدە ئۆلسەم مەن ئۇنىڭ.
رەھىم قىلسا بۇ غەرىبۇ ئاسى قۇل ئۈممەتىغە،
ئىتلارىنىڭ سانىدا تۇپراقدا ياتسام مەن ئۇنىڭ.
ھە جەرۇلئەسۋەدنى چۆرۈلسەم يەنە بۇلبۇلدەك،
نالە ئەيلەب ساراسام يۈزۈم قويۇپ دەردى ئۇنىڭ.
بۇ كۆكۈل ئول يان تەرەپ ھەرلەھزەدە يۈزمىڭ ئۇچار،
يەتكەلى پەرىسىز يىتالماي تالغۇنۇپ شەۋقى ئۇنىڭ.
بۇ ئۈمىدىم ۋەسل بولسام يەتكۈسى مۇرادىمە،

ۋەسلىغە يەتىمەك ماھالكىم ھەر خىيالىم بار ئۇنىڭ.
رىشتەسى تارتىپ تۇرۇدۇركىم كۆڭۈلنى ھەر تەرەپ،
ھەر كۈنى يۈزمىڭ خىيال ئەيلەب يۈرۈر ئارزۇ ئۇنىڭ.
ئىشتىياقىدا كۆڭۈل پەرسۇدە بولدى ئاھكىم،
غەيرىدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ كۆپ ئىشتىياقىدۇر ئۇنىڭ.
يەتمىسەم ۋەسلىگە ھەرگىز ھىچ ھاياتلىق يوق ماڭا،
تاكى ئانىڭ تۇپراغىغا سۈرمىسەم يۈزۈم ئۇنىڭ.
مەن بارۇر يولدا دابانلار قاتتىغ ئىركەن ئاڭلادىم،
بۇ داباندىن نىمە پەرۋايىم بولسام مەن ئۇنىڭ.
كەچمىگۈنچە جاندىن جانانەنى تاپماس كىشى،
جاندىن كېچىپ ۋەسلىغە يەتمەك مۇرادىدۇر ئۇنىڭ.
دەشت سەھرا كۆھلاردىن نىمە پەرۋايىم نەغەم،
ئەزم ئېتىپ بۇ دەشتى كۆھى ئىلە بوستان ئۇنىڭ.
ئىشق دەردى كەم بولامدۇر يىغلاپ ئولتۇرغان بىلەن،
ئەزم قىل دەشت ئارا كىم ئۆلسەك ئول جانىڭ ئۇنىڭ.
مەقسەدى ئەقساغە يەتكۈرسە ئۇنى تاڭ كۆرمىگىل،
ئەزم قىلسا مەككەگە مەقسەد تاپار ۋەسلى ئۇنىڭ.
رەنج چەكسە ھەر مۇرادىنى بېرۇرلار شاھكىم،
رەنج ئەلەم چەكمەي تاپالماس يارىنىڭ دىدار ئۇنىڭ.
يەتتى ۋەسلىغە ئوشول پەرۋانىلار ئۆرتانىپ شەمئى ئوتى،
ئىشقىدا كۆيمەي قاچان يەتمەك ماھال ۋەسلى ئۇنىڭ.
قېرىغان چاغىدا ئۆلسەڭ دەردۇ ھىجران ئوتىدا،
ئۆلدى دەرمۇ بۇ كىشىنى ھىجرى ئوتىدا ئۇنىڭ.
ھەركۈنى مىڭ ئۆلگەندىن بىر يولى ئۆلمەك كېرەك،
جاننى تەسەددۇق ئەيلەسە رەھمى كىلۇر يارىنىڭ ئۇنىڭ.
ئىشتىياقى ئارزۇسىدا ھاجىلار تاپتى مۇراد،
مەقسەدى ئەسلىغە يەتكۈردى تامامى ھاجىنىڭ.
نائۇمىد بولما غېرىب ھەر نەچچە قىلساڭكىم گۇناھ،
ئاسىلارغا ئول رەھمىدۇر رەھمەتى باردۇر ئۇنىڭ.
كۆھدەك قىلغان گۇناھ خەسچە ئېرۇر دەرگاھىدا،
رەھمەتى مەۋج ئۇرسا دەرياسىدا كۆھ خەسچە ئۇنىڭ.
ئىشق دەردى ھىجرىنى بىلگىل ئۆزەڭە ھەم مۇباھ،
ھەركىشىگە بەرمەس ئول بىر گەۋھەرى ناياب ئۇنىڭ.
ئالەم ئىچرە ئادىمغە ئىشق بىر دەستىمايەدۇر،
ھەشرى بازارىدا كۆرگەي ئانچە مالدىن سۇد ئۇنىڭ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەككەتۇللاھ زەۋقىدە جان بىرلە كۆڭلۈم ئۇل تەرەپ.
ئايلانىپ باشى مۇنىڭ كۆڭلى گىرىپتارى ئۇنىڭ.
ھەرنىكىم كەلسە قازا بەلنى مەھكەم باغلامىش،
سودى يوقكىم شادلىق كەلسە قازايىدۇر ئۇنىڭ.
لەھزە-لەھزە ئىشتىياقى كەلسەلەر ھەددىن پۇزۇن،
غەم تۈنىدىن نالە ئەيلەب ئىشتىياقدۇر ئۇنىڭ.

مەككەنى ئىزدەردە دايىم بولغامەن ئاندىن يىراق،
بۇ جەھەتدىن نالىشىم كۆپ ئىشتىياقدۇر ئۇنىڭ.
بۇ يېقىنلىقدىن يىراقدۇر كۆرگىلى كىم مەككەنى،
ئىزدابان بارايدىسەكىم ھەم يېقىدىن كۆپ يىراق جايى ئۇنىڭ.
زەۋقى-شەۋقى مەككەتۇللاھنىڭ كۆڭۈلدىن چىقمايىن،
كېچەلەر بىدار ئولۇپ زەۋقى كۆڭۈل دامىڭ ئۇنىڭ.
ھەم رەسۇلۇللاھ شاپائەت قىلسەلەر بۇ ئاسىغە،
يەتكۈرۈر بۇ ئاسىنى مەككە سارى ئەتراپىنىڭ.
ئىككى ئالەمنىڭ چىراغى كىم رەسۇلۇللاھ ئېرۇر،
نائۇمىد قويماس ھەممە ئۇممەتلەرىن مەقسۇدىنىڭ.

ھەم ياراتىپتۇر تۈپەيلىدىن ھەمە ئادەم ۋۇجۇد،
كۆرگەلى مۇشتاقدۇر ئۇممەتلەرىدىن بار ئۇنىڭ.
ئاسى قۇل قىلماق زىيارەت مەقسۇدىكىم رەۋزەنى،
بول مۇيەسسەر بولسا بىر جان كىم پىداسىدۇر ئۇنىڭ.
ئىتلارىغە تۆئمە قىلسام كىم بەدەنىمنىڭ گۆشتلارىن،
رازىدۇركىم ئىشتلىرىنىڭ تۆئمىسىغە مەن ئۇنىڭ.
ئارزۇ قىلماق چۈن ئېرۇرلار بۇ ماڭا مەھرۇملۇق،
تۆئمە قىلسە بۇ بەدەننى ئىشتلىرىغە كۈشت ئۇنىڭ.
قايدا بارسام پىكرىدە كۆڭلۈم ئۈزۈلمەي ۋەسلىغە،
ۋەسلى باغىنى تاپالماي ئىنتىزالىقدا ئۇنىڭ.
دەشت ئاراچىققان قۇيۇن يەڭلىغ سورۇلسام يول ئارا،
ئىزتىراپىدا توختا ئالماي سورۇلۇر خاكى ئۇنىڭ.
خاكى پايى كۆزۈمە تارتسام كۆزۈم رۇشەن ئېرۇر،
خاكى پايى تاپماغاچ دەھر ماڭا شامى ئۇنىڭ.
ئىستارەم مەن بۇ كۆڭۈل ھەركۈندە مىڭ پەرۋاز قىلۇر
يەتمەيىن ۋەسلىغە ھەردەم نالەئى پەرياد ئۇنىڭ.
نالىشىمدىن كۆزلەرىمدىن ئەشكى دەريا خۇن ئېرۇر،
رەھىم قىلماي مەن غەرىبغە رەھمىسى يوقتۇر ئۇنىڭ.
كۆڭلى قاتتىغ تاش باغىر قىلماي كۆڭۈلنى شاد ئەگەر،

غەمگە سالدى بۇ كۆڭۈلنى ئىشتىياقدۇر ئۇنىڭ.
بارمۇدۇر ئالەمدە مەندەك بىر غېرىبى ناتۇۋان،
خانىمانىمدىن ئايرىلىپ ئىشقىدە سورۇلغان ئۇنىڭ.
تاپمادىم بۇيى ۋاپانى ئالەم ئەھلىدىن يانا،
كۆپ جاپا باشىمغا كەلتۇردىكى تەقدىرى ئۇنىڭ.
تارتىمغانغە چارە بولماي سەبىرىغە يۈز كەلتۇرۇپ،
ھەر جاپاۋۇ جەۋرى كەلسە بەندەلىك سەبرى ئۇنىڭ.
تاپقانىم دۇنيادا بولدىكىم پۇشايمانۇ نەدەم،
قوللارىمدا ياخشىلىق يوق ئاسى قۇل دۇرمەن ئۇنىڭ.
ھەرنە سۆز شېئىر ئەيلەدى مەقسەد-غەرەز بەيتۇلھەرەم،
ئىشتىياقى زەۋقىدە سۆزلەتكەنى ئىشقى ئۇنىڭ.
بىر تىلىم بىرلە تۈگەنمەس ئانچە مەن شېئىر ئەيلەسەم،
شېئىرىگە مىڭ تىل كېرەك، بولماس قىلىپ ۋەسپىن ئۇنىڭ.
قايغۇدىن كۆڭلۇم مېنىڭ كۈلكۇدىن ئارتۇق دەمبە دەم،
جانغە يەتمىش بۇ غەمىمدىن ئىشتىياقى زەۋق ئۇنىڭ.
ئىشتىياقدىن يۈرۈپمەن نەھەم ئۆلۈك گاھى تىرىك،
ئەلگە مەئلۇم بولماسا ھالىم ئېرۇر مەئلۇم ئۇنىڭ.
تۈشكە كىرمەس ئۇخلىسام مەن ئىشتىياقى ھىجرى ئارا،
كۆزدىن ئانداقكىم قېچىپتۇر ئۇيقىدا تۈشىدىن ئۇنىڭ.
كۆڭلۇم ئىچرە ئىشق ئوتى ياقتى ماڭا كىم مەن نىتەي،
كۆيدۇرۇبدۇر بۇ بەدەننى ھىجرى ئوتىدىن ئۇنىڭ.
قەددى رۇخسارى ئۇچۇن ئاھىم ئوتىنىڭ شۇئلەسىن،
شامى غەم قىلدى قارا كۆرمەي گۈلى روخسارىنىڭ.
ئاستانە باش قويۇپ ياتماق ماڭا ئول ئارزۇ،
ئەشكىدىن پالچىق قىلىپ قەسىر ئەيلەسەم ئاستانەنىڭ.
مەئلۇم ئولسە يارىغە ئاشقلىقىم، شەيدالىغىم،
يەتمەدى ئاستانىغە مەئلۇم ئەمەس ھەيرانلىغىم بول يارىنىڭ.
نە ئەجەپ قان يىغلىسام رەھىم ئەيلەمەي يارى ماڭا.
كېچە-كۈندۈز غەم بىلە رەنجۇ ئەلەم تارتىپ ئۇنىڭ.
تۈن قاراڭغۇ كۈلبەم ئىچرە يورۇماي شەمئى چىراغ،
غەم تۈنىدىن نالىشى ئەشكى يورۇتماس شەمىنىڭ.
ئەيتىپ ئەرسەم دەردۇ غەمنى سانى، يوق ھەددىن پۈزۈن،
ھەر تەرەپ زەخىم ئەيلەسە قۇمىدىن تولا دەردى ئۇنىڭ.
رەنج چەككەنلەر بېرىپ مەقسەدنى تاپتى مەككەدە،
رەنج چەكمەي قالغىنى نەۋمىد قالىپ ۋەسلى ئۇنىڭ.

www.uyghurkitap.com



كۆزلارىم قاتمىش چىگىتتەك ئۇيقۇ يوق ئارام ماڭا،
گەر نەكىم ئىزتىراپىدا ۋەسلىغە يەتمەك ئىبرۇر ئۇنىڭ.
كۆكۈل تىنماسغە قالدى ئىزتىراپ ئەيلەپ ئۇنىڭ سارى،
تۇزاق دامىغە تۇشكەن قۇش مەسەللىك ئىزتىراپ ئانىڭ.
كۆكۈل پەرۋاز قىلمىش لەھزەدە چۈن ئارزۇ بىرلە،
يېتەلمەي مەقسىدىغە نائۇمىد بولغان غېرىپ ئانىڭ.
پەلەك يۈزى قارا، كەلتۈردى باشقا كۆپ جاپالارنى،
ۋەپا كەلتۈرمەيىن ھەرگىز جاپاۋۇ رەنج ئەلەم ئانىڭ.
پەلەكدىن ياخشىلىق كۆز تۇتماغىل زىنھار بىنى ئادەم،
قاچانكىم ياخشىلىق تاپتى تامامى دەردى غەم ئانىڭ.
پەلەك تارتۇر يۈرۈپ چۆرۈلمەكىنى پەھمە ئەتكەيسەن،
قاچان چۆرۈلگەي ئاندىن ياخشىلىق كىم تاپقانى ئانىڭ.
پەلەك كىمگە ۋاپا قىلدى ۋاپاسىز دەھردۇر ئالەم،
ۋاپا بۇيى قاچىبدۇر ھەممەگە رەسمى ئۇنىڭ ئانىڭ.
جاھاندا كىمسە دۇر يەتتى مۇرادىغە يانا ئادەم،
تامامى ھەسرەت ئەيلەب ياندىلەر ئۇنىڭ سارى ئانىڭ.
ۋاپاسىز بى مۇرۇۋۋەتدۇر پەلەك كەجرەفتار بۇ ئالەم،
ۋاپانى كىمسەگە قىلماي جاپاسى يەتكۈسى ئانىڭ.
پەلەكدىن تۇتماغىل ھەرگىز ۋاپانى ئى غېرىپ نادان،
ۋاپانىڭ رىشتىسى سەندىن ئۈزۈلدىكىم ۋاپا ئانىڭ.

× ×

ئەرتەدىن ئاخشامغىچە پىكرى خىيالىم مەككەنىڭ،
شامدىن تا سۇبھىغىچە نالەشلىرىم ئول يارىنىڭ.
ھىجرى ئارا ھۇمەسەللىك كۆزلارىم ئەشكى ئىبرۇر،
سەيلىدەك گەر ئاققۇزۇپ خاكى بەدەنلەرىم مېنىڭ.
بول ھاۋا بۇلۇتلارىن يامغۇر كەبى ياش ئاققۇزۇپ،
تۇر دىسەم تۇرماس بۇ ياشىم شاھىدى ياشىم مېنىڭ.
تۇرھەيرەت دىلغەكىم ھۇشيار بولغىل دىسەم،
باۋەر ئەتمەس بۇ سۆزۈمنى ئىيتسام ئول يارىم مېنىڭ.
ئانچە ئىيتتىم كۆكلۈمە قىلماي قوبۇل بۇ سۆزلارىم،
قېرىنغاندا بۇ جاھالەتدىن قېرىلىقدا مېنىڭ.
نە ئىلاج ئەيلەي بىرادەرلەر مۇڭا نە چارە مەن،
قېرىنغاندا زەۋقى - شەۋقى تۇشتى بۇ جانىم مېنىڭ.

بۇ كۆكۆل ھەر سائەتى پەرۋاز قىلۇر پەرۋەسىز ھامان،
يەتمەيىن مەقسەدكە ھەرگىز ھالىم پەرىشاندۇر مېنىڭ.

× ×

ئىشق ئوتى قىلدى يۈرەك باغرىم كاباب،
بۇ كۆكۆلنى دەردۇ غەم يۈزىمىڭ چاناپ.
نە قىلاي ئەمدى مېنىڭ ھالىم خاراب،
يوللارىغە تەلمۈرۈپ كۆزۈم قاراب.
كېچەلەر بىدار بولغاچ ئۇيقا يوق،
كۆككە بېقىپ توختاماي يولدۇز ساناب.
بۇ غېرىبى يىغلادى شامۇ سەھەر،
بول مەدىنە شەھرىنى ھەردەم ئوناپ.

× ×

ھەركىشى مەنىڭ ئەيلادى قىلمە تەكەللۇم شېئىرىنى،
ئىشقنى پەھىم ئەيلەمەي مەنىڭ ئەيلەدى شېئىرىم مېنىڭ.
ئىشق بەر ناياب گۆھەر قولغە كەلمەس ھېچ زامان،
گۆھەرى زەرگە شوناسەد قىلغاي قىممەتىنىكىم ئۇنىڭ.
ئىشقدىن بەھىر ئەيلەگەنلەر مەنىڭ قىلماس سۆزلانى،
يانماغاي شېئىر ئەيلەمەكدىن كۆيسە بۇ جانىم مېنىڭ.
ئىشقدىن مەنىڭ ئەيلەمە يارى بۇرادەرلەر مېنى،
ئەقىل ھۇشۇمنى ئالىبدۇر قالمادى ھالىم مېنىڭ.
كېچە - كۈندۈز زەۋق - شەۋق بەيتۇلھەرەمنىڭ شەۋقىدۇر،
بارغالى يەتمەي ماجالىم زادى راھىم يوق مېنىڭ.
يىغلاغىل ئاشق ئەگەر بولساڭ ھەرەمنى يادلاپ،
شاھى بازى يەتكۈرۈر نەۋمىد بولمەسەن ئۇنىڭ.
قىلماغاي ئاشق گۇمان ئىشق ئوتىنى پىنھان تۇتاي،
ئاشكارا ئەيلادى كۆزۈمدە نەم، دىل نالىشىنى ياشىم مېنىڭ.
بولماسا ئىشق ئوتى بولماس كۆز سارايى ئىچرە ياش،
بولماغاي بىخاب كۆزلەر زاھىر ئولماي بۇ ئەلەملەردىن مېنىڭ.
بەس نىچۈك ئىنكار ئېتەرمەن ئىشقىمە شاھىد ئېرۈر،
كۆزدە ياشىم چەھرە زەردىم شاھىدىم ئولدۇر مېنىڭ.
ئىشق سابىت قىلدى قان ياشىم سېرىغ چەھرىمنى كىم،
چۈن باھار شاخ ئۈستىدە ئال سېرىغ قىلغان مېنىڭ.

www.uyghurkitap.com

ئى يارانلار قىلماغىل پاسىد خىيالىنى كىم ماھال،
سۆيمەكتە بىلىنگكىم سىررى ئەسىدارىم مېنىڭ.
ئۆتتى ھالىم ئاڭا كىم پۇشىدە سىررىم قالمادى.
بىلدى دۇشمەنلەر بۇ دەردىم زايىل ئولماي بەس مېنىڭ.
بۇكى سۆزۈمدە مەلامەت قىلغۇچى مەئزۇر تۇت،
گەر ماڭا ئىنساپ قىلكىم دىل جاراھىتىدىن مېنىڭ.
ھەركىشى قىلدى نەسىھەت مەن قۇلاقغە ئالمادىم،
ھەركىشى قىلسە قىلۇر قىلسا مەلامەت نىمە پەرۋايىم مېنىڭ.
ئىشقغە پەندى نەسىھەت قىلماقى نادان ئىرۇر،
تاكى ئانى كۆرمىگۈنچە تاپماغاي ئارام ئەگەر كۆڭلۈم مېنىڭ.
ئاقسۇ شەھرىگە كېلىبمەن بىر قەدەم يا ئۆتمادىم،
بۇ ئىرادە تەقدىرىغە چۇن چارەم يوق مېنىڭ.
ھەر شەھەرلەرگە كېلىبمەن بى ۋەتەن بىخانىمەن،
مۇڭداشۇرغا ھالداشۇرغا يوق قېرىنداشىم مېنىڭ.
قاشىدا يارى مۇۋاپىق بولمايىن شەمئى چىراغ،
كۆيگەلى قويماس پەتىلە ياغ ئارا ئاھىم مېنىڭ.
بالاۋۇ پەرزەندلارىمدىن بولمادى ھەمراھ رەپىق،
ئولكى قاشىم خىزمىتىمدە بىرسى ھەم يوقتۇر مېنىڭ.
بەد ۋاپادۇر بۇ جاھانىنىڭ كارى بارى بەندەگە،
ھىچ ئىشەنمە بۇ جاھانغە ئۆمرۈم ئاخىردۇر مېنىڭ.
ھەسرەتو يۈزمىڭ نادامەت قېرىغان چاغىم ئارا،
ئۆمرى كەتمىش ئاتمىش ئۈچىدىن ئۆتۈپ سالىم مېنىڭ.
ئاخىرەتنىڭ تۈشەسىدىن قولدا يوق دەرد غەم ئارا،
بۇ سەپەرگە ھەم رەھىم دەرد غەمدىن ئۆزگە يوق مېنىڭ.
پادىشاھا زۇلجالال رەھىم ئەيلەسەن مەن ئاسىغە،
شادلىقدىن رەقسى ئەيلەر ناتۇۋان كۆڭلۈم مېنىڭ.
رەھىم قىلماي قەھر قىلسە ئاسى قۇلغە زۇلجالال،
نە بۇلۇر ھالىم ئۇ يەردە، نە بۇلۇر جانىم مېنىڭ.
ئېيتىپ - ئېيتىپ يىغلاسام بارسام ئەگەر مەككە سارى،
ھاجىتىمنى ھەم راۋا قىلسە ئەجەپ ئەرمەس مېنىڭ.
داخىل ئولسە تەۋبەسى مەقبۇل بولۇر بەيتۇلھەرەم،
داخىل ئولسام مەن ئاڭا ئەرز ئەيلەسەم تەۋبەم مېنىڭ.
ياشلىق بىباك يولىدا ئۆتتى ئۆمرۈم بىھۇدە،
قېرىغاندا بۇ پۇشايمان سودى قىلماس كىم مېنىڭ.
ئەھلى مەنسەبلەر يولىدا ئۆتكەرىپ بۇ ئۆمرىنى،
نەپسى شەيتان پىتنەسىغە مۇپتالا بولغان مېنىڭ.

گەر هالالۇ گەر هارام كەلسە ئۇنىڭدىن يانمايىن،
ئەژدىھا يەڭلىغ بۇ نەپسىم ئەژدىھا بولغان مىنىڭ.
قىلمادىم تائەت ئاگا بىر زەررەئى هوزۇر بىلەن،
قىلغانىم رىيا ئۆتۈبدۇر هەسرەتۇ ئارمان مىنىڭ.
قىلمادىم ئۆلمەسلىگىمدە ئاخىرەت جابدۇغىنى،
نە نامازۇ روزەئى پەرزنى قىلماي مەن ئۇنىڭ.
ياخشى ئىش قىلدۇرمىدى مىهمان ئۈچۈن نەپسى ئەمىر،
شەرم تۇتماي يەتكۈرۈپ باشىمغە دەرد، غەملەر مىنىڭ.
ئول رەسولۇم ئىشتىياقى يەتكەچ مىنى بىخۋاب ئىتىپ،
ئىشق ئىباردى خوشلۇغۇمنى يەتكۈرۈب رەنجىم مىنىڭ.
نەپسى شۇمنىڭ شۇملۇغىدىن مەن بۇ يەر قالدىم بۇ يىل،
نەپسى شۇمنىڭ رائىغە بولدۇم گىرىپتارى ئۇنىڭ.
هەيپىكىم نەپئ ئەيلەمەس ئۆتكەن ئىشىمنىڭ سۇرى يوق،
مەن ئىلكىنى تىشلەسەم ئۆمرۈم ئۆتۈپ تۈيماي مىنىڭ.
دەرد، غەم يەتكەچ ماڭا باشىم ئاقارىپ غەم بىلە،
غەم يۈكى بىرلەن بولۇبدۇر بەللەرىم خەمدۇر مىنىڭ.

× ×

هىچ ۋەقت لايىق ئۇنى ياد ئەتمەدىم،
قۇل بولۇپ هەرگىز ئۇنى شاد ئەتمەدىم.
پادىشاها قەترەئى ناپاك مەن،
هەم يەنە بىر پەستى مۇشتى خاكمەن.
بىۋاپا ئالەمغە كۆپمو مەشغۇلدۇرمەن،
بۇ جاهان ئەخمەقلەرىن ئەخمەقمەن.

× ×

ئاجىزۇ بىچارە سەرگەردانمەن،
لەڭگۇ، گۇڭگۇ، كور ئۇميان مەن.
يوقتۇرۇر مەندەك يەنە پەژمۇردە هال،
باغى ئۆمرۈم تاپمادى هەرگىز كامال.
نەپىس كاپىر پىتنەسى قىلدى هالاك،
خەلق ئاراسى بولماغاي مەندەك بى پاك.
قىرىغاندا ئۆتتى ئۆمرۈم غەم بىلە،
تىشلارىمدىن بىرسى يوق دەندان بىلە.
نەپسنى هاكىم قىلىپ پەرمانىدا،
هىچ ئەمەلنى قىلمادىم مەن هەددىدا.
ئانچە ئەتتىم كۆڭلۈمە قىلماي ئەمەل،
ياخشى ئىشغە ماڭمادىم قىلدىم هىيەل.
نەپس شۇمنىڭ مەكرىنى قىلماي خىيال،
يەتتى ئۆمرۈم ئاخىرى بولماق زاۋال.
نەپس كاپىر هارامغا تويغۇزۇر هالال يەمەي
يانا هارامدىن بىر نەپەس هەمكەلمە دىمەي.
ئەمدى بىلدىم قىرىغاندا دۇشىنىم،
ياشلىقدا بىلمەدىم مەن پەن يىدىم.
قىرىغاندا بۇ پۇشايمانىم نەسۇد،
ياخشى تائەت قىلمادىم قىلدى جەهۇد.
بۇ غىرىپ شايەستەئى دەرگاه ئەمەس،
تۈنۈگۈن ئەهۋالىدىن ئاگاه ئەمەس.

www.uyghurkitap.com



× ×

ئوتتۇز ئىككى تىشلىرىدىن قالغانى بەش، ئالتە تىش،
تاپقانى دۇنيادا كۆزدىن بىر كۆزۈم كۆردۇر مېنىڭ.
مۇندىن ئارتۇق كۆپ جاپاۋۇ جەۋرلەر كەلگەن بېشىم،
تەقدىرىن بىر بىر ساناپ سەپھە قىلماق تاقىتىم يوقتۇر مېنىڭ.
ئى يارانلار دۇنياغە ھەرگىز ئىشەنمە بول مەلۇل،
ئاخىرى ئەمگە سالۇر چەرخى پەلەك ئىنسانلارنىڭ.
يان ھاۋادىن نەپسىنى زاتىڭغە ھاكىم ئەيلەمە،
گەر ھاۋا ھاكىم ئىسە بولغاي ئاڭا دەۋزەخ ئۇنىڭ.
قەھرى قىل نەپسىڭغە ئۇزتلاتغىل ئەمەل يايلاقىدا،
گەر مۇڭا تابئ ئىسەڭ جانىڭغە قىلغاي كۆپ سىتەملەردىن سېنىڭ.
نەپسى تېپپىلدۇركى مۇھلەت بەرسە دايىم سۈت ئىمەر،
مەئنى قىلغان بىرلە سۈت ئەممەكنى قىلماس ھىچ ئۇنىڭ.
نەچچە كىم لەززەت بېرۇر نەپس زەھەر قايتىل ھەمە،
زاھىرى ياغدۇر ئەسەلدۇر باتىنى زەھەر ئۇنىڭ.
ئانچە خەۋپ ئەتكىل غېرىپسەن نەپسى شۇمنىڭ مەكرىدىن،
گاھى ئاشىقلىقنى تىلەر بەتەر تۇرۇر نەپسىڭ سېنىڭ.
گاھى مەكر ئەيلەپ كۆڭۈلگە كۆزلەرىڭ پۇر ياش قىلۇر،
گاھ ھارامغە تويغۇزۇر قىلغىل پۇشايماندىن ئۇنىڭ.
نەپس ساڭا ھۆكىم ئەيلەسە بىلگىل ئۇنى يالغان ئېرۇر،
نەپسى شەيتانغە خىلاپ ئەت تۇتما پەرمانىن ئۇنىڭ.
تۇتما پەرمانىن ئۇلارنىڭ خەسىم ئېرۇر ھاكىم ئەمەس،
بىلسەڭ ئېرسە ئول قەدىم دۇشمەن ئېرۇر شەيتان سېنىڭ.
كىرمىگىل ئەمدى بۇ نەپسىنىڭ سۆزىگە ئى بىخەبەر،
يان ھاۋادىن تۇتما پەرمانىن ئۇلارنىڭ سەن ئۇنىڭ.

× ×

ئېيتغىل ئەستەغپۇرۇللاھ دەپ كەلسە ياد ئال،
ھەر زامان ياد ئەيلاگىل كەتكەي دىلىڭدىن ھەم سېنىڭ.
ئېيتغىل قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد ئاللاھۇ سسەمەد،
لەم يەلىد ۋەلەم يۇلەد ۋەلەم يەكۇنلەھۇ كۇفۇەن ئەھەد.

بۇ ياخشى سپاتى قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد،
رەھىم ئەيلە ماڭا بەھەققى ئاللاھۇ سسەمەد.
تائەتنى قويۇپ قىلدىم گۇناھى بىئەدەد،
قادىر سەنۇ پەرۋەر دىگارىم ئىمكانىم نەھەد،
ئۆتتى جاھاندىن چۇڭ كىچىكلەر سانىسىز ئەدەد
مەن ئاسى غېرىپغە رەھىم ئەيلەگىل يا ئەھەد.

يەتكۈر مېنى ئۇل زەۋزەئى ئەھمەد،
دوستۇڭ ئېرۇر پەيغەمبىرىم مۇھەممەد.
قالمدى ئەجەم ئىچرە مېنىڭ ماجالىم،
ساڭا مەئلۇم ئېرۇر مېنىڭ بۇ ھالىم.
كۆرمەككە ماڭا ئىشتىياقى تۇشتى،
ھىجرى ئوتى كۆيۈپ جانغە يېتىشتى.
كۆرمەي ئۇنى ئۆلتۈرمە مېنى سەن،
غۇربەتۇ تۇپراق ئىچرە قويمە مېنى سەن.
دوستۇڭ ئېرۇر مەھمۇد ئەھمەد،
مەھبۇب ئېرۇركىم ساڭا مۇھەممەد.
غۇربەتىدە غېرىپ غەم بىرلە ياتىبدۇر،
ئاقسۇدا ياتىپ باشى قاتىبدۇر.
سۆزلىمگەن سۆزنى قىلىپ بېشى ئىششىبدۇر،
بۇلاق سۇيىنى تۇلا ئىچىپ سوغى ئىشىبدۇر.
يارەب مېنى قىلما غەمگە گىرىپتار،
غەم تاغى قىلىب مېنى سەڭگسار.
دەردىمغە داۋا تاپمادىم مەن،
رەنجىمغە شىپا قىلمادىڭسەن.
يارەب ئۆزۈڭ مۇرادىمە يەتكۈر،
مەقسەد كەئبە مەككە سەرى يەتكۈر.
قىلمە نەۋمىد ئاسى غېرىپ قۇلۇڭنى،
يامۇ پەتتەھۇلئەبۋاب ئاچغىل يولۇمنى.

× ×

خوش ئۇل بەختى سائادەتكىم ئاڭا مەن ئاشنا بولدۇم،
بۇ زەۋقى - شەۋقىغە ئەجەپ مۇپتالا بولدۇم.
كېچە - كۈندۈز تىلەيمەن ئۇل مەدىنە سارى يۈزلەنسەم،
بارۇرغە يول تاپالماي كىم ئەجەمدا ئىنتىزار بولدۇم.
پەلەك ئاۋارە قىلدى بۇ سەپەرگە قىلدىلەر مانىئ،
خۇدانىڭ تەقدىرىغە جان دىلىم بىرلەن رىزا بولدۇم.
ئۈمىدىم ئولدۇرۇر مەككە ئەرەپ ئىچرەكى يۈزلانسەم،
مۇيەسسەر ئەيلىسە يارەب مۇرادىمغە يېتەر بولدۇم.
زامانە پېتەسىدىن ساقلاسۇن ئۇشبۇ ئەجەم ئىچرە،
سۇخەنچىنلار سۆزى بىرلە ئەجەم ئىچرە توزار بولدۇم.
مۇرادىمغە يېتەرمەن دەپ كېچە كۈندۈر تەلەپ ئەيلەپ،
مۇرادىمغە يېتەلمەي ئەزم قىلماي بىقارار بولدۇم.
كۆڭۈل تىنماسىغە قالدى كۆرگالى چۇل ئارزۇ بىرلە،
بارۇرغە تەلمۈرۈپ ھەردەم كۆرەرغە ئىنتىزار بولدۇم.
خىيال ئەيلەپ كۆزۈم گىريان كۆڭۈل ئۇچتى ئۇنىڭ سارى،
كۆرەرگە ئىنتىزارىدا كۆزۈم بىرلە كۆڭۈلدىن مەن جۇدا بولدۇم.
مېنىڭدىن ئەقىل ھۇشۇم كەتتى قالماي مەن مۇڭا ھەيران،
نېتەي ئەمدى قىرىغاندا بۇلاردىن مەن ئادا بولدۇم.
بۇلار كەتتى ئۆزۈم قالدىم ھاياتلىق قالمادى مەندە،
بۇلاردىن ئايرىلىپ ئاخىر غېرىبلىقدا ئۆلەر بولدۇم.
مۇڭا ھاجەت ئەمەس كىپەن قىلۇرلار بورىيا كىپەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىيامەت ھەشرەگاھىغە مۈنى سۈدراپ بارۇر بولدۇم.
مۈيەسسەر قىلماسا يارەب رەسۇلۇم ئەترە تۇپراغى،
ئۇشۇل مەھشەر كۈنىدە نا ئۇمىدغە داۋۋگەر بولدۇم.
بارۇرمەن دەپ ئۇمىد ئەيلەپ بارالماي يولدا قالدىمەن،
بارۇرغە بۇ كۆڭۈل ئۇچمىش ئۈنىڭ سارى بارۇر بولدۇم.
غەرىبى بولماغىل نەۋمىد ئەمما بول ئەدەپ بىرلە،
بىلىڭنى باغلاغىل مەككەم بارۇرغە ئۇستىۋار بولدۇم.

× ×

ئىلاھا قىلماغىل نەۋمىد بارۇرغە ئىزتىراب ئولدۇم،
تۇرالماي بۇ ئەجەم ئىچرە ئەرەبغە ئاشىنا ئولدۇم.
ئۈنىڭ ئىشقى كۆڭۈلنى قىلدى تاراج قالمادى مەندە،
نە ئىمكاندۇر ۋىسالى يەتمەككە ئارزۇمەند بولدۇم.
ئەگەر يەتكۈرمىسەڭ يارەب بۇ دەھرىدە مۇرادىمغە،
مۈيەسسەر قىلماساڭ يارەب نادامەتتە ئۈلار ئولدۇم.
يا رەسۇلۇللاھ مىنىڭدە سەبىر تاقەت قالمادى،
زادەراھىم يوقلۇقىدىن زەررەئى غەم ئولمادىم.

× ×

يا كېرىم ئاللاھ غەنىدۇر پادىشاھى زۇلجالال،
بەندەلەرغە ئول كېپىلدۇر قىلمادىم ئۆزگە خىيال.
رىزقىنى بەرسە خۇدايىم دەشت ئىلە سەھرا ئارا،
غەمىلەرىم يوق زەۋقىدىن ئول دەشت ئىلە سەھرا يانا.
ئانچە مەركەب تاپماسام كۆھى دابانلار قەتئى مەن،
باشىم ئۆزرە يول كىزەي مەككە سارى يولغە مەن.
ھەم رەپىقىم ئۆلمەسە زەۋقى ماڭا بولغاي رەپىق،
زەۋقى شەۋقى ھەددىن ئارتۇق يىنە ھەم بىرلەك قىرىق.
قىلمادىم ئۆزگە خىيالنى مەن تەۋەككۇل باشلادىم،
ماسىۋەللاھ ۋەھشىتى مەن دىلىمدىن تاشلادىم.
ھەرنە قىلسە قىلغۇسى ئول پادىشاھ،
مېھرىباندۇر بەندەلەرغە ئول كەرىم كىم يەكتاھ.
قىلماغىل ئاسى غەرىبىنى نائۇمىدكىم مەككەدىن،
مەقسەدى ئەقساغا يەتكۈرگىل بۇ دەھرى پاندىن.

× ×

بۇ پەلەكدىن هەر زامان ئەندەك ۋاپا
تۇتماك ئۇمىد،
بىهايا رۇسياھ، يۇرمەكر بۇچىركىن پەلىد.
پەرۋىرىش بەد ئەسلىنى قىلغاي داۋام،
كىمكى بەرسە كۆڭلىنى بولغاي غۇلام.
بۇ پەلەك رەڭگىغە كۆز سالساڭ كەبۇد،
تۇتمە كۆز ئول بىۋاپا قىلغاي نە بۇد.
بۇ پەلەكدىن قىلماغايسەن شادىلىق،
بولماغايسەن هىچ ۋەقىت ئازادىلىق.
بۇ پەلەكدىن قىلسا هەركىم ئىلتىماس،
ئول كىشى بولماس بەلىسيەتدىن خالاس.
كىمكى كۆڭلىنى بەرسە بۇ مۇردارغە،
ئاقىبەت هەلقىدىن ئاسقاي دارغە.
ئىستىسە هەركىم پەلەكدىن كامىنى،
كۆرمىگەي هەرگىز خۇدا ئىنئامىنى.
كەيدۇرۇر بەد ئەسلىلار باشىغە تاج،
ياخشىلارنى خار قىلغاي بى ئىلاج.
ئۆزگە بەد ئەسلىنى ئەزۋاج ئىتەر،
ياخشىلارنى خەلقدىن كۆپ خار ئىتەر.
ئارغۇماق بولماس ئىشەك ئەتلەس كىيىپ،
ياخشىلار بولماس هىقىر چەكمەن كىيىپ.
پەلەكدىن مەن غىرىپ پەرياد ئىتەرمەن،
پىغانىۇ نالەلەر بۇنياد ئىتەرمەن.
پەلەكنىڭ جەۋرىنى ئىيتىپ تۈگەنمەس،
مۇنىڭكى زۇلمىغە مۇندىن ئۆتەلمەس.

پەلەك بىداددۇر بىچارە قىلغاي،
كىشىنىڭ كۆكسىنى يۈز پارە قىلغاي.
پەلەكدىن تۇتمە كۆز هەرگىز ۋاپانى،
پەلەك يۈزى قارا، قىلغاي جاپانى.
پەلەك ئەۋۋەل كۆتەرگەي شاد خەندان،
ئىلىپ ئۇرغاي كىيىن يەر بىرلە يەكسان.
پەلەككە بولمىغىل زىنهار مەغرۇر،
قىلۇر ئاخىر بىيسى ئول خار رەنجۇر.
پەلەككى مەيلى قىلغان يۈز قارالىق،
پەلەكدىن يۈز ئۆرۇر ئاخىر جۇدالىق.
پەلەككە قىلما مەيلى ئى غىرىپسەن،
كى بولغىل بارچىلاردىن كەمرەكسەن.
پەلەككە بولماغىل هەرگىز مەغرۇر،
پەلەكدىن بۇ كۆڭۈل رەنجۇ رەنجۇر.
پەلەكنىڭ شۇمىدىن ئەقلىم پەرىشان،
سىناپ بولماس كىشى بو دەشت بىيابان.
زەبۇن قىلدى پەلەك كاتتا ۋە چوڭنى،
بايان قىلسا تۈگەنمەس بۇ جاهاننى.
ئۇرما دەم ئىككى جاهاندىن ئى غىرىپ،
بارچىلار بو يولدا قالغاندۇر هىرىپ.
خاهى ئەنقا بولسۇن خۋاھ مۇرىيۇ نەهىپ،
خۋاھ شاھ بولسۇن خۋاھ گادا بۇلۇر زەئىپ.
ماهلار دەريادا بولغاي كۆرۈكەر،
قالماغاي ئول نۇرخۇرشىدى قەمەر.
تۈشسە هەر جانى قازانىڭ دامىغە،
كۆپ نادامەت ئەيلەگەي ئەهۋالىغە.

× ×

پەلەكدىن ياخشىلىق كەلدى دىبان كۆڭلۈڭنى شاد ئەتمە،
يامانلىقنى تاپار هالال ئۇنۇت ئۆتكەننى ياد ئەتمە.
زامانە ئەهلىغە گەر يۈز ياخشىلىقنى كۆرگۈزۈپسەنكىم،
ۋاپا زىنهارىكىم بىر زەررە چاغلىق ئىئتىماد ئەتمە.
نۇنۇسنىڭ ئەهلىدە مىهىر-مۇهەببەت قالمادى هەرگىز،

جاپا کەلگەي ئۇلاردىن زەررە مېھر تەمەئ ئەتمە.
بۇ ئالەمدە کىشلەردىن ۋاپالىقنى تەمەئ تۇتقاي،
قاچان يەتکەي ۋاپالىق سەن ۋاپالىقنى خىيال ئەتمە.
پەلەك كىمگە ۋاپا قىلدى ۋاپاسىز چەرخى بۇ ئالەم،
ۋاپا يەتتى پەلەكدىن دەپ بۇ كۆڭلۈڭ زەررە شاد ئەتمە.
بۇ ئالەم دەھر باغىدا غەنىمەت تۇت باھارىڭنى،
ئەجەل پەيکى يېتىشکەندە نەدامەت غەم بىلە كەتمە.
جاھاندا ئادەم ئوغلى مېھماندۇر كىم ئۆمرۈر بەش كۈن،
بۇ مېھمان خانە ئىچرە سەن مۇقىم بولماق خىيال ئەتمە.
قەدىم بار بورە بات مېھمان بولۇپ ئۆتكەن ھەمە ئادەم،
تۇرارمەن دەپ رەبات ئىچرە مۇنى پاسىق خىيال ئەتمە.
بۇ ئالەم مەنزىلدۇر گويا مۇندا قونۇپ ئۆتمەك،
تۇرارغە چارە يوقتۇر كىم كى تاڭلا نالە زار ئەتمە.
بۇ ئالەم دەھر باغىغە تاماشا قىل باھارىغە،
كى بادى دەھشەتدىن تىترەتۇر نازۇك ناھال ئەتمە.
ئۇشۇل سىركى قاچان مىئراجغە يەتتى باھار ۋەقتى،
تامام قەتئى ئەيلەدى جىسمى بىلە باشقا خىيال ئەتمە.
كى لالە ھەر قىيتى قاندۇر بولۇپ كۆكسى ئۇنىڭ چاك چاك،
خازانىنىڭ نالەشىدىن يىغلاشۇرلار كىم گۈلى لالە ياد ئەتمە.
قىزىل گۈل باغ ئاراسىدا ئاڭا ئاشىق ئۆرۈر بۇلبۇل،
تىكەنىنىڭ زەخمىدىن بۇلبۇل چىكەر نالە پىغاننى سەن ناۋا ئەتمە.

× ×

كەل ئەمدى ئىشقدىن بىر مۇنچە سۆزنى داستان ئەيلە،
بىلىڭنى باغلاغىل مەھكەم تىزىپ سۆزنى ئۇڭا سايلە.
كۆڭۈل ھەر كىمگە پادىشاھ قىلماغاي ھەركىم ئۇنى مانىئ،
ئۇچار مەھبۇپ ۋىسالىغە يېتەلمەي ئول ئۆزى قانىئ.
ئەگەر ھىجرى ئوتىدا ھەر نىچە كۆيسە ئول ئۆزى بىلگەي،
قىلالماس ئۆزگەلەر كۆيگەننى پەھىم ئول ئۆزى كۆيگەي.

× ×

ئى بۇرادەر بولسا گەر بىر زەررە ھۇش،
بادەئى ئىشقدىن ئەت بىر قەترە نۇش.
دۇنيانى ھەركىم پاراموش ئەيلەمەس،
بادەئى ئىشقدىن ئول نۇش ئەيلەمەس.
گەر كىشى تەرك ئەيلەمەس دۇنيا پۇلى،
بىلمەگەيلەر ئول كىشى ئىشق قەدرىنى.

گەر كىشىگە بولسا دۇنيادىن بەھەم،
ئۇل كىشىگە بولماغاي ئىشق ھەم بەھەم.
ھەر كىشى مەي ئىچسە كۆپ پەرياد ئېتەر،
خانىمانىن ئۇل زامان بەرباد ئېتەر.
ياردىن كەلسە ئەلەم سەبىر ئەيلەگىل،
يارىغە جانىڭنى قۇربان ئەيلەگىل.
سەن تىرىكلىكتە ئاڭا قىل ئىشق باز،
سەن ئاڭا بولغىل ھەممىشە ئىشقىراز.

ئىشق بىر كۆڭلۈڭگە ئىمان يارۇغى،
ئۇل سەبەبدىن ئىت گاداغە مۇددىئى.
كەتمىسە ئىت بىر ئىشىكدىن ھەر قايان،
ئۇل كىشى ئۇل ئىتغە بولغاي مېھرىبان.
خانىمان تەرك ئەتمەگەن ئاشىق ئەمەس،
مەھبۇبى دىدارىغە لايىق ئەمەس.
تارتقىل ئىشق غېمىنى ھەر زامان،
ماشۇەللاھ تەرك قىل بولغىل ئامان.

× ×

جاھاندا قاتتىغ ئىش ھىجرى ئوتىدىن ئاددم ئارا بولماس،
كى مەجنۇن لەيلىنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيگەن سىناپ بولماس.
ئو شۇل پەرھاد كىم شىرىن غېمىدا تاغلار قازادى،
پىدا ئەيلەپ جانىنى ھىجرى ئوتىدا تاغدا قالدى.
مۇرادىغە يېتىشتى ھەزرىتى يۇسۇپ زىلەيخا ھەم،
مۇرادىغە يېتەلمەي قالغىنى ۋامۇق ئۇززرا ھەم.
بالا دەشتىدە پەرھاد ئانچە تارتمىش جەۋرىلار ستەم،
كۆرۈلۈك ئىشق ئوتىدا بىر زەررەئى كىم تارتمادى ياكەم.
نەچچە يىل تاغنى تىرناغىدا قازمىش بولۇپ مىسكىن،
بۇ ھىجران ئوتىدا گەر ئاقتۇزۇپكىم كۆزلەرى ئەشكىن.
جاپا تارتىپ ئەلەم چەكتى بۇ ئىشقى ئوتىدا ھەريان،
قىيامەت ھەشرە بازارى مۇرادىنى بېرۇر سۇبھان.
ئەرەپ سەھراسىدا مەجنۇن قۇيۇن يەڭلىغ بۇسارۇلغان،
ۋىسالىغە يېتەلمەي لەيلىدىن ئاخىر جۇدا بولغان.
تىرىكلىكدە تىلەڭلەر ئىشقى بازىنى غەنىمەت كىم،
ئەجەل يەتكەندە بەرمەس سائىتكىم جانىغە پۇرسەتكىم.
تىرىكلىكدە قىلىڭلار ئىشق بازىنى جاھان ئىچرە،
ھەقىقى تاپمىساڭ يوقمۇ ماجازى پانى ھەم ئىچرە.
كىشىنىڭ ئىشق سۆزى بولماسا ھايۋان بەتەردۇرلار،
قاچان ھەر ئىككىلە ئالەم مۇرادىغە يېتەردۇرلار؟
ئەگەر ئاشىق بۇلۇر بولساڭ خۇدانى يادى قىل ھەر تۈن،
يۈرەك باغرىڭ كاباب ئەيلەپ ئۆزۈڭ خامۇش بول ھەر كۈن.
ئوشۇل مەھبۇپ غېمىدا رەنجۇ ئەلەملەرنى مۇباھ بىلگىل،
جاپاۋۇ جەۋرى ئەلەم كەلسە ئاڭا سەبرە ئەيلىگىل گۈلگىل.
كىشىگە يەتسە مەھبۇبدىن تۈرلۈك ئەلەم كۆلپەت،

www.uyghurkitap.com



مۇباھ بىل ۋەسلىغە يەتكۈرگۈسى مەھبۇپ ئۆزىن ئۇلپەت.
ئول بالانىڭ گەۋھەرى ھەر كىمگە قىلماسلار ئاتا،
تاكى ئانى قىلماغۇنچە ئول ئۆزىگە ئاشنا.
ئى غېرىبى قوي قەدەم مەككە سەرى ئەزمىغە يول،
ھەر جاپاۋۇ جەۋرى ئەلەم كەلسە ساڭا كۆپ شاد بول.

× ×

خانىمان تەرك ئەيلە ئاندىن يولغە كىر،
پاك قىل كۆڭلۈڭنى ئاندىن بول ئەمىر.
يۈرگەسەن بۇ يولدا دايىم دەربەدەر،
تەرك قىل پەرزەند ھەم مادەر پەدەر.
ئى غېرىپ سەن خانىمان بەرباد قىل،
ئاھ دەپ قان يىغلا كۆپ پەرياد قىل.
ئىشقىغە جۇش ئەتسە ھەر پىرۇ جۇۋان،
لەرزىگە كەلگەي زەمىنۇ ئاسمان.
جان پىدا قىل كەئبەئى بۇ مەككىگە،
مۇنتەزىر بولغىل مۇنىڭ دىدارىغە.

ئىستىمە بۇ يولغە ھەر كىمدىن مەدەد،
قىلماغاي دەرگاھىدىن ھەركىمنى رەد.
ھەم باقاسىز ھەم ۋاپاسىز بۇ جاھان،
قىل رىزا تەڭرىنى ئاندىن بول ئامان.
ئىستەگىل بو يولنى جانىڭ بارىچە،
ياد قىل ھەم كۈندۈزى تاڭ ئاتقۇچە.
خۋاھى كاپىر، خۋاھ تەرسا خۋاھ جەھۇد،
بارچە ئول دەرگاھىدىن يانماس نەبۇد.
ھەر كىشىگە بولسا ئەگەر ھەقدىن مەدەد،
ئىستىمەس ئول ھىچ مەخلۇقدىن مەدەد.

× ×

ئۇ شۇل مەككە سەرى قويماي قەدەم ھەسرەت بىلە كەتمە،
ئۇنىڭكى ئىشتىياقىدا ئەجەم ئىچرە ئۆلۈپ كەتمە.
جاپا تارتماي، ئەلەم چەكمەي مۇرادىغا يېتەلمەسكىم،
ياتىپ ھايۋانلاردەك بىر يەردە ئۇخلاپ غەم بىلە كەتمە.
تۈنى ياد ئەيلاگىلكىم كېچە-كۈندۈز زىكرى پىكرىڭدا،
مەگەر ياد ئەيلەمەي ئۇشبۇ جاھاندىن دەد بىلە كەتمە.
جاھاندا ئادەمنى نە ئۈچۈن ھەق بىنا قىلدى،
ئۆزىنى ياد ئېتەرگە قىلدى ئول ياد ئەتمەيىن كەتمە.
جاھاندا كىمسەگە قىلدى ۋاپا بۇ چەرخى كەج ئالەم،
ۋاپاسى يوق بۇ ئالەمنىڭ ۋاپا زەررە تەلەب ئەتمە.
قېنى ئول رۇستەمى پالۋان، قېنى ئىسكەندەرۇ دارا،
قېنى جەمشىددەك ئول پادىشا، تۇرارغە ئىتماد ئەتمە.
قېنى لوقماندەك ئول ھاكىم، كۆرۈك تەختى سۇلايمانىنى،
بارۇر جايى قارا يەردۇر بۆلەك ھەرگىز خىيال ئەتمە.
پەلەكنىڭ كەسرەتىدىن جاك بولمىش ھەمەئى زىجان،

هايات تۇرغايمه دەپ ئۇشبۇ جاهاندىنكىم تەمەئ ئەتمە.
هاياتلىغنى غەنىمەت بىل قەدەم قوي مەككەئى سارى،
مۇرادىڭنى تاپارغە ئەزم قىل ئۆزگە خىيال ئەتمە.
بۇ بەش كۈنلۈك جاهاندۇر بولماغىل هەرگىز مۇڭا مەغرۇر،
خۇدانىڭ يادىدىن غاپىل بولۇپ ئۆمرۈڭ تامام ئەتمە.

× ×

ئۇشبۇ ئالەم ئارىيەتدۇر ئەي قاياش،
كۆپ چىقار كۆزدىن نادامەت بىرلە ياش.
تاپىسا شۆهرەتدىن كىشى نامۇ نىشان،
گۈلشەنى ئۆمرى ئۇنىڭ بولغاي خازان.
پىكرى قىل گۇرداقى ئەهۋالىغە،
شۈكرى قىل بىر دەم تىرىكلىك هالىغە.

گۇرداقى ئەهۋالدىن كۆپ غۇسسە قىل،
رىزق روزىڭغە بۇ غەمدىن تۇئمە قىل.
پىكرى قىل ئەسلىڭنى بىل بىر مۇشت خاك،
قەتىل قىل نەپسىڭنى بول مەردان پاك.
ئى غىرىبا خانىمان بەرباد قىل،
كۇهى دەشت سەهرادا كۆپ پەرياد قىل.

× ×

جاهاندا كىمسە تاپتى شادلىقنى، تاپمادى هىچكىم،
بىراۋگە قىلمادىكىم ياخشىلىق كۆڭلۈڭنى شاد ئەتمە.
جاهاندىن ئۆتتىلەركىم ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيا بارچە،
قېنى زەررە ۋاپا يوقتۇر ۋاپا هەرگىز ئۈمىد ئەتمە.
بۇ دەيرىنىكىم پانا ئىچرە باقاسىزدۇر هەمە ئادەم،
ئۆزىدىن ئۆزگەسى پانى، باقا دەپ كىم خىيال ئەتمە.
ئەگەر قالسا قالۇر ئەردى مۇهەممەد سەيدۇلكەۋنەيىن،
سەنۇ كىم مەنۇ كىم، كەلهەمەجدەك كىم ئۆزنى جۇههال ئەتمە.
كۆزۈڭ ئاچىغىل نەزارە قىل بۇ ئالەم كارى بارىغە،
باهارى گۈل ـ گۈلىستانلارنى تورماقىغە ناهال ئەتمە.
ئۇشۇل سىركى قاچان سىركى مەقامىدا تۇرارىن بىل،
هاياتلىق سىركى، نى تۇرماقىغە مۇندا ئىئتىماد ئەتمە.
بۇ بەش كۈنلۈك جاهانكىم كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچەلىك بىلگىل،
تۇرارغە تاپمادى هىچكىم تۇرارغە سەن ئۈمىد ئەتمە.
پەلەك يۈزى قارا ئوڭ يۈزىنى كۆرسەتمادى هەرگىز،
كۆرەرمەن دەپ پەلەكدىن ياخشىلىقنى سەن خىيال ئەتمە.
پەلەك كىملەرنى يىغلاتماي ئاڭا ئوڭ يۈزىنى كۆرسەتتى،
پەلەكدىن تۇتماغىل كۆز، ياخشىلىقنى نالە زار ئەتمە.
جاهاندىن يىغلاماي ئۆتكەن كىشىدىن بىرنى تاپقىل سەن،

www.uyghurkitap.com



جاھاندا شادلىق تاپتى دىبان كۆڭلۈڭنى شاد ئەتمە.
بۇ دۇنيا پانى بىر ماتەم سارادۇر ئادىمزادغە،
تۇرارغە مۇھلىتى يوقكىم تورارغە سەن ئۇمىد ئەتمە.
ئىشى قىل ئاخىرەتنىڭ تۇشەسىدىن زەررە ئالغىل سەن،
كېتەردە مىڭ پۇشايمان كۆپ نادامەتنى ئىلىپ كەتمە.
بۇ ئۆمرۈڭنى غەنىمەت بىل ھاياتلىقدا ئىبادەت قىل،
بۇ ئۆمرۈڭنىڭ باھارىنى پۇچەك پۇلغە سېتىپ كەتمە.
غېرىبىكىم خاتا سۆزلەرنى قىلمىش مەغزى يوق سۆزنىڭ،
ھەممىشە شېئىر ئەيلەپ سەن خاتاۋۇ پىسىقلاردىن ئىلىپ كەتمە.

× ×

ئىلاھا قورقادۇرمەن قىرىلىقدىن،
گۇناھىم كۆپ ئېرۇر بۇ تەڭلىكدىن.
نە يۈز بىرلەن بارۇرمەن دەرگاھىڭغە،
قەدەم مەن قويمادىم ھىچ بەندەلىكغە.
ئىشىم بولدى ھاۋاۋۇ نەپس شەيتان،
سالامەت بىرلە ئىلتىكىل نۇرى ئىمان.
قىلىپ دەھر ئىچرە مەن پىسىق پۇجۇرنى،
تاپالماي دەرگاھىڭدىن مەن قاچۇرنى.
ياراغىم يوقلوغى كىم ساڭا ئايان،
يۈرۈپ نەپس يولىدا نەپس شەيتان.
ھاۋاۋۇ نەپسىنىڭ ئەمرىنى تۇتقان،
ساپالىق يولىدا ھارامنى يۇتقان.
سېنىڭ ئەمرىڭنى تۇتماي ياشلىقدا،
بۇ ئۆمرۈم ئۆتكەرىپ مەن كاجلىقدا.
يىگىتلىك ئىشرىتى كەتتى قولۇمدىن،
قېرىلىق خەبەرى يەتتى ئۆلۈمدىن.
ئەجەلگە كەلسەلەر ھۆكمى ئىلاھى،
سېنىڭدىن ئۆزگە ھىچ يوقدۇر پاناھى.
ئامانەتنى ئالۇر بولساڭ بۇ تەندىن،
تىنىم ئايرىلغاي ئول شىرىن بۇ جاندىن.
بولماغىل ھەرگىز ئەجەلدىن بىخەبەر،
ھەر كۈنى گۆرسارىغا قىلغىل نەزەر.
ئول گۆرۈستان بىر كۈنى قىلغۇڭ سەپەر،
كۆپ خەتەرلەر بار ئۇنىڭدا قىل ھەزەر.

ئول قاراڭغۇ گۆردە ھەمراھ ئىستەگىل،
تۈنۈكۈن بىسيار تائەت ئىشلەگىل.
بولماغىل غەپلەتتە ئەندەك بىر زامان،
بولماغىل گۆر خەۋپىدىن ھەرگىز ئامان.
دايىما بول پىسىق ئىسياندىن يىراق،
بول ھەممىشە دامى شەيتاندىن يىراق.
بۇ جاھانى بىۋاپادۇر، بى مادار،
بىۋاپاغە قىلما ھەرگىز جان نىسار.
بولسە ھەر جان سارى ئەزرائىل راۋان،
تاپماغايلەر ھىچ جان ئاندىن ئامان.
ئاڭلاغىل بۇ سۆزنى سەن غېرىب بۆلەك،
چارە يوقتۇر جاننى بەرمەسدىن بۆلەك.
ئى غېرىب دۇنيانى يادىڭدىن چىقار،
ئاتەشى ئىشقىنى ئاھىڭدىن چىقار.
ئادەمى بىر سەيد دۇنيا دامدۇر،
ئول ئىلىنغان دامغە سەرسانىدۇر.
يەتسە بىركۈن جانىغە ھەقدىن قازا،
بولغاي ئول دامى بالاغە مۇپتىلا.
سەيد ئىلىنسا دامغە جاننى بىرۇر،
ئەقىل كەتكەي بولغاي ئول ئاندىن قىلۇر.
ھەر نىمە پانى دۇرۇر ئەسباب جاھان،
تۇتما كۆز مۇندىن ۋاپا ئەندەك زامان.
رەھىم قىل جانىڭغە ئى غېرىب بابا،
سالما تەنني ئاتەشي ئوتغە يانا.

ئەجەل كەلسە ئەزرائىل سېنىڭدىن،
ئاڭا مەئقۇل جاۋابىم يوق مېنىڭدىن.
بۇيۇن سۇنماي، ساڭا قىلماي ئىتائەت،
ئىبادەت قىلمادىم زەررە ئىبادەت.
ئەگەر ھەيبەت بىلە تۇرسە قاراپ ئول،
نە قىلغاي بۇ غېرىب ئول ھالدا مۇشكۈل.
ئەگەر سەن قىلماساڭ ئاسان يولۇمنى،
نە قىلغاي بۇ غېرىب جان ئاچچىغىنى.
ئىست ئۆمرۈم ئۆتتۈپ قىلماي ئىبادەت،
يولۇڭدا قىلمادىم بىر پۇل ساخاۋەت.
غازۇ - روزىنى تەرك ئەيلەدىمەن،
بۇ ئۆمرۈمنىڭ باھارىن ئۆتكەرىمەن.
پۇشايمانكىم نادامەت سود قىلماي،
ياقامنى مەن تۇتۇپ بىر تەۋبە قىلماي.
غېرىبدەك بولماغاي ئاسى قۇلۇڭدىن،
كى نەۋمىد قىلماغىل غەپپار ئېتىڭدىن.
يۈرۈپ بۇ نەپس ئۈچۈن ئاقسۇدا ھەيران،
مۇنى راست يولغە سالغىل سەنكى سۇبھان.
مۇرادى مەقسۇدى مەككە ئەزىمدۇر،
مۇرادىم بەرگۈچى رەھمان رەھىمدۇر.
ياراغىم يوقلۇغىمدىن كۆپ خىجالەت،
سېنى مەن تونۇماي قىلماي ئىبادەت.
قىيامەتدە نىچۈك كەچكەي بۇ ھالىم،
ئۈزۈڭ رەھىم ئەيلەگىل ئى بىرۇ بارىم.
باھارىم قىرىدى يەتتى خازانى،
يېتىپ كەلدى ئەجەلنىڭ تۇندى بادى.
باھارىم تىترەشۇرلار تەندە بادىن،
خازان بولماغلاغىم سارغارماغ ئاندىن.
باھارىم گۈللىرى ئېچىلدى كەتتى،
ئەجەلنىڭ بۇيى بۇ دىماقغە يەتتى.
پۇشايماندىن بۆلەك يوق مەندە ھاسىل،
سېنىڭ ئەمرىڭنى تۇتماي بولغاي جاھىل.
قىرىلىقتىن بۆلەك يوقتۇر نىيازىم،
قۇلۇمدا يوق يانا بىر باش پىيازىم.
ساقالىم ئاقى بولدى ساڭا تۆھپە،
قىرىغە رەھىمى قىلماق ساڭا ئۆرپە.

سېنىڭكى رەھمىتىڭ دەريا ئەزىمدۇر،
گۇناھنى ئۆتكەلى غەپپار ئېتىڭدۇر.
غېرىب دەرگاھىڭغە باشىنى قويدى،
نىيازىغە قىلىپ باشىنى قويدى.
قىلىپ ھەددىن يۇزۇن ئىسيان گۇناھنى،
نە يۈز بىرلە ساڭا ئۆزرە ئېيتارنى.
گۇناھىمدىن بەسى شەرمەندەدۇرمەن،
گۇناھ ئىسيان ئاراسى بەندەدۇرمەن.
نە بولغاي مەندە بولسا زەررە تائەت،
نە بولغاي مەندە بولسا بىر قانائەت.
قانائەت قىلمادىم بەرگەن ئېشىڭغە،
قىيامەتدە نە كەلگەي بۇ بېشىمغە.
ئەگەر سىن ئۆتمەسەڭ يارەب گۇناھىم،
سېنىڭدىن ئۆزگە يوق ئۆزگە پاناھىم.

× ×

باردۇر بىھەد ھاجاتىم ساڭا،
يوقتۇرۇر لايىق مۇناجاتىم ساڭا.
بۇ كۆڭۈل ئائىنەسى گەردۇ غۇبار،
مەرھەمەت قىل ئەمدى كۆڭلۈمدىن چىقار.
ئۇشبۇ ھەيرانلىق ئارا ئاۋارىمەن،
ئۇشبۇ دەردگە بى داۋا بىچارىمەن.
ھېچكىم بەرمەس بۇزۇ ئىپىمغە داۋا،
ئۆز خازانىڭدىن بۇ دەردىمغە شىپا.
ئىستەمەسىمەن دارۇسەندىن ئۆزگەدىن،
قويماغىل نەۋمىد ئەي ھادىيىمدىن.
بى دەۋا دەرد ئىچرە كۆپ دەرماندەمەن،
زەررەئى رەھمەتگە كۆپ ئارماندە مەن.
كەئبەئى مەقسەدنى قىلغىل سەن ئاتا،
كەئبەئى مدقسەد ماڭا بولغاي پانا.
مەندە يوقتۇر مەئسىيەتتىن ئۆزگە ئىش،
گەرچە ئۆتتى تۈنۈ كۈنۈ يازۇ - قىش.
غەرق بولدۇم مەئسىيەت دەرياسىدا،
بارچەلەرغە دەستگىرسەن ئى خۇدا.

× ×

نه قىلغايمەن غېرىب ئول روزى مەھشەر،
ئىشىم مۇشكۇل ئېرۇر تاڭلا ساراسەر.
غېرىبنه قىلماساڭ رەھمۇ ئىنايەت،
تاپالماس ھىچكىمدىن ھىچ ھىدايەت.
بۇ نامىم ئاقلاغىنى قىلماساڭ سەن،
قاچان بولغاي قارا بۇ نامە روشەن.
تامام نامىم قارا بولغان سيادەك،
ئۆزۈمدە ھىچ سەمەر يوق ئول چىناردەك.
ياتىپ هايۋانلاردەك قارنىم كۆ پارتىپ،
بۇ پىسقىنىڭ يۆكلارىن ئۆچام كۆتەرتىپ.
بارۇر يولدا نە قىلغايمەن هاراردىن،
يېتەلمەي تەلمۇرۇپ يوللار قاراردىن.
ئۇزۇقۇم يوقلىغىدىن ۋەھشىتىم كۆپ،
گۇناھ ئىسيان يۆكى تاغدەك ئېغىر كۆپ.
ئۈچام ئانچە يېغىردۇر سان - ساناقسىز،
ئۆتەلمەسمەن ئۇ يەردىن بىھساپسىز.
ھىسابىمنى ئالۇر بولساڭ غېرىبدىن،
جاۋابى بەرمىگى قاتتىغ بۇ ئىشدىن.
ھىسابىنى ئەگەر ئول قىلماسا ئاسان،
قاچان بەرگەي ھىساپ ئول ۋەقت هاراسان.
ئۆزۈم بىر ئاۋۇچ تۇپراق ئاجىزۇ ھەم،
جاۋاپنى بېرۈرگە ۋەھشىتىم غەم.
خۇداۋەندە كەرىما سەن رەھما،
گۇناهلار ئۆتكۈچى سەن پادىشاھا.
گۇناھىمدىن بەسى شەرمەندە بولدۇم،
كۇنە ئىسيانىنى قىلغان بەندە بولدۇم.

× ×

ئۆمرۈم ئۆتتى نەپسىنىڭ پەرماندا،
يوق ماڭا سەندىن بۆلەك بىر رەھمانا.
ئاخىرەتدىن مەندە بىر ئەندىشە يوق،
جۇزىيەھ رۇدى لوقدىن ئۆزگە پىشە يوق.
سورىسالار گۆر ئىچرە ئول ئىككى مەلەك،
يوقتۇر تۆھپەم يۈزقارالىقدىن بۆلەك.
قىلغانىم يوق تەڭرىنىڭ پەرمانىنى،
ئول ماڭا قايدىن قىلۇر ئىنئامىنى.
ئۆرتەدى جانىمنى دۇنيانىڭ غېمى،
كەلمەدى كۆڭلۈمگە ئۇقبانىڭ غېمى.
يوقتۇرۇر كۆڭلۈم ئارا سىدقو - ساپا،
كەچمەدى كۆڭلۈمگە دۇنيا بىۋاپا.
نە ئەجەپ شەرمەندە بولدۇم مەن غېرىب،
كەھرۋادەك ياتارمەن كۆپ ساغىرىپ.

× ×

بەندە بولسام مەن ئەگەر تۇتماي خۇدا پەرمانىنى،
مەن هالالنى يىمەيىن قوغلاپ هارامنى يىدىنى.
ئاتىمىش، يەتمىشكە يەتتىم بى هايا شەرمەندەمەن،
بولماغاي ئالەم يۈزىدە ئاسىئى بىر بەندەمەن.
بۇ قولۇمدىن كەتتى ياشلىق نە قىلاي،
قېرىغان چاغىم ئارا سەپەر قىلاي.
تاغدىن ئارتۇق كۆپ گۇناھىم بوينۇمە،
رەھمىتى دەريا ئەزىمدۇر شاھىمە.
ۋەھ ئەگەر رەھىم ئەتمىسە ئول زات پاك،

نه قىلاي مەن ئاسئى بىر مۇشت خاك.
غېرىب ئاسى گۇناھكار بولدى ھەيران،
مېنى مەھشەر كۈنىدە قىلما ۋەيران.
رەھىمدۇر رەھمەتىڭ ئاسى جاپى،
قىيامەت كۈنى بەرگىل شاھى ھادى.
سېنىڭ بەندەڭ دىسەم ئەمرىڭنى تۇتماي،
ھارامدىن يانمايىن ھالالنى يۇتماي.
ھىسابى ساللاردىم ئاتمىش ئۇچتىن ئۆتتى،
گۇناھىم سال ئىچىندە ھەددىن ئۆتتى.
جۇۋانلىقدا ئىبادەت قىلماغان قۇل،
گۇناھى بوينىدا بولغان ئىدى غول.
ئىلاھى ئاسى جاپىنىڭ پاناھى،
ئەگەر رەھىم ئەتمەسەڭ تاغدەك گۇناھى.
سېنىڭكى رەھمىتىڭ مەۋج ئۇرسا دەريا،
ئەگەر تاغدەك گۇناھ چۆشسە خەسچە گۇيا.
شاپائەتنى نېسىپ ئەتكىل رەسۇلدىن،
شاپائەت قىلماسا قاتتىغ كۈنۈمدىن.
مېنىڭ ھالىم نە بولغاي ئول كۈندە،
قىيامەت شىددەتى قاتتىغ كۈندە.
مېنى سەن قىلماغىل رەسۋا ئۇ كۈندە،
ئۈمىدىم كۆپ ئېرۇر سەندىن بۇ كۈندە.
كالامىڭ ۋەئدەئى لاقنەتۇمىن رەھمەتىللاھ،
غېرىبنى قىلماغىل كىم نائۈمىد يا ئىززەتۇللاھ
غېرىبنى تاشلاما ئىسيان ئىچىندە،
گۇناھىم كۆپ تولا ئىنسان ئىچىندە.
مېنى سەن قويماغىل بۇ دەشت ھەيران،
گۇناھىم ئەپۇ قىلغىل سەنكى رەھمان.
مۇرادىم بۇ غېرىب مەككە تاۋابى،
گۇناھىن ئەپۇ قىلغىل ئاسى جاپى.
بەھەققى ھۆرمەتى دوستۇڭ مۇھەممەد،
بەھەققى سەييىدى مەھمۇد ئەھمەد.
بەھەققى دوست يار سىددىق ئەكبەر،
ئىككىنچى ھەزرەتى رەزىيەللاھۇ ئۆمەر.
بەھەققى جامئۇل قۇرئان ئوسمان،
بەھەققى ھەزرەتى ئەلى شاھ مەردان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

غېرىبنى قىلماغىل نەۋمىد خۇدايا،
بۇ ئاسى قۇل ئېرۇرلار ئاسى گۇمراھ.

× ×

ئى قېرى قىلماي ھايا شەرمەندە بولدۇڭ ئاقىبەت،
قويماغاي ئاخىر ئەجەل ئىلىتكەي سېنى ھەي ئاقىبەت.
ئى غېرىبى قېرىدىڭكىم ئاخىرەتنى ياد قىل،
ئاخىرى غايىپ بۇلۇرسەن بۇ ھاياتىڭ شۈكرى قىل.
دەم غەنىيمەت بۇ ھاياتلىق ھەر كىشىگە بۇ جاھان،
ئۆمرى ئېرۇر ئۇشبۇ باھارىڭ ھەرنىچە ئاخىر زامان.
ئول دۇرۇدنى سەن ھەمىشە مۇستاپاغە تۆھپە قىل،
ماسىۋانى بۇ دىلىڭدىن ھەر زاماندە مەھۋە قىل.
ئاشىق ئەرسەڭ قىل بالاغە جان نىسار،
جان پىدا قىلغان كۆرەر دىدار يار.

× ×

خوش ئول بەختى سائادەتكىم ئاڭا بۇرۇتبەئى ئەئلا،
مۇيەسسەر ئەيلەت ئىيدپەزلى مۇپەززەلى يەكتا.
نېسىپ ئولسە جاھاندا كىمسە مۇنداغ شەرەپ ئاخىر،
يېتەلمەس كىمسەكىم ئالەمدە مۇنداغ دۆلتى ئۇزما.
تىلىمدۇر بۇ شەرەپ ھىرماندىن ۋا ھەسرەتا ھەردەم،
بۇ دۆلەتنىڭ تەمەننالىسىدا جانىم زىكرىدا شەۋقا.
قاچان بولغايكى ئول رۆزە سەرى مەن ئاسى جاپىغە،
يېتەي دەپ ئەزم باشىمنى قەدەم ئەيلەپ قويۇن ئاسا.
تەئەللۇق تەرك ئېتىپ يارى ئەلايىقدىن بولۇپ پارىخ،
دىلىمدىن مەھۋ ئېتىپ ھۇببى ۋەتەندىن زىنىنتى دۇنيا.
كېچىپ مۈلكۈ ۋەتەندىن ئايرىلىپ يارى دىيارىمدىن،
راۋان بولغايمە دەپ ئول يولغە كىم بولدى كۆزۈم گىريان دىلىم شەيدا.
بولۇپ ئاۋارە قەندى بەندى ئەسبابى تەئەللۇقدىن،
جۇنۇن ئەھلى مەسەللىك پۇيە ئۇرسام مەستىتۇي پەرۋا.
دىلىمدا قالمادى ئۈلكۈي ئارزۇسىدىن بۆلەك پىكرى.
دىماغىمدىن كېتىبدۇر رەۋزە تاۋاپىدىن بۆلەك سەۋدا.
كېچە ـ كۈندۈز تىنمايىن يېرل قەتئى ئېيتاردىن شەۋق ئولۇپ غالىپ،

كۆزۈمدىن ئىلگىرى ياشىم يۈگۈرتۈپ رەشكىدىن غەمدا.
قاچانكىم بارسام ئول مۈلكى بىھىشت ئايىن ئارا داخىل،
مۇقامىم بولسەكى ئەلا ماكانىم بولساكى بەتھا.
ئادايى ھىچ ئىتىپ سۈگرە مەدىنە سارى يۈزلەنسەم،
كۆرۈنسە كۆزۈمە پىردەۋسدەك تاغلار داكى سەھرا.

يىراقدىن رەۋزە كۆر دىگەچ كۆزۈمگە يەتسە ئول ياشىم،
كىتىپ ئۆزدىن يۈگۈرسام بەرق دەككىم پەست گاھ بالا.
قاچان بولسا مۇيەسسەر ئەرزۇ ھالىمنى بايان قىلسام،
ئەگەر رەھىم ئەيلەسە مەن ئاسى ئۈممەتكە رەسۇلۇللا.
گۇناھىدىن ئۆتۈپ قىلسە شاپائەت ئاسى بۇ قۇلغە،

سائادەتدۇر كىشىگە ئىككى ئالەم دۆلتى ئۇزما.
سىنىڭدەك ئۈممىتىم يوق دىسەلەر ئول ئەھمەدى مۇختار،
نە چارە ئەيلەگەي يۈزى قارا بۇ ئاسى گۇمرا.
قاچان يەتسەم كۆزۈمنە سۈرمە قىلسام تۇپراغىنى مەن،
مۇيەسسەر بولماسا تۇپراغىدىن بۇ كۆزلەرىمغە ئاھۇ ۋاۋەيلا.
يىتىشكەچ كەلسەم ئۆزگە توختاسام ئولدەم ئەدەب بىرلە،
سالام قىلسام دىبانكىم ئەسسالام ئى خۋاجەئى تاھا.
سەن ئول تەختى رىسالەت شاھىدۇر سەن ئەجەم، ئەرەپ ئىچرە،
تامامى ئەنبىيالار ئەردى خەيلى تابىئىڭ گويا.
ئەگەر زاتى شەرىپىڭ بولماسا بولماس ئىدى مەۋجۇد،
نە تۇققۇز گۇنبەزى گەردۇن نەيشە ئەرسەئى غەبرا.
مۇقەددەم دۇتبەلىكدىن ئەنبىيالار ئاخىرى بولدۇڭ،
مەقامىڭ غايەتى ئەئلالىقىدىن كەلدى ئەۋ ئەرنا.
ھەممە ئۈمرىنى جۇرموپىسىق پىئىل بەرگە سەرپ ئەتكەن،
ھەمىشە دىنى ئىسلامنى شەيتان غارەت ئەيلەگەن يەغما.

ھاۋاغا تابىئ ئولغان شەرئىڭ ئىچرە بولماغان سابىت،
تەرىقى سۈننىتىڭ تەبئىنى قىلماغان قەتئا.
نىكىم بىدئەت ئىدى مىنىڭدىن بىرسىنىڭ تۇتماغان تەركىن،
نىكىم ئەمرىڭ ئىدى مىڭدىن بىرىن كەلتۈرمىگەن بەرجا.
قارا يۈز بىرلە دەرگاھىڭغە بارسام قىلماغىل نەۋمىد،
كى بارماي نەيلايىن يوقتۇر جانابىڭدىن بۆلەك مەلجا.

زالالەت دەشتىدە سەرگەشتە بولغان ئۈممىتىڭدۇرمەن،
ھىدايەت قىل مىنى بۇ ۋادى ئىچرە قويماغىل تەنھا.
ھاۋاۋۇ نەپىس شەيتان زورى كۆپ قىلدى مىنى ئاجىز،
ھىمايەت قىلكى مەن مەغلۇپ، كۆپ غالىپ ئىرۇر ئەئدا.

www.uyghurkitap.com



بارىپ دەرگاھىڭگە مۇھتاج ھەرگىز يانماغاي مەھرۇم،
ئەگەر ئاسى ۋە گەر زاھىد ۋە گەر جاھىل گەر دانا.
ئەگەر جۇرم ئىسياندىن يوقتۇر ھەددۇ غايەتلىك،
ئىبرۇر لۇتپىڭغە قىلسە ئول بىر قەترە، بۇ دەريا.

ئەگەر مەن بىكە سىرىبخانىماتۇ بىناۋا دىلرىش،
كۆزۈم پۇرنەم، دىلىم پۇرغەم، غەرىبىولى سەرۇبىبا.
قىلىپ ئاجىزلىغىمغە رەھىمبەرەت قىلمە سالامىمنى،
ئەگەر رەد ئەيلەسەڭ مىنىڭ ۋاي يۈز مىڭ ئاھۇ ۋاۋەيلا.
سالام ئەيلەپ ئادا بۇ ئەرزۇ دادىمنى تامام ئىبتسام،
سۇڭ ئاندىن ئەيلەسەم قەسدى تاۋاپى رەۋزىئى ئەئلا.

قايۇ رەۋزەكى يەئنى پەخرى ئالەم مەرقەدى پاكى،
بۇ تۇپراغىڭغە ئاشىق قۇل ئىبرۇركىم ئەنبەرى سارا.
كۆرۈڭ ئول رەۋزە ئالىنى كى جەننەت ئەينى خىجالەتدىن،
قالىدۇر تا قىيامەت بەندەلەرغە گەنىچ چۈن ئەنقا.
چۇ بولسام رەۋزەگە داخىل قۇيۇندەك چەرخى ئۇرۇپ ئاندا،
تەرىقى رۇزەنى ئۆرگەنسە مەندىن ھاجىلار ئاندا.

جىگەر قانىن ئىككى كۆز جۇيىدىن ئانداغ ئاقۇزسامكىم،
ئۇنىڭدا غەرق ئولۇر داۋھىمى ئىبىتىپ ئەبىر ئۆلسە ناپەيدا.
نىچە مىڭ قىلسام ئانى بۇ سۆپەت تاباردۇر ئىمكانىم،
ئەدەب تەركىگە قورقۇب بولسە ئولدەم توختاسام ئەمما.
يەنە قىلسام زەبانى ھال ئىلەدۇر بۇ ھاجىتىم نى ئەرز،
دىبانىكىم ئەلغىياس ئى سەرۋەرى دۇنيا ۋە ھەم ئۇقبا.
بىھىشت ئايىن دىيارىڭ ئىچرە بىر ناپاك ئىتىڭ بارسا،
يوق ئىت بەلكىم ئىتىڭنىڭ ئىتلارىدىن كەمتەردىن رەسۋا.
نىتەي ئالى جاناپىڭدىن بۆلەك پۇشتى پاناھىم يوق،
ئەگەرسەن قوغلاساڭ مەن ئەمدى قايدا بارغامەن ئايا.
تەرەھھۇم ئەيلەگىلكىم رەھمەتەن لىلئالەمىن دۇرسەن،
ماڭا بەرگىل مەدىنەڭ گىردى ئەتراپىدا بىر قەبرا.
مەدىنەڭدە بولۇپ ساكىن بولاي تاكىم ھاياتىم بار،

كى بىر كۈن بولمايىن رەۋزەڭ تاۋاپىدىن خالىئى ئەسلا.
ئەجەل پەيكى قاچانكىم يەتسە ئول دەرگاھدا جان بەرسەم،
كى بولسا دەپنىگاھىم ئول زەمنى پاك پەيىز ئەپزا.
بۇ ئەرز ئىزھارىدا يوق ئىختىيارىم يارەسۇلىللاھ،
ۋەگەر نەمەندە بۇ گۇستاخلىق يوق مەندە نەھەد بارا.
تامام ئىبتسام بۇ ئەرزىمنى قەبۇل ئەتسە ماڭا رەھىي،

نه دۆلەتدۇر مۇيەسسەر بولسە مۇنداغ مەقسەدى ئەقسا.
مېنىڭ بۇ ھاجىتىمنى قىل راۋا ياقازىيەلھاجات،
بە ھەققى زاتى پاكىڭ كىم ئېرۇر بى مىسلۇبى ھەمتا.
بەپەررى كۇرسىيۇ، لەۋھۇ، قەلەم ئەرشى ئەزىمۇلقەدىر،
بەنۇرى كەئبەئى ئەزەم، بە پەيزى مەسجىدى ئەقسا.
رۇسۇللار ھۆرمەتىدىن ھەم خۇسۇسەن ئول ھەبىبىڭ كىم،
ئېرۇر رەئنا، گۇلى خۇشرەڭ كى بۇيى گۇلشەنى ئەسرا.
چىقىپ شەھيار دىياردىن كېلىپ ئاقسۇ دىيارىغە،
ئۆتەلمەي رەۋزەئى سارى غېرىبدەك ئاسى قۇل قايدا.
يېتەي دەرمەن، يېتەلمەي نەپس بەد شۇمنىڭ ھاۋاسىدىن،
تەئەللۇق شۇغلىدىن مەندەك ئۆزۇلمەي بارمۇدۇر مۇندا.
بىلىڭكىم تالىئىمنى مەن بارۇر يولنى يېتۇرگەننى،
غېرىبدەك بولماغايلار قارا دىل مەندەك ئەقىل كوتا.
مۇنىكىم ئازغۇرۇپ شەيتان بىلىڭكىم شەرمىسار قىلدى،
بۇ ئاقسۇ شەھرىدە بول ھاجىلاركىم ئەيلەدى رەسۋا.
ئەگەر شېئىر ئەيلەسەم مىڭدىن بىرىن بۇ دەردۇ ھالىمنى،
قاچان بولغاي ئادا بۇ دەردۇ ھالىم قېرىغان چاغدا.
پەلەكنىڭ كەسرەتىدىن تالىئىم يانغاننى پەھىم ئەتكىل،
ئۇلۇسنىڭ ئەھلىدە يوقتۇر مېنىڭدەك ئاسىئى گۇمراھ.
مۇرادى مەقسەدىغە بول يېتەلمەي ئاسى شۇم بولدى،
نادامەت ھەسرەت ئەيلەپ ئاھ دەرىغا، ئاھ دەرىغا.
ئېتامەن ئەستەغپۇرۇللاھ، بى ئەمەل سۆزكىم دىدىم،
ئول خاتۇندىن ئىستەدىم ئاخىر بۇلۇبدۇر بىر بالا.
قىلمادىمەن ياشلىقدا ئاخىرەت جابدۇغىنى،
نى نامازۇ روزە جۇز پەرزدىن خەيرۇلجەزا.
مەن سىتەم قىلدىم ئۆزۇمگە سۇننىتىنى تەرك ئېتىپ،
كېچەلەر بىدار بولغاچ پۇتلارى بولدى قاپا.
ئەمىر قىلدى قىل ئەمەل دەپ قىلمادىم ياخشى ئەمەل،
ئىستىقامەت قىلمادىم قولۇمدا يوقدۇر ھىچ يانا.
يا ئىلاھى بۇ مېنىڭ ھالىم سېنىڭ دەرگاھىڭغەدۇر مەئلۇم،
ئېرۇرسەن كىردىگارا ئالىمۇلئەسرار ۋەلئەخپا.
غېرىبى بولماغىل نەۋمىد ئەمما بول ئەدەپ بىرلە،
نەھەدىسەن رۇسياھ ھەددىڭدىن ئارتۇق سۆزلا مارەئۋا.
تا، شەھەر ئاقسۇغە كەلدىم ساكىن ئولدۇم شەھەر ئارا،
ئولتۇرۇپ پايى پانادەك يەر تۇتۇپ ئاقسۇ ئارا.
مەن كۆرەرمەن ئەلنى، ئەل كۆرمەس مېنى بۇدۇر ئەجەپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇن مەسەلە لىك ياشۇرۇپ يالغۇز «ئەلىپ» دەك خەلق ئارا.
چاھار ئۇنسۇردەك مېنىڭ جانىمغە بولدى پانى باغ،
جانىم ئول قۇشكىم ئۇچالماي تەلپىنۇر بۇ شەھىر ئارا.
ھەمنەپەس يارى مۇۋاپىق غەيىر يوق كىم بىر چىراغ،
سۇ ياغدۇر كۆيگەلى قويماس پەتىلە ئۆي ئارا.

× ×

بى ۋەتەن بولدۇڭ جاھاندا خانىماندىن ئايرىلىپ،
ئاقسۇ شەھرىگە كېلىپ بارماي قالىپ سەن ئايرىلىپ.
نە ئىلاجدۇر غېرىبغە، تەقدىرىغە چارە يوق،
بۇ ئەزەل تەقدىر پۈتۈلگەن تارتماقىغە چارە يوق.
ئىستەسەڭ خەمدىن قۇتۇلماق ئى غېرىپ،
تۈنۈكۈن ۋەيراندا بولغىل ساغىرىپ.
بول مۇقۇم ۋەيرانىدە شامۇ سەھەر،
مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادىلەر.

× ×

ئۆزۈڭگە پىشە قىل ۋەيرانلىكنى،
كى ئاندىن ئال مۇساپىر ھەيرانلىكنى.
ئىختىلاپ قىل سۆھبەتى ناجىنسدىن قىل ئىختىلاپ،
ۋاي شەھبازىكى تۆشكەي بىر گورۇھى زاغ ئارا.
ئاقىلۇ غاپىل ئەگەر سۆرەتدە بىر سۆز مۇختەلىپ،
ئۇيقۇلىق بىرلە نەپەسدە پەرق ئېرۇر ئويغاق ئارا.
تالئىمىكىم تەرەۋۇ ئەھىل دۇنيانىڭ ئىچىدە چۆرۈلۈر،
تامئ ئول يەلدۇر چىقالماي چۆرۈلۈر قۇرساق ئارا.
ئەھلى ئىمان ھىرزدئ ئىمانغە يەتمەسلەر پۈتۈھ،
نەچچە يىل قالغاي قىزىل ئالتۇن قارا تۇپراغ ئارا.
ئاقلا خەلقى جاھان بىھۇدە سۆزلەر ئەيىپ ئەمەس،
كۆپ تاپاۋەتدۇر كۆرۈڭ سەھرا بىلە شەھەر ئارا.
تا سۇرە يادىن سەرا خەيرى ھەق مەنزۇر ئەمەس،
كۆزنى روشەن قىلدى ئولكىم سۇرمەئى مازاغ ئارا.
زىھنىم ئولدى سىرىپ سەراپ سۇخەن قەدرىم بىلۇر،
سۆزدۇرى بۇ دۇرغە نىسبەت دۇر بىلە يارماغ ئارا.
ھەم ياشىم ئاتمىش ئولۇم يەتمىش دەرىخا كەتتى ئۆمرى

ياشنى غەپلەتتە ئۆتكەردىم قىرىغان چاغ ئارا.
دوستلار شەھيار ئىچىدە ئول مۇيەسسەر بولماغاچ،
لالە يەگلىغ بولدى سەھرايى ئەسرى غەم ئارا.
بول مۇساپىر گۇشە تۇتمىش بىر بۇزۇغ ۋەيرانەدا،
يوقتۇر مۇنداغ ئەھلى دەۋلەت ئالىمى پانى ئارا.
كىم قانائەت گۇشەسىنى تۇتسە بىغەم ئولغۇسى،
تارتماس پەرۋا ئەگەر كەتسە بۇ ئوت ۋەيران ئارا.
تاپقاننى يەر، نە يەر خۋاھىش ئەتسە ئولتۇرۇر.
بى تەكەللۇپ ياتقۇسى كەچ بولسا بۇ ۋەيران ئارا.
يوق ئىشى ئەلنىڭ ئۇنىڭ بىرلە ئۇنىڭ ئول ئەل بىلە،
سەيرى ئەيلارگە دەشت ئىچرە گىھى بوستان ئارا.
كىمكى دۇنياغا مۇقەييەد بولسە غەمگە چۆكتى ئول،
بىر نەپەس ئارام ئالالماس قىس، تابىستان ئارا.
ئىلىم ئىلكىگە مەدرىسە ۋەھمى بىلە سورۇن غىمى،
نەزرەنىڭ ئۇممدى شەيخۇ خەلپەۋۇ ئىشان ئارا.
ئەھلى مەنسەپ ئىچرە مەنسەپ ۋەھمىشتىدۇر روزشەب،
مۇلكۇ كىشۇۋەر پىكرى دۇر دايىم ھاكىم سۇلتان ئارا.
بائىسى تەشۋىش غەمدۇر ھىرسۇ مالۇ مۇلكۇ جاھ،
نى تالاش ئەردى دىگىل كىم خۋاجەلار، خاقان ئارا.
ھاسىل ئولكىم كۆرمىدىم ئالەمدە بىر غەمسىز كىشى،
مەردۇزەن خۇردۇ كالان زىرەكۇ نادانلار ئارا.
ھەر كىشىنىڭ غىمى بار غەمسىز كىشىنى تاپمادىم،
دۇپتىلادۇر دەردۇ غەمگە ھەر كىشى ئاي يىل ئارا.
پاندۇر ئالەم ۋەلى ئۆمرىدە يوق ھەم ئىئتىماد،
دوستلار بىھۇدە مىھنەت چەكمە بۇ دەۋران ئارا.

× ×

ئىستىسەڭ بولماقنى ياد ئاللا بىلەن،
قىلغاسەن ھەرئىشنى بىسمىللا بىلەن.
مۇستاپانى ھەركىشى ياد ئەيلەمەس،
ئول كىشىنى تەڭرى ئازاد ئەيلەمەس.
قىلماسا ھەر كىم مۇھەممەدنى رىزا،
ئول كىشىدىن تەڭرى ھەم ئەرمەس رىزا.
مۇستاپانى بىزگە رەھبەر ئەيلەدى،
لەززەتى دۇرۇدنى بۇنياد ئەيلەدى.
بارچىلارنىڭ دىن ئۆيىن ئاباد قىل،
مۇستاپانىڭ ھەققىدىن غىرىبنى سەن ئازادقىل.
يوق ساڭا تۆھپەم مۇھەممەددىن بۆلەك،
تۆھپە يوق ئىيتقان دۇرۇدۇمدىن بۆلەك.
سەن ئەگەر رەھىم ئەتمەسەڭ ئى زاتى پاك،
مەن نىچۇك خوشنۇد ئىتەي بىر مۇشتى خاك.

× ×

ئى تۇشۇپ ھۆسنۈڭ زەھۇرى ھەممە ئالەمغە غىزا،
يەتكۇزۇپ ئاتىڭنى ھەردەم ئالەم ئىچرە كۆپ سارا.
ئى تۇشۇپ ھۆسنۈڭ زەھۇرى شەمئى بىرلە كولغە نۇر،
يىزقىسە كىم غوغا ئىرۇر پەرۋانەۋۇ بۇلبۇل ئارا.
يارەسۇلىللاھ جامالىڭ مەزھەرى سۇلتان ھەسەن،
ئۇممەتىڭنىڭ ئاراسىدا كۆرمەكىگە ماجەرا.
جۇملە سەرگەردان ئىرۇر ئىزدەپ سىنى تاپماق ئۇچۇن،
ھەر كىشى باردۇر غەرەز ئەتسە تاۋاپ ئۇممەت ئارا.
كەئبە ئىچرە زاھىدۇ بۇتخانە ئىچرە بۇت پەرەست،
شۇر سالمىش سەن ئەجەپ مەردۇد ئىلە مەقبۇل ئارا.
ئى تاپىپ رۇھىڭ پۇرۇغى بىرلە ئەل راھىغە يول،
ۋاسلى دەرگاھ ئولۇپ شەرئىڭغە قىلغان ئىقتىدا.
ئول ئەلۇمى مەرتىبەكىم سەندە باردۇر كىمدە بار،
سەندىن ئۆزگە كىم دۇرۇركىم بولدۇڭ ئول مەھبۇپ خۇدا.
بولماساڭ سەن تاپماس ئەردى ئالەمۇ ئادەم ۋۇجۇد،
گۇئيا ئالەم خەبەردۇر جۇملە ئەسەن مۇپتەدا.
مۆئجىزاتىڭ ھەددىن ئارتۇق داغى ھەم كۆپدۇر يانا،
نەئت ئەلقابىڭغە كەلگەن ۋۇھى ئاياتۇ نەدا.
ئاپتابى ئارىزىڭ شەرھىنى ئەيلەر ۋەز - زۇھا،
سۈرەئى ۋەللەيل زۇلپۇڭ ۋەسپىنى ئەيلەر ئادا.
گەرچە خەتىم ئولدى رىسالەت زاھىرەن سەندە نەبى،
پىلھەقىقەت ھەمبە پەيغەمبەرغە دۇرسەن ئىپتىدا.
ئۇممەتىڭ سىلكىگە كىرگەنلەرغە دۇرسەن رەھنامە.
لايىقى دەۋزەخ ئىرۇركىم ھەركىشى سەندىن جۇدا.
يارەسۇلىللاھ مىنى دەرگاھ مەردۇد ئەتماگىل،
شەيئەللاھ دەپ شاپائەتىڭ تىلەپ چەكتىم سادا.
ئاسى قۇلنى قىل خۇدا ياساكىنى بەيتۇلھەرەم،
تاقىتى يىزقتۇر مۇنىڭ تۇرماقىغا بۇ دىيار ئارا.
يارەسۇلىللاھ كۇشايىش ئەيلەگىل يولۇمنى سەن،
قالماغاي دەشتى قۇيۇندەك سارۇلۇپ دەشت ئارا.
ئاسىئى ئۇممەت غىرىبنى ۋەسلىڭە يەتكۇرمىسەڭ،
ھۇلۇشۇپ ئىتغە ئوخشا ھەسرەتدە قالغاي يول ئارا.
ئون بالام شايادا قالمىش داغى ھىجران غەم بىلە،
بى پەدەر قالدى ھىجران داغى ھىجران غەم ئارا.

ئەلۋىدا ئەيلەپ چىقىپ مەن قېرىنداشلار بىلەن،
ھەسرەتا ۋاۋەيلە تا دەپ قا لدىلەر مېھنەت ئارا.
بول جۇدالىق سازىنى قىلدى پەلەك ھەريان ئۇزۇپ،
ئەيلەدى دۇنيادا بىر بىردىن ئۇزۇپ قىلدى جۇدا.
ئىشنى قىلساڭ ياخشى قىل ئاسان راۋانراق يولغە كىر،
كەئىبەنىڭ كى يولدا سەن قالماغىل ھىجران ئارا.
يول ساڭا بولسا مۇيەسسەر جاننى قۇربان ئەيلەگىل،
غەيرىدىن كۆڭلۈڭنى مەھۋە ئەت بولماغىل ھەرگىز جۇدا.
مەقسەدى ئەسلىغە يەتكۈرگىل غېرىبۇ خەستەنى،
مۇستاپا ھەققى رەھىما قويمە بول ئەجەم ئارا.
ئام ئېرۇر لۇتپۇڭ ھەمە ئۇمىدەتكە ھەم يارەببەنا،
قالماغاي مەھرۇم شايەد ئاسي دەۋلەتدەك گادا.
دەۋلەتى غەم دەشتدە بولدى يۈزى سارىغ زەلىل،
يەتكۈرۈر مەقسەد سەرىغە رەنج چەككەي يول ئارا.
ئى غېرىبى قېرىدىڭ دۇنيانى تەرك ئەتكىل بۇدەم،
دەم غەنىمەتدۇر كىشىگە يۈرەگى بۇ پانى ئارا.
يوقتۇرۇر بۇيى ۋاپا بۇ چەرخ كەجرەپتارىدا،
مېھىر شەپقەتدىن ئەسەر يوق ئالەمى غەددار ئارا.
قايسى شەمشەدىكى بۇ مەھپەل دا ئۇچماي قالمادى،
قايسى گۈلدۈركىم تۈكۈلمەي قالدى بۇ گۈلزار ئارا.
قايسى خۇشلۇقدۇركى غەم خەيلىغە پامال ئولمادى،
قايسى ئۇسرۇكلۈك ئىرۇركىم قالمادى خۇمار ئارا.
قايسى دەۋلەت دۇركى مېھنەتگە مۇبەددەل بولمادى،
قايسى ئىقبالى دۇرۇركىم قالمادى ئىدبار ئارا.
قايسى ۋەسلدۇركى يەتمابدۇر ئاڭا ئاسىبى ھىجىر،
قايسى كۈلكۈدۈركى قالمابدۇر يىغانۇ زار ئارا.

× ×

باغۇ-بوستاننى تاماشا ئەيلەگىل،
قايسى قالدى بۇ جاھاندا نەيلەگىل.
قايسى ۋەسلىغە يېتىبدۇر بۇ جاھان،
ئول تەپەككۇر ئەيلەگىل قىل ئىمتىھان.
ئاشىق ئول پەرھاد بىلە مەجنۇن قېنى؟
ۋامىقۇ ئۇزرا بىلە يۇسۇپ قېنى؟
ئى غېرىبى يىغلاغىل ھۇشيار بول،
دەم غەنىمەت بۇ جاھان تەييار بول.

ئى غېرىبا ئۆتتى ئۆمرۈڭ بىخەبەر،
يادىقىل ئاللاھنى سەن شامۇ سەھەر.
مەن نىچۇك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادىلار،
قايسى بىر غەمدىن بولاي ئازادىلار.
گەر بالا يوللاردە كۆرسەڭ ھەرتەرەپ،
مەرھابا دەپ يولغە كىرگىل ئول تەرەپ.
ھەر نەپەس ھۇشيار بول غېرىب غۇلام،
ئىبتىدە ئىبتىساڭ تۈگۈمەس دەردىڭ تامام.

www.uyghurkitap.com



× ×

قايىسى بەرگى ئۆمىر ئېرۇركىم سەرسەرى توندى نەجەل،
تۆكمەيىن قويمىش ئونيوبى باقا گۆلزار ئارا.
قايىسى ئادەم قالدى بۇ دۇنيا ئىچىدە ئول ھايات،
ئاخىرى ھەسرەت بىلە ئۆچ قات كىپەنلەر بوز ئارا.
قايىسى قالدى ھاكىمۇ سولتانلاردىن بىر كىشى،
ئاقىبەت باردى بۇلاركىم ئول قارا تۇپراق ئارا.
ئالى مەنسەپ ئىشكاغە يا غەزنىچى يا شاڭ بېگى،
دەھرىدىن قالماي ئۆتۈبدۇر ياتتىلار تۇپراق ئارا.
قايىسى قالدى قازى بەگدىن ھەم مىراپ ھەم دوپ بېگى،
جوغلاشىپ ياتمىش بۇلاركىم ئول قاراڭغۇ گۆر ئارا.
ئۆتتىلەر دىۋان بېگلەر قالمايىن بۇ پاندىن،
شۇنچەلىك ئۆمرىنە مەغرۇر بولماڭىز پانى ئارا.
ئولماڭ زاھىدمۇ كەتتى ھەسرەت ئەيلەپ دەرد بىلەن،
كۆرمىدى ھەرگىز ۋاپانى ئادەمۇ ئىنسان ئارا.
قايىسى قالدى قېرى ياش پىرۇ جوۋانلاردىن يەنە،
ھەممەنىڭكى سىنەسىنى يەرگە چالدى يەر ئارا.
قازى ئەئلەم مۇپتىلاردىن نەچچەسى ھەم بەچچەسى،
مۇندا قالغان نەچچەسى كۆپ نالە ئەيلەپ دەرد ئارا.
مىرزا پاڭدىن ئۆتتىلەركىم نەچچە مىرزا سانسىز،
بالاۋۇ پەرزەندلارى تۇپراق ساچىپ باشىغە ئول تۇپراق ئارا.
شۇنچەلىك دۇنياغە مەغرۇر بولماڭىز ئى ئادەمى،
دۇنيادا غەمسىز كىشى يوق ھەممەسى بۇ غەم ئارا.
بەلكى تۈش كۆرگەنگە ئوخشاش بۇ جاھاننىڭ لەززىتى،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە بىلگىل ئۆمرىنى بۇ دەھر ئارا.
سەن غەنىمەت بىل باھارىڭ ئۆمرىنى ئى دۆلتى،
يوقدۇرۇر قاشىڭدا ئويغانغان زاماندەك تۈش ئارا.

× ×

ئى قېرى سەن پىكىر قىل ئۆشبۇ جاھان،
بولماغاي دۇنيا تەلەب ھەرگىز ئامان.
ئاقىبەت دۇنيا تەلەب مەھرۇم قىلۇر،
ۋاي ئول دۇنيا تەلەب مۇنداغ بولۇر.
پىتنەدۇر ئاخىر زاماندا مال ساڭا،
غۇسسە بىرلە غەم دۇرۇر پۇلۇڭ ساڭا.
نى غېرىبى پىتنە دۇنيادىن تۇغار،
تەرك قىل دۇنيانى كۆڭلۈڭدىن چىقار.
دوست ئەردى دۇنيا دوست ئەمەس ئىكەن،
دوستلىقى پاسسىدۇ باتىل ئىكەن.

ئەهلى ۋاپادەك كۆرۈنۈر ئەردى ماڭا،
جەۋرى جاپا بابىدا كامىل ئىكەن.
ئىلىم ئىلى يەڭلىغ ئىدى تەرزى ۋەلى،
خىلقەتى ئەسلىسىدە جاھىل ئىكەن.
ئادەمىيانە كۆرۈنۈر ئەردى ئول،
ئەزلى سۈرىتى ئۇنىڭ مىيانە ئىكەن.
ئالداپ ئالۇر كۆڭۈلنى غەمزە بىلە،
تەھتى ئۇنىڭ غەمزىسى لۇلى ئىكەن.
كىمنى كۆرسە غەمزە بىلەن كۆڭلىن ئېلىپ،
ئاخىر ئۇنىڭ جۇدالىغى بەد ۋاپا ئىكەن.
زاھىرى گويا ئەسەلدەك ئۇلۇپ،
باتىنى گويا زەھەر ھىلاھىل ئىكەن.
گەرچە ئېرۇر سۈرىتى ئىنسان ناما،
دىۋە كەبى سىيرەتى ھايىل ئىكەن.
باقسە ئاڭا قىز كۆرۈنۈر كۆزگە ئول،
بىر كۆرۈنۈپ قولىغە كەلمەس ئول مەككار
ئىكەن.
نەچچە ئىنسان ئارقىسىدا ئەرگەشىپ،
ئاخىرى ئۇنى دەرد ئەلەمگە سالۇر ئىكەن.
ئاخشىمى بىر كۆرۈنۈپ ئەرتىسى يوق،
كۈندۈزى قوغلاپ ئۇنى پەندۇۋ خۋار ئىكەن.
دۇنيادا بىر كىشىگە قىلمادى ۋاپا،
ھەر كىشىنى ئازغۇرۇپ ئول ئەييار ئىكەن.

ئىبنى ھەنىق ئاڭا نىسبەت قىلىپ،
باقسە ئەگەر ساپدىل ئاقىل ئىكەن.
سىرەتىگە باقسە ئۇنىڭ گاۋمىش،
سۈرەتى ئىنسانغە شامىل ئىكەن.
بىلمەي ئۇنى دوست قىلىپ مەن گۇمان،
بولدى ئايان دۇشمەنلىگى ئاتىل ئىكەن.
ئانچە قىلىپ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈپ،
ئۆمرىنى پەند بىلە ئۆتكەرگەن ئىكەن.
تۇتما غېرىپ دوست دۇنيانى ھامان،
ئاقىبەت چاھىغە ئۇنى سالدۇرۇر ئىكەن.

× ×

بارچىلار ئول پۈل سەرى بولدى راۋان،
شاھ ئولسا ئەتدە قىلغاي ئىمتىھان.
سىم، زەرلەرغە يىگۈرگەن بولغاي خۋار،
ھەم يەنە دەرگاھى شاھدا شەرمىسار.
قىل غىزا رىزقىڭغە غەمدىن ئى قېرى،
قىل رىزا تەگرىغە بول ئاندىن نېرى.
ئىت ئەگەر دايىم قانائەتتە ياتۇر،
گەرچە تەڭلىك بولسىمۇ راھەتتەدۇر.
ئول ئېرۇرلار ئىككى ئالەمدىن غېنى،
رەھمەتىڭدىن قويماغىل نەۋمىد مېنى.

× ×

ھەرنە ئۆتكەن سۆزلىرەمنى چىن دىسەم يالغان ئېرۇر،
چىن بۇ دۇركىم تائەت ئەيلەپ ئۆمرىنى ئۆتكۈرگەن ئېرۇر.
چۈن يىنىكراقدۇر ھىساپ قىلغاندا سۇلتاندىن گادا،
ھەيىپ ئۆتكەن ئۆمرغە بىر بولدىمۇ غەپلەت ئېرۇر.
جاھ مەنسەپ ئىستەدىم ياشلىقدا ئۆمرۈم ئۆتكۈرۈپ،
قېرىغان چاغىمدا قىلغان تائەتىم نابۇد ئېرۇر.
ئى قېرى سەن ۋاقىپ ئول نائەھلىدىن بولغىل يىراق،
كەچتى ئۆمرۈڭ نەقدى غەپلەت بىرلە نادانلىق ئېرۇر.
ئى مۇسۇلمانلار بىلىڭلار بولدى ئۆمرۈم ئاخىرى،
نەپىس كاپىر پىتنەسىدىن نامۇسۇلمانلىق ئېرۇر.

www.uyghurkitap.com



ئۆتتى ئۆمرۈم پىسىق بىرلە ياشلىغىنىڭ ئەسرىدە،
قالغانى سەرپ ئولدى ئەمدى بۇ پۇشايمانلىق ئىرۇر.
جانغە بىر دىشۋارلىق كەلسە ئۆلۈمنىڭ ۋەھمىدىن،
نە قىلاي سەرپ ئولدى ئۆمرۈم بۇ نە ھەيرانلىق ئىرۇر.
باغلاسام مەھكەم بىلىمنى كەئبەئى مەككە سەرى،
جان پىدا قىلسام غىرىبكىم كەئبەئى رەھمان ئىرۇر.

× ×

تەزە - رۇ بىرلە يۈز قويغانغە بەرگەيلەر ئارمان ئاندا،
تۆمەن ئول ئەرزى ئىيتىپ تاپقاي مۇرادىن ھەر زامان ئاندا.
نەھۆكمىكىم يىتەر ئاندىن ئەمەسدۇر زولم ئەدل ئولدۇر،
نىدىنكىم ھىچ ئىش ماھىيەتى ئەرمەس ناھان ئاندا.
دەرەم يوقدۇر دىبان قايتما ئۇنىڭدىنكىم ۋاپاسى بار،
ئۆزى رەززاق غىنىدۇر يەتكۈرۈر پۇلنى ساگا ئاندا.
يامانلارنىڭ ياماندۇر غىرىبغە بولمىسا لۇتپى،
بۇ ئاسى سىياھ ھالى ياماندۇر بىگۇمان ئاندا.

× ×

جاھۇ مەنسەپ ئىستەگەن ھەيران بولۇر،
ماگا ئوخشە خانىمان ۋەيران بولۇر.
نەپس شۇمنىڭ سۆزىگە كىرگەن كىشى،
ئۆمرى زايە ئۆتكۈزۈر يازۇ - قىشى.
ئۆتكۈرۈپ ئۆمرۈمنى مەن ھەم قىش - ياز،
قىلمادىم تۆھپە ئاگا بىر باش پىياز.
قىرىدىم ئەمدى پۇشايماندىن نەسۇد،
نەپسى كاپىر پىتنەسى قىلدى جەھۇد.

بولماغىل دۇنياغە مەغرۇرئى غىرىپ،
ئۆمر زايە ئۆتكۈزۈر دۇنيا پىرىپ.
كىيا نى ئۆتكەزمەدى پەندى بىلەن،
ئاخىر ئول ئۆتكەن ئىرۇر رەنجى بىلەن.
قىلمادىڭ نەزرۇ نىياز يولغە سەن،
بولسە بىر پۇل كۆرۈنۇر ئوتدەككى سەن.
ئى غىرىب سەن بولماغىل زەر پىكرىدە،
ئەرتە ئاخشام قىل تىلىڭنى زىكرىدە.

× ×

ئىكى دۇنيا جەمئ قىلماغلىق ئىرۇر ئادەت ساگا،
كەلتۈرۈر دۇنيا ھەمىشە مىھنەتۇ كۈلپەت ساگا.
دايىما پىكىر ئالايىق بىرلە يوق ئاسايىشلىك،
يوق خۇدا يولغە بىر پۇل بەرگەلى تاقەت ساگا.
بولسە بىر پۇل نەپئى جان تاپقان ئۆلۈكدەك شادسەن،

كەتسە بىر پۇل ساڭا تەككەي بۇ ئۆلۈمدىن سەئىب راك كۈلپەت ساڭا.
يوق ساڭا بۇ پىكىر ئىلە ئارام ئالماقتا ماجال،
يوق بۇ سەۋدا بىرلە تائەت قىلغالى پۇرسەت ساڭا.
كەچكۈسى ئۆمرۈڭ جاھاننىڭ لەززەتىنى بىلمەيسىن،
سىم، زەر پىكرىدە بولدۇڭ ھىچ پاراغەت يوق ساڭا.
ئىلگىرى ئۆتكەنلارنى يادىڭغە كەلتۈرگىل مۇدام،
ھاسىلى تەككەي ئۆلۈم تەندە ئامانەتدۇر ساڭا.
ناكىھانكىم ئەيلەگۈڭ دارۇلباقا سارى خەرام،
قالغۇسى دۇنيا بارۇر ھەمراھ غەمۇ ھەسرەت ساڭا.
ئاندا باشىڭغە كېلۇر ئەھۋالنى سەن بىلمادىڭ،
مۇنچەلىك بىلگىلكى يۈزلەنگەي بەسى شىددەت ساڭا.
ئول زامان قىلغان پۇشايمان نادامەتدىن نەسۇد،
يەتكۈسى غەم ئۈزرە غەم دەردۇ ئەلەم كۈلپەت ساڭا.
ئىشى قىل بەيتۇلھەرەمنىڭ يولىغە قىلغىل سەپەر،
ئول سەپەر يار ئولسە باردۇر ھەر زامان رەھمەت ساڭا.
ئەزم قىلماسدىن جاھاندا ئەيلەگىل دۇنيانى تەرك،
ئۆلكى بولسە ئەقىل ھوشۇ ھىممەتۇ جۇرئەت ساڭا.
قالماغىل ئۇشبۇ شەھەردە دائىما پىكرەت بىلەن،
بەندە بولساڭ ئۈممەتى بول ھىممەتى كېرەك ساڭا.
تاپماساڭ تەۋپىق قىلغىل ھەق تائالادىن تىلەپ،
تائەتا قىلغاي ساڭا تەۋپىقنى قۇدرەت ساڭا.
دەھرنىڭ سۇلتانى بولساڭمۇ كېتەرسەن ئاقىبەت،
بىر ۋاپا قىلماس جاھاندا كەلتۈرۈر كۈلپەت ساڭا.
پەقرۇ ئىلە تەجرىد ھاسىل ئەتسەڭ ھەق لۇتپ ئىتىپ،
ھەر ئىككى ئالەمدە يۈزلەنگەي بەسى راھەت ساڭا.
ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيالارنىڭ تەرىقى ئۇشبۇدۇر،
قايدا دۇرئى بىخەبەر مۇنداغ ئۇلۇغ دەۋلەت ساڭا.
ئى غېرىبى ھەق بېرىپ تەۋپىق دۇنيا شوغلىنى،
تاشلاساڭ رەھمەت ساڭا، رەھمەت ساڭا، رەھمەت ساڭا.

× ×

ھەق تەلەب بولساڭ ئۆزۈڭنى ياخشى بىل،
جەھىد ئىلە پەرمانى ھەقنى ياخشى قىل.
ھەق تەلەب بولساڭ نە ئىش قىلماق كېرەك،
ماسىۋەللادىن كۆڭۈل ئۈزمەك كېرەك.

ھەق تەلەبسەن راست بول سابىت قەدەم،
ھەقدىن ئۆزگە بارچىسى بولغاي ئەدەم.
ھەق تەلەب قىلساڭ غېرىب شامۇ سەھەر،
يىغلا دايىم قىلغۇلۇ خۇنۇ جىگەر.

www.uyghurkitap.com



× ×

ئۇل جىگەر پەركالىسى ئەشكى جىگەر خۇنۇم بىلە،
شاد ئىتەيدەپ ناتۇۋان كۆڭلۇمنى ھەردەم غەم بىلە.
قايدا بارسام كۆڭلۇمە ئارامى يوق غەم دەشتىدە،
تاپمادىم ئارا مۇچۇن ھەردەم ئۆز ئەھۋالىم بىلە.
ئى سابا ھەزرەتىغە يەتكۇر ئەرزى ھالىمنى مېنىڭ،
بەلكى جانىم نەقدىنى يەتكۇر ئاڭا ئۆزۇم بىلە.
كۆڭلۇم ئېيتۇر تالغۇنۇپ بارغىل يۇزۇڭنى سۇر ئاڭا،
ئەھلى دىلەر ئالىدا قالىپا مالامەتلەر بىلە.
ئۇلىباگىل كۆرمەي مەدىنە سارىغە ئەزم ئەيلەمەي،
كەتمەگىل دۇنيا يۇزىدىن ھەسرەتۇ ئارمان بىلە.
ھەردەم ئىستەپ شادلىقنى تاپغالى غەمدىن ئامان،
بىر زامان ئايرىلمەدى يۇردۇم ھەممىشە غەم بىلە.
تۈننى ئۆتكەردىم ھەممىشە يۇردۇمۇ غەم كويىدا،
سۇبھى يوق بىردەم ماڭا ھەر سائەتى غەم شام بىلە.
ئەھلى دەردلەر سورمەگىز دەردىمنى بىزلەردىن يېزىپ،
جانىم ئۇل بەيتۇلھەرەمگە ئۇچماقى پەرىز بىلە.
بەرمايىن كۆڭلۇمگە تەسكىن كۆزلارىم پۇرخۇن ئېرۇر،
بۇ يامىش سېرىغ يۇزۇم ئەشكى جىگەر خۇنۇم بىلە.
دەپئى دارۇ ئىستەدىم تاپماي مۇڭا ئاندىن ئىلاج،
كەئبەئى زەمزەم غېمىدە يۇرۇدۇ بىمار بىلە.
ئى كۆڭۈل سەبر ئەيلاگىل يەتكۇرسە ئاندا ئاپىيەت،
رەنجىغە دارۇ ئۇلغۇسى دۇر كەئبەئى سەپا بىلە.
ھاكىمى مۇتلەق ئۆزى نەۋمىد قويماس بەندەنى،
يەتتە قات ئاسماننى، يەرنى توختاتىپ قۇدرەت بىلە.
قەترە رەھمەت مەغپىرەت دەرگاھىدىن كەلسە ئەگەر،
ئاسى جاپى بەندەسىنى قىلسە ئازادلىق بىلە.
ئاشنا تۇتتۇم يەنە بىگانەنى پەند قىلدىلەر،
تۇتماغىل بىگانەنى جانىڭ سېنىڭ دۇشمەن بىلە.
ۋەئدەئى ھەمخانەلىق قىلسە پېرىپتە بولماغىل،
خانۇ ۋەيران داغ پەرزەند يەتكۇرۇر پەندى بىلە.
ئىشق ئوتى ئۆرتەپ مېنى كۆل قىلدى ھىجراننىڭ تۈنى،
بۇلبۇل ئۇل ماتەم ئارا تا سۇبھىدە نالەش بىلە.
ئى كۆڭۈل بول تۇرپە دۇر گۇللەرغە بۇلبۇل يۇز قويۇپ،
غەيرى باغى گۇلشەنىن ئاخىر خازانى دەرد بىلە.

يول كزەيمەن ئويناي ئويناي كەئبەئى سارى سارى،
بارسام ئول دەريايى شورغە مەن ئۆتەي باشىم بىلە.
كەئبە كۆيىدا كۆڭۈل سەير ئەيلەسە قىلما ئەجەپ،
بول ئاجايىپ ئىش كۆڭۈلنى باغلامىش رىشتە بىلە.
تالىبنى بوسە قىلماي بۇ كۆڭۈل ئارام يوق،
بى ئەجەل ئۆلمەك راۋادۇر ھەر زامان ئارمان بىلە.
جان پىدا قىلسا ئاڭا قىلما مالامەتنى ئەگەر،
ئاسمانۇ تەخت جاھىڭ بىھۇدە بۇ پانى بىلە.
بولسە مىلك جان ئاندا بارسە قىلغۇسى قۇربان ئاڭا،
ئەرزىمەس بۇ تەخت جاھى ئاخىرى ھەسرەت بىلە.
ئى بۇرادەرلەر يۈرۈڭ، تەييار بولغىل تۇرماغىل،
سىم، زەر كەڭرۇ ئېلىپ بار يول يىراقدۇر يۈك بىلە.
كەئبە ۋەسلىغە يېتەلمەي بۇ جاھان زىندان ماڭا،
مۇددىئا بارماقكى ئولدۇر ئاندا يار گۈلشەن بىلە.
يىغلابان باشىمغە ئاھىم كەلتۈرۈپ ئالەم قارا،
ھىممەتىم ئەل سۆگرە تۇتقۇنچە ئۆزۈم بۇ دەم بىلە.
ئالەم ئەھلىغە نىچە قىلدىم ۋاپا كۆردۇم جاپا،
كۆرمۇدۇم ئەھلى جاھاندىن غەمدىن ئۆزگە غەم بىلە.
بۇ جاھان بىرلە جاھان ئەھلىغە قىلماسلەر ۋاپا،
بۇ پانا رىشتەنى تۇتتۇم مەن تۇتۇپ رىشتە بىلە.
ماڭسام ئول بارسام قەدەم ئەيلەپ مەددىنە سارىغە،
بارسام ئاندا قۇل سۇنۇپ قىلسام تاۋاپ ئاھىم بىلە.
ھەر كېچە ھىجران ئارا پەرۋانەدەك ۋەسلىغە مەن،
شەمئى نۇرىغە مەن ئۇرسام بۇ تىنىم جانىم بىلە.
بۇ ئەجەل جانىمنى ئالغاندا نە ئارماندۇر ماڭا،
رەھىم قىلسا نە بولۇركى ئاسىي گۇمراھ بىلە.
بىر كۆزۈم ھىجران ئوتىدىن شەمئىدۇر بىر كۆزى ياش،
قەترە ـ قەترە تامسا ئەشكىم غەرق قىلۇر ئەشكىم بىلە.
قېرىدىم ھەرنەچچە مەن سۆزۈمدە بولماس ھېچ سەمەر،
ھاسىل ئولماس دەھرپاندا مېنىڭدىن تۇخىم ئىلە.
ئول مەدىنە شەھرىدە باردۇر ئاجايىپ مەزھەرى،
مەزھەر ئىچرە ئولتۇرۇبدۇر ئايۇ كۈن يەڭلىغ بىلە.
ھەق ئىنايەت ئەيلىسە بارسام ئۇنىڭ يانىغە مەن،
قوغلاسا ئىتدەك ھۇرپ ياتسام ۋەلى تۇپراق بىلە.
دىسەم ئول ئىككى جاھاننىڭ سەرۋەدى بەرگىل مۇراد،

www.uyghurkitap.com



كىم مېنىڭدەك ئاسى ئۇممەت بولماغاي ئۇممەت بىلە.
زەخم قىلدىلەر يەنە غەم نىشنى ئول سەرۋى گۈل،
پۈتمىش ئەردى ۋەسل نۇرى بىرلە باغرىم قان بىلە.
كۆكسۈمە چاك چاك بولۇبدۇر كۆزلارىدىن تامدى ياش،
يوق ئىلاجى چاكغە سىنەم قىلىبدۇر چاك بىرلە.
دەھر ئارا ھېچكىم تاپالماس سىنە چاكى رەنجىغە،
مېھرىبان ئولدۇر تەبىب بۇ رەنجى ئىلە بىمارىمغە.
ئۆرتانىپ كۆيدۈم جاھاندا رەنجى ئىلە بىماردىن،
رەھمى ئېتىپ بىر چارە قىلماس ئولسە بۇ ئاۋارە ئىلە.
ھەر جاراھەتكىم بولۇر نا مېھرىبانلىقدىن ماڭا،
مېھرىبانىم مەرھەمدۇر پۈتمەك ئاسانلىق بىلە.
مەقسىدىمغە مەن يېتەيدەپ قىلمادىم ئۆزگە خىيال،
لائىلاج تۇردۇم بۇ يەردە ھەسرەتۇ ئارمان بىلە.
ھەرنىچە قىلسام دەرەم يوق جەمئى قىلماي پۇلنى مەن،
بارى سەرپ ئولدى دەرەمنىڭ بۇ پۇشايمانلىق بىلە.
جانغە بىر دىشۋار بولماس دەپ يىغىپ دۇنيانى مەن،
سەرپ بولدى نەقدى ئەۋقاتىم تامامى غەم بىلە.
ھەيپ كىم بۇ ئىشلارىم تارتىپ ئىلكنى تىشلەسەم،
سۇد قىلماس ئۆتكەن ئىشلار بولدۇم ھەيرانلىق بىلە.
مەقسەدىن ئېيتسا غېرىبى باۋەر ئېيتماس ئۆزگە خەلق،
ئۆز ئۆزۈمگە شاھد ئول ئەشكىم مېنىڭ نىيەت بىلە.
ئى غېرىبى سەن غەنىمەت بىل مەدىنە شەھرىنى،
ئول بىلۇر زەرگەر شۇ ناسەد جەۋھەرى گەۋھەر بىلە.

× ×

يېتەرمەن دەپ ئول ئاينىڭ رۇزەسىن ئاسان گۇمان قىلدىم،
دەرەمسىز ۋايكىم بارماغلىقى دىشۋارنى بىلدىم.
دەرئەردىم ئاندا بارسام شايەد ئول رەھمى ئەيلەسە بىزگە،
بۇ يول دىشۋارلىقنى ھاجىلاردىن مەن يانا بىلدىم.
دەرەمسىز بارماغىن ئاندا دابانلار كۆبدۇرۇر يولدا،
ئۆزۈڭنى سالماغىل غەمگە دەرەم يوق بارماقىم بىلدىم.
دەرەمسىز بارماقىمنى قىيدىمۇ ئىشىم تەۋەككۇلغە،
ئۆرى يەتكۈزگۈچى دەپ مەن مۇنى ئاسان يانا بىلدىم.
ئول ئاينىڭ كۇيىدا شەبرۇز يۈرۈپ مەن دەردۇ غەم بىرلەن،
ۋىسالغە يېتەرمەندەپ مۇنى ئاسان گۇمان قىلدىم.

پىغانىم ۋايىم يۈرەكلەرىم كۆپ رەخنەلەر بولدى،
كۆڭۈلدىن دەردۇ غەملەر تۈش-تۈشدىن چىققانىن بىلدىم.
پانا يولغە چۈشسەم يەتكەلى ئول مەككەئى سارى،
نىچۈك يول كەزمەيىن كىم دەردۇ ھالىم ئەيتۈرىن بىلدىم.
بۆلەك پاسىد خىيال قىلسە جانغە تەككەي ئول تىكەن،
يولى دىشۋارلىقنى مەن ئۆزۈمگە مەرھەبا بىلدىم.
قىلاي جانىم پىدا ئول يولداكىم رەنجۇ ئەلەم چەكسەم،
باشىم بىرلەن مېڭىپ بارسام بۇ يولنى بوستان بىلدىم.
غېرىبى نەپسى شۇم رايىغە كىرمەكچ خىيالەتدىن،
قەدەم قوي سەن بۇ يولغە شەيتانىڭ سىمىز ئىكەن بىلدىم.
ئى كۆڭۈل تەلبە بولۇپ ئەمدى نە ئىسكاندۇر ساڭا،
كەئبەئى زەۋقىن سالىپ ئەمدى نەتە بىردۇر ساڭا.
يۈز بالا كەلسە جاپا چەك كەئبەئى زەمزەم ئۈچۈن،
نەچچەكىم پەندى دىدىم تەسىر قىلمايدۇر ساڭا.
بۇ ئىرادە ساڭا يوقتۇر بارماغىڭغە يازغۇرۇپ.
بۇيلەچۈن يازغان ئىمشدۇر خامەئى تەقدىر ساڭا.
كەئبە ئىشىق ئوتىغە كۆيدۇم ماڭا ئەمدى نە ئىسىغ،
ئەيلەمەك مۇخلىسلىقنى قايسى تەدبىردۇر ساڭا.
مېنى كۆيدۇردى ئىسەمەن داغى كۆيدۇم نىتەيىن،
ئەمدى يول يۈركەئبەغە تەقسىر قىلماسەن ئاڭا.
يولدا ئۆلسەڭ بىھىل ئەت سەن ھەزرىتى كەئبە ئۈچۈن،
ھەرنەكە كەلسە بالا ئالدىڭدا دۇركەئبە ساڭا.
بۇزدى كۆڭلۈم ئۆينى ئول كەئبەنىڭ زەۋقى مېنى،
قايسى تەدبىر بىرلە بارماق بۆلسە ئىمكاندۇر ساڭا.
يارەب ماڭغان چاغدا جانىم قىل سالامەت سەن موڭا،
قىلدىم ئەمما مەن تەۋەككۇل بۇ ئىرادەنى ساڭا.
چۈن جۇدا بولسام مېنى خەمناك قىلما كەئبەدىن،
بۇ غەمىم سەن قىلماساڭ مەن زار ھەيرانمەن ئاڭا.
نەقدى جان چىققاندا ئىبان گەۋھەرىن كۆڭلۈمگە سال،
ئەتمە ئىماندىن جۇدا تاپشۇردۇم ئىمانىم ساڭا.
خانىماندىن ئايرىلىپ قىلغاندا يول ئەزم ئەيلەسەم،
ئاسى جاپى بەندەلەرنى ساقلىماغلىق خاس ساڭا.
ھەشرە غەۋغاسى ئارا ئاسىلىقىغە رەھىمى قىل،
لۇتپ ئىلە ئىلكىمنى تۇتماق ياخشى ئاساندۇر ساڭا.
ئى كەرىما مەغپىرەت قىلغىل ئەھەد سەن ھەم سەمەد،
ئاسراغىل ئاسى غېرىبنى كۆپ ئۈمىدىم بار ساڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

× ×

ئەجەپ دەرماندا بولدۇم تۇت قولۇمنى يارەسۇلەللاھ.
ماڭا يول بەرگىلۇ ئاسان يولۇڭغە يارەسۇلەللاھ.
تاۋاپى ئاستانەڭغە بارىپ ھەرگىز يېتەلمەسمەن،
سائادەت بولمايىن بەختىم سىياھى يارەسۇلەللاھ.
يېتەي دەرمەن يېتەلمەيمەن تاۋاپى ئاستانىڭغە،
شاپائەت قولدا بال يەتكۈر قولۇڭنى يارەسۇلەللاھ.
ۋەلى مەھشەر كۈنىدە خەلق ئالەم باش كۆتەرگەندە،
قەدەم تۇپراغىڭغە سۈرسەم يۈزۈمنى يارەسۇلەللاھ.
شاپائەت بەھرىدىن لەب تەشنەلەرى ئەيلاگىل سىراپ،
ئۆزۈك ئاسان قىلغىل مۇشكۇلۇمنى يارەسۇلەللاھ.
قالىپ نەپسىم ھاۋا بىرلە ئىست ئۆمرۈمنى ئۆتكەردىم،
جىھنىمغە زۇلمىنى قىلدىم زۇلۇمنى يارەسۇلەللاھ.
قەدەم قويسام سىنىڭ سارى مېنى سەن قويمىغىل نەۋمىد،
ئۆزۈم ئاسى گۇناھكار قولمەن يا رەسۇلەللاھ.
مېنىڭ بەختى قارالىقدىن قالىپمەن ئاقسۇ شەھرىدە،
يولۇڭغە سال ئىتىڭنى بارغالى سەن يارەسۇلەللاھ.
ياراتقاندا بەشەرنىڭ قالىپىنى خالىقۇ دىلئارام،
مېنىڭ تۇپراغىمە غەم ياغقان ئەرمىش يارەسۇلەللاھ.
كى بىر كۈن شادلىقدىن قەترە-قەترە ئەيلىدى مەھرۇم،
بۇ بائىسدىن تولا كۈنلار بەسى غەم بىرلە دۇرمەن يارەسۇللاھ.
سىنىڭ ۋەسلىڭغە يەتسەم دەپ مۇھەببەت دىل زەمىندا،
تېنى دەردۇ شاخى ئەندۇھ ماتەم مىۋەسى غەم يارەسۇلەللاھ.
ستەمگەر بى مۇرۇۋۋەت چەرخ كەجرەپتار بۇ ئالەم،
سىنىڭدىن كۆپ ئۇمىدىم بار شاپائەت يارەسۇلەللاھ.
پەلەكدە زەررەئى مېھرى ۋاپا يوق خەلقى ئالەمگە،
سىنىڭدىن خەلقى ئالەم تاپتى دىنىنى يارەسۇلەللاھ.
ئەگەر يۈزمىڭ ئەمرى سەلتەنەت ئەۋجىغە يەتكەندە،
ۋۇجۇدىنى پانا ئەيلەپ يۇتار يەر يارەسۇلەللاھ.
قولۇڭ ئىتدىن بەتەر بارسا مېنى سەن قويىماغىل نەۋمىد،
ئۆزى رۇسىياھ قېرى گۇناھكار يارەسۇلەللاھ.
ئۆزۈم بىچارەئى ئاسى گۇناھكار قارا يۈز قولىمەن،
شاپائەتدىن ئۇمىدىم كۆپ قىلما نەۋمىد يارەسۇلەللاھ.
تىلاكىم ئۇلدۇرۇر سەندىن مېنى كەئبەغە يەتكۈرگىل،
قېرىغان چاغدا ئىسيان كەتسە نە ئەرمان يارەسۇلەللاھ.

قارا يۈزنى سۈرتۈپ ئۆلسە ئاندىن ئارمانى يوقدۇر،
مېنى غەم دەشتىدە سەن قويماغىل كىم يارەسۇلەللاھ.
بۇ ئۆمرۈم ئاتمىش ئۆتمىش ئۆلۈمنىڭ خەبەرى يەتمىش،
پۈتۈمنىڭ قۇۋۋەتى كەتمىش نە قىلغاي يارەسۇلەللاھ.
كۆرۈپ دەردىمنى ئەرز قىلسام ئىچىمدە قالماس ئارمانىم،
تۆكۈپ ئەشكىمنى مەن يىغلاپ ساڭا كىم يارەسۇلەللاھ.
يىراقلىڭ ئوتى ئىچرە ئانچە يىغلاپ ئەرزھال ئېيتسام،
يىغانۇ ناله زار ئەيلەپ ساڭا مەن يارەسۇلەللاھ.
ساڭا پۈشىدە پىنھان بولغۇسىدۇر بارچەسى ئەئيان،
مېنىڭ ھالىم ساڭا مەلۇم ئېرۇرلەر يارەسۇلەللاھ.
غېرىبنىڭ ئەشكى ئاھى قىلدىلەر تۈرپە ئاجايىپنى،
مېنىڭدەك رۇسىياھغە قىل شاپائەت يارەسۇلەللاھ.

× ×

ئانچە يىغلاپ نامە يازدىم يارەسۇلەللاھ ساڭا بىر خەت،
پۈرقىتىڭدە ئەرز ھالىم شەرھىنى قىلدىم ساڭا بىر خەت.
ئى ھەبىبىم خامە سۈردۈم بۇ ساڭا يەتكەي سۆزۈم،
قىلما رەد ئۇشبۇ سۆزۈمنى ساڭا قىلدىم نەزم خەت.
قېرىلىقدىن بەسكى يوقتۇر خاتىرەمدە ھېچ ھۇزۇر،
لىك ئەتتىم ئىشق ھىجرىڭدىن ساڭا ئەرز ھالنى خەت.
ئارىزى كۆيۈڭنى ھىپز ئەيلەرگە قىلدىم ئارزۇ،
ئەيلەمەك ئەۋلا ئېرۇركىم ساڭا قىلسام قانچە خەت.
ھەر بالاغە ئۇچراساق قىلغىل مەدەد بىزلەرگە سەن،
ھەر بەلىسيەتدىن مېنى ئاسراغۇچى ئەرزىمغە خەت.
ئەرزلارىم زاھىر قىلىپ نەزمنى قىلدىم ئانچە مەن،
ئول كۆڭىدىن بول كۆڭىنە دىلغا زاھىر بولدى خەت.
بۇ غېرىبى ھالىنى شېئىر ئەيلادى بولغاي قەبۇل،
بۆيلەكىم يازدى يىراقىڭدىن ساڭا بىر مۇنچە خەت.

× ×

دوستلارىم مەن بىر غېرىپ ھالىغە يىغلاڭ زار زار،
ئوت تۇشۇبدۇر بۇ ئىچىمگە نەچچە خىرمان نارنار.
ئىستەمەس بولدى كىشى مەن بىر غېرىبدەك خۇارنى،
ئول سەبەبدىن كىم پەرىشانلىق ماڭا كۆپ باربار.

www.uyghurkitap.com

ياشلىقدا خۇش مۇناسىپدۇر ئويۇندا خۇبلار،
قېرىغاندا چۈنكى كەتتى كىم قاراشماي يارىيار.
قورقامەنكىم بولماغاي مەندەك يامانراق بىر كىشى،
ئىلكىمە خۇش چىرماشىپدۇر ھىجرى ئوتىدىن تارتار.
ھەلقە ـ ھەلقە سالدى بوينۇمغە تانابى زۇلپىنى،
بۇ پىشانەمغە پۈتۈلگەن تەقدىرى پەرۋەردىگار.
كۆڭلىمە ئالدى كۆڭۈلنى ئول رەسۇلۇم ئارزۇسى،
نالە ئەيلەر بۇلبۇلى يەڭلىغ گۇلى رۇخسارسار.
قايدا تاپقايمەن ئۇنىڭدەك شەمس يۈزلۈك مېھرىنى،
كىم جۇنۇن ئىچرە قارارىپ تاپماس ئانداغ يار ـ يار.
دەھرىدە مەقسەدنى ئىستەكەچ بۇ ئالەم كارىدىن،
ئىزدىسەڭ ئول يار قارا قاش كىم ھامان ئول باقار.
پەھمە ئەتكىل ئىزداگىل ئىشق تەرىقى ئۇشبۇدۇر،
كېچە ئازغان تاپسە يول يولنى ئۇلدەم دا تاپار.
دەرد يەتكەندە داۋا چۈن يالغۇز ياتقاندا رەپىق،
غۇسسە ۋەقتى يار غەمكىنلىكدە كەلگەي يار ـ يار.
ئول ھەبىبىم كۆرگەلى ئانى ئۇچار ھەردەم كۆزۈم،
تولغۇنۇپ ھەرگىز يېتەلمەس ئاندا بارماق قەسدى بار.
ئى كۆڭۈل يار ئۆزگەلەر دامىغە بولدى پاي بەست،
ساڭا مۇشكۇل ھالىتۇ غەم يولنى ساڭا ئاچار.
بارچە مەقسەدكە يەتتى ئەزم قىلدى مەككەگە،
ئاسى قۇل مەقسەدكە يەتمەي ئاقسۇدا يىغلار زار ـ زار.
شەرھى ھالىم يازغالى بولدى قەلەم بىرلە دۇۋات،
قىلدى كاغەز يۈزىنى نەزمى بىلە بىچارەۋار.
نەچچە باش قويدى يولغە بۇ ئىرادە بولمايىن،
بۇ غېرىبى ئاسىنى غەم تاغى قىلدى سەڭگسار.

× ×

ئى غېرىپ دۇنيانى يادىڭدىن چىقار،
ئاتىشى ئىشقنى ئاھىڭدىن چىقار.
ئىشقنىڭ زىكرىدا تىل ئەتكىل تىلىم،
چۈغزىدەك ۋەيرانىدا بولغىل مۇقىم.
گەر بالايى ئىشقدىن قاچماس ھەركىم سۇبھى شام،
قالمىغاي مەقسۇدى ئانىڭ ناتامام.
ئىشق بىر بادى ئەزىمدۇر ئۆزگە خەس،

يۈقدۇرۇر ھەقدىن بۆلەك پەريادەرەس.
شەرھى قىلسام ئىشقىنى تۈگۈلكۈن داۋام،
يۈز قىيامەت ئۆتسە بول بولماس تامام.

× ×

ھىجرى ئويى ئىچرە قابالدى نەچچە باقسام ئوق ئاتار،
لەھزە - لەھزە ھىجر ئوقىنى بۇ يۈرەكلەرگە ئاتار.
ئولكى بولماق ئىستەدىم ھىجرى ئوقىدىن ئاندىن خالاس،
بىر زامان ئارام يوق ھىجرى ئوقىدىن باش قاتار.
جان ئاغزىمغە كەلدى دەرد ھىجران ئوتىدىن،
ئىزدىسەم يارەب مېنى يەتكۈررە سۆلۈك ئاندا بار.
كېچە نالەدىن مېنىڭ ھەر سائەتدە يۈز پىغان،
تۈننىڭ ئەۋۋەل باشىدىن يىغلاپ تۇرارمەن نالەزار.
ئىزدىسەم يەتكۈر پەقىرى ئاسىنى ئول رەۋزەئى،
نا ئۈمىد قويما شاپائەتدىن بۇ دەردىم كار بار.
دەردۇ مېھنەت چەككەنىدىن قەسدىم ئۇنىڭ كۆيىدۇر،
كەئبەدۇر مەقسەد خەرەز بارماق مۇنىڭكى قەسدى بار.
ئاسرادىم ئۈچ قات كىيەننى يۈزگەمەن كۆپ چۈركەنىپ،
ھەشرە بازارىدا يىغلاپ دادۇ ئەھۋال ئاندا بار.
ھەرنىچە شېئىر ئەيلەسەم بۇ دەردۇ ھالىمنى مېنىڭ،
يۈزنى ئېتسام يۈز تۇرۇبدۇر مىڭنى ئېتسام مىڭى بار.
قۇمدىن ئارتۇق دەردلىرىم ھەرگىز تۈگۈمەيدۇر مېنىڭ،
ئىشق ھىجران ئوقلارىدىن يۈرەكىمدە داغ بار.

× ×

ئى غېرىبى دەردى ئىشق بازار بول،
ئىشق بازارىدا ئاتمىش پارە بول.
ئى غېرىبى بولغىل ئەدىما دەردۇ سۆز،
ئىشقنىڭ رەمزىدىن ئالغىل رەمۇز.
ئاھۇ ئەپغان بىرلە چىقسا قەترە ياش،
قىرىق يىل تائېتىدىن ئەبزەل ئى قاياش.
ئاشىق ئىرسەڭ بول مەست مەست تىۋەدەك،
بولماغىل نائەھلىـەن نادانلا دەك.
ئىختىيار قىلساڭ غېرىب ئىشقىدىن سۆز،

www.uyghurkitap.com

سۇبھى شام ۋاقتىدا قىلغىل دەردۇ سوز.
گەر كىشىنىڭ دەردى يوق ئول بىر كېسەك،
گەر كىشىدە ئىشقى يوق ئول بىر ئېشەك.
قىلغاسەن بۇ سوزلىرىڭنى مۆئتەبەر،
ئىشقىنىڭ يولىغە قىل ئاندىن سەپەر.
ئى غېرىبى ھەرنە باتىل ئىشلاردىن يانغىل گوزەر،
ئىشقىنىڭ بۇيىدىن ئال ئاندىن خەبەر.
خانۇمان بەربادە قىل مەردانە بول،
ئىشقىنىڭ پەرمانىغە پەرۋانە بول.

× ×

بۇ پەلەك كەجرەۋلىقىدىن ئانچە ئارمانىم مېنىڭ،
ھىجرى ئوقىدىن يۇرەكىمدە نەچچە يەردە زەخمى بار.
بۇ بەدەننى كويدۇرۇپ قالمىش جېنىم بىرلە سۇڭەك،
قالغانى سۇڭەك بىلە پوستى تېرۇبدۇر جانى بار.
بىر كوزى يەكچەشمەدۇر، بىر كوزلارى كوردۇر مۇنۇڭ،
كېچە ـ كۇندۇز مەككەغە بارماقىغە كوزدە ياشى بار.
باۋەر ئەتمەس بارچە ئالەم خەلقىدىن بىرنەچچە بەس،
شاھىد ئولدۇر سوزلارىدە نەچچە يەردە مەئنى بار.
كېچە ـ كۇندۇز يىغلايۇ دەۋزەخ ئوتىدىن ۋەھىمە ئىتىپ،
مەندە تائەت بولماسا مەن يىغلامايمۇ زار زار.
قېرىغاندا بى ۋەتەن، بى خانىمان بولغان ئوزۇم،
بى ۋەتەن بى خانىمان قىلغان قارا قاش يارى بار.
دىمەگىز ئى ئەھلى ئالەم مۇلكۇ ۋەتەن يوقدەپ مۇنۇڭ،
شەھرىيار شەھرى ئىچىدە ئون يەتتە ئېغىزلىق ئويى بار.
ئى غېرىبى يارىڭىكى ئىتلەرىدىن كەمتەرىن كورگىل ئوزۇڭ،
تاپساڭ ئانىڭ ئىتلارىدىن توت ئوزۇڭنى خار ـ زار.
تەڭرى يارىڭ ئى غېرىبى نائۇمىد بولما پەقىر،
يەتكۇرۇر مەقسەدگە ئاخىر ئول كېرىمۇ بىرۇبار.
ئى غېرىبى كەئبە ئۇچۇن قىلغىل تەۋەككۇل قوي قەدەم،
نىيىتى ئىقبالىلارىڭ پىنھالارىڭدىن ئاگا بولغاي ئاشكار.

× ×

«شىپايى ۋەسىل قەدرىن ھىجر ئىلە بىمارلاردىن سور،
زۇلالى زەۋق ـ شەۋقىن تەشنەئى دىدارلاردىن سور.

لەبى شىرىن كۈلۈپ گۈيىتار قىلغان خەلقىدىن سورما،
بۇ پىنهان نۇكتەنى بىر ۋاقپى ئەسرار ئۇلاندىن سور.
كۆزى ياشلىلارىنىڭ هالىن نە بىلسۇن مەردۇمى غاپىل،
كاۋاكپ سەيرىنى شەب تا سەهەر بىدارلاردىن سور».

× ×

مۇساپىر هەم غېرىپلارنىڭ ئۆزىدىن سورماغىل نادان،
مۇساپىر هالىنى سورساڭ غېرىبان شاملاردىن سور.
يىتىم مېهنەت ئارا يۈز مىڭ جاپاۋۇ رەنجۇ ئەلەم چەكسە،
يىتىملار هالىنى سورساڭ يىتىم بولغان غېرىبۇ بىناۋادىن سور.
ئەگەر هەج يولىن سورساڭ غېنى باي هاجىدىن سورما،
ئۆزى قاشقاق دىلى يۇمشاق پەقىرلىق هاجىلاردىن سور.
پېقىرلىق دەردىنى سورساڭ يېگى باي خەلقىدىن سورما،
ئەگەر سورساڭ پولىدىن ئايرىلىپ قالغان پېقىرلىق ئادەمدىن سور.
قاچان كەئبە يولغە ئەزم ئەتىپ قالغاننى سورساڭلار،
غېرىبدەك بەد دىيانەت كور، ئاسى قۇلدىن سور.

× ×

بولماسا ئاي-كۈن شۇئائى ئالەمى يورۇلماسا،
تىرە دىللارنىڭ دىلى يەڭلىغ شەبى تار ئولماسا.
نەپس زاتىڭدۇر باهائىم بىرلە تاپماس ئەردى پەرق،
ئادەمىدا رۇه، دەردۇ، سۆزۇ گۇپتار ئولماسا.
بولماسا نادان قاچان داناغە بولغاي ئىئتىبار،
ئابرۇي قالغايمۇ ئەردى گۈل ئەگەر خار ئولماسا.
دۆلەتى ئىقبال شۈكرىن كىم قىلۇر ئەردى ئادا،
مېهنەتۇ دەردۇ پالاكەت بىرلە ئىدبار ئولماسا.
بىلمەس ئەردى ۋەسل ئەييامى هۇزۇرنى ئەهل دەرد،
هىجىر شامى دەردۇ پۇرقەتدىن دىل ئەپگار ئولماسا.
بۇ جاهان سوداسىدىن كەچ مەككەگە ئەزم ئەيلەگىل،
بولكى كۈننىڭ ئەشىدىن تاڭلا ساڭا يار ئولماسا.
مۇمكىن ئەرمەس بى تەئەللۇق مۇيەسسەر بولماغى،
ئۆزلۈگىدىن تا غېرىبغە خۇدا يار ئولماسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



× ×

كىم ئاندا قىلسا سەركەشلىك بالانىڭ پايمال ئاندا،
تەزەررۇئ بىرلە يۈز قويغانغە بەرگەيلەر ئامان ئاندا.
يوق ئول كەئبەغە بارسا ھاجىلارنىڭ ھاجىتى قانىئ،
تۆمەن ئەل ئەرزىن ئېتىپ تاپغاي مۇرادىن ھەر زامان ئاندا.
نە ھۆكمىكىم يېتەر ئاندىن ئەمەسدۇر زۇلىم ئەدل ئولدۇر،
نىدىن كىم ھىچ ئىش ماھىيىتى ئەرمەس ناھان ئاندا.
پۇلۇم يوق دەپ دىبان قايتارما يۈزۈڭ ئاندىن،
ئۆزى رازىق غىنىدۇر يەتكۈرۈر پۇلنى ساڭا ئاندا.
ئىلاھى مەن يامانلارنىڭ يامانىغە سىنىڭكى بولماسا لۇتپۇڭ،
بۇ ئاسى رۇسىياھ ھالى ياماندۇر بىگۇمان ئاندا.

× ×

ئى غېرىبى يىغلاغىل شامۇ سەھەر،
قايسىبىر غەمدىن بۇلاي ئازادىلەر.
جاھ مەنسەپ ئارقىسىدا نەچچە يىل،
ۋادەرىخا بىھۇدە ئۆمرۇم ئىدىل.
قىلمادىمەن ياشلىغىمدا تائىتى،

قېرىدىم ئۆتتى مېنىڭدىن سائىتى.
قويماسا ئۇشبۇ ئەجەل پۇرسەت ماڭا،
قايسى يۈز بىرلە قارارمەن مەن ئاڭا.
ئۆتكەرىپ ئۆمرۇم باھارى ياز - قىش،
جاھ مەنسەپدىن بۆلەك يوق مەندە ئىش.

× ×

مالۇ دۇنيا جاھ مەنسەپ ئەھلى دۇنيانىڭ بۇتى،
بىلسەڭىز قىلماس ۋاپا بىر نەچچە كۈنلۈك دەۋلتى،
مۇنچە بىلدىم دەر ھامان يەتكەي ئەجەلنىڭ نەۋبىتى،
كەتكۈسى بىر يول ھەممە ئەيشى پاراغەت راھىتى،
ئەرزىمەس مىڭ يىلقى دەۋلەتكە ئۇنىڭ بىر مېھنىتى،
پەھمە قىلغىل لالەلارنىڭ قاندۇرۇر ھەر بىر قېتى،
بۇ غېرىب كۆپ قېرىدى يەتتى ئەجەلنىڭ نەۋبىتى.

بۇ ئەجەلنىڭ ۋەھمىدىن ھېچكىم تاپالماسلار ئامان،
خۋاھى ئالىم، خۋاھى زالىم خۋاھى ياخشى خۋاھ يامان،
بەررۇ بەھىر ئالەمگە ئىسكەندەر دەك ئولسە ھۆكۈمران،
ئىلمى ھىكمەت بىرلە پىترەتدە ئەپلاتۇن زامان،
بۇ ئەجەل يەتمەك ھامان بەرمەس ئاڭا ھىچ مۇھلىتى.

بوُ بەدەننىڭ موُلكىگە يەتسە كېسەلدىن بىر خەلەل،
ھەپت ئىقلىمدىن تەبىبلار جەمئى ئولوُپ قىلما جېدەل،
بارچە دوُنيانى تەسەددوُق قىلسە ھەم بولماس بەدەل،
موُددەتى يەتكەن ھامانا بىر نەپەس بەرمەس مەھەل،
پايدە قىلدى، بوُ زىيان قىلدى دېمەكتوُر تۆھمەتى.

چوُن ئەجەل يەتكەن زامان ناچار ھەرزىچان كېتەر،
كىم پېقىرراق قانسە ئولسە ھەممەدىن ئاسان كېتەر،
يۈكنى ئازراق يۈكلىگەنلەر مەنزىلگە ئاسان يېتەر،
ئاز يىگەن ئاسان تىرىلگەنلەرگە كەمراقدوُر خەتەر،
تىتراتوُرمەن مەن دىگەنلەرنى ئۆلۈمنىڭ ھەيبەتى.

ئاغزىن ئاچىپ ئەژدىھا يەڭلىغ توُروُبدوُر ئوللەھەد،
ۋاڭ، گوُڭلار، بەيسە ھاكىملار قوُتوُلماق يوقتوُر ھەد،
ئۆتتىلار بوُ دەھرىدىن ئول ئىشكاغا، بول غەزنىچى بى ئەدەد،
شاڭ بىگى، قازى، مىراپوُ دۆپ بىگلەر بى ئەدەد،
ئەئلەم ئاخوُن، موُپتى ئاخوُن، قازى باشلىق سانسىز ھەد،
مەن غېرىبوُ دەۋلەتى سىناپ تۆگەتمەتلىككە نەھەد،
ئاسراغىل يارەب غېرىب بەندەڭنى ئىسلام ھۆرمەتى.

شوُنچەلىك ئۆمرۈڭغە قىلما ئىئتىمادئى دەۋلەتى،
بوُ تىرىكلىكنى غەنىمەت بىل جاھاننىڭ لەززەتى،
ئى كەرىما مەغپىرەت قىلغىل ئەھەد سەن ھەم سەمەد،
ھەممە بەندەڭ ئاسىلارنى كەئبەغە يەتكوُر ئەھەد،
مەغپىرەت قىلغىل بوُ بەندەڭنى رەسوُلوُڭ ھۆرمەتى.

ئەت بوُ سۆزلارغا تەدەببوُر قىسقىراك،
توُرماغىل ئېتغىل يانا سەن كۆپ راك.
بەندە بولساڭ تىز قىل بوُ نەزمىنى،
تاكى موُندىن كۆر خوُدا ئىنئامىنى.

× ×

ئى يارانلار ئۆتتى دوُنيا دەۋرى ئاخىر بولدىمۇ،
مۆئمىن ئەلگە ھەر كۈنى تۈرلۈك بالا يۈزلەندىمۇ.
قېنى كىمگە دوُنيا باقى بولدى مالوُ دۆلكۈ، زەن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۇ ئەجەلكىم سىنەسىنى يەرگە چالىماي قويىدىمۇ.
ئەنبىياۋۇ ئەۋلىياغە شاھى گاداۋۇ بارچەنى،
بۇ ئۆلۈمنىڭ ئاپىتى يەر بىرلە يەكسان قىلدىمۇ.
ئى بۇرادەر كۆر جاھاننى نەچچە ئىشلار كەلگۈسى،
قايسى ئىشلارنى ساناپ بولماس جانغە كەلدىمۇ.
كۆرمىگەن ئەردى كىشى ئۇشبۇ جاھاندا كارنى،
ئەھلى ئالەم خەلقىغە مۇنداغ بالالار كەلدىمۇ.
قىزنى ئانادىن - ئوغۇلنى ئاتادىن ئايرىبان،
ھەم قېراشنى قېرىنداشدىن جۇدالە قىلدىمۇ.
بول قىيامەتنىڭ ئالامىتى بىلىڭلار دوستلار،
بول ئاجايىپ ئىش ئېرۇرلار پەھمە قىلدى بىلدىمۇ،
ھەركىشى ئۆز ھالى بىرلە ئىستەمەي ئاندىن كىشى،
يوق كىشى بىرلە كىشىنىڭ ئىشلارنى بىلدىمۇ.
مېھر شەپقەتنى كۆرۈك ئىنسان ئىچىدە قالمايىن،
كاتتا چوڭنىڭ خەلق ئاراسى ئىئتىبارى قالدىمۇ.
ئول ھاياۋۇ شەرم قاچتى جۇملە ئول مەزلۇملادىن،
شايى بىرلە دۇررىغە ئۆزلەرنى ساتتىمۇ.
بەچچەلەر بىر پۇلنى تاپسا ئاتاسىدىن ياشۇرۇپ،
ئۇچى تۆرتى بىر بولۇپكىم تۆرت ئۈشۈقنى ئاتتىمۇ.
كۆر بۇ ئالەم بەد ۋاپادۇر ۋاڭ، گۇك بەيسە قېنى،
خۋاھى شاھ بىرلە گادانى قوينىغە يەر ئالدىمۇ.
نىسبەت ئېتىپ خوجىلار ئالەمگە غەۋغا ئەيلىدى،
شەرئىنى مەھكەم تۇتالماي قوللارىدىن كەتتىمۇ.
قاشىدا ئوغرى، قىمارۋاز سۆزى بىرلە ئىش قىلىپ،
نەدە خاتۇن بولسە ئالدى شەرئىدىن بۇ چىقتىمۇ.
كىم رەسۇلنىڭ شەرئىدىن چىقسا بولۇر نابۇد ئول،
ئاقىبەت شەرئى بۇلەرنى نىست نابۇد قىلدىمۇ.
مەغرۇر ئۆلمە ئى بۇرادەر بۇ پەلەكنىڭ كارىغە،
ئاخىر ئول ھەسرەت نادامەت بىرلە مۇندىن كەتتىمۇ.
قىلمادى ھەرگىز ۋاپا بىر ئادەمىغە ياخشىلىق،
مېھنەتو جەۋرى جاپانى كەلتۈرۈپ كۆپ ئۆتتىمۇ.
بۇ پەلەكدىن ياخشىلىقنى تۇتماڭىز ئى ئادەمى،
كىملەرنى زار يىغلاتىپ ئول شادلىقنى تاپتىمۇ.
ئى بۇرادەر شاد بولما، بۇ جاھاننىڭ ئىشىغە،
نەچچەلەر ھەسرەت نادامەت قولغە ئالىپ كەتتىمۇ.
ئى پەلەك يۈزى قارا كەلتۈرمە ئىنسانغا جاپا،

قايىسىغە قىلدىڭ ۋاپا سەندىن جاپالەر كەلدىمۇ.
بۇ پەلەك سالدى جاھانغە شور غوغا ئىشلارنى،
كۆرمىگەن ئەردى كىشىلەر نەچچە ئىشلەر يەتتىمۇ.
لەشكەرى ئىسلامنى كۆرگىل جەڭنى قىلماق قەسدىدە،
ئاتالىقدەك پادىشالار بۇ شەھەرلەر كەلدىمۇ.
پى سەبىللاھ غازاتغە بەلنى مەھكەم باغلادى،
ھەر تەرەپ كاپىرلار ئاڭلاپ قورقۇبان ئۆل مۆكتىمۇ.
لەشكەرى ئىسلامغە بەردى قانچە تىللا سەرپاي،
ھەق بىرىبدۇر بەرىكەت تىللا كۈمۈشلەر ئاقتىمۇ.
ئى غەرىبى شۈكرى قىل ئىسلامغە داخىل بولغانىڭ،
ساڭا ئوخشە نەچچە ئادەم داخىل ئولماي كەتتىمۇ.

× ×

نە ئەجەپ قان يىغلاسام خەلقى زاماندىن دەمبەدەم،
كۆردۈم ئول ئەھلى زاماندىن غەم بىلە غەمدۇر ئەلەم.
سۆزلەمەك بولماس ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن يا غەملەدىن،
چۈنكى ئول كۈيدىن داغى كۆبدۇر بۇلارنىڭ داغى ھەم.
چەرخ ئالەمكىم چىكەر مىھنەت يۈكىدىن غەملەرنى،
بارچە جىسمىم غەم يۈكىدىن يەرگە بولدى بارچە خەم.
چۈن جاپا تارتار كىشىدىن يا بىراۋدىن تارتغاي،
ھىچ قۇتۇلماس بۇ كۆڭۈل كىم رەنجى ئىلە رەنجۇ ئەلەم.
كىم ۋاپا قىلسە كىشىگە بولماس ئاندىن داغى كەم،
ئول ۋاپا قىلغان كىشىگە يەتكۈرۈر قاتتىق نەدەم.
ئەھلى دەۋران خەلقىدىن بولدى قۇرۇق جىسمىم قۇرۇپ،
لىك بۇ جان نالەلەر كۆڭلۈمدەدۇر رەنجۇ ئەلەم.
ئى پەلەك بەختىم تۈزۈپ يۇرۇت مىنىڭ شەمئىينى سەن،
يارۇتۇپ ئول يولغە كەلتۈر بەخت گۇمراھىينى ھەم.
ئىيتتىم شاھىم ساڭا بۇ نەزىم ئىلە كۆڭلۈم داكى دىل خىۋاھىمى،
يەتكۈر ئاسى غەرىبنى كەئبە بىرلە ئول مەدىنە سارى ھەم.

× ×

ئالەم ئىچرە تۆرت ئىش باردۇر ئەجەپ قاتتىغ ئەلەم،
تەئرىپىنى ئەيلەسەم ھەرگىز مۇڭا يۈرمەس قەلەم.
«بۇ زامانە ئاخىرىدا قىز بالانىڭ كۆلپىتى،

www.uyghurkitap.com

بىرسىدۇر ئوغۇل بالا بولۇپ يىگىتلىك كۆلپىتى».
بۇ سۆزۈم يالغان ئەمەس پەھىم ئەيلەگىل،
تۆرت ئىش باردۇر مۇنى چىن ئويلاگىل.

× ×

ئالەم ئىچرە تۆرت ئىش باردۇركى كۆپ قاتتىق ئەلەم،
كىمگە بۇ ئىشلار يېتەر كۆپ خۇارلىق بىرلە، ئەلەم.
«بىرسى قىز پەرزەند ئېرۇر بولسە ئەگەرچەندى ئوغۇل،
بىرسىدۇر ئانىڭ سەپەر قىلسە ئەگەرچە بىر قەدەم.
بىرسىدۇر ھاجەت كىشىگە ئاتاۋۇ بىرلە ئانا،
قەرز ئېرۇر بىرسى ئەگەرچەندىكى بولسە بىر دەرەم».
ئى بۇرادەر ياخشى قال، دۇنيادا غەمنى كۆرماگىل،
مېھنەتۇ جەۋرى جاپادىن چەكمەگىل رەنجۇ ئەلەم.
بۇ باھارىڭ ئۆمرىنى بىلگىل غەنىمەت سەن بۇگۈن،
ئاخىرەتنىڭ ئىشىغە ياتما ئەگەر كەلسە ئەلەم.
ھەر زامان جەۋرى جاپا ئەھلى زاماندىن كەلسەلەر،
قايتماغىل يۈزۈڭنى ھەقدىن رەھمەتى بولغاي بىھەم.
دەۋلەتى قىلمە تەكەللۇم ئەھل دەۋران خەلقىدىن،
نىيىتىڭ ئىقبالىدىن مەككە سەرى قويغىل قەدەم.

× ×

ئوت سالىبدۇر دەردۇ ھىجراندىن ماڭا،
زەۋقۇ - شەۋقىدىن ئىچىمدە دەرد تولا.
بۇلبۇل ئايرىلغان كەبى گۈلەردىن ئول،
ئايرىلىپ قىلمىش ناۋا ھەزرەتدىن ئول.
بۇ كۆڭۈل پەرسىز بىلەن ھەردەم ئۇچار،
بارغالى تەقدىرى قويماس دەردۇ غەم بولدى دۇچار.
ئى غېرىب سەبرەيلەگىل مەقسەد تاپارسەن بىر كۈنى،
جابدۇغىڭنى راست قىل يەتكۈرۈر مەھبۇپ سېنى.

× ×

ئېرۇر كۆڭلۈم ھەمىشە ئول رەسۇلۇم ئەرزۇ تۇپراغى،
كى قىلمىش جىلۋە ئەيلەپ ئول گۈلى جەننەت ئارا باغى.

ئۇنىڭ تۇپراغىنى مەن ئاسراسام كۆز پەردەسى ئىچرە،
كى كەلتۇرگەندەك بىراۋ كاغەزگە چىرماپ كەئبە تۇپراغى.
كۆڭۈل ھىممەت بىلە ئانداغ ئۇچارلار رەۋزەئى سارى،
خىيال قىلغاندا مەقسەدغە نە مانئە دەشتلەر تاغى.
نە ئارماندۇر قىرىپ قالدى ئەجەلگە بەرسلەر پۇرسەت،
يېنىدىن كىم بولدى بۇ دەيرى پانادىن ھەم ئۆتەر چاغى.
بىرنى قىلىپ مۇساپىر ئەيلەپ جۇدا ۋەتەندىن،
ئەمرى ئەزەل پۈتۈلگەچ ساپا ئەردى شەھيارى.
بۇ ساھىپ نەزمنىڭ ئەسلى دىيارى شايار،
ساپا بۇلۇپ شەھيارغە ئول يارلار دۇئايى.
ھىممەت بىرلە سەن تۇرغىل كەئبە سەرى قەدەم قوي،
قىرىغاندا يەتكۈرسە ئەجەپ ئەمەس خۇدايى.

× ×

غۇربەتدە غېرىب سېنى تاپماي،
نەزم ئېتسەن ساڭا ئىچىگە پاتماي.
ھەر يەردە بولسام سېنى ئۇنۇتماي،
يىغلاپ كۆزىدىن ياشنى قۇرۇتماي.
ئوشبۇ غېرىبنىڭ ھالى خارابدۇر،
سېنىڭ ئۇچۇن باغرى كابابدۇر.
ئاشىق بولۇپمەن كەئبە ئەزمىغە،
ئۆزۈڭغە ئەئيان ئېيتغان سۆزۈمغە.
ئاشىقلىغىنى ئىزھار قىلدىم،
غېرىبلىغىنى ئەرزنامە قىلدىم.
يارەببە ناسەن ئەرزىمگە يەتكىل،
ھالىنى ئېيتسام دەردىمغە يەتكىل.
سەندىن بۆلەك كىم ئەرزىمگە يەتكەي،
سەن يەتمىسەڭ بۇ غېرىب نە ئەتكەي.
سەندىن بۆلەكدىن دەرد غەملەر يەتكەي،
رەنجۇ ئەلەمدىن كۆلپەتلەر يەتكەي.
قارىپ ئوبۇشقا بولغان بۇ چاغدا،
يۇرۇپ بۇ قېرى ھەسرەتدە داغدا.
ياشلىق قولدىن كەتكەن بۇ چاغدا،
قېرى بولۇپ بۇ كۆھنە رەباتدا.
دۇ چەشمەسىدىن يەك چەشمە قالغان،
ئېيتغان سۆزىدىن بۇ ئەزمە بولغان.
ئەپۇ ئەيلەگىل سەن ئى پادىشاھىم،
غېرىب قۇلۇڭغە ئى بىرۇبارىم.
سەندىن تېپىپ بىر كۆزۈم رۇشنالىق،
ھەددىدىن ئاشتى بۇ جۇدالىق.
چىقتىم ۋەتەندىن شادۇ خۇررەم،
كۆزۈم تولا ياش ھۆل قىلدى ئېتەك ھەم.
ئول جىلۋەگاھىڭ ئالەمگە ئەخزەر،
رەخشى ئېنىرى رەشك مېھىر ئەنۋەر.
ئول شوئلەڭ مېھرى شەمئى جايى،
ئول مېھىر سۇ پەھرى خاكراھى.
ئولكى ساڭا چەرخ خاكرەدۇر،
مىئراج تۈنۈڭ ساڭا گۇۋاھ - گۇۋاھدۇر.
ئىككى پۈتۈك ئالدىدا پەلەك پەست،
ئۈممەتلارىڭ ئەنبىياغە ھەم ست.
ئالەم دارىسالىتىڭ بىررۇ تى،
ئادەمغە شاپائېتىڭ ئۈمىدى.
ھەرنەچچە بولۇپ جاھان تۈپەيلىڭ،
بۇ تۈپەيل سارى مەيلىڭ.
بۇيرۇغلارىڭ ئەلگە قەرز يەڭلىغ،
سۈننەتلارىڭ ئەلگە پەرز يەڭلىغ.

www.uyghurkitap.com

ئىسلام تىنىغە سەن بولۇپ رۇھ،
ئەسنابلىرنىڭ ساڭا پىدا قىلىپ رۇھ.
بارىسىغە بەر گۆزدە بۇ ئەۋقات،
ئال ئەسھابىڭغە سالات ئىلە تەھىيات.
ئاسىنى قىلمە نائۇمىدى،
شاپائىتىڭدىن بار ئۇمىدى.
چىققاندا ھۇجۇم ئەتتى خالايىق،
بارماق مەككەگە ماڭا بولدى لايىق.
ھەر نەۋئى مۇراد سەندە ھاسىل،
ۋەسلىڭغە يېتەلمەي غېرىب مۇندا غاپىل.
يەتسەم ھەر نەۋئ قىلىپ مەدىنە سارى،
ئەرزىمنى ئېتسام تەخت ئۈستى شاھى.
كىم ئۇچرىسا مەن دەردىمنى ئېيتسام،
بار يېرقنى يولدا سەرپ ئېتسام.
تاپسام يولۇمنى يۈرۈتۈپ مەن،
غەم قايغۇ بىلە ئاقسۇدا يېتىپ مەن.
غېرىبغە بولماسا لۇتپى ئىلاھى،
ئۇنىڭدىن ئۆزگە يوقدۇر ھىچ پاناھى.

× ×

شەھىنشاھى ھەمىشە ئاقسۇ شەھرى كامران بول،
بۇ ئىززەت بىرلە دايىم شادىمان بول.
ساڭا ئىقبال دۆلەت يار ئولسۇن،
مۇراداتى ھەمە تەييار ئولسۇن.
زامانە پىتنەسىدىن ساقلاسۇن ھەم،
قەۋى دۈشمەنلىرىنى ئەيلەسۇن كەم.
پەلەكدىن ئۇرلاسۇن ئىززەت كامالى،
ھەممەگە كۆرسەتسۇن ئىسسىغ جامالى.
مۇراداتى تامامى قولغە كەلگەي،
مەدەد ئەيلەپ ئەزىزلار يار بەرگەي.
ھەممە ئىشلاردا ھەق بولغاي ئاڭا يار،
شاپائەت قىلغاي ئۇل مەھمۇد مۇختىيار.
غېرىب قىلمىش دۇئايى دەۋلەتىغە،
قىلىپ تۇرغان ئىشىغە ھىممەتىغە.
كىشى ئۆزلۈگىدىن دەۋلەت تاپارمۇ،
ئەزەلدىن بولمايىن ئىززەت يېتەرمۇ.
كىشىگە بەرسە دەۋلەتنى خۇداۋەند،
قىلالماس ھىچ كىشى دۆلەتكە مانەند.
ئەزەل تەقدىرىسىز بىر قىل ئۈزۈلمەس،
ئەگەر خىزرى نەزەر قىلسە ئۈزۈلمەس.
خۇدا بەرگەن بۇ دەۋلەت ئاڭا ئىقبال،
ئەزەل كۈندە پىتىلمىش ئىززەتۇ ھال.
خۇدانىڭ سۇنئىغە ھىچ ئىتىراز يوق،
ئاڭا ئىززەتنى بەرگەي مۇندىن ئارتۇق.
ئېغىرلىق بابىدا يەكتە يىگىت بول،
ساپالىق بابىدا گۆپتارلىق ئۇل.
سوراغى شەر ئىنىڭكى سۆزلەرىدىن،
خۇدا بىلسۇندۇرگەن ئەرمىش قۇدرەتىدىن.
ئاتا قىلغان بۇ دەۋلەتنى خۇدايىم،
دىلى يۇمشاق سۆزى ئۆتكۈن مۇلايىم.
بىرىپ دۆلەت ئاڭا بىرلە ساپالىق،
دىياردۇر ئۇنىڭ ئەسلى كۇچالىق.
خۇدا ئەمرى ئاتا قىلسۇن بۇلارغە،
ھەمىشە شادلىق بولسۇن ئۇلارغە.
بۇ شېئىر ساھىبدۇر ئاسى گۇمراھ،
جاھاندا تاپقانىدۇر دەردى ھەمراھ.
قىلىپ دەردىمنى مەن بىر مۇنچە شېئىرى،
مۇرادىمغە يېتەلمەي كەئبە ئەزمى.
مەدىنە سارى ئەزمى ئىشتىياقى،
بارالماي تەلمۈرۈپ دەردۇ پىراغى.
شاپائەتىدىن غېرىب تۇتتى ئۇمىدنى،
كېچە ـ كۈندۈز ئوقۇپ خەيرى دۇرۇدنى.

× ×

بولدى قۇربان ئەلگە ئىيد ھەر كۈندە مەيدان قىلغۇسى،
ئۇل رەسۇلۇم ئىشتىياقى جاننى قۇربان قىلغۇسى.

بەرق ئاپەت بولغۇسی هەرلەهزە ئول جان كۆيدۈرۈپ،
ئەهلی ئالەم غەمی یوق هەر كۈندە مەهمان بولغۇسی.
ئشتیاقی ئول رەسۇلۇم هەر تەرەپكە قویسا یۈز،
یۈز كۆڭۈلنی كۆیدۈرۈپ یۈز جاننی ۋەیران قلغۇسی.
ئاشكارا جان ئەلپ بردەك غەرببنی یغلاتپ،
ئەل مۇنی بلمەس مەگەر بلسە غەرببنی ئەهلی نادان قلغۇسی.
بۇ كۆڭۈل كم ئەزم قلغاننی بلمەس بر كشی،
ئالەم ئەهلی یوق خەبەردار زار هەیران قلغۇسی.
بلمەسۇنكم بۇ غەرب ئەزم قلۇرنی هچكشی،
ئول رەسۇلۇم رۇهی پاكدن شاپائەت قلسەلەر بۇ كۈلگۈسی.
ئەلگە ئید دۇرئی غەرب قلمە تەكەببۇر كبر ئلە،
بۇ پەلەك بۇ جەمئنی هالی پەرشان قلغۇسی.

مۇناجات

تلاگم ئولدۇرۇر یارەب مەنی كەئبە سەری یەتكۈر،
تاۋاپ قلسام یانا ئاندن مەدنە سارغە یەتكۈر.
قلاي دادمنی مەن ئاندن شاپائەتدن ئۇمدۋارمەن،
ئۆزۈم ئاسی گۇناهكار قۇل شاپائەتدن نەسپ یەتكۈر.
گۇناهكار ئادەم ئوغلدا مەنگدەك بولماغاي هەرگز،
گۇناهم جەهەتدن یارەب مەدنە سارغە یەتكۈر.
نەسپ ئەتكل رەسۇلۇك هۆرمەتدن ئاسی بۇ قۇلغە،
مۇنی سەن قلماغل نەۋمد مۇرادی مەقسەدی یەتكۈر.
ئەگەر نەۋمد قلساڭ كم قیامەتدە نەهال كەچكەي،
شاپائەت بەهرەدن لەب تەشنەلككە بر شپا یەتكۈر.
مەنئاڭ بۇ تلاگم ئایان ساڭا پۈشدە ئەمەس سررم،
مەنی بۇ دەشت ئارا قویمە نەیەت ئقبالمە یەتكۈر.
مەنگدەك ئاسی قۇللارغە سالپدۇرسەن هەۋەسلەرنی،
غەربدەك ئاسی قۇلنی كەئبەئی مەككە سەری یەتكۈر.

× ×

قلدی مەنی بۇ سۈپەرهر غەددار،
غەم ئەندۇه ئلكدە گرپتار.
سەرگەشتە خۋارزار بولدۇم،
ئالەمدە بی ئتبار بولدۇم.

تكتی پەلەك یۈزۈ كۆزۈمنی،
لۇتپ ئەیلەپ ئشت سۆزۈمنی.
هەر نەچچە سۆزلەمەي دسەم مەن،
تلم خامۇش ئەیلسەمەن.

www.uyghurkitap.com

پەيداۋۇ ناهان ساڭا ئاشكارا،
ئۆزلۈك بىلدۇرۇپ بۇ سۇزى پەيدا.
ئى شاه جاپاجۇي بولما،
بىهۇدە مىنى غەملەرگە سالما.
ئەدلىك پۇر ئىرۇر جاهانغا مەشهۇر،
رەهىم ئەيلاگىل مەن غىرىب مەهجۇر.

× ×

ئى دوست بىلىڭلار سۇنئى جاهان خۇدايى،
بەردى بىرگە دۆلەت بىرنى قىلىپ گادايى.
كارى پەلەك ئىشىن كۆر ئەۋۋەلدە شاد ئەيلەپ،
ئاخىر دەمدە بىراۋدىن بىرنى قىلىپ جۇدايى.
شەهەردىن شەهەرگە قوغلانىپ يۇرگەن ئەردى دەۋلەتى،
ئاخىر كىلىپ ئاقسۇدا بولغان ئەرمىش هاۋايى.
بىرنى قىلسە مۇساپىر ئەيلەپ جۇدا ۋەتەندىن،
ئەمرى ئەزال پىتىلگەچ ساپا ئەردى شەهرىيارى.
بۇ شىئىرنىڭ ساهىبى ئەسلى دىيارى شاهيار،
ساپا بۇلۇپ شاهيارغا ئول يارلار دۇئايى.
هىممەت بىلە سەن تۇرغىل كەئبە سەرى قەدەم قوي،
قىرىغاندا يەتكۇرسە ئەجەپ ئەمەس خۇدايى.
بۇ شىئىردىكى توختاتغىل ئۆلىمالار بار مۇندا،
مۇندىن ئۆتسەڭ ئۆلىما قىلۇر سىنى سازايى.
ياد ئەيلەگىل كەئبەنى زىيارەتى مەككەنى،
ياد ئەيلەسەڭ كەئبەنى باردۇر ساڭا ئاتايى.
غىرىب بولما نائۇمىد توۋەككۈلگە يۆلەنگىل،
كەئبە سۆزىن سۆزلەسەڭ ساڭا بولۇر غىزايى.

× ×

بۇ نەسىهەت مەندىن ھەمە،
بىهۇدە بۇ سۆز ئەمەس ئى خەلق ھەمە.
كىمكى ئايان قىلسە سۆزنى دەمبەدەم،
كەلگەي ئانىڭ باشىغە زۇلىۇستەم.
كىمكى قىلسا ھەر ئىشنى ئاشكار،
خەلق بولغاي قەسدىدە لەيلۇ ناهار.

× ×

مۇنچە كۆيدۇرمەك جازامۇ قىرى بۇ بولغان بىلەن،
تاشلاپ ئەتمەسلەر قىرىنى پادىشا بولغان بىلەن.
قىرىلىق ھەرگىز زىيان قىلماس نە ھۇسنۈڭغە زىيان،

رەھمىتىغە كىم بولۇرمۇ بىر قىيا باققان بىلەن.
چوغنى پاختا ئاراسىدا ساقلىماغلىق تۇرپە تەرس،
ئاشكارا بولغۇسىدۇر ئانچە ياشۇرغان بىلەن.
نەچچە ۋەقت بولدى غەرەزنى پەھم قىلماس ھىچكىشى،
ئى غېرىبا مەقسىدىڭ ھاسىل بولۇرمۇ يىغلاپ ئولتۇرغان بىلەن.
مەخپى تۇتقان بىرلە ئاشىقلىق ياراشماس كىشىگە،
ئاشكارا قىلغۇسى ئىشق ئوتى ياشۇرغان بىلەن.
كۆزدە ياشى شاھىدى، يۈزى سېرىغ بولغان زەلىل،
ساچلارى پەتلە بولغان ئىشق بىمارى بىلەن.
ئىشق سابىت قىلدى قان ياشىم سېرىغ يۈزۈمنى كىم،
شاھىدىم بولدۇر مېنىڭ دەردى ئارا ياشىم بىلەن.
نە قىلاي ئىشق ئوتىغە كۆزۈم ساراي ئىچرە ياش،
كۆڭلى قاتىغ تاش بېغىرنىڭ دەردۇ بىمارى بىلەن.
كېچە-كۈندۈز غەم ئاراسىدا كۆڭۈل پەرسۇدەدۇر،
تاپمادى ھىچ شادلىق يۈردى ھەمىشە غەم بىلەن.
ئانچە تۇتتۇم ۋەسلىغە يەتمەك خىيالىدا ئۆرتانىپ،
ۋەسلىغە بولماي مۇيەسسەر ئۆرتانىپ ھىجرى بىلەن.
ئانچە تۇردۇم تەلمۈرۈپ يوللارغا قاراپ ھەر زامان،
كۆزلارىم گەۋھەرى ئۇچتى قارابان يوللار بىلەن.
كۆرەۈدۈم دەھردە مۇنداغ بەد ۋاپا ئول يارنى،
كىم يۈرۈبدۇر بۇ جاھاندا بەد ۋاپا مەھبۇپ بىلەن.
ئاشىق بولساڭ ئى غېرىب دەردۇ بالاغە سەبىر قىل،
يەتسە ئاشىقغە ئەلەم يېتەر جاپا سەبرى بىلەن.

× ×

كۆرمىدىكىم يارمەھبۇپ، ئىتلارنىڭ سانىدا،
ئوت تۈشۈپ كۆيمىش بەدەنگە بۇ غېرىبنىڭ جانىدا.
ھەر كېچە تاڭ ئاتقۇنچە يىلدۇز ساناپ كۆككە بېقىپ،
كۆزلەردىغە ئۇيقا كەلمەي غىڭشاشىپ ئىت ئورنىدا.
باقسام ئول يارىم كۆرۈنمەس جانىمە ھەم دەردۇ غەم،
ئۆزگەلار قاشىدا بولدى مۇڭا ھەمراھى رەپىق دەرد يانىدا.
تاپمادىم ھىچ چارە مەن دەردىسىز دەۋاغا ئۇچرادىم،
نە ئىلاج ئەيلەي يارانلار قېرىغان بۇ چاغىدا.
شۇم رەقىبلەرغە باقىپ قاشىن ئېتىپ ناز ئەيلەبان،
بارسام ئول يانىغە ئانىڭ شۇم رەقىبلەر يانىدا.

www.uyghurkitap.com

× ×

نەپسنىڭ ئارقاسىدا ئەرگەشىپ ئاۋارە قىلغان نەپسدۇر،
ئەرگەشىپ سەگدەك يۈرۈپ بۇ خۋار قىلغان نەپسدۇر.
ئەژدىھا يەڭلىغ بولۇپ كەلسە ھاراەدىن يانمايىن،
گەر ھالۇ گەر ھارام كەلسە سۈمۈرگەن نەپسدۇر.
قاندا بارسا خارلىقنى ئىستابان بۇ نەپسى شۇم،
ئىئتىبارى قويمايىن مەردۇت بولغان نەپسدۇر.
ئانچە ئېيتتىم نەپسى شۇمغە سۆزگە باۋەر قىلمادى،
ھەرنىچە پاسىد خىياللار بىرلە يۈرگەن نەپسدۇر.
مىڭ جاپا كەلتۈردى باشغە نەپسى شۇمنى ئەرگەشىپ،
غىڭشاشىپ ئىتدەك بولۇپ ھەر كويغا سالغان نەپسدۇر.
نەپىس ئەممارە يامانلىقدىن قىلىپ دىنىم خاراپ،
بەند ئىشتتۈرمەي جاھالەتدىن قىرىغاندا خۋار قىلغان نەپسدۇر.
ياخشى ئىش قىلۇرمىدى مىھمان ئۈچۈن نەپسى ئەمر،
شەرم تۇتماي يەتكۈرۈپ باشىغە مۇنچە دەردۇ غەم بۇ نەپسدۇر.
نەپسى تىپىلىدۇكى مۈھلەت بەرسە دايىم سۈت ئىمەر،
مەنىئ قىلغان بىرلە سۈت ئەممەكنى قىلماس ھىچ كەم بۇ نەپسدۇر
يان ھاۋادىن سەن ئۇنى زاتىڭغە ھاكىم ئەيلەمە،
گەر ھاۋا ھاكىم ئىسە قىلغاي سىنى دەۋزەخخەزەم بۇ نەپسدۇر.
سەن ھاۋادىن يانمايىن جانىڭغە قىلدىڭ كۆپ سىتەم،
بىلسەڭ ئەرسە بۇ ھاۋا شەيتان بىرلە بىر نەپسدۇر.
تۇتما پەرمانى مۇنىڭ ھاكىم ئەمەس بۇ خەسىم ئېرۇر،
خەسىملىكدىن كۆپ گۇناھ ئالۇدە قىلغان نەپسدۇر.
قىرىغاندا نەپسىنىڭ دامىدا بولدۇڭ پاي بەست،
ئىنتىزارلىقغە سالىپ ئاقسۇدا قويغان نەپسدۇر.

× ×

سۆزۈڭنىڭ مەغزى يوق بۇ سەپھەر ئۇزرە،
سەمەرسىز ھەر دەرختغە قويغاي ئەردە.
مۇنىڭدىن بەھرە ئالماس ئادەمزاد،
ئۆزۈڭ موللاچوق دىۋى پەرىزاد.
زىيارەت قىلمادىڭ كەئبە تاۋابى،
بېرۇرسەن ئاخىرەت قايداغ جاۋابى.

تىلىڭدا جارى قىلغىل زىكرى ئاللاھ،
دىلىڭدا ياد قىلغىل كەئبەتۇللاھ.

× ×

نەپسىنىڭ ئارقىسىغە كىرمىگىل،
مېھنەتۇ غەم ئىچرە ئۆزنى سالماغىل.
قېرىغان ئەسرىڭدە بولما سەن پەرىسپ،
دۇنيا بىرلۇلى خۇتۇندۇر ئول ھەرىسپ.
ئۆتتى دۇنيادىن تامامى ياخشىلار،
تۇتمايىن دۇنيانى دوست ئول ئۆتتىلار.
ئىبرەت ئالغىل ئى غېرىب ئۆتكەنلاردىن،
شەرمى تۇتغىل مەككەدىن يانغانلاردىن.

× ×

بۇ شېئىرلىك تۈختاتىپ تاشلا قەلەمنى،
تامام بولماس پۈتۈپ دەردۇ ئەلەمنى.
دۇۋاتنىڭ ئاغزىنى چۈن ئەيلەگىل مۇم،
دۇۋاتنىڭ ئاغزى بولسۇن ئانچە مەختۇم.

## لۇغەت

### ئە

ئەئيان — ئاشكارا.
ئەرش لەرزان — ئەرش تىترەش.
ئەيش — راھەت، پاراغەت.
ئىمىن — خاتىرجەملىك، ئامانلىق.
ئول جاھان بازارى — قىيامەت كۈنلىرى.
ئىلتەگەي — ئېلىپ كەتكەي.
ئەپغان — پىغان، نالە زارە قىلىپ يىغلىماق.
ئاب — سۇ.
ئەشك — كۆز يېشى.
ئەھمەد — مۇھەممەد ئەلەيھىسالامنىڭ بىر ئىسمى.

www.uyghurkitap.com



ئىسيان — گۇناھ.

ئال - ئەسهاب — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى ۋە ساھابە - سەپداشلىرى.

ئابىد — تەڭرىگە تائەت ئىبادەت قىلغۇچى.

ئەسپ — ئات.

ئەلقاب — بىر كىشىنىڭ ياخشى سۈپەت، خۇسۇسىيەتلىرى.

ئەقسا — يىراق يەر، ئاخىرقى مەنزىل.

ئىبادات. — ئىبادەتلەر.

ئەنبىيا — پەيغەمبەرلەر.

ئەۋلىيا — تەڭرىنىڭ دوستلىرى.

ئەنجۇم — يۇلدۇزلار.

ئەزۋاج — خاتۇنلار.

ئىللەللاھ — يىگانە بىر تەڭرىدىن باشقا تەڭرى يوق.

ئەرسە — شۇنداق قىلىپ ....، شۇنداق بولۇپ.

ئاتالىق — بەدەۋلەتنىڭ ئۇنۋانى.

ئەجىز — ئاجىزلىق.

ئەسهاب كەھف — دىنىي رىۋايەتلەردىكى بىر غارغا يوشۇرۇنغان بىر نەچچە ياش ئۇلۇغ زاتلار.

ئەندۇھ — قورقۇنچى، غەم - قايغۇ.

ئەغيار — يات، غەيرى ئادەملەر.

ئاتا — ئاتالىق غازى.

ئىتاب — ئاچچىقلىنىش، كايىش.

ئىزتاراب — بىئاراملىق، ھودۇقۇش.

ئۇناب — يادلىنىپ، خىيال قىلىپ.

ئاھۇ — جەرەن، كىيىك.

ئەستەغپىرۇللاھ — تەڭرىدىن گۇناھىمنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەيمەن.

قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد — ئاللاھ يەككە يىگانە بىردۇر.

ئەللاھۇ سەمەد — ئاللاھ ھىچ نەرسىگە مۇھتاج ئەمەس.

ئەنقا — سۇمرۇغ قۇش.

ئىسكەندەر — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن.

ئۆزدىن ئۆزگەسى — تەڭرىدىن باشقىسى.

ئەزرائىل — جان ئالغۇچى پەرىشتە.

ئەلايىق — تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرى، مال - مۈلۈك.

ئەرسەئى غەبرا — يەر شارى، يەر مەيدانى.

ئەۋئەدنا — ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق.

ئەئداد — سان، ساناقلار.
ئەيىۇھەنناس — ئەي خالايىقلار!
ئۇقبا — ئاخىرەت كۈنلىرى.
ئىتماد — تايىنىش، ئىشىنىش.
ئاشۇپتە — ھەيران، مەپتۇن ـ ئاشىق.
ئەر ـ ئەر — سۇۋادان تىرەك.
ئاستانە — پايتەخت، بۇسۇغا.
ئۇميان — قارغۇ، كور.
ئانچە — شۇنچە، شۇنداق.
ئەبر — بۇلۇت.
ئەلفىياس — ئەرزدات، ئەھۋالغا يەتكىل.
ئەسرۇكلۇك — مەستلىك.
ئىدبار — بەخت ـ دۆلەت، بايلىقنىڭ يىمىرلىشى.
ئەپگار — يارىدار، ئاجىز.
ئىقبال — بەخت ـ دۆلەتنىڭ يۈزلىنىشى.

## ب

بىدار — ئويغاقلىق، ئۇخلىماسلىق،
بىھراق — ياخشىراق، ئەۋزەلراق.
بەرگ — يوپۇرماق، گۈلنىڭ چېچەكى.
بابائىبەرپ — ساچ، ساقىلى قاردەك ئاقارغان بوۋاي.
بەرق — ھاۋادىن چۈشكەن چاقماق.
بەخشىش — بېغىشلىماق، ماددى نەرسىلەرنى بەرمەك.
باساپا — ساپ، پاك، سۈپەتلىك.
بىھەد — چەكسىز، سان ـ ساناقسىز.
باد — يەل، شامال.
بادە — شاراپ، مەي (هاراق).
بىۋە — تۇل خوتۇن.
بەلەند — ئۇستۇن، يۇقۇرى.
بىخ ـ بۇنياد — يىلتىزى، تەۋۈرى، تەكتى.
بەدر — دېڭىز.
بى باقا — مەڭگۈ ئەمەس.
باقا — مەڭگۈ. يىقالماس ئالەم (ئاخىرەت)، ئۇ دۇنيا.
بەسى — تولا، كۆپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى www.uyghurkitap.com


بەقەم — يوپۇرماق ۋە ياغىچى قان رەڭگىدە بولىدىغان بىر خىل دەرەخ.
بىيىش — ئارتۇق، كۆپ.
بەدخۋاھ — يامانلىقنى خالىغۇچى ئادەم.
بەلىيەت — بالايى-ئاپەت.
بەتھا — مەككە ۋە مەككە ئەتراپىدىكى ۋادىلار.
باتىل — كىرەكسىز، ئىشەنچسىز.
بى باك — نومۇسسىز، ئۇياتسىز ئادەم.
بەرر — يەر شارىنىڭ قۇرۇغلۇق قىسمى.

## ت

تەڭ نەپەس — نەپىسى قىسىلماق، سۆزلىيەلمەسلىك، بىچارىلىق، ئەركىسىزلىك.
تۇغيان — ھەددىدىن ئاشماق، ئىسيان قىلماق، ئىتائەتتىن چىقماق.
تاڭلا — ئەتە، قىيامەت كۈنى.
تەبەر — قول پالتىسى، كەكە، ئىككى باشلىق پالتا.
تۇندبار — شىۋىرغان، بوران.
تەنھا — يالغۇز.
تۇلۇۋ — قۇياش ۋە ئاينىڭ، يۇلتۇزلارنىڭ چىقىشى.
تۇرغانى — تۇڭگانى.
تەئمىر — ئىمارەت قۇرماق، بىنا سالماق.
تىپل — بوۋاق بالا.
تىناب — تىنەپ - تەنترەپ.
تەلەپ — ھىلاك بولماق، يوقالماق.
تۇتىيا — كۆزنى روشەن قىلىش ئۈچۈن سۈرتىدىغان مەدەندىن ئېلىنغان توپاسىمان دورا.
تۇرپە — ئاجايىپ.
تەزەررۇئ — زارلىنىش، ئۆزىنى بىچارە تۇتۇش.
تامىئ — تەمە قىلغۇچى، ئۇمىدلەنگۈچى.
تۇشە — يىمەكلىك، ئوزۇغلۇق.
تەئىد — قوللىماق، كۈچەيتمەك.
تەمەننا — ئارزۇ، ئۈمىت.
تابىستان — ياز، تومۇز پەسلى.
تەجرىد — جەمىيەت، تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىدىن ئۈزۈلمەك.
تەسكىن — ئارام ئالماق، ئارام تاپماق، جىم تۇرماق.
تەكەللۇم — سۆزلىمەك.

تەھىيات — تۆھپە، سالام.
تەردامەت — پاسكىنا، گۇناھكار.

## س

سەمەر — مېۋە.
سىنەچاك — يۈرەك - باغرى دەردلىك.
سانا — تەڭرىگە تەشەككۈر، مىنەتدارلىق قىلماق.
سەڭگى خارە — قاتتىق تاش.
سەجدەگاھ — سەجدە قىلىنىدىغان ئورۇن.
سۇبھى — تاڭ يورۇش ۋاقتى.
سۇبھى سادىق — راس تاڭ ئېتىش.
سال — يىل، ئادەمنىڭ يېشى.
سابىت — مۇستەھكەم تۇرغۇچى، ئىسپاتلىغۇچى.
سەيىل — قىيان سۇ، كەلكۈن.
سەئى — تىرىشىش.
سەراسەر — باش، ئاياغ، بارابەر.
سۇد — پايدا.
سەۋرى — سۇۋادان تېرەك، تاغ تېرەك.
سەرى - سارى — تەرىپى.
سۇزىش — ئېچىشتۇرۇش، كۆيدۈرۈش.
سەركەش — ئىتائەتسىز، باشباشتاق.
سەر - سەر — تېز چىققان بوران.
سەڭگسار — تاش، چالما ئېتىپ جازالىماق.
سۇبھان — پاك تەڭرى.
سەييىدۇلكەۋنەيىن — بۇ ئالەم ۋە ئۇ ئالەمنىڭ خوجىسى.
سەرا — ساراي.
سەيد — ئوۋ ھايۋانلىرى ۋە ئوۋ قۇشلىرى (ئوۋ قىلىنىدىغان ھايۋان ۋە قۇشلار).
سىدىق ساپا — راستلىق ۋە پاكلىق.
ساكىن — ماكاندار بولغۇچى، تۇراقلاشقۇچى.
سۇزدۇرى — سۆز گەۋھەرلىرى (قىممەتلىك سۆزلەر).
سىلكى — مەرۋايىت، گۆھەر تىزىقلىرى.
سەئىب — قاتتىقلىق، مۇشەققەت، جاپا.
سەلات — رەھمەت، تۆھپە، ناماز.

www.uygurkitap.com



سەرپ — دۈشمەن، قارشىلاشقۇچى.

سەقەر — دوزاخ

## ج

جەلىل — ئۇلۇغ، بۈيۈك (تەڭرى).

جىد — تىرىشماق، ھەركەت قىلماق.

جىننى — سەۋدائى، ساراڭ.

جۇزپەرز — تەڭرى بۇيرىغان پەرزدىن باشقا.

جۇھال — بىلىمسىز، نادان.

جۇزسىيەھ رۇلۇق — قارا يۈزلۈكدىن باشقا.

جاھ — مەنسەپ، ئەمەل.

## چ

چاھاريار — مۇھەممەت ئەلەيھسالامنىڭ تۆت دوستى — ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى.

چىركىن — نىجىس، ناپاك، پاسكىنا.

چەشمى بەسىر — كۆرەر كۆز.

چالاك — تېز، چاپسان.

چاھ — قۇدۇق، زىندان.

چۇغز — ھۇقۇش، چۇغۇندەك.

## ھ

ھەستىلىك — بارلىق، مەنمەنلىك.

ھۆر — جەننەت قىزلىرى.

ھەمد — تەڭرىگە تەشەككۇر.

ھەمە — ھەممە.

ھەي — ھايات، تىرىك (تەڭرىنىڭ بىر سۈپىتى).

ھىدايەت — توغرى يول.

ھىسار — سېپىل، قورغان.

ھەق تەئەلا — ھەممىدىن ئۈستۈن تەڭرى.

ھەبىبۇللا — تەڭرىنىڭ دوستى.

ھەقىر — خار، ئاجىز، كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەم.

ھەجەرۇلئەسۋەد — بەيتۇللاھ ئىچىدىكى تاۋاپ قىلىنىدىغان قارا تاش.

هەشرى بازارى — قىيامەت كۈنى.
هىيەل — ھىلە، مەكرىلەر.
هاۋا — هاۋايى هەۋەس، يامان، بىهۇدىلىق.
هەلق — كىكىردەك، كاناي.
هەمەج — ئات، ئىشەك، كالا تېزەكلىرىدە پەيدا بولىدىغان چىۋىن قۇرۇت.
هادى — يولباشچى.
هەراسان — قورققۇچى.
هىرمان — مەهرۇم بولماق.
هىرزە — پاناهلىنىش، قوغدىنىش ئورنى.
هىرىس — ئامراقلىق، ئاچكۆزلۈك.
هائىل — قورقۇتقۇچى.
هەيىپ — ئەپسۇس، ئىست.
هەۋز — كۆل (سۇ ساقلاش كۆلى).

## خ

خونى جىگەر — جىگەر قېنى.
خار — تىكەن.
خۇمۇش — جىم تۇرۇش، سۆزلىمەسلىك.
خاشاك — قۇرۇپ قالغان ئوت-چۆپ، ئەخلەت.
خىلقەت — يارىتىلىش، تەبىئەت، دۇنياغە كېلىش.
خەرىد — سېتىلىدىغان نەرسىلەر (تاۋار).
خىنزىر — تۇڭگۇز، چوشقا.
خاكى پايى — ئايىغىنىڭ توپىسى.
خەم — ئېگىلىش، مۈكچىيىش.
خاك — توپا، تۇپراق.
خۇرشىد — قۇياش.
خانىمان — ئۆي، ئائىلە.
خۋاجەئى تاها — مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام.
خۇرد — كىچىك، ئاددى ئادەملەر، پۇخرا.
خامائى تەقدىر — تەقدىر قىلغۇچى.
خالقى ئالەم — ئالەمنى ياراتقۇچى، تەڭرى.

## د

دەرەم — كۈمۈش پۇل، پۇل.
دىلگىر — كۆڭۈلسىزلىك.

www.uyghurkitap.com



دەگەھى — دەرگاھى، ھوزۇرى.
دۇرۇد — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغان دۇئا ـ سالام.
دادخۋاھ — ئەدلىيە، مەمۇرى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغۇچى ۋالى.
دابان — داۋان، بەل تاغ.
دام — تۇزاق، قاپقان، تور.
دەربەدەر — ئىشىكمۇ ـ ئىشىك يۈرمەك.
دەستىگىر — قوللىغۇچى، قولىنى تۇتقۇچى.
دەۋلىتى ئۇزمە — ئۇلۇغ دەۋلەت، ئىززەت.
دىلرىش — كۆڭلى يارا.
دۇختەر — قىز پەرزەنت.

## ز

زىكر — ياد ئەتمەك، ئەسلىمەك.
زەن — خاتۇن، ئايال.
زاھىد — دۇنيا ئىشلىرىدىن كېچىپ تەڭرىگە ئىبادەت قىلغۇچى.
زاۋال — يىمىرىلىش، پېتىپ كېتىش، كۈننىڭ ئولتۇرۇپ كېتىشى.
زاھىر — ئاشكارا، ئوچۇق.
زەلەم — قاراڭغۇ، زۇلمەت.
زەلىل — خار، پەس، ئېتىۋارسىز.
زىجان — جان ئىگىسى، جانلىق مەخلۇقات.
زۇلجەلال — بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق ئىگىسى (تەڭرى).
زەبۇن — ۋەيران، مەغلۇپ، ئاجىز.
زادى راھ — يول ئۇزۇغى، خىراجەت.
زۇئپ — ئاجىزلىق.
زاغ — قارغا.
زۇلپ — چاچ، ماڭلەي چاچ، چىكە چېچى.

## ر

رۇزى مەھشەر — قىيامەت كۈنى.
رەھنەما — يول كۆرسەتكۈچى، يول باشلىغۇچى.
رەھمەتەن لىلئالەمىن — پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.
رەسۇل — ئەلچى (پەيغەمبەر).
رىيا — تەڭرىگە قىلغان تائەت ـ ئىبادەتنى خەلققە ئۇلۇغ كۆرۈنۈش ۋە مەنپەئەت قازىنىش ئۈچۈن قىلغان ساختا ئىبادەت.

رۇجۇئ — قايتماق، قايتىپ بارماق.
رەۋزە — باغ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسى.
رىشتە — تۆمۈر، يىپ، تاناپ.
رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ ئەلچىسى.
رەپئ — ئۈستۈن، يۇقۇرى.
رۇخسار — ئادەمنىڭ يۈزى، جامالى.
رەبات — لەڭگەر، قونالغۇ، مەنزىل.
رۇتبەئى ئەئلا — يۇقۇرى مەرتىۋە، دەرىجە.
رىسالەت — ئەلچىلىك، پەيغەمبەرلىك.
روز - شەب — كۈندۈزى - كېچىسى.
رەخنە — زەخمەت، تۆشۈك.

## ش

شايەد — لايىق، ئۈمىت، كاشكى.
شەمس — قۇياش.
شىكەست — سۇنۇق، مەغلۇپ.
شەپىئ — ھىمايە قىلغۇچى، قۇتقازغۇچى.
شىمرى لەئىن — ئىمام ھۇسەيىننى كەربالانىڭ قۇملۇغىدا بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەن (شەھىد قىلغان) بىر خاۋارىجنىڭ ئىسمى.
شىرى غەرران — غەزەپلىك، يىرتقۇچ ئارسلان.
شاھىد — گۇۋاھ.
شۇناسەد — تونۇش، بىلىش.
شەيئەلىللاھ — ئاللاھدىن بىر نەرسە تىلىمەك.
شامۇ - سەھەر — كېچىسى، سەھەر ۋاقتى، تاڭ ئالدى.
شەر — يامانلىق، يامان.
شەھىد — دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ قۇربان بولغان ئادەم.
شۇئائ — شوئلە، نۇر، ئۇچقۇن.
شامى كۆڭلۈم — كۆڭلۈمنىڭ قاراڭغۇلىغى.
شايەستە — لايىق، مۇۋاپىق.
شاھباز — پادىشاھنىڭ قارچىغۇسى.
شەبى تار — قاراڭغۇ كېچە.

## غ

غول — زەنجىر، كىشەن.
غەرق — دېڭىز، دەريا سۇلىرىدا چۆكۈپ كەتمەك، ئېقىپ كەتمەك.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



غەيپارەز زۇنۇپ — گۇناھلارنى، خاتالىقلارنى كەچۈرگۈچى تەڭرى.
غۇسسە — غەم، قايغۇ.
غارەت — تالاڭ تاراج قىلماق، بۇلاپ كەتمەك، تارتىۋالماق.
غەددار — يالغانچى، ھىلىگەر، ئالدامچى.

## ف

فەراغەت — ئارام تاپماق، خاتىرجەم بولماق.
فىرىب — ئالدىماق، ھىلە-نەيرەڭ ئىشلەتمەك.
فەرز — تەڭرى بۇيرۇغى.
فى سەبىلىللاھ — تەڭرىنىڭ يولىدا، تەڭرى ئۈچۈن.
فىلھال — دەرھال، شۇ ھالدا.
فۇزۇن — ئارتۇق، كۆپ.
فۇجۇر — گۇناھ.
فەخرى ئالەم — ئالەمنىڭ ئىپتىخارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.
فۇرۇغى — شۇئلىسى، نۇرى.
فىلھەقىقەت — ھەقىقەتتە.
فەقىر — كەمبەغەل، يوقسۇز.

## پ

پىر — قېرى ئادەم، ئۇستاز.
پەتتاھى باب — ئىشىكنى ئاچقۇچى (تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى).
پانسەد — بەش يۈز ئەسكەرنىڭ كوماندىرى.
پەيكى — خەۋەرچى.
پەيۋەند — ئۇلاشماق، يېتىشمەك.
پىخۋاب — ئۇيقۇسىز.
پىش — ئادەمنىڭ يۈزى، ئالدى.
پەزل — ئۇلۇغلۇق خۇسۇسىيەت.
پەرسۇدە — كونىراپ، يىرتىلىپ، چۈۋۈلۈپ كەتكەن نەرسە.
پەرۋاز — ئۇچماق.
پەژمۇردە — كونا، يىرتىق، چۈۋۈق.
پەدەر — دادا (ئاتا).
پىشە — كەسىپ، ھۈنەر.
پەتىلە — چىراغنىڭ پىلىگى.

پامال — دەپسەندە قىلماق.
پاسىدخىيال — بۇزۇق نىيەت، خىيال.
پەترەت — يارىتىلىش، پەيدا بولۇش.

ق

قەرىب — يېقىن، تەخمىنەن.
قىلغاسەن — قىلغايسەن.
قاپىلە — توپلۇشۇپ سەپەر قىلغۇچىلار، كارۋان.
قەتىئ — ئۈزمەك، كەسمەك.
قالەللاھ — تەڭرى بۇيرۇغى.
قەبرا — قەۋرە، گۆر.
قابالدى — قامالدى، قامال قىلىندى.

ك

كاسە — قاچا.
كەھرەبا — رەڭگى سېرىق، قىزغۇش ماگنىتلىق تاش.
كەئبە — بەيتۇللاھ (مەككىدە).
كەئبەئى كۆل — پۈتۈن ئالەمنىڭ كەئبەسى.
كەر — گاس ئادەم.
كەلام — سۆزلىمەك.
كۆھ — تاغ.
كىردار — ھەركەت.
كۆلبە — كىچىك ئۆي، ھۇجرا.
كاجرەپتار — تەتۈر ماڭىدىغان زامان.
خۇنخۇار — قان ئىچكۈچى.
كەسرەت — مال، پۇلنىڭ مەشغۇلىيىتى.
كەمسە — كەم بولسۇن.
كەلھەمەج — ئۇششاق قۇرۇت.
كەلان — يوقۇرى مەرتىۋىلىك ئادەملەر.

گ

گىل — لاي، پاتقاق.
گۇڭگى — گاچا.

گوئىيا — گويا، شۇنداق، خۇددى.
گەران — ئېغىر، ھۇرۇن.
گۇزەر — ئۆتمەك، ئۆتۈش، مېڭىش ئورنى.
گۇي — توپ (مەيداندا ئوينايدىغان توپ ئويۇنى).
گۇشە — بۇلۇڭ، چەت، خالى يەر.
گام — ئادەمنىڭ پۇتى، قەدەم.
گىريان — يىغلىغۇچى.
گۇمبەزى گەردۇن — ئاسمان.
گاۋمىش — سۇ كالىسى.

## ل

لەيل — كېچە.
لىقا — يۈز كۆرۈشمەك.
لىباس — كىيىم - كېچەك، ئۆي بىساتلىرى.
لەھەد — گۆر، قەۋرە.
لەھزە — بىر سىكۇنت
لەك — ئاقساق، توكۇر.
لاتەقنەتۇمىن رەھمەتىللاھ — ئەي ئىنسانلار، تەڭرىنىڭ كەڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىڭلارنى ئۈزمەڭلار.
لولى — ھىلىگەر، ئالدامچى.

## م

مۇستەجاب — ئىجابەتلىك، ئىجابەتكە لايىق.
ماسىۋەللاھ — تەڭرىنىڭ غەيرى.
ماسىۋا — غەيرى، باشقا.
مۇنتەزىر — كۈزەتكۈچى.
مۇسھەپ — قۇرئان.
مۇنەززەھ — پاك، ئەيىپسىز.
مەلەك — پەرىشتە.
مەجاز — ھايات ۋە شەيئىلەرنىڭ تاشقى شەكلى.
مۇستاپا — تاللانغان.
مۇشتى خاك — بىر سىقىم تۇپراق.
مۇزاپات — ئەتراپ، تەۋە يۇرتلار.
مەئزۇر — ئۆزەلىك (كېچىرىم تىلەش).
مار — يىلان.

مۇر — چۇمۇله.
ماهال — مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.
مۇباھ — ئىختىيارى ئىش.
مۇردار — نىجىس، ناپاك، مەينەت، پاسكىنا.
مىئراج — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىدا ئاسمانغا چىقىپ قايتىپ كېلىشى.
مەرد — ئەر كىشى.
مەھپەل — ئورۇن، ئۆي.
مۇبەددەل — ئۆزگەرتىلگەن نەرسە.
مەرھەبا — خۇش كەلدىڭىز.
مىرزاپاك — گاس مىرزا (ئاقسۇدا ئۆتكەن بىر گاس كاتىپ).
مەھرۇم — كۈتكەن نەرسىگە ئېرىشەلمەسلىك.
مۇپەتتىھۇلئەبۋاب — توسالغۇلارنى ئاچقۇچى تەڭرى.
مادەر — ئانا.
مەئسىيەت — گۇناھ.
مەلەك — پەرىشتە.
مۇلك — مال، دۇنيا، بايلىق.
مەھۋە — يۇقاتماق.
مەلجەئ — پانا تېپىش ئورنى.
مۇقەييەد — باغلىنىپ قالغۇچى، بەند بولۇپ قېلىش.
مانىئ — توسالغۇ، توسقۇچى.
مۇرادات — مۇراد - مەقسەتلىرى.
مەھمۇد مۇختار — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى.
مانەند — ئوخشاش.
مەھجۇر — جۇدالىق، ئايرىلىشقا دۇچار بولغۇچى.
مەختۇم — پېچەتلەنگەن ساندۇق.

## ن

نەيلاگەي — نىمە قىلغاي، نىمە قىلالىغاي.
نەۋجۇۋان — ياش يىگىت، ياش ئايال.
نەھى — مەنئى قىلىنغان نەرسە، ھەركەت.
نەئت — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە مەدھىيە.
نېسار — چاچماق، بېغىشلىماق.
نىئەم — تۈرلۈك نىمەتلەر.
نەدا — چاقىرماق.
نەدەم — پۇشايمان، نادامەت، ھەسرەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# «دەھرۇلنىجات» تىن تاللانما

## ئابدۇرېھىم نىزارى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: **ئابدۇقادىر مۇھەممەدى، مەتكېرەم ئىسمايىل،**
**مەتتۇردى مىرزا ئەخمەت**

سۆز جەۋھەرشۇناسلىرى لىسان ئالماسى نەۋكى بىرلە نوقۇلات جەۋھەرلىرىن سۆپتە ئەيلەپ، تەقدىر رىشتەسىغە تىزىبدۇرلەر ۋە ئانى ئايان قىلماققە سەھىپە دىۋانىدە تەرتىب بىرلە سىزىبدۇرلەر. بۇ ۋاقىئە مەئلۇمى ئانداغدۇركىم:

خاۋىران مۇلكىدە دەرۋىش بار ئەردى. پارساۋەش ۋە تەقۋى ئەندىش ۋە ئابىدنامە مەلەك رەۋىش، دىيانەت ئىشىغە ماھىر، فەزلۇ دانىش ۋە ئىلمۇ ھىكمەت بىلە زاھىر. ئۇنىڭ يۈمىندىن دەۋران ئەھلىغە شادلىق ۋە خاۋىران ۋىلايىتىگە ئانىڭ پەزلىدىن ئابادلىق يېتەر ئەردى. ئول دەرۋىش ئىسمىن مۇقبىل رەۋشەندىل دەر ئەرمىش. شاھ خاۋەر يەڭلىغ خاۋىران ئەھلىغە پەزلىدىن رەۋشەنالىق سالمىش. جاھان ئەربابى پەزا ئىللەرى ئاراسىدە مەشھۇر، ھەمە ئەھلى دىللار ئاراسىدە مەنزۇر.

نەزم

دەرئەردى ئانى مۇقبىلى خاۋىران،
ئاڭا نامىزەت مۇلكى ھىندىستان.
ئادالەتدە نۇشىرىۋان كەمتەرىن،
ساخا ئىچرە ھاتەم كېلەلمەس يەقىن.
پىلاتون سۆپەت تەبئى كەلمىش سەلىم،
كى سوقراتدەك ھەلىم ئىلە مۇستەقىم.
ھەمىشە دىلىدە خۇدا يادىدۇر،
تىلىدە داغى ۋەرد ئەۋرادىدۇر.
جاھانغە تاپىپ دانىشى ئىنتىشار،
ھەمە دانىش ئەھلى بولۇپ ئىنتىزار.
ئەنىڭ پەزلى ئالەمغە شۆھرەت تاپىپ،
تاپىپ بەھرە ئىل ئەھلى ھىكمەت تاپىپ.

ئەمما، ئول پارساي ئالەم پانا ۋە ھەقايىق دەستگاھ دەستۇرى ئول ئەردىكىم: ھەمەشە مۇساپىر ئەھلى بىرلە مۇۋاسا قىلماق ۋە سايىر خەيىلغە ئاشنا بولماق ئەردى. غۇربالەرگە پەزل خانىدىن شادلىق، فۇقرالارغە ئېھسانىدىن ئابادلىق يېتەر ئېردى. ئەقالىمەلەرى خەيىلىنىڭ سەمەئىغە بۇ دەرۋىش ھەممەدە خىسالىنىڭ ياخشى ئەپئالىنىڭ ئەۋازەسى يەتتى.

ۋەداغى بەردۇن دەغلى بار ئەردىكىم، زۇلمى ئەندىش مەردۇمانلارغە جاپاكەش، دىلدە مىكرى ئەندىش، تىلدە يۈزىنىش، تەرىقەت قانۇندە بىرەۋىش؛

نەزم

دەب ئانى ئۇلۇس مۇدبىرى ماۋىران،
ئېرۇر ماۋىراندە بەسى فاسىقان.
قەنائەت ئىشدە مۇدبىر ئىدى،
دىيانەت ئىشغە مۇكەبىر ئىدى.
جاھان كاردە كۆب ئىدى دانشى،
كى ئۇقبا ئەمۇردە يوقتۇر ئىشى.
ئۆزى دانشمنى بىلىپ مۇئتەبەر،
دەر ئەردى ماڭا تەڭ ئەمەس ھېچ ئەر.
ئىشتكەن ئىدى مۇقبىل ئەھۋالىنى،
مۇئارىپنەمانىڭ ئىشغالىنى.
ھەسەتتىن كۆڭۈل ئىچرە بار ئەردى زەھر،
دىلدە قىلماق، ئىدى، ئاڭا قەھر.

گاھى ئول مۇدبىرى خۇدبىن ئۆز مەتابىئلەرى بىرلە مەھپۇل بەزەل باسقانە تەقلىدىن قىلۇر ئەردى ۋە ئول مەجالىسدە مەجلىس ئەھلىدىن خوشئامەت گۇپتارىن ئىشتىپ خۇشنۇد بولۇر ئەردى.

ئەلقازا بىر كۈنى ئەجلاسىغە بىر مۇساپىر دەرۋىش نەما ۋە سايىر خوش لەقا ھازىر بولدىكىم، كېلىپ بەزمە ئەھلى سەپىنى ئالدە يەر تۇتتى. مۇدبىرى خۇدبىن باقتىكى: بىر غېرىپ دەرۋىش ۋە مۇساپىرۇ ئەندىش مەجلىس پايىگاھىدە ھازىر بولدى. بۇ ئەرزال جۇملەسىگە نازىرى ئەردى. مۇدبىر خۇدبىن ئەيدىكى، ئەي دەرۋىش، قايىسى چىمەننىڭ گۇلىسىز؟ ۋە قايىسى گۇلشەننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ بۇ ۋىلايەت ئەھلىدىن ۋۇجۇدىڭىز مەئلۇم بولمايدۇر. جەھان دىدەكار ئاموزدەلىكدىن كۆرگەن ـ بىلگەنلەرىڭىزدىن بولسا بايان قىلىڭ.

ئول دەرۋىش مۇساپىر ۋە دىلرىش سەۋائىر ئەيدىكىم:

## نەزم

«ئىشتىكىل ئەيا مۇدبىر خۇدپەرەست،
كى سەن - سەن تەغاپىل مەيى بىرلەمەست.
ئۆزۈڭدىن بۆلەكنى كى كۆرمەس كۆزۈڭ،
مۇئەسسەر ئەمەس ئانچە خۇدبىن سۆزۈڭ.
جەھان ئەھلىدە باردۇرۇر پارسا،
ھەمە پەزلۇ دانىشدە ئەرمىش رەسا.
ئەگا نام ئۇلۇپ مۇقبىلى خاۋىران،
بولۇپ خاۋىران مۇلكى دارىل ئەمان.
چۇ ھەق يادى بىرلە ئىرۇر يەك جەھەت،
تىلدە ھىمىشە ئىرۇر مەئرىپەت.
داۋامەت كۆڭۈلدە نىھان ۋەردى بار،
ئىنىڭ پىكرىدۇر يادى پەرۋەردىگار.
قەرا تاش گەر ئالدىدە ھازىر بولۇر،
ئىنىڭ پەزلى بىرلە جەۋاھىر بولۇر.
چۇ ئاندىن ھەمە كەسب ئىتەر ئىلمۇ قال،
بولۇر ئەھلى غەم ئاندە مەسرۇر ھال.
جەۋاھىر تۆكەر مەئرىپەت كاندىن،
تاپار بەھرى ئەل پەيزى ئىھساندىن.
پەسادىغە ئەلنىڭ بىرۇر ئول سەلاھ،
سۇلۇكەت تەرىقىدە شامۇ - سەباھ».
چۇمۇد بىر ئىشتتى مۇساپىر سۆزىن،
چۇنان رەشكىدىن يۇمدى ئىككى كۆزىن.
بۇ سۆزدىن زايىل بولۇپ ئەقلۇ ھۇش،
مەلامەتدە گۇيا بولۇپ زەھرى نۇش.

ئەلقىسسە، بۇ كالام تەئسىرىدىن مۇدبىر جانىغە ئوت تۇتاشتى ۋە مۇقبىل رەۋشەندىل ئۇچۇن ھۇسۇدى ھەددىن ئاشتى ۋە ئول ئەنجۇمەن ئەراسىدىن قوپتى. مۇقبىل رەۋشەندىل جەنابىغە بارماق ھەۋەسى كۆڭلىدە تۇتتى. خىيال ئەيلىدىكى، خاۋىران مۇلكىغە بارغاي، بىر نەچچە مەسائىل چىستان ۋە قەۋائىل پەرىشان ئەلپازلارى بىرلە سورىغاي. ئۇنىڭ جەۋابىدە ئاجىز بولۇپ، بۇ مەخلۇت ئىبارەتلار ئەھدەسىدىن چىقالماغاي. قەزارا بىر كۇنى ئەيىن ھەسەددىن خاۋىران يۇلغە قەدەم قويدى. ماۋىراندىن كۆڭلىنى تىندۇردى.

## نەزم

كىرىپ يولغە مۇدبىر چۇ بولدى رەۋان،
كى پۇيە ئۇرۇپ جانبى خاۋىران.
كېچە ـ كۈندۈز ئول سارى ئەيلەپ خىرام،
يېمەك ـ ئىچمەك، ئۇيقۇنى ئەيلەپ ھەرام.
نېچە كۈن چېكىپ رەنج ۋادى ئارا،
قىلىبان جەھاننى كۆزىگە قارا،
ئۇرار ئەردى ھەسرەت بىلە جۇستەخىز،
ھەسەددىن خۇسۇل مۇدبىرى بى تەمىز.
نېچە كۈن يۈرۈبان كۆرۈندى ھىسار،
كۆرۈپ مۈلكنى كۆڭلى تاپتى قەرار.
چۇ داخىل بولۇپ شەھرىغە بۇ كېچە،
بولۇپ كىبرىدىن ھالى بەس ئۆزگىچە.
كىلىپ بىر مەكاندە نىشەست ئەيلەدى،
كى دەرمان كېتىپ ئۆزى پەست ئەيلەدى.
قىلىپ ئول زەمان ئانچە پىكرى ئەمىق،
خىيال ئەتتى ئانچە سوئال رەقىق.
تۇلۇئ ئەتتى چۇن ئاپتابى جاھان،
مۇنەۋۋەر بولۇپ نۇرىدىن خاۋىران.

قازارا مۇدبىرى خۇدبىن باشىن كۆتەردىكىم، ئاپتاپ نۇر ئالەمتاب جاھانغە پەرتەۋ ئەيلەبدۇر. كېچەنىڭ قارا قۇزغۇنلارىنى سۇبھىنىڭ شەھىنەلارى ھەيدەپدۇر. بىراۋدىن ئىتىپسار ئەيلەدىكىم، مۇقبىل رەۋشەندىل ۋە ساقى قايانىدۇر؟ ئول شەخس نىشان بەردىكىم، بەلان مەئۋا ئەڭا مەسكەندۇر. ئاندە پارسالالىق تەرىقىن تۇتمىش ۋە ياخشىلار بىرلە ئەجلاس ئەيلەپ، خەيلى مەردەمان كۆڭلىن ئاۋۇتمىش.

مۇدبىر خۇدبىن ئول نىشان بەرگەن جانىبغە يۈز كەلتۈرمىش. ئىستەپ ـ سوراپ ئول رەۋشەندىل مەكانىن تاپمىش. ۋەقتى ئول پارساۋەش بەزمىگە ئۆزىن سالمىش. مۇقبىل رەۋشەندىل ئەقىل رەۋشەنالىغى بىرلە ئەۋۋەلغى نەزەردە مۇدبىر خۇدبىن پاسىد خىيالىن پەم قىلىپ دىل ئاسالىق ئەيلەپ، مەرھەمەت تەرىقىن تۇتمىش. ئەيتىبدۇركىم: ئەي مۇساپىر بادەئى پەيما ۋە ئەي غېرىپ بىناۋا قايىسى دىيار ئازادەلارىنىڭ مەردىسىز؟ ۋە قايىسى مەملىكەت ئەرزاللارىنىڭ فەردىسىز؟ مەقسۇدىڭىز ھاسىلى نىمەدۇر ۋە مىرادىڭىز مەھسۇلى قايىسى ئىش بىرلە سەرەمجان بولۇر؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

نەزم

مۇدبىرى خۇدبىن ئەيتمىشكىم:
ئەيا مۇقبىل مەردى رەۋشەن زەمىر،
سوئال ئەيلەمەكتە كېلىپ مەن پەقىر.
ئاتىم مۇدبىرۇ، شەھىرىمىز ماۋىران،
كېلىپ مەن سېنى كۆرگەلى خاۋىران،
ئېشىتتىم سۈپاتىڭنى ئالەم ئارا،
ھەمە نىكۇ بەد ئەيلەگەي ماجىرا،
سېنىڭ دانىشىڭ ئانچە شۆھرەت تۇتۇپ.
بارى دانىش ئەھلىكى سۆھبەت ساڭا،
چۇ ھاسىل قىلىپ ئانچە رىغبەت ساڭا.
قىلىپ مەن سېنى كۆرگەلى ئارزۇ،
سېنى تاپقالى ئەيلەدىم جۇستىجۇ،
رىيازەت چېكىپ دەشتى پەيما بولۇپ،
نېچە كۈن ماڭا دەشتى مەئۋا بولۇپ.
كېلىپ مەن جەنابىڭا ئىستەپ كامال.
ساڭا نىكۇبەد ئەيلىگۇمدۇر سەۋال.
قاباھەت سۆزۈم ئەيلەمىز ئىستىلاھ،
پەساھەت بىلە ئاڭا بەرگىل سەلاھ.
قەبىھ لەبزىلەرنى چۇتەئۋىل ئېتىڭ،
يامان سۆزنى ياخشىغا تەبدىل ئېتىڭ.

مۇقبىل رەۋشەندىل ئەيدىكىم:
— ئېي مۇدبىرى خۇدنەما ۋە ئېي مۇساپىرى بادۇ پەيما ۋە مەككارەئىي دۇن دەغا بول سۆزۈڭنىڭ تۆرىدىن بەدگۇمانلىق تەرىقىن تۇتۇپسەن ۋە ئىتتىھان قىلماق خىيالى بىرلە كۆڭلۈڭنى ئاۋۇتۇپسەن، بۇ پاسىد خىيالىڭ نامەئقۇل، بۇ يائىلىغ كالامىڭ نامەقبۇلدۇر. ئەگەرچەندىكى، كۆڭلۈڭ خەزانەسىدىكى كەم باھا جەۋاھىرلىرىڭنى تۆكتىل. لىسان مەسقۇلى بىرلە سەخا بەخش ئەيلەب، جەھان ئەھلىغە نەمۇدار ئەيلىگۇمدۇر. سەن ھەرنىچە قەباھەت سۆزۈڭنى زوھۇرغە كەلتۈرسەڭ، مەلاھەت زەبانى بىرلە ئەرايىش بەرگۇمدۇر. مەئانى ھەقىقەتىدىن بىخەبەرسەن، مۇئارىز سۆزۈڭنى جىلۋە كەلتۈرگەيسەن.

نەزم

ئەيا مۇدبىر، ئەمدىكى قىلغىل سوئال،
تەرەددۇت بىلە بولما سەرگەشتە ھال.

بايان ئەيله كۆڭلۈڭدەكى مۇددەئا،
تەۋەججۇھ بلەن ئەيلەيىن ئىلتجا.
خۇدا خالسا بەرگۇمىزدۇر جەۋاپ،
جەۋابىمغا سەن كۆز تۇتۇپ تۇر قەراب.

مۇدبىر خۇدبىن كـۆڭلىدىكى مۇددىئاسىن ئەيان ئەيلەمەكدە ساپىل ھەقىـقەتىدىن سوـ
راپ جەۋابىغە سامئ بولماق ئۈچۈن بۇ سوئالنى قىلدى:

سوئال:

نەزم

مۇدبىر: نىدۇر بەھرى ئەتراپىدا بىر شەجەر؟
غىزا قىلغۇسىدۇر كالا بىرله خەر.
قەرا يەپ قۇسار ئاق ئارا ئۇل نىمە،
قىلۇر شەھدە بولسا ئىتائەت ھەمە.
غىزادىن ئەگەر قالسا خەنجەر يىگەي،
بىشىن كەسسە ئۇلدەم ئەجەپ سۆز دىگەي.

جاۋاپ:

مۇقبىل ئالىجـەناپ ۋە ئالىم شاپـى جاۋاپ بۇ سـۆزلەر مەزمۇنـىنى مۇتالـئە قىلىپ زىھىن ئەيىارلەرىنى مەئانى شەھرىغە يۈرۈتۈپ، مەزمۇن جەۋاھىرلىرىنى كۆڭۈل خەزائىنەسىـدىن تاراج ئەيلەپ، دەھانى سەدىپىدىن تۆكۈپ ئانداغ ئىيىدىكىم:

— ئىي خۇدبىن شەكـكاك ۋەئـى رەشـكى ئائىن بى ئىـدراك ئاڭـلغىـلكى، دەريانىڭ لىبىدىكى شەجەردىن مۇراد ـ قۇمۇشدۇركىم، گىياھ ئىكەن ھالەتـىدە ئەنى ھـايۋانات يەرلەر. ئەگەر ئۇل نىمەرسە پادىشانىڭ قولىغە كەلسە قەلەم بولۇپ، ھەممە ئالەمنى مۇتىئ ۋە مۇنـقات قىلۇر. «قارا يەپ ئاققا قۇسادۇر» دىدىلىڭ، ئەگەر كاتىپ خەت قىلماقنى ئىرادە قىلسا، قەلەمنىڭ بىشىنى سىياھغە يەتكۈزغاي. ئاندىن كاغەزغە خەت قىلغاي، قۇسقانى بۇدۇر. سۇدە بولۇپ هارغاندە بىشىنى كىسىپ يەساپ خەت قىلۇرلەر. بىشىنى كەسكەندە ئەۋاز قىلغانى بۇدۇر.

مۇدبىرى خۇدبىن ئىشتىپ، قەلەم يەڭلىغ سەرنىگۇن بولۇپ، دۇۋەت يەڭلىغ ئىچىگە قارا دۇد تولدى.

www.uyghurkitap.com



سوئال:

نەزم

مۇدبىر ئەيدىكىم:

نىدۇر ئەجدەرى دەھرىدۇر ئاگا كاخ،
بىتۇبدۇر ئانا سۇر بىلە تۆرت شاخ.
چۇھەر شاخىغە مىڭدى توقسان جۇۋان،
كى ھەر قايسى بەش گۇل تاپىپ شادمان.
بۇ سۆزنىڭ جاۋابىغە مۇھتاجمەن،
داغى تويىمادىم سۆزىگە، ئاچمەن.

جاۋاپ:

مۇقبىل رەۋشەن زەمىر بۇ سۆز زەمىرىغە كۆڭۈل قويدى. خىرەدپىرى ئىلە مەشۋەرەت ئەيلەپ ئەيدىكىم: ئې سادەدىل پىرزە گۇفتار ۋە ئې لادەئى مەككار، ئېرەنلىك دائىرەسىدىن بۇرۇن سەن، نەفىس ھەۋا قەقەسىدە تۇتقۇنسەن. ئىشتىكىلكى: ئەجدەردىن مۇرات ــ بىر يىلدۇر، دەھرىدىن مۇرات ــ ئالەمدۇر. كاخ دىگەن ئايىۋاندۇر، يىلنىڭ ئۈتمەكلىگى بۇ ئالەمدە مەشھۇردۇر، يىلغا بۇ ئالەمنى ئايىۋان قىلدى. تۆرت ئانا سۇر شاھى دىگەنى تۆرت پەسىلدۇر. ھەر پەسىل ئۈچ ئايدىن توقسان كۈندۇر، بۇ توقسان جۇۋان دىگەنگە ئىشارەتىدۇر. بەش گۇلدىن مۇرات ــ بەش ۋاخ نامازدۇر.

..........................................................

سوئال:

نەزم

مۇدبىرى خۇدبىن ئەيدىكىم:
بەسى مۇشكۇل ئەرمىشكى سەككىز نىمە؟
ئەگەر باشقا كەلسە قىلۇر داھەمە؟
ئەگەر قىلسا تاقەت نەتىجە تاپار،
دىيانەت بىلەن بولغۇسى بەر قارار.
بۇ مۇشكۇلنى قىلغىكى ئاسان ماڭا،
تۇرۇپ دەرگاھىڭدا تىلەندىم ساڭا.

جاۋاپ:

رەۋشەندىل ئىشتىپ، بۇلبۇل ياڭلىغ كالامىن ناۋاغا كىرگۈزدى. ئەيدىكىم: ئېي مۇدبىرى خۇدبىن، ئىشتىكىلكى، ئول سەككىز نىمىنى بەسى مۇشكۇل دىدىڭ، بىرى ئولكى غۇربەتدۇر، ئەگەر بىر كۈن بولسا ھەم؛ يەنە بىرى سەپەردۇر، بىر سائەت بولسا ھەم؛ يەنە بىرى نادان بىلەن سودا ـ سېتىق. قىلماق. گەرچە ئەندەك بولسا ھەم؛ تۆرتىنچى بىرسى ئاچچىغى

كەلگەندە سەبرى قىلماق. ئەگەرچە ھەر چەندە سابىر بولسا ھەم؛ يەنە بىرى، قىز بالادۇركى. گەرچە بىر ئەدەت بولسا ھەم؛ يەنە بىرى، قەرزدارچىلىقدۇر، گەرچە بىر دەرەم بولسا ھەم.

كېلىپ مۇشكۇل ئاما بۇ سەككىز ئامۇر،
چۇ ئىنسان بېشىدا تېپىپدۇر زوھۇر.
بۇ ئىشقا كىشى سەبرى - تاقەت قىلۇر،
خۇدايىمغا گويا ئىبادەت قىلۇر.

بۇ جاۋاپنى مۇدبىرى خۇدبىن ئاڭلاپ، يەنە سوئال ئەيلەمەك ئۈچۈن تەخەييۇل بايا بانگە كەتتى. نۇكتەلەر غەزالنى تەبئى كەمەندى ئىلە سەيد ئەتتى. ئەيدىكىم، ئېي مۇرشىد زامان ۋە يېگانەئى دەۋران يەنە بىر سوئال تاپىب مەن ئالدىڭدا ئەرزىمە يەتكۈزگەيمەن. جاۋابىڭ گەۋھەرلەرىنى كەرەم قىلغايسەن. جانۇ دىلىم قۇلاغىغە كۇشۋارە ئەيلەگەيسەن، دەپ مۇنتەزىر تۇردى. مۇقبىل رەۋشەندىل ئەيدىكىم، كۆڭلۈڭ مۇددىئاسىنى ئەيغىل. بىقەدر ھال مەندىن جاۋاب ئىشتىكىل.

مۇدبىرى:

ياتار يول ئۈستىدە ئىككى باشلىق ئىلان،
زەھەر سالغۇسىدۇر يولۇققان زامان.
كىشى قاچمىغاي نىش ئىلە زەھرىدىن،
تەئەججۇپ بۇكىم قورقمىغاي قەھرىدىن.
مىسالىنى بىزگە ئايان ئەيلەگىز،
زەمىرىنى بۇدەم بايان ئەيلەگىز.

جاۋاب:

مۇقبىل رەۋشەندىل بۇ سۆزنى ئىستىماغ ئەيلەب جاۋابىغە زەبانىن جارى قىلىپ ئەيدىكىم. ئەي مۇدبىرى خۇدبىن! ئاگاھ ۋە دانا بولغىلكىم، يول ئۈزرە ياتقان ئىلاندىن مۇراد دۇنيادۇر. دۇنيا دىگەن زەھەرلىك ئىلاندۇر. ئىنسانغا ھەرقانچە زەھەرنى سېلىپ نىش ئۇرسە، بەنە دۇنيادىن يانماي تەلەب قىلغۇسىدۇر. ھەر قانچە فەرىفتە قىلىپ ھالاكەتكە يەتكۈزسە، يەنە مۇھەببەت بىلە ئىستەگۇسىدۇر.

بۇ دۇنيايى غەددار نا پايىدار،
كىشىنى قىلۇر ھۆسنىگە بەقارار.
ئىلاندەك سالۇر مۇندا شىرىن زەھەر،
زەھەر مۇندا يەپ ئاندا تەسىر ئېتەر.

www.uyghurkitap.com



ئەي مۇدبىرى خۇدبىن، ئىشتىكىلكى، دۇنيا شىرىن دۇشمەندۇر. ئەگەر قولىغا كەلسە، خەيرى-ئىھسان يولىدا سەرف ئەيلەب، خۇدايىتائالا ئەمىر قىلغاننى بىئەدەد قىلىپ، خەير ئىشلارغە بەرسە، ئەسەل بولغۇسىدۇر. ئەگەر خۇدايىتائالانىڭ بۇيرۇغان جايىغە سەرف قىلماسە ۋە هارامۇ شۇبھەدىن جەمئ قىلماقدىن پاك تۇتماسە، ئىلان بولۇب گەردەنىغە ئورالىپ، ئەبەدىل ئەبەد زەھەر سالغۇسىدۇر.

ئەمما مۇدبىرى خۇدبىن ئىشتىپ يەنە بىر سوئالىغا كۆڭۈل قويۇپ مەسائىل تەمەننىياسىدا تەفەككۇر قىلىپ بىر سۆز تاپتى. ئول رەۋشەن زەمىر ئالدىدا ئەرز ئەيتتى، ئەيدى: ئەي ئالىجاناپ ۋە خەيرىيەت مەئاب. يەنە بىر سوئالىم بار دىگەيمەن، جاۋابىدىن ئىشتىكەيمەن. مۇقبىل رەۋشەندىل ئەيدىكى، ئەيغىل، جاۋابىن ئاڭلاغىل!

سوئال:

مۇدبىرى:

قاچار دەشت ئارا ئانچەكىم بىر غەزال،
داغى قوغلاشىپ ئاڭا يەتمەك مەهال.
ئۇنى قوغلاشۇر ئۆلگىچە ئول كىشى،
يېتەلمەسلىگى بىرلە يوقدۇر ئىشى.
مىسالى نىدۇر بىزگە تەقدىر قىل،
مۇنىڭ مەئنىسىنى تەپسىر قىل.

جاۋاپ:

مۇقبىل: ئەي مۇدبىر دۇن پەرەست ئىشتىكىلكى، بۇ دۇنيانىڭ ھەرىسىدۇر كىشى، كى قولىغە كەلمەگۈنچە زىيادە ھەرىس قىلىپ ئىستەر ۋە سەئى قىلۇر، دۇنيا ئاندىن قاچار.

ئەگەر ئاقىل ئېرسەڭ خەبەردار بول،
ۋۇجۇدۇڭ ئارا ھېرىسقە بەرمە يول.
مۇھەببەت بىلە باقماغىل زالغە،
داغى قالمىغايسەن يامان ھالغە.

ئەمما مۇدبىرى خۇدبىن ئىشتتى، تەسلىم ئەيلەپ قەددىنى خەم قىلدى. تەئزىم يېرىدە قايىم تۇردى. ئەيدى — ئېي مۇقبىل رەۋشەندىل بەرگەن جاۋابىغا كۆڭلۈم قانئ بولدى. سوئال ئەيلەمەككە كۆڭلۈم راغىبدۇر. ئەيتسام قايداغ ئېركىن؟ ئول پىر زامان ۋە دەستىگىر ئەيدىكى: ئەي سائىل سوئالىڭنى ئىزھار قىل، جاۋابىنى ئاڭلاغىل!

سوئال:

قىيامەتغىچە تىنمايىن دەر-بەدەر،
قىلۇر ئەسلا ئارام ئالماي سەپەر.

چۇ يوق ئۆزدە ئىختىيارى ئانىڭ،
تۇشەرغە، تۇرارغا قارارى ئانىڭ،
دىگىل نېدۇرۇركىم بۇ سۆزغە دەلىل،
بۇ سۆز مەئنىسىن ئەيلە رەۋشەن جەمىل.

مۇقبىل رەۋشەندىل بۇ كەلىمات مەزمۇنىن ئاڭلاغاچ قىقنۇس ياڭلىغ دانىشى مۇنقارىنى سەداغە كىرگۈزدى. ئەيدى: ئەي مۇدبىر خۇدبىن، فەراسەت ئائىنلىكدىن بىخەبەرسەن. بۇ كەلىمات ئىزھارىن مەندىن سورارسەن، بىلگىلكى، بۇ ئىككى مۇساپىر، ئاي بىلە كۈندۇر. ھەقتائالا خەلق قىلغاندىن بېرى مۇساپىردۇر. تىنماق ۋە ئارام ئالماق ئاڭا يوقتۇر. قاچانكى قىيامەت بولغاندا، بۇلار خۇدانىڭ ئەمرى بىلە توختاغۇسىدۇر، دەبدۇرلەر.

سوئال:

مۇدبىرى:
بۇ قايسى نىمە بارچەدىن تىزراك،
نەزەردىن بۇرۇن ئىشنى قىلغاي دەراك.
ئۆزى غايىپدۇر ھەركىشى بىلمەگەي.
بىرىن بىلسە ھەم كۆزدە كۆرمىگەي.
جاۋابىن بېرىڭ بۇ مەقالاتىمە
چۇ كۇشىش ئېتىڭ ئۇشبۇ ھاجەتىمە.

جاۋاپ:
مۇقبىل زەۋشەندىل فىكرەت ھەدىقەسىدە سەير ئېتىپ مەئانى مىۋەسىن ئەقىل خىرەد ئەشجارىدىن ئالىب، مۇدبىر ئالدىدا نىسار ئەيلەدى دىدىكىم، ئەي مۇدبىر خۇدبىن ئول تېز رەپتار كۆڭۈلدۇركىم. نەزەردىن ئىلگىرى خىيال ئەيلەگەن يەرگە يەتكۇسىدۇر. ھىچ ئىشەي كۆڭۈلدىن تېز ئەمەسدۇر. ھەر ئىنسان كۆڭلىنى ھەق دەرگاھىغە يۈگۈرتۈپ، كەۋنى مەكان خىيالىدىن چىقىپ ھەقتائالانى ھازىر بىلىپ قۇللۇق ۋە نىيازمەندلىق دەرگاھىدا ئىخلاس بىرلە تۇرسا ئەلبەتتە قەرب ئالمىغىچە ۋاسىل بولۇر.

سوئال:
نەچە نەرسە ئۆمرۇمنى قىلغاي زىياد،
ئەنىڭ ۋەجھىنى ئەيلىگىز بىزگە ياد.
ئەمەل ئەيلىبان تاپقايمەن پايىدە،
قىلاي ئىشنى ھەر كۆنلۈگى زائىدە.

جاۋاپ:
چۇ مۇقبىل دىدىكى: ئېي مۇدبىر بىلىڭ،
بۇ ئۇن نەرسەدۇر سىز كۆڭۈلگە ئالىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرىدۇر ئانىڭ كى ساخا قىلماقلىق،
ئاتا ۋە ئانا ئەمرىدە بولماقلىق.
بىرىدۇر كېچە قىلسا دايىم نەماز،
بىرى تەۋبەدۇر قىلسا ئەرزۇ - نىياز،
بىرى سۈبھىدىن ئىلگەرى قوپماقلىق،
بىرى چاشت نامازىن ئادا قىلماقلىق.
بىرىدۇر جامائەت، بىرىدۇر كالام،
خۇدا يادىغە ئەيلەگىل ئېھتىمام.
رەسۇل خۇداغە دۇرۇر ئەيلەگىل،
خۇدايىمغە دايىم سۇجۇد ئەيلەگىل.

سو ل:

مۇدبىرى:

دىدىكىم خۇدادىن نى ئىشنى تىلەي،
كى ئول بارچەدىن ياخشىراقدۇر بىلەي.
شىكەستە دىلىم چۈنكى تاپسۇن قارار،
جاھان ئەھلىگە بولسۇن ئول يادىكار.

جاۋاپ:

دىدى: تەن دۇرۇسلۇقنى قىل ئارزۇ،
تەۋانگىرلىكىڭغە قىلىپ جۇستەجۇ.
داغى ياخشى ئىش بولسا دىل جەمىئلىق،
بۇ ئىش ياخشىراق كىمكى بولسا تىرىك.

سوئال:

دىدى كىمدىن ئىمىن بولاي خەلق ئارا،
كى ئاندىن ماڭا يەتمىگەي دەپ بالا.
جاۋابى نىدۇر بىزگە ئېيلان ئېيتىڭ،
كۆڭۈل ئىچرە مۇشكۈلنى ئاسان ئېيتىڭ.

جاۋاپ:

دىدى: دوستىدۇر سىزگە بەدخاھ ئەمەس،
دىلىدە ئۇنىڭ كىنە ھەمرا ئەمەس.
بۇ رەڭ دوستىدىن ئىمىن بولماق كېرەك،
چۇنان ئېئتىقاد ئاڭا قىلماق كېرەك.

سوئال:

مۇدىر:

نه ئىشدىن كىشگه هاقارەت كېلۇر،
ئانىڭ شۇغلى بىرله خىجالەت كېلۇر.
مۇبەرهەن قىلىڭ سۆزنى ئىزمارىنى،
بىلەيكىم بۇ مەئنانىڭ ئەخبارىنى.

جاۋاپ:

مۇقبىل:

كىشىكىم ئۆزدىنى قىلىپ ئەتىۋار،
تەكەببۇر هاۋاسىدا تاپسا قارار.
يېتەر دەھرىدىن كۆپ هاقارەت ئاڭا،
كى ئىنسان ئىچىدە خىسارەت ئاڭا.

سوئال:

مۇدىر:

يىگىتلىكدە ياخشى ئولۇر قايسى كار،
ئانىڭدىن كىشى بولغۇسى كامكار.
زەمىرىنى رەۋشەن قىلىڭ زاهىدا،
بۇ مەئنىدىن ئاگاھ قىلىڭ ئابىدا.

جاۋاپ:

جۇۋانلىقتا ياخشى كى شەرمۇ هايا،
كى ئەدەپ ئىلە ئۆزنى قىلغىل پانا.
بۇ هەممەت ئىلە ئانچە بولغىل دىلىر،
ئۆزۈڭگە قىلىپ شەرمنى دەستىگىر.

سوئال:

دىدى: نەچە ئىش كۆزنى رەۋشەن قىلۇر،
بۇ پەژمۇردە دىللارنى گۈلشەن قىلۇر.
بايان ئەيلىگىل كۆزنى رەۋشەن قىلاي،
كۆڭۈلنى بۇ ئىش بىلەن گۈلشەن قىلاي.

جاۋاپ:

قىلۇر ئول نىمە چەشمەنى نۇرلۇق،
يېتەر دىلغە ئاندىن چۇ مەسرۇرلۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرى چېھرەئى شاھى ئادىل دۇرۇر،
بىرى جەبھەئى پەرى كامىل دۇرۇر.
بىرى سەبزەئۇ، بىرى بەيتۇلھەرەم،
بىرى ئابى جارى، بىرىدۇر كالام.
بىرى ياخشى خەت ھەم ئاتا ۋە ئانا،
بىرى زەر، بىرىدۇر جامالى زىبا.

سوئال:

مۇدبىر:

نەچچە نەرسە ئادەمنى قىلغاي قېرى
ئانىڭدىن بۇزۇلغاي تۆزۈك پىكرى.
ئانى قىلغان ئەل ناتىۋانلىق كۆرەر،
داغى جىسمىدە خەستەجانلىق كۆرەر.

جاۋاپ:

ئۇرۇر بەش نىمە قېرىلىققا سەبەپ،
ئانى قىلغان ئەيلەر ئۆزىگە غەزەپ:
بىرى قەرزدۇر، بىرى ئۇفتادەلىك،
بىرى قىش ۋە ياز ئىشقا ئامادەلىك.
بىرى غەمدۇرۇر، بىرى غۇربەتدۇرۇر،
بىرى يار ئۈچۈن داغى پۇرقەتدۇرۇر.

سوئال:

نەچچە نەرسە دىلنى قىلۇر رەۋشەنا،
ئانىڭدىن يېتەر بۇ كۆڭۈلگە ساپا،
ئانى ئاڭلسام بولغايمەن شادىمان،
ئايا مۇرشىدىم بىزگە ئەيلەك ئايان.

جاۋاپ:

دېدى: بەش نىمە دىلنى قىلغاپ يارۇق،
مۇنى قىلسا بولغاي خۇداغا ياۋۇق.
بىرى ئاز يېمەك، كۆپ تىلاۋەت ئېرۇر،
بىرى نىسبى شەبتە ئىبادەت ئېرۇر.
بىرى ئالىم ئەھلىگە بولماق يېقىن،
بىرى قاچسا زالىم ئېلىدىن كېيىن.

بىرىدۇر ئانىڭ قىلسا ئۇيقۇنى ئاز،
بولۇر كۆڭلى چۈن قايغۇدىن سەرەفراز.

سوئال:
مۇدبىر:
دىدى قايسى ئىش بولەلىك كەلتۈرۈر،
ئۆزىگە ئۆزى ئول زەرەر يەتكۈرۈر.
سەن ئېيتقىل زەمىرىنى پەرھىز ئېيتەي،
نەدەبدۇر ئەنى مەئنەسىغە يېتەي.

جاۋاپ:
بولۇر تۆرت ئىشتىن كىشى بولەۋار،
بىرىدۇر ئۆزىن كۆرسە ئول ئېئتىبار.
بىرىدۇر كىشى ئەيىبىنى ئىستەمەك،
بىرىدۇر بەخىللىققا لوقما يەمەك.
بىرى قىلسا ئول كىم بىرىۋدىن تەمەئ،
بۇ ئىشدۇر كىشىگە بارى مۆمتەنەئ.
ئەگەر ئاقىل ئەرسەڭ كى ياد ئەيلىگىل،
بۇ سۆزگە داغى ئىنقىياد ئەيلىگىل.

سوئال:
دىدىكىم: سائادەت نىشانى نىدۇر،
كى ئول ياخشى ئىشنىڭ بايانى نىدۇر.
ئول ئىشنى قىلسان سائادەت تاپاي،
كى بۇ فېئىل بىرلە كارامەت تاپاي.

جاۋاپ:
كىشى تۆرت ئىشدىن سائادەت تاپار،
ئانى قىلسا ئالەمدە راھەت تاپار.
بىرى راست سۆز تەركى كەززابلىق،
بىرىدۇر تاۋازۇئدا ئادابلىق.
بىرى ئولكى كەسپى كامالىغا سەئى،
قىلىپ قىلسە رىزقى ھەلالىغە سەئى.
بىرى رازىنى ساقلىماغلىق نىھان،
كى ئەسرارىنى قىلماغىل سەن ئايان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



سوئال:

مۇدىر:

شاقاۋەت نىشانغە بەرگىل خەۋەر،
بىلىپ ئاندىن ئاما قىلايمەن ھەزەر.
يامان ئىشلارىڭغە قىلاي ئىجتىناب،
بۇ سەرگەشتەغە ھاسىل ئولغاي ساۋاپ.

جاۋاپ:

بۇدۇر تۆرت ئىشدىن شاقاۋەت يېتەر،
ئەگەر قىلسا ئاندىن زالالەت يېتەر.
بىرى تۇتسا سۆھبەتكى جاھىل بىلەن،
بىرىسى يۈرسە ئازازۇل بىلەن.
بىرىدۇر يامانىڭ سۆزىن ئاڭلىماق،
بىرىدۇركى خاتۇن سۆزىن تىڭلىماق.
نىشانە شاقاۋەت بۇدۇر تۆرت بىل،
بايان ئەيلىدىم مەئنەسىن پەھم قىل.

سوئال:

مۇدىر:

كىشى ياندۇرالماس نىمە قايسىدۇر،
كى يانماس بۇ ئالەم ئەگەر قىلسا زور.
كىشى ئىستەگەي ئانچە ياندۇرماغىن،
كى بۇ ئەمرىلەرگە كېلەلمەس يېقىن.

جاۋاپ:

مۇقبىل:

كىشى قايتۇرالماس نىمەدۇر چاھار،
بىرى ئاتقان ئوق كىم قاچان ئول يانار.
بىرى ئۆمرىدۇر، ياندۇرالماس كىشى.
بىرىدۇركى يانماس قازانىڭ ئىشى.
بىرى سۆزدۇرۇر چىقسا ئول يانمىغاي،
كىمەرسە بۇ تۆرت ئىشنى ياندۇرمىغاي.
بۇ سۆز زەمرىغە سەن خەبەردارى بول،
كى غاپىل ئىسەڭ ئەمدى ھۇشيار بول.

سوئال:

ئككى ئالەم ئچرەسە ئادەت ندۇر،
سەئادەت تاپارغە ئبادەت ندۇر.
قلىبان ئانى بولغامەن شادىمان،
بولاي ئاخر ئككى جاهاندا ئامان.

بىرى ئەيلەسە خەلققە شەپقەتى،
بۇ تۆرت ئش بىلە تاپقۇسى خەيرىيەت.
ئككى دەھردە بولغۇسى ئەمنىيەت.

سوئال:

ندۇر شاهلقنى تەباھ ئەيلەگەي،
كى نۇقسى ئانىڭ ئزرۇ جاھ ئەيلەگەي.
نى ئشتىن يېتەر شاهلققە خەلەل،
قلدڭ ئەمدى بزگە بۇ مۇشكۇلنى ھەل.

جاۋاپ:

دىدى: تۆرتتىن شاهقا نۇقسان يېتەر،
مۇنى بىلمەسە ئابرۇيى كېتەر.
بىرى زالىم ئولسا ئەمىرى ئانىڭ،
بىرى خائىن ئولسا دەبىرى ئانىڭ.
ۋەزىرى ئانىڭ چۈنكى غەپلەتتەدۇر،
ئەسىرى ئانىڭ زۇلمى كۆلپەتدەدۇر.
ئەگەر قلمسا شاهى ئاگاهلىق،
قلالماس جاهان ئەھلگە شاهلىق.

سوئال:

مۇدبىر:

دىدى شاهنىڭ قايداغى بولۇر،
نى ئشىدا ئادالەت تەرىقىن بىلۇر.
نى ئشدىن يېتەر شاهغە شادلىق،
نى ئشدىن بولۇر مۇلكى ئابادلىق؟

جاۋاپ:

دىدى: شاهى ئولسا دىيانەت رەۋش،
يوق ئەرسە رەئىيەتكە كەم ئۇرسە نش.

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۇ زالىملاردۇر خەبەرداردۇر.
ئەدەپ بەرسە، ئۆلكىم دىل ئازاردۇر.
رەئىيەتكە يەتكۈزسە ھەركىم زەرەر،
ئانى قىلغان ئەۋەلى ئۇل ئىشدىن بەدەر.
ئەمەلدار دىۋاندا يالغان پۈتۈر،
ئانىڭ كەلكى دىۋانغا بەرگەي پۈتۈر.

سوئال:

دىدى: ياخشى قايسىدۇر شاھنىڭ،
نىشانى نىدۇر مەردە ئاگاھنىڭ.
بۇ شاھنىڭ سۈپاتىن بايان ئەيلىگىل،
ئانىڭ خىسلىتىنى ئايان ئەيلىگىل.

جاۋاپ:

دىدى: ياخشىلىق شاھغە بۇ رەۋىش،
ئۆزى بولسا ئاگاھ تەدبىرلىك ئىش.
سوراغىن كىشى ئەلكىگە بەرمىگەي،
كى تەپتىش ئېتىپ ئۆزى ئەدلى ئەيلىگەي.
رەئىيەتنى كۆرگەيكى بىر كۆز بىلەن،
كى شات ئەتكۈسى بەندىنى سۆز بىلەن.
قىلۇر ئۇل ۋىلايەتدىن ئاگاھلىق،
يېتەر ئاڭا كەۋنىن ئارا شاھلىق.

سوئال:

نەچە نەرسىدىن يەتكۈسى خارلىق،
سوئالىمغا قىلغىل مەدەتكارلىق.
بىلىپ ئانى پەرھىز ئېتەي دەھر ئارا،
يۈزۈم بولمىغاي ئاخىرەتتە قارا.

جاۋاپ:

دىدى: تۆرت ئىش يەتكۈرۈر خارلىق،
ئىككى دەھر ئارا يەتكۈزۈر ئارلىق.
بىرىدۇر ئۇلۇس ئىچرە بەدكۈيلىق،
بىرىدۇر ئانى بىلكى بەد خۇيلۇق.
يەنە بىرى ئانىڭ ئېرۇر تۇندرۇي،

بىردۇر تەكەببۇر ئەگەر بولسا مۇي.
بۇ ئەپئالنى تەركى ئەتكەن كشى،
ئىككى دەھرىدە بولدى ئاسايىشى.

سوئال:

دىدى: دىل نە ئىشتىن مۇلايىم بولۇر،
سائادەت ئىمارىدا قايىم بولۇر؟
دىگىل ئىستەبان ئانى ھاسىل قىلاي،
كۆڭۈلنى ئول ئىشقا مەنازىل قىلاي.

جاۋاپ:

دىدى: تۆرت ئىشدىن مۇلايىم بولۇر،
ئانى قىلسە ھەق يولدا قايىم بولۇر.
بىردۇر رىيازەت بىلە ئاچلىق،
بىرى ياخشى دوستلارغا مۇھتاجلىق.
بىردۇر گۇناھىنى ياد ئەتسە كىم،
ھەمىشە ئانىڭ كۆڭلى بولغاي سەلىم.
بىرى ئارزۇدۇركى كۇتاھ قىل،
بۇ تۆرت ئىش بىلە ئۆزنى ئاگاھ قىل.

سوئال:

دىگىل جەھلىيەتنى ئالاماتنى،
نە ئىش بىرلە جاھىل دىگەي ئاتنى؟
بۇ سۆز مەئنەسىنى مۇئەييەن قىلىڭ،
ئەمەل ئەيلەيىن ئەمدى رەۋشەن قىلىڭ.

جاۋاپ:

دىدى: ئالتە ئىش بىرلە جاھىل بولۇر،
كى قىلسە جاھالەتكە مايىل بولۇر.
بىردۇر ئانىڭ مەنپەئەتسىز كالام،
بىردۇر ئەتا فىسق ئىلىگە ھارام.
بىرى ئىمىن ئۇلماقكى نىسيانىدىن ئول،
يەنە قاچىسا فىئلى شەيتانىدىن ئول.
چۇ پەرق ئەتمەسە يارۇ ئەغيارىنى،
غەزەپ ئىلە يەتكۇرسە ئازارىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوئال:

دىدى: قايسى ئىشدا پالاكەت بولۇر؟
پالاكەتلىكتە ھالاكەت بولۇر؟
دىگىل مەئنەسىن دىلغا تەھقىق ئېتەي،
قىلدىبان ئەمەل دىلغا تەستىق ئېتەي.

جاۋاپ:

دىدى: تۆرت ئىش قىلسا ھەر ئادەمى،
پالاكەت بولۇرنىڭ ئېرۇر لازىمى.
بىرى ئولكى غەيۋەت، بىرىدۇر ھەسەت،
بىرىكىم تەكەببۇردا بولسا جەسەت.
بىرىدۇر تەمەئ ئەيلەگىل ئىجتىناپ،
پالاكەت بىسىپ بولمىغايسەن خاراپ.
بۇ ئەپئالدىن ئۆزنى ئەيلە يىراق،
يېقىن كەلمەگىل، دىلنى تۇتقىل قەراق.

سوئال:

نىدۇر ئولكى بەرگەي كىشىگە كامال؟
بۇ ئىش بىرلە بولغايكى پەررۇخ جامال
دىگىل بىزگە كەسپى كامال ئەيلەيىن،
ئەمەل ئەيلەمەككە خىيال ئەيلەيىن.

جاۋاپ:

دىدى: ئاڭلاغىل بۇ نەسىھەتدۇرۇر،
بىرى دوستلارغە مۇرۇۋۋەت دۇرۇر.
بىرىدۇر ئەردۇغە مادار ئەيلەمەك،
ئاڭا نەرسىسىنى نىسار ئەيلەمەك.
بىرىدۇر قازا كەلسە سەبىر ئەتمەكلىك،
ئەقىلدە سۆزى تەۋرىغە يەتمەكلىك.
بىرىدۇر ھەۋەسنى ئەدەم ئەيلەمەك،
چۇ ئۆزنى كى سابىت قەدەم ئەيلەمەك.

سوئال:

نىدۇر ئولكى ئىنساننى قىلغاي زەبۇن،
بۇ ئىشلەر ۋۇجۇدىنى قىلغاي نەھىن؛

جاۋابىنى بېرىلگ دىاغە تەئلىم ئېتەي،
ئەمەل ئەيلەبان بەلكى تەسلىم ئېتەي.

جاۋاپ:

دىدى: تۆرت ئىش دىلنى رەنجۇر ئېتەر،
بەدەننى زەئىف كۆزنى بى نۇر ئېتەر.
بىرىدۇركى، دۇشمەن تولا بولمىغى،
بىرى قەرزگە مۇپتىلا بولمىغى.
بىرىدۇر بىرووۋنىڭ بالاسى تولا،
بۇ ئالەمدە ئانىڭ جاپاسى تولا.
بىرىدۇر داغى مالنىڭ كەملىگى،
كى يوقتۇر بۇ ئىش بىرلە خۇررەملىگى.

سوئال:

دىدى: قايسىدۇركى ياماندىن يامان،
ئانىڭدىن يېتەر دەھىر ئېلىگە زىيان.
ئانىڭ دەردىدىن بارچە قان يىغلىغاي،
كى ئەقلى، دىلى بەلكى جان يىغلىغاي.

جاۋاپ:

بۇ دىۋاندا تۇرغان ئەمەلداردۇر،
قەلەم بىرلە ئەلگە جاپاكاردۇر.
كېرەك ئۇلسا بىر ئانى ئۇن يازغۇچى،
قەلەم نەۋكدە ئەلنى ئازغۇرغۇچى.

بىرووۋ مالىنى ئالسا بەيئەت بىلە،
قالۇر ئول كىشى داغۇ ھەسرەت بىلە.
ياماندۇر ياماندىن، پەلىدىن پەلىد،
كى يوق زاتىدا ياخشىلىقتىن ئۈمىد.

سوئال:

دىگىل شەرئىنىڭ ئوغرىسى كىم ئېرۇر،
مۇنى ئاڭلىماق بىزگە تەئلىم ئېرۇر.
شەرئىئەت بىناسىن خاراپ ئەتكۈچى،
ئۆزىنىڭ جانىغە ئازاپ ئەتكۈچى.

www.uyghurkitap.com

جاۋاپ:

كىم ئۇل قازىدۇر نەپسى چۈن رىشۋەخار
قىلىپ مۇپتى شەرئىنى ئېئتىبار.
دەرەم بىرلە ئۇل ھەقنى ناھەق قىلۇر،
كۆرۈپ سىمنى ھۆكمى مۇتلەق قىلۇر.
دەرەم يوق كىشىنىڭ سۆزى ئۆتمەگەي،
پەقىر، ناتىۋان ھالىغە يەتمەگەي.
شەرىئەتتە مۇپتى قازى ئەمەس،
بولەردىن خۇدا ئەسلا رازى ئەمەس.

ئەلقىسسە، مۇدبىرى خۇدبىن بۇ سوئاللار جاۋابىدە سىپايى دىل ھاسىل قىلدى. ئەمما، مۇقبىل رەۋشەندىل تەۋەججۇھىنىڭ ئەنقاسى مۇدبىر دىلىنىڭ بىزەسىنى مەئرىفەت قاناتىغا باسىپ ئاگاھلىق چۈژىسىن چىقارىپ، بالۇ پەر پەيدا قىلدى ئەمما، مۇدبىرنىڭ دىلى پەرۋازغە كىلىپ ئەيدىكىم:

ئەي ئالىجاناپ بارگاھى ھىدايەت ۋە ئەي رەھنىھايى خىرگاھى تەرىقەت. ئالدىڭدا نەچچە گۇستاخلىق زەبانىن سۈردۇم. يۇقارى، تۆبەن سوئاللارنى ئەرزگە يەتكۈردۇم. دىلىم ئائىنەسىنىڭ رەڭگىنى تىل مەسقۇلى بىرلە ساپ قىلدىڭ. ئەل تەۋپىقى شەيئۇن ئەزىمۇن لايەئتى ئىللا بىئەبدىن ئەزىزىن مەزمۇنىدا كۆڭلۈم جىلۋە بەردى. تەۋبە ۋە ئىنابەت پايەگاھىدا تۇرۇپ، مەن ئىستىغپار كەلىمەسىن جارى ئەيلەپ كەرىمىڭغە تەلمۇرۇپمەن.

نەزم

كۆڭۈلدە باردى سوئال ئەيلەدىم،
جاۋابىن كەمايەنبەشى ئاڭلادىم.
ئەقدەم تۇزەلدىيۇ كەتتى گۇمان،
مېنى سىددىقغە ئەيلەگىل تەۋ ئامان.
چۇمەن ئەيلەدىم بىرى كەم يۈز سوئال،
قىلىپ ئانى شەرھ، بولماي مالال.
مۇئەييەنكى ئاللاھىدۇر ئىسمى زات،
كى تىرقسان توققۇز بولدى ئىسمى سۇپات.
رەسۇلى خۇداھەم بولۇپ مۇشتەمىل،
خۇدا ئىسمىغە ئىسمىدۇر مۇتتەسىل.
سۆئالات تەئدارى تەشبى كىلىپ،
دىيانەت ئىلى ئىچرە تەنبىھ كىلىپ.
سۆزۈم كەجلىكى ئۆيرۈلۈپ بولدى تۈز،

بۇ پىر ئالدا قالمىدى مەندە يۈز.
سۆزلۈمىدىن ماڭا يەتتى شەرمەندەلىك،
خىجالەتتە يەتتى سەرئەفكەندەلىك.
مەئاف ئەيلەگىل بارچە ئۆتكەن خەتا،
تىلەك بىزدىن ئولغايكى سىزدىن ئەتا.
قىلىپ تەۋبە ئەمدى بۇ ئىنكارىغە،
ئۆلاندىمىكى سىزدەك ئەزىز يارىغە.

ئەمما مۇقبىل رەۋشەندىل ئەيدىكى: سىنىڭ بۇ سوئالىڭدىن كۆڭۈلۈم ئائىنەسىغە غۇبار ئولتۇرمايدۇر. زەباندەرازلىق قىلىپ تولا سوئاللارنى سوردۇڭ. ھەممەسى ئىمان ۋە ئىسلام ۋە مەسائىل ۋە مۇئەززەدۇر. ئانىڭ شەرھىنى بايان ئەيلەدىم. ھەق تەلەپلەرغە نىسايىھدۇر. ئەگەر مالايەئىنى سۆز سورساڭ ئۆزەڭگە مالاللىق يېتەر ئەردى. ئانداغكىم ھەزرەت ئەمىر ئەلىشىر ناۋايى قۇددۇسسىيدە ئەيتىپدۇرلەر:

نەزم

ناۋايى تىلىڭ ئاسرىغىل زىنھار،
دىسەڭ كىم يېمەي دەھرى ئىشدىن فەسۇس.
نەزەر قىل ئۇق ئاغزىغە تىلىمىز ئۈچۈن،
قىلۇر ناجىۋەرلار بىلە دەست بوس.
نەچە تاجىۋەردۇر كىسەرلەر باشىن.
چۇ ھەنگامە سىز نەغمە تارتار خەروس.

تىپي مۇدبىر، دىيانەت ئىشىن تىنمىغايسەن، قەترە يىغىلسە دەريا بولۇر، سۆزنى تولا ئىڭلاغاندىن ھەقىقەت كام مەئلۇم بولۇر.

نەزم

ھەقىقەت سۆزىنى سوراپ ياد قىل،
ئۆزەڭنى ئىبادەتغە مۇنقاد قىل.
ھەقىقەتنى سورماققە ناموس ئەمەس،
شەرىئەتنى بىلمەككە قىلغىل ھەۋەس.
تەرىقەت سۇلۇكدا قىل ئۆزنى بەند،
ھەقىقەتنى تاپقىل بولۇپ دىلپەسەند.
زەبانىڭنى يىغ ئەمدى خاموش بول،
كى يادى خۇدا بىرلە مەدھۇش بول.

www.uyghurkitap.com



ئەمما، تەرىقەت جادەسىدە بەرپا بولماغلىق مۇھىبباندىن ۋە تالىبان ئەھلى يېقىن لازىمەسىيدۇر. ئەگەر تالىپ رىيازەت ئوقۇبەتنى بوينىغا ئالسە ھىدايەت ئىشكالەرى يۈزىگە ئاچىلغاي. ئاندىن خامۇشلۇق گۆشەسىگە كىرگەي. نەزەرىنى قەدىمىدىن يىراق سالىمىغاي، ۋەتەندە لاھۇۋەت ۋە جەبەرۇت ئالەمىنى سەير قىلغاي. بۇ سۆز مەزمۇنىدا ھەزرىتى ئەمىر ناۋايى قۇدۇسىدە ئەيتىبدۇرلەر.

غەزەل:

قانائەت تەرىقىغە كىر ئەي كۆڭۈل،
كى خەتمە ئولغاي ئانىڭ ئىززەت ساڭا.
دىسەڭ شاھ ئولاي يەرۇ كۆك بەس دۇرۇر،
بۇ بىر تەخت ئول چەترە رىفئەت ساڭا.
فانا شۆئلەسىدە ياشۇر جىسمىنى
كېرەك بولسا زەرباقت خىلئەت ساڭا.
يېتەر لالە بىتكەن قىياقلە بەسى،
مۇراد ئولسا گۈلگۈن ھەشەمەت ساڭا.
ئېرۇر بەس ئارىغ نۇكتەئى قان يېشىڭ،
دۇرلەئلىدىن زىبۇ-زىننەت ساڭا.
دىسەڭ خىلۋەتىم ئەنجۇمەن بولماسۇن،
كېرەك ئەنجۇمەن ئىچرە خىلۋەت ساڭا.
ۋەتەن ئىچرە سائىر بولۇپ ساكىن ئول،
سەپەردىن ئەگەر يەتسە مېھنەت ساڭا.
نەزەردىن قەدەمنى يىراغ سالماغىل،
بۇ يول ئەزمى گەر بولسا رىغبەت ساڭا.
دېمەڭدىن يىراغ تۇتماغىل ھۇشىنى،
كى يۈزلەنمەگەي ھەردەم ئاپەت ساڭا.
بۇ تۆرت ئىش ئىلە رەبئى مەسكۇن ئارا،
چالىنماق نىتاڭ كەۋس رىفئەت ساڭا.
بۇ ئاھەڭ ئىلە بولغاسىن نەقشبەندى،
ناۋايى ئەگەر يەتسە نەۋبەت ساڭا.

ئەمما، بۇ مەزمۇن كالام شىرىن ئەدا مەئنىسىدىن بەھرىمەند بولغىل، دىلىڭدىن دۇنيا تەئەللۇقاتى مېھرىنى چىقارغىل، تەۋبە ۋە ئىنابەت شەرىپىگە مۇشەررۇپ بولغىل، ئەمما، مۇدبىر سىدىقۇ ئىنلاسى بىرلە ئىرادەت ئىلكىنى ھىدايەت پىرىغە سۇندى ۋە ئىنابەت كۆڭ-لىنى پىرى رەۋشەن زەمىر مېھرىگە باغلادى. تەئەللۇق تاردىن ئۈزۈلدى. مۇئارىپلار رىشتە-سىغە ئۇلاندى.

### نەزم

ياماندلار تاپىپ ياخشىدىن ياخشىلىق،
بولۇپ بەھرەۋەر قىلدى ياخشى قىلىق.
ئىت ئەرگەشتى ئول دەمكى ئەسهاب كەھىف،
ئانىڭ سىدقىدىن بولدى ئەھباب كەھىپ.
سەفا ئەھلى چۈن كىمياگەر دۇرۇر،
كى ئاندىن كۆكۈل مىھر ئەنۇر دۇرۇر.
ئەگەر كىرسەكىم ياخشىلار سۆلكىگە،
ئالىپ بۇ سائادەتنى ئول ئىلكىگە.
ئىشىتسە قۇلاق پىرلەر پەندىنى،
كۇشاد ئەتتى ئول خەيرىيەت بەندىنى.

ئەمما، مۇدبىر ئول پىرئاگاھ دىل ھەزرەتىدە ئەدەپ تەرىقىن پەندۇ نەسىھەت چاھىدىن شەربەت شەخانۇش ئەيلەدى. جاھان ئەھلىغە پەند مۇئەززەت ئاسا كالامىلەر بىرلە پىغام يەتكۈردى. ئانداغكىم:

### نەزم

ئايا ھۇشمەندە ئىشىتكىل كالام،
يىگىتلىكتە قىل زوھدغە ئىھتىمام.
جۇۋانلىققە مەغرۇر ئولۇپ بولمە كەج،
بولۇرسەن داغى پىرلىقدە خەلەج.
نادامەت قىلۇرسەن يانىپ كەلمەگەي،
سېنى سەئىدىن چەرخ پەست ئەيلەگەي.
تەۋانالىقىڭدا رىيازەت كىرەك،
قېرىلىقدا كۆڭگەن ئىبادەت كىرەك.
قېرى بولغانىڭدا قاچان سەن كۆنۈپ،
ئەمەل قىلغۇچە سالغۇسىدۇر كۆمۈپ.
جۇۋانلىقتا كۆڭنىمەك كىرەك كارغە،
ئۇلانغاي قېرىلىقدا ئول يارغە.
دەرىخا! كۆڭۈلدە نادامەتدۇرۇر،
قېرىغاندا ئەمدى خىجالەتدۇرۇر.
تەۋانالىقىمغە قىلىپ ئىنتىمەد،
بۇ فانى جاھاندىن تۇتۇپمەن ئۇمىد
كىشى ھەققىدە بولماغىل بەدگۇمان،

www.uyghurkitap.com



سۈلۈك ئەھلىنى قىلماغىل ئىمتىھان.
ئەگەر پىرى تاپساڭ نەسىھەت ئىشىت،
كى پەندى ئاڭلىماقلىقغە لايىق يىگىت.
سافا ئەھلىغە قىلما شەككاكلىق،
زىياندۇر ئۆزەڭگە بۇ بىباكلىق.
ھەمىشە دىلىڭ بىرلە ئاللانى كۆر،
داغى زىكرىلارنى زەبانىڭغە سۈر.
مېنىڭدەك قېرىغاندا بولغۇڭ مالال،
بولۇر ئاقىۋەت سەرۋى قەددىڭ فەئال.
بەدە زەئىفدىن كەلمە گۈك كارغە،
تۇرارسەنكى ئەفغان ئىلە زارغە.
بۇدۇر شاھلاغە ئادالەت كېرەك،
رەئىيە ئېلىغە ئىتائەت كېرەك.
فىقە ئەھلىغە شەرئىدۇر ئېئتىبار،
قىيامەتدە خار ئولغاي ئول كۆرسە خار.
ھۈنەر ئەھلىغە راستلىق پىشەدۇر،
كى سىدىق ئەھلى كۆڭلىدە ئەندىشەدۇر.
ئەگەر قىلسا كاززابلىق كەسپ ئارا،
ئانىڭ ئاخىرەتتە يۈزىدۇر قارا.
چۇ ئول پىشەدە تاپقان ئەرمەس ھالال،
ھارام يەپ ئۆزىنى قىلىبدۇر مالال.
داغى ئىلمى ئەھلى بولۇپ پىشىۋا،
قىلۇر بارچە ئەتراكلەر ئىختىدا.
ئانىڭ پەندىنى ئاڭلىغاي بارچە ئەل،
ئۆزى سۆزىگە ئۆزى قىلماس ئەمەل.
ئەمەس بىتەمەئ بارچە نەپسانىدۇر،
دىگەن سۆزى بارچە ئەپسانىدۇر.
دىلىدا ئۇرۇپ جۇش بەغزۇ ھەسەت،
قىلۇر بىر بىرىنىڭ كالامىنى رەت.
بىرۇۋ ئىلمىدە پەزلى تاپسا ئەگەر،
ئۇرار جانىغە رەشكىدىن نەشتەر.
ئادا قىلماغاي ھەق ئەۋقافنى،
يېراق تۇتقۇسى ئۆزىدىن ئىنساپنى.
مەدارىس قابۇغىنى مۇدەررىس ئېتەر،
داغى تالىپ ئەھلىنى مەئيۇس ئېتەر.

زامان ئاخىرىدا بۇلار تۇتتى ئەۋج،
بۇلاردىن ئۇرۇپ كەزەب دەرياسى مەۋج.
تەكەببۇر ھاۋاسىدا پەرۋاز ئېتەر.
تەخەللۇپ راۋايەتىنى ئاغاز ئېتەر.
چۇ فەردا بۇلار ھالىغە ۋاي ـ ۋاي،
ھارامنى يېگەن كامىغە ۋاي ـ ۋاي.
ئاچىلغان تەمەئ كۆزىگە ۋاي ـ ۋاي،
ساچىلغان رىيا سۆزىگە ۋاي ـ ۋاي.
شەرىئەتنى بۇزغانىغە ۋاي ـ ۋاي،
تەمەئ بىرلە سورغانىغە ۋاي ـ ۋاي.
ئەگەر ئاقىل ئېرسەڭ بۇ ئەفئالىدىن،
كېچىپ ئۆزنى قىل ساھىب ھالىدىن.
شەرىئەت بىناسىنى بۇنياد قىل،
تەرىقەت سۆزى بىرلە ئاباد قىل.
جاھان پەسلىدۇر كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە،
ئانىڭدىن چۇ ئەييامى بولغاي كېچە.
جاھان ئىشىغە ئېتىماد ئەتمەگىل،
كى بوينۇڭغە يۈكنى زىياد ئەتمەگىل.
دىلىڭدا كېرەك ئاخىرەتنىڭ غەمى،
ھەمىشە ئۆزەڭگە تۇتۇپ ماتەمى.
ئۆلۈمنى يېقىن بىل بولۇرسەن فەنا،
كېتەر ئۆمرۈڭ ئاخىرغە كەلمەس يانا.
بۇ دۇنيا ئەمەسدۇر ئىقامەت يېرى،
مۇنى بىلكى جۆرمۇ زالالەت يېرى.
تىرىكلىكدە ھاسىل قىلىپ زادىراھ،
جاھاننىڭ جامالىغە قىلماڭ نىگاھ.
چۇ ھىممەت بىلە ئاخىرەتنى تىلەڭ،
قىلىپ تەزبەيۇ دەخپىرەتنى تىلەڭ.
بۇ ئەجمالىلار يەتتى ئېتمامىغە،
يېتىشتى بۇ سۆزلەر سەرەنجامىغە.
تامام ئولدى سائەتدە خەيرۇل كالام،
سالامىزن ئەلەيكۇم ئەلەيكەسسەلام.
ئايا ساقى تۇت ساغەرى مەئرىفەت،
تاپاي نۇش ئېتىپ دەھر ئارا خەيرىيەت.
جاھاننىڭ غەمى ئەيلەدى بىقارار،
كى بۇغزۇم تۇتۇپمەن بولۇپ ئىنتىزار.

نىرازنى قىلسۇن بۇ مەي گال ئەدەم،
فەنا ۋادىسى سارى قويسۇن قەدەم.

بۇ تەسنىفات خاتىمەسىدە ئەرباپ ئەھل بەسارەت ۋە ئەھباپ ساھىب دىيانەتلەرگە ئەرز ئۇلكى، بۇ كەمەئى ۋە كەمدان ۋە بىچارەئى ھىچ مۇدان، دەھر بىۋەفالىقىدە ھەيران ۋە مالامەت سەڭگىگە نىشان ــ كاتىپ نىزارى ۋە تالىبى ئىنتىزارىغە ئۇل شاھى ئالى جاناب ئەمىرلەرى شەممىي يەتكەچ جانۇ دىل دىماغى مۇئەتتەر بولۇپ، «ئەل مەئمۇرۇ مەئزۇرۇن» كەلىماتىنىڭ قەرىنەس بىرلە بىقەدىر ھال سوئال جاۋاپ بارەسىدە كەلكىم تۇسنىن رەفتارىغە كىرگۈزۈپ، سەھىپى مەيدانىغە نۇرەد ئەيلەبىەن. ھەر چەندە خاتا ۋاقەئ بولغان بولسا، ئەفۇدامەنىن ياپىپ، سەھۋەنىنى كېچىرگەيلەر.

## نەزم

ئايا تالىبان دىيانەت شىئار،
ئىشىت ناتىۋان كۆڭلىنىڭ ئەرزى بار.
چۇ تەھرىر ئېتىپ مەن سوئالۇ جاۋاپ،
دىگەن سۆزلىرىم بارچەسى باساۋاپ.
چەراكىم مۇقەددەم كىتابەت قىلىپ،
ئانىڭ سۆزىگە بىز ئىتائەت قىلىپ.
تىرىپ سۆزنى ئاندىن باشاقچى بولۇپ،
ئۇلاپ سەفىھەغە چۇن ياماقچى بولۇپ.
بۇ رەڭ سۆز دىمەكلىك پەقىرغە نەھەد،
چۇ ئەمىر ئەيلەبان شاھى قىلدى مەدەد.
يېتىپ ئەمرى ئالى مىنى زارىغە،
قەلەم توسۇنى تۇشتى رەفتارىغە.
دىدى جەمئى قىلغىل سوئالۇ جاۋاپ،
ئانىڭ زەمىندا بارچە تاپسۇن ساۋاپ.
بۇ ئەمرى ئەزىمدىن بولۇپ مۇنفەئىل،
تەرەددۇت بىلە ئانچە بولدۇم خىجىل.
سۇلايماندىن ئۇلسە نەزەر مورغە،
تىلى كەلمەس ئانىڭكى مەئزۇرغە.
زامان ئەھلىدە كەمتەرىن مور ئىدىم،
چەراكىم دىدىم سۆزنى مەئمۇر ئىدىم.
بۇ ئۇفتادەنىڭ جورىۇ ئىسيانى كۆپ،
سۆزىدە ئانىڭ ئەيبۇ نۇقسانى كۆپ.

دىمەكدە ماڭا يوق ئىدى ئىختىيار،
چۇ پەرمان قىلىپ كارىغە شەھرىيار.
ئىلاجىمغە چارە تاپا ئالمادىم،
باھانە ئەمۇرىن قىلا ئالمادىم.
قىلىپ سۆز تەۋدىل قەسرۇل كالام،
كى تاپقان ئىسە نۇقىس بىرلە نىزام.
مۇئاف ئەيلەگىز بارچە نۇقسانىنى،
كى ئەيىپ ئەتمەگىز سەھۋە نوسيانىنى.

يارانلار دۇئادىن تۇتۇپمەن ئۇمىد،
دىيانەت ئىلىدىن قىلىپ ئىئتەمىد.
سوئالاتى ئىتمامىغە يەتتى بات،
بۇ مەكتۇپىنىڭ ئىسمى دەھرۇلنىجات.
ئايا ساقىيا مەي ئۇچۇن زارىمەن،
ۋاپاسىز پەلەكتىن نىگۇنسارىمەن.
تۇتۇپ مەي تولا غەمدىن ئازاد قىل،
كى دەيىر ئىچرە بىمارىنى شاد قىل.
تۇرۇپمەن ساڭا ئەيلەپ ئەرزۇ نىياز،
تەرەھھۇم قىلىپ ئەيلەگىل سەرەفراز.
ئىچىم تولدى ئەندۇھۇ زەردابىغە،
سەرىشىك ئۆرۈلۈپ ئەمدى فۇنابىغە.
ئايا ساقىيا، زارۇ ئوفتادەمەن،
فەنا دەيرىدە تالبى بادەمەن.

كىرەم ئەيلەبان بادە سەرشارى قىل،
ئۆزۈڭگە بۇ ئۇفتادەنى يارى قىل.
پانا مەنزىلىدىن ئۆزۈلدى ئۇمىد،
جاھان كارىغە يوق ئىكەن ئىئتەمىد.
ۋاپاسىز جاھاندىن ۋاپا كۆرمەدىم،
بەقاسىز زاماندىن بەقا كۆرمەدىم.

ئايا ساقىيا راھى تەھقىقى بەر،
ئانىڭ كەيپىدە دىلغە تەسدىق بەر.
نىزارى جاھان ئىچرە زارۇ نىزار،
مۇھەببەت مەيىگە ئېرۇر ئىنتىزار.

www.uyghurkitap.com



## لۇغەت

### ئا

ئابىد — ئىخلاسمەن، چوقۇنغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى.

ئالەم پانا — جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى.

ئالدە — ئالدىدا.

ئانچە — كۆپ، بىقەدىرھال.

ئالەمتاپ — جاھانغا يورۇقلۇق بەرگۈچى.

ئارايىش — زىننەتلىمەك، بېزىمەك.

ئالەم شاپى — جانغا شىپالىق بەرگۈچى.

ئايىن — ئەينەك.

ئامۇر — ئىش، ۋەزىپە، خىزمەت.

ئابىد، ئەبەد — مەڭگۈ، ئەبەت، ئەبەدى.

ئاب جارى — ئېقىن سۇ.

ئامادە — تەييارلىق.

ئاۋۇتمىش — كۆڭۈلنى خوشال قىلغان، كۆڭۈلنى كۆتەرگەن.

ئاداب — ئەدەپ، قائىدە، ئەخلاق.

ئازازۇل — شەيتاننىڭ ئىسمى.

ئاغاز — باشلاش، باشلىماق.

### ب

بەئىدە — ئۇندىن كېيىن، كېيىن.

بەزەل — شۇم، بەختسىز، تەلىيى تەتۈر.

بەردۇن — ئارىلاشما، نەسلى پەس.

بى رەۋش — يوسۇنسىز، قائىدىسىز.

بەسى — كۆپ، نۇرغۇن.

بەھرە — پايدا، مەنپەئەت، ئۇنۇم.

بىتەمىز — تەمسىز، لاۋزا.

بادەئى پەيما — قاچىغا توشقۇزۇلغان شاراپ (ئەسەردە ئوخشىتىش مەنىسىدە كەلگەن).

بىناۋا — جىمجىت، ئاۋازسىز.

بى ئىدراك — سەزگۈرلۈگىنى يوقاتقان، گاللۋاڭ.

بەرقارار — مەقسەتكە يەتمەك، خاتىرجەم بولماق.

بەدخاد — يامانلىق قىلغۇچى.

بولەۋار — بىلىمسىز، گۆدەك.
بەدكۆي — يامان كىشى.
بىنۇر — نۇرسىز، يورۇقى يوق.
بىيزە — تۇخۇم.
بال — قۇيرۇق، قانات، پەي (قۇشلارنىڭ).
بەھرەۋەر — پايدىلانغۇچى، ئۇنۇم ھاسىل قىلغۇچى.
بىتەمەئ — تاماسىز، تاما قىلمايدىغان.
بەغزۇ ھەسەد — چىدىماي ئۆچىمەنلىك قىلىش.
بۇنىياد — قۇرۇلغا، قۇرۇلۇش.
بىسارەت — كۆرىشىش.
باساۋاپ — ساۋاپلىق، ئوبدان.

## ت

تەقدىر — بىر بىرىگە باغلىماق.
تەبئى — ئەقلى قابىلىيىتى، ئىقتىدارى.
تەبدىل — ئالماشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش.
تەۋەججۇھ — يۈزلىنىش.
تاراج — پارچىلاش، بۆلۈنۈش.
تۇلۇئ — تۇغقان، تۇغۇلغان، تۇغۇلماق.
تەۋانگەر — ساغلاملىق.
تەۋازۇئ — ھۆرمەت قىلىش، ئېگىلىپ سالام بىرىش.
تىباھ — چۈشكۈن، چۈشكۈنلەشمەك، بۇزۇلماق.
تەئرىخە — سۈرۈشتۈرمەك، ئېنىقلىماق.
تۇندرۇي — سۆرۈن چىراي.
تەھقىق — تەكشۈرۈش، ھەقىقى، چوقۇم.
تەۋرى — تۆر، بۆلۈك، ئىچكىرى.
تەئدات — ساناق، ھىساپ.
تەشبىھ — ئوخشىتىش، ئوخشاش بولۇش.
تەنبىھ — نەسىھەت، ئاگاھلاندۇرۇش.
تەپسىر — مەنىنى كېڭەيتىپ چۈشەندۈرۈش.
تەۋىل — ئۇزۇن.
تاجۋەر — تاج كىيگەن كىشى، پادىشا.
تالىبان — تەلەپ قىلغۇچىلار.
تەۋانا — ساغلام. بايلىق.
تەخەللۇپ — دوراش، تەقلىت قىلىش.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەسنىپات — ئىجادىيەت.

تۇس (ى) — رەڭ، رەڭگى.

تەرەددۇت — ئويلىنىش، ئىككىلىنىش.

تەرەھھۇم — رەھىم قىلماق، ئىچ ئاغرىتماق.

## ئە

ئەھلى دىل — سەزگۈر، ئەقىللىق، يۈرەكلىك.

ئەقالىم — ئىقلىم.

ئەل مەئمۇرۇ مەئزۇرۇن — بۇيرۇلغۇچى ئۆزرىلىكتۇر، ئۇنىڭدا گۇنا يوق.

ئەمۇر — ئىش، ۋەزىپە.

ئەلقازا — تۇيۇقسىز، بىر كۈنى، ھۆكۈم.

ئەجلاس — يىغىلماق، بىللە ئولتۇرۇش، يىغىن.

ئەزال — مۇناپىق.

ئەدەت — سان، سانى.

ئەناسىر — تۆت ماددا ياكى ئېلېمېنت (سۇ، ئوت، تۇپراق، شامال).

ئەخبار — خەۋەرلەر.

ئەپتادە — كەمتەر، كىچىك، ئەدەپلىك، دەرتلىك.

ئەسھاب كەھف — ئىلگىرى ئۆتكەن ماشايىقلار.

ئەھباب كەھف — يۇقۇرقى ماشايىقلارنىڭ دوستى.

ئەتراك — ساۋاتسىزلار.

ئەۋلى — باشلىنىش.

ئەۋقاپ — ئېلىش، سېتىشنى توختىتىلغان نەرسە.

ئەييام — زامان، خاسىيەتلىك كۈن.

ئەقامەت — تۇرۇش، تۇرىدىغان.

ئەتمام — تاماملىغا يەتكۈزۈش، تۈگەتمەك.

ئەزىم — ئۇلۇغ، بۈيۈك.

ئەمۇرىن — ئىشى، ۋەزىپىسى.

## پ

پارساۋەش — نەپسىنى يىققان، ساداقەتلىك.

پىلاتون — قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپى.

پاسىق — ئۆزىنى ئىبادەتتىن يىراق تۇتقۇچى.

پۇرئەندىش — كۆپ ئەندىشە قىلماق.

پايىگاھ — ئورنى، تۆۋەن ئورۇن، تۆۋەن دەرىجە.

پۇيە ئۇرۇپ — يۇگۇرۇپ، چېپىپ، پالاقشىپ.
پىكرى ئەمىق — مەنىسى چوڭقۇر پىكىر.
پاسىد — چىرىگەن، بۇزۇلغان.
فەرد — يالغۇز، تاق، بىر.
پۇتۇبدۇر — تەييار بولماق، ياسىلىپتۇ.
پەژمۇردە — پۇلاشقان، بوشاشقان.
پەررۇخ — گۇزەل، چىرايلىق.
پەسۇس — ئەپسۇس، ئامالسىزلىق.
پىغام — سۆز، ئەلچى سۆزى.
پەئال — چېكىگە يەتكەن ئىش.
پىقەھ — دىنىي مەسىلىلەرنى بىلىدىغان كىشى، موللا.
پىشە — ھۈنەر.
پەردا — ئەتە، ئايرىم، مۇستەقىل.
پانا دەيىر — يوقلۇق مەيخانىسى، جاھان مەيخانىسى.
پۇتۇر — يازىدۇ، پۇتىدۇ.
پىتۇر — يارىتىلىش، پەيدا بولۇش.

ج

جەمىل — چىرايلىق، گۇزەل.
جۇملەسى — قاتارى، ئورۇغى، گۇرۇھى.
جانابى — ھۆرمەتلىك كىشى، تەرىپى، يېنى.
جانىپ — تەرەپ.
جوستەخىز — يۇگۇرۇش، سەكرەش.
جۇستەجۇ — ئىزلەش.
جىلۋە — ھەركەت.
جۇۋان — ياش، ياشلىق.
جۇبھە — 1) كىيىم، 2) ئادەمنىڭ يۈزى.
جاھىل — بىلىمسىز، ساۋاتسىز.
جاھ — ئەمەل، مەنسەپ.
جۆر مۇزالالەت — جاپا ۋە خارلىق.

چ

چۇنان — كۆپ، نۇرغۇن.
چىستان — تېپىشماق، مۇئەمما.

www.uyghurkitap.com



چەھرە — يۈز، چىراي.
چەترە — پاراشوتقا ئوخشاش نەرسە.
چاھ — قۇدۇق.
چەراكىم — قوشۇمچە سىز.

## خ

خاۋەر — كۈن چىقىش تەرەپ، شەرق.
خۋان — دەستۇرخان.
خىسال — خىسلەت.
خوسنۇد — خوشال.
خوشلەقا — شېرىن سۆزلۈك.
خۇدپەرەس — ئۆزىنى كۆرسىتىشكە خۇشتار كىشى.
خۇدبىن — ئۆزىنى كۆرسەتكۈچى، ماختانچاق.
خەرام — روھى كۆتىرەڭگۈ.
خۇدنەما — ئۆزىنى كۆرسەتكۈچى، ماختانغۇچى.
خەر — ئېشەك.
خەم — ئەگرى، توقاي، ئەگرى.
خىسارەت — زىيان تارتىش، زىيانلىق.
خەلەل — دەخلى، توسقۇنلۇق.
خۇررەم — خوشاللىق.
خىروس — خوراز.
خەتمە — تامام، ئاخىر.
خەيرىيەت — ياخشىلىق.
خەلەج — دەريانىڭ تارمىقى.
خەيرۇلكالام — ياخشى سۆز.
خۇناب — زەرداپ، قان.
خەرگاھ — چېدىر، بارگاھ.

## د

دەستگاھ — 1) جابدۇق، 2) ھايۋاننىڭ بەدەن ئەزالىرى، 3) ئىدارە، ئورگان، 4) ياردەم بېرىش.
دەغلى — ساختىپەز، ئالدامچى.
دىدەكار — كۆزىتىش ئورنى، كۆزەتكۈچى.
دىلرىش — دىلى يارا، كۆڭلى يارا.

دەست بۇس — دەست - قول، بۇس - سۆيمەك، قول سۆيۇش.
دارۇلئامان — خاتىرجەم جاي.
دىل ئاسالىق — كۆڭۈلنى ياسىماق، تەسەللى بەرمەك.
دەشتى پەيما — دەشت - چۆل، پەيما : 1) قاچا، 2) هاراق (ئەسەردە «چۆل كەزگۈچى» دىگەن مەندە كەلگەن).
دون دەغابۇل — پەسكەش، ئالدامچى.
دىهان، دەهان — ئېغىز.
دەرگەهىگدە — ئىشىك ئالدىغدا.
دەربەدەر — ئىشىكمۇ - ئىشىك.
دەراك — 1) ئەقىللىق، زىرەك، چاققان؛ 2) بەلگە، نىشان.
دەلىر — باتۇر، ئەزىمەت.
دەبىر — كېيىنكىسى، ئەگەشكۈچىسى، قۇيرۇغى.
دەهرۇلىنجات — ئاسايىشلىق ئالەم.
دەير — 1) ئاستانە، 2) مەيخانا.

ر

رەۋىش — يوسۇن، قائىدە، نىزام.
رەۋشەنا — روشەنلىك، يورۇقلۇق.
رەشۋەتخۋار — يامان ئىشلارنى قىلغۇچى، نەفسى ئۈچۈن بۇزۇقلۇق قىلغۇچى.
رەپئەت — ماڭماق، هەركەت قىلماق.
رىئايا — پۇقرا، ئاۋام.

ز

زۇلمى ئەندىيىش — زۇلۇم قىلغۇچى، قىينىغۇچى.
زابىل — يوقالغان، ئۇنۇتقان.
زۇهور — كۆرۈنۈش، پەيدا بولۇش.
زال — قېرى، مەككار.
زائىدە — زىيادە، ئوشۇق.
زىيا — نۇر، يورۇق.
زۇباندەراز — تىلى ئۇزۇن، تولا گەپ قىلغۇچى، سۆزمەن.
زادراه — يول چىقىمىغا ئىشلىتىدىغان نەرسىلەر.
زەمنى — زىمنى، مەقسىدى.
زارۇ - نىزار — ئاجىز

www.uyghurkitap.com



## س

سىپتە — تەشىەك، تىشىش.

سەھىپە — بەت، قۇر، باش قۇر.

سەخا — ساخاۋەت، ياخشىلىق.

سەلىم — ساغلام، ساق.

سوقرات — قەدىمقى يۇنان پەلسەپە ئالىمى.

ساير — ساياھەتچى.

سەمئى — ئاڭلاش، ئاڭلىماق، ئاڭلىغان.

سەلاھ — 1) مۇۋاپىق، ماس، يارىشىملىق؛ 2) ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش.

سەلۇكەت — سوپىلىق يولى (سىلۇك دېيىلىدۇ) «رەتلىك تىزىلىغان» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

سوئالى دەقىق — نازۇك سوئال، ئەستايىدىل سوئال.

ساقى — مەي قۇيغۇچى، شاراپ بىلەن سۇغارغۇچى.

سەپابەخش — پايدا كەلتۈرگۈچى، ئۈنۈم بەرگۈچى.

سۇدە — ئۇپراش.

سابىر — سەۋرچان، سەۋرى قىلغۇچى.

سەيد — ئوۋلىماق، ئۆلتۈرمەك.

سەبزە — كۆكلەم، يېشىل.

ساپا — پايدا، ئۈنۈم.

سەرەفراز — بېشى ئۈستۈن، ئابرويلۇق.

سەئى — تىرىشماق، ئەمگەك، ئارزۇ قىلماق.

سۇراغىن — تەۋەلىگىنى، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايىنى.

سابىت — مۇستەھكەم، قايىتماس، ئىشەنچلىك.

سەۋالات — سوئاللار.

سەرئەفكەندە — بېشى تۆۋەن.

سائىر — قالغىنى.

ساكىن — توختاپ تۇرماق.

سىدقۇ — سادىق، سادىقەتلىك.

سەئپە — بەت.

ساغەز — قاچا.

سەرەشك — كۆز يېشى.

سەرشاد — شات خۇراملىق، خۇشاللىق.

## ش

شەجەر — دەرەخ.

شەھدى — گۈۋالىق بېرىش.
شوغلى — كەسپى، خىزمىتى.
شوئار — بەلگە، خەۋەرلەندۈرۈش، خەۋەر تاپماق، نىشان.
شەقاۋەت — ئاداۋەت.
شەرئى — دىنىي قائىدە، دىنىي نىزام ۋە بۇ قائىدىلەرنى نازارەت قىلىش ئورنى.
شەخا — جاراھەتنى تاتىلماق.
شەممىي — شامال بىلەن كەلگەن خۇشپۇراق.
شەي — شەيئى، مەۋجۇدىيەت.

## غ

غەددا، — دىلى قارا، ۋاپاسىز، قارا يۈز، قارا نىيەت، ساختىپەز، مۇغەمبەر.

## ق

قەۋائىل — گەپ، سۆز.
قەبىھ لەبزى — يامان سۆز، ئوسال گەپ.
قايىم — تىك تۇرماق، تۈز تۇرماق.
قراق، قاراق — كۆز قارچۇغى.
قەبۇغ — قوۋۇق.
قەرىنە — دەلىل، ئىسپات.
قەسرولكالام — كۆچلۈك سۆز، مۇستەھكەم پىكىر.

## ك

كار — ئىش.
كاخ — ئايۋان.
كەمەند — سالما، قىسماق، تۇزاق، قاپقان.
كامىكار — مەقسەدىگە يەتمەك.
كەسبى كامال — كامالەتكە يەتكەن ھۈنەر.
كۇتاھ — كالتا، قىسقا.
كەزىم — ياخشىلىق قىلماق.
كالكى — سەۋدىي.
كەمايەنبەغى — لايىق، مۇۋاپىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كامى — مەقسىدى، ئىنتىلىشى.
كەم دان — بىلىمى ئاز.
كەلىمات — سۆزلەر.
كەلكىم — ئوقۇغان، پەي.
كەيپى — خۇي - مىجەزى.

گ

گۇپتار — سۆز، سۆزلەش.
گۇستاخلىق — ئەدەپسىزلىك.
گال ئەدەم — يوققا ئوخشاش، يوقتەك.

ل

لىسان — تىل.

م

مەرغۇپ — چىرايلىق، كۆكۈلگە يېقىن.
مەنزۇر — لايىق كۆرۈنگەن.
مۇستەقىم — راست، چىن.
مۇئاسا — ياردەملەشمەك، كېلىشمەك، تەسەللى بەرمەك.
مەرداман — ئاما، جامائەت.
مۇدبىر — ئەبلەخ.
مۇتەكەببىر — ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچى تەكەببۇر.
مۇئتەبەر — ئەزىز، قەدىرلىك.
مۇئارىپ نەما — مەرىپەت تارقاتقۇچى.
مۇتابىئ — تەۋەلىك، تەۋەلىگى.
مەھپۇل — دۇنيا، ئالەم.
مەجالىس — يىغىن، يىغىلىش، مەجلىس.
مۇئەسسەر — ئۇمۇمنىڭ پايدىسىنى كۆزلىگۈچى، ھاجەتنى راۋا قىلىشتا نەمۇنىچى.
مەسرۇرھال — خوشال ھالەت، خوشاللىق كەيپىيات.
مەخلۇت — ئارىلاشما، ئارىلىشىپ كەتكەن.
مۇنەۋۋەر — يورۇق، نۇرلۇق.
مۇشتەمىل — قوشۇلۇپ كەتكەن.
مەئۋا — جەننەتلەرنىڭ بىرى.

مەرھەمەت — ئىلتىپات، شەپقەت، مېھرى.
مەسقولى — پىلىك، پىلتە.
مەلاھەت — گۈزەل، يېقىملىق.
مەئانى — مەنا، مەزمۇن.
مۇئارىز — دەۋا قىلغۇچى، ئەرز قىلغۇچى.
مۇتىئ — ئىنتىزار بولغان، ئارزۇ قىلغان نەرسە.
مۇنقاد — ئىتائەت قىلماق، بويسۇنماق.
مۇرشىد — دىنى داھى، پىر (ئىشانلارغا قارىتىلغان).
مەھەل — ناتايىن، نامەلۇم.
مۇبەرھىن — ئىنىقلانغان، ئىسپاتلانغان.
مۇمتەنەئ — مەنئى قىلىنغان، مۇمكىن بولمايدىغان.
مۇدار — سۇلھى.
مەسقولى — دات تازىلايدىغان نەرسە.
مۇشتەمىل — ئۆز دائىرىسىگە ئالغۇچى، ئۆزلەشتۈرگۈچى.
مەئاپ — كەچۈرمەك.
مۇئەززە (مۇئەززەت) — نەسىھەت.
مالايەئنى — قالايمىقان، قىممىتى يوق.
مۇنقار — ئۇچار قۇشلارنىڭ تۇمشۇغى، تۇمشۇق.
مەدھۇش — بىھوش، خەتەرلىك ھالغا قېلىش.
مۇھىببان — دوستلار.
مۇشەررەپ — مۇرادىغا يەتكەن، ئۇلانغان.
مەدارس — مەدرىسە، دەرسخانا.
مەدرۇس — كونا، چىرىگەن.
مۇدان — بىلمىگەن.
مۇئەتتەر — ئەتىر پۇرىغى، ئەتىرلەنگەن.
مۇنپەئىل — تەسىرلەنگۈچى.

## ن

نەما — كۆرسەتمەك، ئاشكارا.
نوشىرۋان — قەدىمقى ئىران سالانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ناھايىتى ئادىل ئىكەنمىش.
نىش — تىكەن، نەشتەر.
نىشەست — قاماق، ئىلىنمەك، توختىماق.
نىكۇبەر — ياخشى - يامان.
نامەقبۇل — مۇۋاپىق ئەمەس، ئەقىلغا ئۇيغۇن ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناماەئقۇل — ھەل قىلىنمايدۇ، ھەل بولمايدۇ.
نەمۇدار — كۆرسىتىش، كۆرۈنگەن.
نوقۇلات — يۆتكەلمە نەرسىلەر.
نىسيان — ئۇنۇتقان، ئۇنۇتقاقلىق.
نەپسانە — ئۆز نەپسىنى كۆزلىگۈچى، نەپسى يامان.
نىگاھ — ساقلاش، ساقلىنىش، مۇھاپىزەت.
نۇرەد — يولنى تورتوپ ماڭماق، تورتمەك.
نەگۇنسار — نەگۇن — بىر خىل دەرەخ، سار — باش؛ ئېگىلمەك، ئاستىن - ئۈستۈن بولماق، بېشى تۆۋەن.
نۇقسى — نۇقسانى، كاساپىتى.

### ھ

ھۇۋەيدا — ئاشكارا، پەيدا.
ھەقايىق — ھەقىقەت.
ھەمىدە — ياخشى خۇسۇسىيەتلىك.
ھىسار — سېپىل، قەلئە.
ھەڭگامە — ۋاقىت.
ھۇشمەند — سەزگۈر.
ھەرچەندە — ھەرقانداق.
ئەۋراد — 1) ۋەزىپە، 2) دوقۇلىدىغان كىتاپ.

### ئۇ

ئۇلۇس — قەۋم، خەلق.

### ۋ

ۋىردە، ئەۋراد — «ئەۋراد» ئوقۇشنى ۋەزىپە قىلىش، ۋەزىپە.

### ئى، ئې

ئىنتىشار — ئېلان، جاكا قىلماق، باشلىماق.
ئىبارەت — سۆز بىرىكمىسى.
ئېيىن — ئەينەك.

ئىزمار — يوشۇرۇن ساقلىماق، كۆڭۈلدە ساقلىماق.

ئىنقىياد — باش ئەگمەك، ئىتائەت قىلماق.

ئىجتىناپ — قېچىش، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش.

ئىز — ئىززەت، شەرەپ، ئالىجاناپ، ئىسىل.

ئىئتىماد — ئۈمىت، ئىشەنچ.

ئىھتىمام — ئىشىنىش، تىرىشىش.

ئىقتىدا — ئەگىشىش.

ئىمار — ئۆي-ئىمارەت، بىنا.

## ي

يەكجەھەد — بىرنى كۆزلىمەك، بىر ئۈچۈن كۈرەش قىلماق.



www.uyghurkitap.com

بۇلاق (ئومۇمى 17 - سان)

源　泉　(维吾尔文,丛刊,总第17期)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزىدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/16
1986 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)
شىنخۇ ئاھېيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
باسما تاۋىقى: 22.125 قىستۇرما ۋارىقى: 1
1987 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M10098·1086

تىرازى: 1 — 4,000 باھاسى: 1.70 يۈەن




源　　泉　（维吾尔文，丛刊，总第17期）

بۇلاق (ئومۇمى 17 - سان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى (ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىخو ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/16

باسما تاۋىقى: 22.125 قىستۇرما ۋارىقى: 1

1986 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى

1987 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M10098·1086

تىراژى: 4,000 —1 باھاسى: 1.70 يۈەن